# قەشقەرىيە

(روسىيە) ئا. ن. كوروپاتكىن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ ئىلاۋىسى

روسىيە باش شتابىنىڭ مەشھۇر ئوفىتسېرى تەرىپىدىن يېزىلغان قەشقەرىيە ھەققىدىكى مۇھىم ئەسەرنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى نەشر قىلىش ئىشى كۆتۈلمىگەن سەۋەپلەر يۈزىسىدىن ئۇزاققىچە كېچىكىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشۈش ئالدىدا تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇنى كېچىكتى دېيىشكىمۇ بولماس. دەرۋەقە، قەشقەرىيە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇستەقىل دۆلەتلەر (ئەمدىلىكتە ناھايىتى تېز ئازىيىۋاتقان دۆلەتلەر) ئىسمىلىكىدىن ئۆچۈرۈۋېتىلدى. ھالبۇكى، پەلەكنىڭ چاقى يەنە بىر قېتىم چۆگىلەپ، جۇڭگونى يەنە بىر قېتىم بۇ رايونغا ئىگە بولىدىغان ئورۇنغا چىقىرىپ قويدى. ئەمما شۇ نەرسە ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىنكى، ئەنگلىيە ۋە ھىندىستان ناھايىتى دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقان باشقا بىر كۈچلۈك دۆلەت ئانچە ئۇزاققا قالماي تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، ئۆزىنىڭ ھازىرقى ۋاقىتتا غۇلجا ۋە تۈركمەن بوستانلىقلىرىغا قاراتقان قىسمەن دىققەت ئېتىۋارىنى قەشقەرىيەگە قاراتىشى مۇمكىن.① روسىيە

① پاكىت شۇنى چۈشەندۈرۈپ بەردىكى، روسىيىنىڭ يەركەن - قەشقەر دۆلىتىنى ھەرقانداق شەكىل بىلەن ئىشغال قىلىشى ئەنگلىيىنىڭ ھىمالايا تېغىنىڭ غەربىي شىمال رايونىدا ئۇزاقتىن بۇيان تەھقىقلەنگەن ھوقۇق ۋە مەنپەئەتلىرىگە

هۆكۈمىتىنىڭ يېقىندا قوللانغان مۇھىم تەدبىرى —
ئۆزىنىڭ بىر باش كونسۇلىنى قەشقەردە تۇرۇشقا ئەۋەت-
كەنلىگى ئانچىكى بىر ئىش بولمىسا كېرەك. شەك-شۈب-
ھىسىزكى، بۇ ئىش ئوتتۇرا ئاسىيا سودىسىغا قىزىقىدىغان
كىشىلەرنىڭلا ئەمەس، بەلكى باشقا كىشىلەرنىڭمۇ دىققەت
ئېتىۋارىنى قوزغايدۇ.

---

ئېغىر زىيان سالىدۇ. شۇنداقلا ئافغانىستاننىڭ شەرقىي شىمال
چېگرىسىغىمۇ تەسىر يەتكۈزىدۇ. ياۋروپا كۈچلىرىنىڭ يەركەن-
قەشقەرگە مۇداخىلە قىلىشىغا نىسبەتەن ئەنگلىيىنىڭ ھەقلىق
بوسۇندا ھەسەت قىلىدىغانلىغىنى روسىيە جەزمەن سېزىۋالايدۇ.
ئەمما بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئەنگلىيە ئۆز نارازىلىغىنىڭ سال-
مىغىنى خاتا قىلماي، دەل روسىيە ھۆكۈمىتىگە قارىتىشى ئاقلانە
تەدبىردۇر. — ھىندىستاندىن، 1880-يىلى. رىچارد، بارون
ئىپلىر، بات ۋە باشقىلار.

# نەشرىياتتىن

بۇ كىتاپنىڭ ئاپتورى ئا. ن. كوروپاتكىن — 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20-ئەسىرنىڭ باشلىرى چار روسىيەدە ئۆتكەن مەشھۇر كېڭەيمىچىلەرنىڭ بىرسى. ئۇ چار پادىشانىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى بوي سۇندۇرۇش يولىدىكى سۇيىقەستلىرى ۋە ھەربىي پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان. چار پادىشانىڭ تاجاۋۇزچىلىق، كېڭەيمىچىلىك سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇشتا كۈچ چىقارغانلىقى ئۈچۈن پادىشاغا يېقىپ قېلىپ مەنسىۋى ئۆرلەۋەرگەن، روسىيە-ياپونىيە ئۇرۇشى مەزگىلىدە چارروسىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ ۋەزىرى بولغان. ئۇ ئۆز ھاياتىدا بەزىبىر ئەسەرلەرنى يازغان، «قەشقەرىيە» — دەل ئاشۇ ئەسەرلەرنىڭ بىرسى.

1876-يىلى يەنى ياقۇپبەگنىڭ ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدا قۇرغان "يەتتە شەھەر" ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيىتى گۇمران بولۇش ھارپىسىدا، بۇ كىتاپنىڭ ئاپتورى ئا. ن. كوروپاتكىن چارروسىيىنىڭ تۈركىستاندىكى باش ۋالىيسى (گوبېرناتورى) فون كائوفماننىڭ تەيىنلىشى بىلەن، 64 كىشىدىن تەركىپ تاپقان چوڭ بىر "ئەلچىلەر ئۆمىكى" نى باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر، مارالبېشى، ئاقسۇ، باي، كۇچا، كورلا قاتارلىق مۇھىم شەھەرلەرگە ئۇسۇپ كىرىپ، ئۇ جايلاردا يېرىم يىلدىن كۆپرەك تۇرغان.

بۇ كىتاپ بولسا ئاپتورنىڭ ئاشۇ ئەلچىلەر ئۈمىگى نامىدىن تۈزۈپ چىققان خىزمەت دوكلادىدۇر. بۇ كىتاپتىن ئا. ن. كوروپاتكىن قاتارلىقلارنىڭ ئەينى زاماندا بۇيرۇق بويىچە ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا كېلىشتىكى جىنايى مەقسىدى، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قەھرىمانانە قارشىلىقىغا ۋە چىڭ خاندانلىقى ھوكۇمىتىنىڭ چوڭ ئارمىيىسىگە دۈچكەلگەن ياقۇپبەگنىڭ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى چار روسىيىگە ناھايىتى چوڭ پايدا كەلتۈرىدىغان، ئەمما ئېلىمىزنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئاتالمىش "چېگرا" شەرتنامىسى تۈزۈشكە مەجبۇر قىلىش ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. بۇنىڭ سىرتىدا، ئاپتورنىڭ يوشۇرماي ئوچۇق - ئاشكارا ئېيتقىنىدەك، بۇ ئاتالمىش "ئەلچىلەر ئۈمىگى" نىڭ بۇيرۇق بويىچە "قەشقەرىيەنىڭ ھەر قايسى جەھەتلىرىگە دائىر تەپسىلىي مەلۇماتلارنى توپلاپ، قەشقەرىيەنىڭ سودا ئىشلىرىغا ۋە ياقۇپبەگنىڭ ھەربى كۈچىگە ھەمدە بىرەر ھادىسىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىغا دائىر بارلىق مەلۇماتلارنى توپلاپ"، شۇنىڭ بىلەن، چار روسىيىنىڭ شىنجاڭغا بولغان تاجاۋۇزىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش، شۇنىڭدەك ئۇلار زورۇر تاپقان ۋە مۇمكىن دەپ قارىغان چاغدا ئەسكەر ئەۋەتىپ، بىۋاستە قوراللىق تاجاۋۇز قىلىپ كىرىش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈپ قويماقچى ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

ئا. ن. كوروپاتكىن قاتارلىقلار شىنجاڭنىڭ مۇھىم شەھەرلىرىگە ئۇسۇپ كىرىپ، بۇ يەرنىڭ جۇغراپىيىۋى سىياسى، ئىقتىسادى، ھەربى ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق ھەممە

ساھەلىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارنى ھېچ ئەيمەنمەستىن توپلاپ ماڭغان. بۇ كىتاپتا ئۇلارنىڭ ھەركەتلىرى ۋە توپلىغان مەلۇماتلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. شۇڭا بۇ كىتاپ چار روسىيىنىڭ ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىنى يۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇنغانلىق جىنايىتىنىڭ دەلىلى ئىكەنلىكىدە شەك - شۈبھە يوق.

بۇ كىتاپ ئاپتورنىڭ مەيدانى ئەكسىيەتچىل بولغانلىقتىن، كىتاپتىكى بىرمۇنچە قاراشلار ناھايىتى خاتا، ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەھۋاللاردىكى خاتالىقلارمۇ ناھايىتى كۆپ. سەھىپىمىز چەكلىك بولغانلىقتىن، بۇنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ تەنقىت قىلىش ئارقىلىق ئايدىڭلاشتۇرۇپ ئولتۇرمايمىز. لېكىن بۇ كىتاپتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەزى ماتېرىياللار شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىشىمىز، بولۇپمۇ ياقۇپبەگ ھوكۇمرانلىق قىلغان چاغدىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ئەھۋاللىرىنى تەتقىق قىلىشىمىز ئۈچۈن بەلگىلىك پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

بۇ كىتاپنىڭ خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە تەرجىمىلىرى مايور ۋ. ئې. گوۋاننىڭ (Walter E. Gowan) ئىنگلىزچە تەرجىمىسى (ھىندىستاننىڭ كالكوتتا شەھىرىدە چىققان 1882 - يىللىق نەشرى) گە ئاساسەن ئىشلەندى. بۇ كىتاپنىڭ قولىمىزدىكى ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى ئىنگلىزچە تەرجىمىسىگە ئاساسلىنىپ ئىشلەشتە ئاپتورنىڭ قارىشىنى ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ قەشقەرىيە (شىنجاڭ) نى دۆلەت دەپ ئاتىغانلىقى خاتا بولسىمۇ ئۆزگەرتىلمەي ئۆز ئەينى ئېلىندى.

شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش لازىمكى، بۇ كىتاپنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىدىكى ئادەم، يەر ناملىرى، سوز - ئىبارىلەردە كەتكەن خاتالىقلار، نامۇۋاپىق ۋە مۇجمەل بولۇپ قالغان جايلارغا تەرجىماندىن بەزىبىر زورۇر ئىزاھ- لار بېرىلدى. نامۇۋاپىق جايلىرى كورۇلسە، كىتاپخان يولداشلارنىڭ بۇ جەھەتتىمۇ تەنقىت ئارقىلىق تۈزىتىش بېرىشىنى سورايمىز.

ئىنگلىزچە تەرجىمىسىدە ئەسەرنىڭ رۇسچە ئەسلى نۇسخىسىغا قوشۇمچە قىلىنغان 8 پارچە ماتېرىيال چىقىرىۋېتىلگەن.

1983 - يىل 8 - ئاي

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ........................................ 1

بىرىنچى باپ ........................................ 1

قەشقەرىيەنىڭ جۇغراپىيىۋى شارائىتى ئۈستىدە ئومۇمى
بايان — قەشقەرىيەنىڭ ئالاھىدىلىگى (تاغ تىزمىلىرى، دەر-
يالىرى، تۇپرىغى، بوستانلىقلىرى ۋە چۆللىرى)، قەشقەرى-
يەنىڭ تەبىي بايلىغىغا بىر نەزەر، قەشقەرىيەنىڭ قاتناش-
ترانسپورتى، نوپۇسى، ئاھالىنىڭ كەسپى، كىيىم -
كېچەك، يېمەك - ئىچمەكلىرى، تىلى ۋە دىنى
ئېتىقادى ........................................ 1

ئىككىنچى باپ ........................................

قەشقەرىيەنىڭ مەمۇرى رايونلارغا بولۇنۇشى، ھاكىملار،
ھەر خىل باج - سېلىقلار، سەركارلار، يۈز بېشىلار،
قازىلار ۋە رەئىسلەر؛ قەشقەر، مارالۋېشى، ئاقسۇ، باي،
كۇچا ۋە كورلا قاتارلىق جايلارنىڭ باج نىسبىتى،
باج يىغىشتىكى ئىللەتلەر، خەلقنىڭ ياقۇپبەككە بولغان
نارازىلىغى، بەزى تەبىقىدىكىلەرنىڭ (يەنى يېزا
ئىگىلىك، دىنى ۋە ھەربى ئىشلار ساھەسىدىكىلەرنىڭ)
نارازى بولۇشىدىكى سەۋەپلىرى ۋە بۇنىڭ
ئاقىۋىتى ........................................

ئۈچىنچى باپ ........................................ 73

قەشقەرىيەنىڭ سودا ئىشلىرى — ياقۇپبەگ بىلەن

ئىمزالانغان سودا كېلىشىملىرى، سودىگەرلەرنىڭ
قەشقەردىكى ئورنى، روسىيە سودىگەرلىرى ۋە ئۇلار-
نىڭ نارازىلىقلىرى، قەشقەردە ئىشلىتىلگەن
پۇللار، ئۆلچەم بىرلىكلىرى، سودا بېجى، دەللاللار،
قەشقەرنىڭ تاشقى سودىسى، ئىمپورت، ئاساسىي
ئىمپورت تۈرلىرى: چىتلار، چارۋا ماللار، چاي، تۆمۈر،
مىتال بۇيۇملار، بوياق ماتېرىياللىرى ۋە پاختا؛ ئېكس-
پورت، ئىمپورت بىلەن ئېكسپورت ئوتتۇرىسىدىكى
تەڭپۇڭسىزلىق، روسىيەنىڭ خام ئەشيا مەھسۇلاتلىرى
بىلەن قەشقەردىن پىششىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئالماشتۇ-
رۇلۇشى، سودا-سېتىق ئىشلىرىدا روسىيەگە كېلىدىغان
خەۋپلەر، بۇ خەۋپلەردىن ساقلىنىش ئۇسۇلى،
قەشقەردىكى يۇڭ توقۇلمىلىرى ۋە بوز يىپ مەھسۇ-
لاتلىرى: ماتا، شاتۇۋا، چەكمەن؛ يىپەك ۋە يىپەك
توقۇلمىلار، تون-چاپانلار، تەگلىماتلار، زەمچىلەر،
قەشقەرنىڭ ھىندىستان بىلەن سودا-سېتىق
ئىشلىرى. .................................... 73
تۆتىنچى باپ.................................... 118
قەشقەرىيە ھەققىدە تارىخىي قىسسە (مىلادىدىن
ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە ئائىت)، ئۇيغۇرلار، جۇڭگو-
لۇقلارنىڭ قەشقەرىيەنى تۇنجى قېتىم بويسۇندۇرۇشى،
ئەرەبلەرنىڭ ھوكۇمرانلىقى، موڭغۇللارنىڭ ھوكۇم-
رانلىقى، چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى، تۆمۈر-
لەڭ، سۇلتان سەئىدى، خوجىلارنىڭ ئوتتۇرىغا
چىقىشى، ئاپپاق خوجا، تۇڭگانلارنىڭ ھوكۇمرانلىقى،
ئامۇرسەنا، 1760-يىلى جۇڭگولۇقلارنىڭ قەشقەرىيەنى

ئوزىگە بويسۇندۇرۇشى، جاۋخۇي، جۇڭگولۇقلارنىڭ
مەمۇرى باشقۇرۇش تۈزۈملىرى، بۇ دولەتنىڭ 1760 -
يىلدىن 1825 - يىلغىچە ئارىلىقتىكى ئەھۋالى....... 118

يەشىنچى باپ.............................. 201

1825 - يىلىدىكى جۇڭگولۇقلارغا قارشى قوزغىلاڭ،
جاھانگىر تورە، 1830 - يىلدىكى قوقان يېغىلىقى،
مەتيۇسۇپ خوجا، يەتتە خوجا (كاتتا تورە) يېغىلىقى،
1857 - يىلدىكى قوزغىلاڭ، ۋەلىخان تورە............ 201

ئالتىنچى باپ.............................. 232

جۇڭگونىڭ شەنشى، گەنسۇ ۋە جۇڭغارىيە ئۆلكىلىرىدىكى
تۇڭگانلار قوزغىلىڭى، قەشقەرىيەدىكى ئىسيانلار،
راشىدىن خوجا، ھەبىبۇللا خوجا، سىدىقبەگ، بۇزرۇكخان،
ياقۇپبەگنىڭ قەشقەرگە كېلىشى، ئۇنىڭ تەرجىمھالى،
ياقۇپبەگنىڭ ئاقسۇلۇقلار قوشۇنىنى ۋە يەركەنلىكلەر
قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىشى، ئۇنىڭ يېڭىسار شەھرىنى
ۋە قەشقەر يېڭى شەھەر قورغىنىنى ئىگەللىشى، قىپچاقلار
ئىسيانىنىڭ باستۇرۇلۇشى، يەركەن ۋە خوتەننىڭ ئىشغال
قىلىنىشى، ياقۇپبەگنىڭ ئۆزىنى قەشقەرىيەنىڭ ھوكۇم-
رانى دەپ ئېلان قىلىشى، ئۇنىڭ ئاقسۇ، كۇچا ۋە
كورلىغا يۈرۈش قىلىشى، تۇڭگانلارنىڭ كۇچا شەھرىگە
تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشى، تۇرپانغا قىلىنغان 2 -
قېتىملىق ھۇجۇم، ياقۇپبەگنىڭ جۇڭگو قوشۇنلىرى
بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن تۇرپانغا ئۈچىنچى
قېتىم ھۇجۇم قىلىشى، مىچۇەندىكى مەغلۇبىيەت،
ياقۇپبەگنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى توغرىسىدا.............. 232

يەتتىنچى باپ .............................. 295

قەشقەرىيەنىڭ ھەربى قوشۇنى، ھەربى قوشۇنىنىڭ
تەشكىلىي تۈزۈلۈشى، تەمىناتى، قورال - ياراق
ئەھۋالى، تەلىم - تەربىيىسى ۋە ھەربى ۋەزىپە ئۆتەش
خاراكتېرى، ئەسكەرلىرىنىڭ سانى ۋە 1877 -
يىل 1 - فېۋرال (13 - فېۋرال) كۈنىدىكى ئو -
رۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى ھەم يۇقۇرقىلاردىن چىقىرىلغان
خۇلاسە .................................... 295

سەككىزىنچى باپ .................................... 398

قەشقەرىيەدە 1877 - يىلدىن ھازىرغىچە يۈز بەرگەن
ۋەقەلەرگە نەزەر؛ ياقۇپبەگنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا؛
ئىچكى ماجىرا - ئىختىلاپلار، ياقۇپبەگنىڭ ئوغۇللىرى
ئوتتۇرىسىدىكى جىدەللەر، بەگقۇلىبەگ ھەققىدە،
خەنزۇلارنىڭ قەشقەرىيەگە باستۇرۇپ كىرىشى؛ ئۇلار -
نىڭ كورلا، كۇچا، ئاقسۇ، مارالۋېشى ۋە قەشقەرنى
بېسىۋېلىشى؛ بەگقۇلىبەگنىڭ خوتەنگە قارشى قوزغىغان
ئۇرۇشىنىڭ مەغلۇبىيىتى؛ خەنزۇ قوماندانلىرىنىڭ
قەشقەرىيە ئاھالىسىغا قوللانغان سىياسىتى توغرىسىدا
خۇلاسە .................................... 398

# مۇقەددىمە

1876 - يىلى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ قەدىمقى مۇستەقىل خانلىق — قوقان خانلىقى گۇمران بولدى. ئادەم سانى ئاز بولسىمۇ، لېكىن جەڭگىۋارلىقى يۇقۇرى، قاتتىق تەلىم - تەربىيە ئالغان روسىيە قوشۇنى تەجرى - بىلىك ئوفىتسېرلەرنىڭ باشلامچىلىقىدا زور تۇركۇم قوقانلىقلارنى ئۇرۇشتا يەڭدى ھەم قوقاننىڭ مۇھىم شەھەرلىرىنى بىر - بىرلەپ ئىشغال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىر مەھەل خېلى داڭقى چىققان گېنېرال سكوبېلېۋ (Skobeleff) 1876 - يىلى فېۋرالدا كىچىك بىر دازور (ئالاھىدە تەيىنلەنگەن قىسىم) باشلاپ بۇ خانلىقنىڭ پايتەختى — قوقان شەھرىگە كىردى.

قوقان كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى بىرنەچچە ئايلىق جىددى كۆرەشلەر ئارقىلىق روسىيىنىڭ بىر ئۆلكىسىگە ئايلاندى ھەم نامى ئۆزگەرتىلىپ پەرغانە دەپ ئاتالدى. بىز بۇ يېڭى ئىستىلا قىلىنغان ئۆلكىدە، تۈركىستان رايونىدا ئون يىلدىن بۇيان ئەمىلىي سىناقلاردىن ئۆتكەن ھەربى ئىدارە قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويدۇق.

بۇ يەرلەرگە مۇۋاپىق ئەمەلدارلار قويۇلغانلىقتىن، يەرلىك ئاھالە ئىچىدە تېزلا ئەمىنلىك ئورنىتىلدى. شۇڭا، پەرغانە ۋادىسىدا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىنىڭ

مۇتلەق كوپچىلىگى 1876 - يىل 4 - ئايدىن ئېتىد -
ۋارەن، خالىغان يەرلىرىگە قورالسىز ھەم قوغدىنىۋچىسىز
ھالدا بىمالال بارالايدىغان بولدى.

پەرغانە ۋادىسىغا چېگرىداش بولغان ھەيۋەتلىك
تىيانشان تاغ تىزمىلىرىغا جايلاشقان بۇ كوچمەنلەرنى
بوي سۇندۇرۇش ئانچە ئاسانغا چۈشمەيتتى.

ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بېرى قوقاننىڭ كېيىنكى چاغ -
لاردىكى چىرىك، قابىلىيەتسىز خانلىرىغا بوي سۇنماي
كەلگەن قارا قىرغىزلار بىلەن بىر بولۇك قىپچاقلار
دەسلەپتە رۇسلارنىڭ ھوكۇمرانلىقىنى قوبۇل قىلىشنى
خالىمىدى.

بىرنىڭ تاغ ئىچىگە ئەۋەتىلگەن بىر قىسىم رۇس
دازور قىسىملىرىمىز ئوزلىرىنىڭ قورغىنىغا يېقىنلىشىش
يولىنى قوراللىق توسوشقا ئۇرۇنغان قىرغىز قوشۇنلىرىنى
مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، كوچمەن چارۋىچى ئاھالىنى
روسىيىگە بوي سۇنۇشقا ۋە خىزمەت قىلىشقا مەجبۇر
قىلدى. ئەمما بۇ ھەركەتلەر دەرھال يەنە مۇنداق بىر
ھالەتنى پەيدا قىلدى: يالغۇز ئايرىم بىرنەچچە قىر -
غىزلارلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل قىرغىز قەبىلىلىرى
ئاسانلا تىيانشان تاغلىرىدىن ئوتتى - دە، ياقۇپبەگ
(Yakoob Bek) ئىشغالىيىتىدىكى قەشقەرىيەگە كىرىپ،
ئوزلىرىنى رۇسلاردىن قاچۇردى. قىرغىزلار ئۇ يەردە
ناھايىتى ياخشى كۇتۇۋېلىشقا ئېرىشتى.

دىمەك، بىر يېڭىدىن ئىستىلا قىلىنۋالغان بۇ تېرىتو -
رىيە بىلەن قەشقەرىيە ئوتتۇرىسىدا چېگرا لىنىيىسى
ئورنىتىش زورۇرىيىتى تۇغۇلغان ئىدى. سابىق قوقان

خانلىغىنىڭ چېگرىسى بۇنىڭدىن 10 يىل ئاۋال ياقۇپ-
بەگ تەرىپىدىن بۇزۇپ تاشلانغان ئىدى. ياقۇپبەگ قوقان
خانى خۇدايارخان (Khoodo yarkhan)ئاجىزلىشىپ كەتكەن
پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇرۇشتا بېسىۋالغان تېررىتورىيىسىنى
شىمالىغا كېڭەيتتى ۋە پەرغانە بىلەن قەشقەرىيەنى①
بىر بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان تاغلىق يەرلەرنىڭ
كۆپ قىسمىنى قەدەممۇ قەدەم تارتىۋالدى.

1876 - يىلى مايدا، تۈركىستاننىڭ باش ۋالىسى،
ياساۋۇل گېنېرال فون • كائۇفمان (Von Kaufmann)
ياقۇپبەگ ئىشغالىيىتىدىكى رايون بىلەن پەرغانە ئۆلكىسى
ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا لىنىيىسىنى بېكىتىۋاشتىن ئايرىپ
بەلگىلەپ چىقىش ئۈستىدە ياقۇپبەگ بىلەن سوھبەت
ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئوزىنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىكىنى تۇنجى
قېتىم قەشقەرىيەگە ئەۋەتتى.

مەن بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ مەسئۇللۇغىنى ئۆز
ئۈستۈمگە ئالدىم. مېنىڭ ئاكام، توپچى قىسمىنىڭ
كاپىتانى ن • كوروپاتكىن (N·Kooropatkin) ۋە لېيتېن-
انت ن • ستارتسېيېۋ (N • Startseff) بىلەن
ئا • سونارگولوۋ (A • Soonargoolooff) لارمۇ بۇ ئەل-
چىلەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىقىغا بەلگىلەندى. بۇنىڭدىن سىرت،
بىزگە ساقچىلىق قىلىش ئۈچۈن يەنە 15 كازاك ئەسكەر
ئاجرىتىپ بېرىلدى.

بىزنىڭ تاغلىق رايونلارغا ئائىت بىلىمىمىز كەمچىل

---

① ياكى باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، پەرغانە ۋادىسىنى
تارىم ئويمانلىقىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئارىلىق. — ئاپتورنىڭ
ئىزاھى.

ئىدى، بۇنىڭ ئۈستىگە يېپىگىچە چېگرىسىنى مۇشۇ تاغ تىزمىلىرىنى بويلاپ ئايرىپ چىقىش كېرەك ئىدى. شۇڭا، يۇقىرى باشلىقلار بۇ رايوندىن ئۆتىدىغان چېگرىدىكى بىرگە قولايلىق بولغان نۇقتىلارنى ئالدىنئالا بەلگىلەپ قويدى ۋە مۇشۇ ئىش توغرىسىدا ئەلچىلەر ئومىكىمىزگە يوليورۇق چۈشۈردى.

ئۇنىڭدىن سىرت، ئەلچىلەر ئومىكىمىز يەنە بۇيرۇق بويىچە قەشقەرىيەنىڭ ھەر تەرەپلىمە تەپسىلى ئەھۋالىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ سودا ـ سېتىق ئىشلىرىغا، ياقۇپبەگنىڭ ھەربى كۈچىگە ۋە ھەرخىل ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىغا دائىر ھەرخىل ئاخباراتلارنى تولۇق ئىگەللەش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىدى.

ئەينى ۋاقىتتا، بىزنىڭ قولىمىزدا بار بولغان قەشقە ـ رىيەگە ئائىت ئاخباراتلار ناھايىتى تولۇقسىز بولۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى بۇ ئاخباراتلاردا بۇ دولەتنىڭ ھوكۇمرانىنىڭ ھەقىقى كۈچ ـ قۇۋۋىتى ۋە ئۇ قۇرغان دولەتنىڭ مۇھىملىقى خېلىلا كوپتۇرۇپ ئاشۇرۇۋېتىلگەن ئىدى. ئەينى يىللاردا بىز، قەشقەرىيە ناھايىتى قۇدرەتلىك بىر مۇسۇلمان دولىتى بولسا كېرەك، دەپ ئويلايتتۇق. بۇ دولەت بىر مەركەز بولۇش سۈپىتىدە، باشقا مۇستە ـ قىل، ئەمما ئاجىز مۇسۇلمان دولەتلىرى خەلقلىرىنىڭلا ھېسداشلىقىنى قوزغاپ قالماستىن، بىز قورال كۈچى بىلەن بوي سۇندۇرغان رايونلاردىكى خەلقنىڭمۇ ھېسداش ـ لىقىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدۋاتاتتى.

بۇنىڭ سىرتىدا، ئەنگلىيىنىڭ بۇ دولەتنى ئۆز يېنىغا تارتىپ، شۇنىڭ بىلەن بىرىنچىدىن، قەشقەرىيەنى

روسىيە بىلەن ھىندىستاننى ئايرىپ تۇرىدىغان بىتەرەپ دۆلەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋېلىشنى؛ ئىككىنچىدىن، قەشقەرىيەدە ئۆزلىرىنىڭ تەييار مەھسۇلاتلىرىنى سات-ىدىغان يېڭى بازارغا ئىگە بولۇشنى قەستلەۋاتقانلىقى ئۈچۈنمۇ، بىزنىڭ نەزىرىمىزدە قەشقەرىيەنىڭ مۇھىملىقى ئېشىپ كېتىۋاتاتتى.

ئاددى بىر "بەچچە"① لىكتىن كوتىرىلگەن ياقۇپبەگنىڭ بۈيۈك مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ بۇ چوڭ دولەتتىكى چەكسىز نوپۇزى ئۇنىڭغا تامامەن مۇناسىپ بولمىغان شان-شەۋكەت بەرگەن ئىدى. نۇر-غۇن كىشىلەر ئۇنىڭ غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە ئۇلۇغۋار پىلانىنى كورۇپ، ئۇنى ئىككىنچى "تومۇرلەڭ" (Tamer lane) دەپ قارايتتى. بۇ ھوكۇمرانىنىڭ ھەربى جەھەتتىكى زاپاس كۈچىمۇ ھەددىدىن زىيادە مۇبالىغە قىلىۋېتىلگەن ئىدى. ئىشەنچلىك ئاخباراتلارغا قارىغاندا، ياقۇپبەك ئىنگلىزلار ئارقىلىق ئىستامبۇلدىن زور بىر تۈركۈم تېز ئاتار تۈركلەنكا مىلتىقلارنى سېتىۋالغان ئىكەن، بۇمۇ يۇقۇرقىدەك مۇبالىغە ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس ۋە دەلىل بولۇپ قالغان ئىدى.

شۇڭا بۇ دولەتكە بېرىپ، ياقۇپبەگنىڭ بىزنىڭ بايلىق مەنبەلىرىمىز ۋە كۈچىمىزگە خەۋپ يەتكۈزەلىگىدەك زادى قانچىلىك بايلىقى ۋە كۈچى بارلىقىنى ئېنىق بىلىۋېلىش تامامەن زورۇر بولۇپ قالغان ئىدى.

بىزنىڭ ئەلچىلەر ئومىگىمىز قەشقەرىيەگە بارغان

---

① بەچچە — ئاياللارچە ياسىنىپ ئاممىۋى سورۇنلاردا ئۇسسۇل ئوينايدىغان چىرايلىق ئوغۇل بالا — ئاپتوردىن.

تۇنجى ۋەكىللەر ئۇمىگى ئەمەس. توت ئەتراپى ئېگىز تاغلار بىلەن توسالغان تارىم ئويمانلىقى 20 نەچچە يىلىدىن بۇيان، ياۋروپالىق ساياھەتچى - ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ئىنتىلىدىغان بىر نىشان بولۇپ قالغان. ياقۇپبەگ 1868 - يىلىدىن بۇيان، روسىيە ۋە ھىندىستاندىن كەلگەن بىر - قانچە ئەلچىلەر ئۇمىگىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بۇ دۆلەتلەرگە جاۋابەن زىيارەت قىلىشقا ئەلچىلەر ئۇمىگى ئەۋەتكەن.

ئوتكەن 20 يىلدىن بۇيان قەشقەرىيەنى زىيارەت قىلغان ياۋروپالىقلار مۇنۇلار:

ئادولىف. شلاگىنتۋېير (Adolphus Sehlagintweir) 1857 - يىلى قەشقەر شەھرىگە بارغان. ئۇ شۇ يەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ھوكۇمرانى ھاجى ۋەلى خان تۆرە (Hadjivali - Khan - Turya) نىڭ پەرمانى بىلەن ئۆلتۈ - رۈلگەن.

1859 - يىلى، لېيتېنانت چوقان ۋەلىخانوۋ (Valikhanoff) سودىگەرچە ياسىنىپ ۋېرنادىن قەشقەر شەھرىگە بارغان.

جونسون ئەپەندى (Mr. Johnson) كەشمىرنىڭ چېگرا لىنىيىسىنى ئۆلچەش ئۈچۈن 1865 - يىلى خوتەنگە بارغىنىدا، بۇ يەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ھوكۇمرانى ھەببۇللا ھاجى (Habbiboola Hadji) نىڭ سەمىمى كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشكەن.

1868 - يىلى، شاۋ ئەپەندى (Mr・Shaw) ھىن - دىستاندىن بىر تۈركۈم مال ئېلىپ قەشقەر شەھرىگە كەلگەندە ياقۇپبەگنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن.

شۇ يىلى ھايۋارد (Mr · Hawyard) ئەپەندى
مۇ قەشقەرنى زىيارەت قىلغان. كېيىنچە ئۇ، ياسىن
دىگەن يەردە ئۆلتۈرۈلگەن.

يەنە شۇ يىل ئىچىدە، بىرىنىڭ بىر ئەلچىلەر
ئۆمىكىمىز كاپىتان رېينتال (Captain Reintal) نىڭ
باشچىلىقىدا قەشقەر شەھرىگە كەلگەن ئىدى، لېكىن ئانچە
دوستانە قارشى ئېلىنمىدى.

1870 - يىلى، ئەنگلىيىنىڭ فورسىيس (Forsyth) باش-
چىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكى تۇنجى قېتىم بۇ دولەتكە كەلدى.
ھېندېرسون (Henderson) ۋە شاۋ (Shaw) ئەپەندىلەرمۇ بۇ
ئۆمەكنىڭ ئەزالىرى ئىدى. بۇ ئۆمەك يەركەنگىچە
باردى.

1872 - يىلى، باش شتاپ كاپىتانى بارون كال-
بارس (Baron Kahlbars) باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر
ئۆمىكى قەشقەرگە كەلگەندە قىزغىن كۈتۈۋېلىندى. بۇ
ئۆمەكنىڭ ئەزالىرى ئىچىدە: كاپىتان شارىنگورست
(Coptain Sharngorset)، لېيتىنانت ستارتسېۋ (Startseff)،
لېيتىنانت كولوكولتسېۋ (Kolokoltseff) ۋە شانۋىسېۋ
(Chanwisheff) ئەپەندىلەر بار ئىدى.

1873 - ۋە 1874 - يىللىرى، فورسىيس (Forsyth)
يېتەكچىلىكىدە ئەنگلىيىنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىكى 2 - قېتىم
قەشقەرغە بارغاندا كۈتۈۋېلىندى. بۇ ئۆمەكنىڭ ئەزالىرى
تەنھەركەتچىلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن مارالۋېشى قورغىنىغىچە
باردى.

1875 - يىلى، كاپىتان رېينتال (بۇ چاغدا پولكوۋ-
نىك بولغان ئىدى) نىڭ باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكى

2 ـ قېتىم قەشقەرغە كەلگەندە كۈتۈۋېلىندى.

ياقۇپبەگ تەرىپىدىن جاۋابەن زىيارەت قىلىش ئۈچۈن بۇ دۆلەتلەرگە ئەلچىلەر ئۆمىگى ئەۋەتىلگەن يىللار تۆۋەندىكىچە:

1868 - يىلى، مىرزاشادى (Mirza • Shadi) روسىيىگە بارغان.

1869 - يىلى، مىرزاشادى يەنە ھىندىستان باش ۋالىسى ھوزۇرىغا ئەۋەتىلگەن.

1872 - يىلى، سەئىد ياقۇپ خان (Said Yakoob Khan) ھىندىستانىنىڭ باش ۋالىسى ھوزۇرىغا ۋە تۈركىيە سۇلتانى (Sultan) ھوزۇرىغا ئەۋەتىلگەن.

1875 - يىلى، تۇراپ ھاجى (Toorab Hadji) باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىگى سانت پېتىربۇرگقا بارغان.

بىزنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىگىمىز ۋە ھىندىستان تەرەپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر ئۆمىگى قەشقەرىيەنىڭ جەنۇبىي ۋە غەربىي جەنۇپ تەرەپلىرىنى تەكشۈرگەن. ئۇلار يەنە يەركەن، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق شەھەرلەرگىمۇ بارغان. قەشقەرنىڭ شەرقىدىن تارتىپ تۇرپان ۋە لوپنۇرغىچە بولغان ئارىلىقتىكى كەڭ بىر پارچە زېمىن تېخى تەكشۈرۈپ كۆرۈلمىگەن. بۇ يەرلەر ـ بىز ئۆز ۋاقتىدا پەرغانە ئۆلكىسىنىڭ ئوش شەھىرىدىن چىقىپ قەشقەر شەھىرىگە ھەم بۇ يەردىن داۋاملىق شەرققە ئىلگىرىلەپ ئاقسۇ، كۇچا، باي، كورلا، قاراشەھەر ۋە باغراش كۆلى قاتارلىق جايلارغا بارغىنىمىزدىن كېيىن، بېرىپ زىيارەت قىلساق دەپ ئۈمىت قىلغان يەرلەر ئىدى.

باش شتاپ پولكوۋنىگى، داڭدار ساياھەتچى پىر-
ژېۋالسكى (Prjevalski) مۇ بىزنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىكىمىز
بىلەن بىر ۋاقىتتا دېگۈدەك غۇلجىدىن يولغا چىقىپ
كورلا ئارقىلىق لوپنۇر كولىگە يېتىپ باردى.

كىتابخانىلار قولىدىكى ھازىر ئېلان قىلىنغان بۇ
كىتاپ-ۇ بىزنىڭ قەشقەرىيەدە قىلغان ساياھىتىمىزنىڭ
نەتىجىسىدۇر. بۇ كىتاپنىڭ مەلۇم باپلىرىدا بىزنىڭ
ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنىڭ بارلىق سەرگۈزەشتىلىرى بايان
قىلىندۇ. بۇ كىتاپ بىزنىڭ تاشكەنتكە قايتىپ بارغىنى-
مىزدىن كېيىن، مېنىڭ تۈركىستان باش ۋالىسىغا سۇنغان
دوكلاددىمغا ئاساسەن يېزىلدى.

بۇ كىتاپتا ئۆزىمىز بىۋاستە كۆرگەن جايلار، تەتقىق
قىلىشتىن ھاسىل بولغان ماتېرىياللار ناھايىتى تەپسىلى
بايان قىلىندۇ. مېنىڭ قەشقەرىيەدە تۇرغان چېغىمدىكى
ئەمەلدارلىق مەرتىۋەم ۋە يەرلىك خەلقنىڭ بىزگە
ئومۇمى يۈزلۈك گۇمانلىق قاراشتا بولۇشى بىزنىڭ ماتېرىيال
يىغىشىمىزدىكى قىيىنچىلىقلارنى ئېغىرلاشتۇرۇپ قويدى.
بۇنداق ئوڭۇشسىز شارائىت ئەسىرىمىزنىڭ بەزى قىسىملىرى-
نىڭ مۇكەممەللىكىگە تەسىر يەتكۈزمەي قالمىدى. بۇنىڭ
ئۈستىگە، ئەلچىلەر ئۆمىكىمىزنىڭ سەپەر قىلىدىغان يولىدىن
چەتنەپ قىسقا ساياھەت قىلالمىغانلىقىمۇ بۇ ئەسەرنىڭ
مۇكەممەللىكىگە مەلۇم تەسىر يەتكۈزدى.

دەسلەپتە، ئۆمىكىمىزنىڭ ئىشى ئانچە ئوڭۇشلۇق
يۈرۈشۈپ كەتمىدى. بىر ماي ئېيىدا تاشكەنتتىن ئايرىل-
غىنىمىزدىن كېيىن، خوجەنت، قوقان ۋە مەرغۇلاندىن
ئۆتۈپ ئوش شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. 16 - ئىيۇلدا

(28 - ئىيۇل) بىر يەنە بۇ يەردىن غۇلجا قورغىنىغا قاراپ يولغا چىقتۇق. ئىككىنچى كۈنى، ئۈش بىلەن غۇلجىنىڭ ئارىلىغىدىكى تەڭ يولدا قارا قىرغىزلار موكتۇرمە ئەتىرىدىنىڭ ئارقىمىزدىن قىلغان تۇيۇقسىز هۇجۇمىغا دۇچكەلدۇق. لېكىن ئىشىمىز ئوڭغا تارتقاندىلىقتىن، چوڭ چىقىمغا ئۇچرىمىدۇق. ئاكام بۇ جەڭدە باسمىچىلارنىڭ ئىشىمبېك (Ishem Bek) دىگەن مەشھۇر ئاتامانىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ قولۇم ئوق تېگىپ يارىلانغانلىقتىن، ئوشقا قايتىپ ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم. 7 - ئوكتەبىر (19 - ئوكتەبىر) گە كەلگەندە سەپىرىمنى داۋاملاشتۇردۇم.

بۇ چاغدا ئومىگىمىزنىڭ ئەزالىرى تەركىۋىگە يەنە دوختۇر ئېرىن ئەپەندى (Eren) ۋە تەبىئەتشۇناس ۋىلكىنىس ئەپەندى (Wilkinis) لەرمۇ قوشۇلدى. مۇھاپىزەتچىلەرمۇ كۆپەيتىلىپ، كازاك ۋە چەۋەندازلار 25 كە يەتكۈزۈلدى. ئومىگىمىزدە ئاخبارات يىغىش خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان يەرلىك تەرجىمانلار، "يىگىتلەر"①، ئومەك ئەزالىرىنىڭ خۇسۇسى چاكارلىرى ۋە ئىشەكچىلەر بولۇپ، جەمئى 64 ئادەم بار ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە 104 ئىگەرلىك يۈك ئاتلىرىمۇ بار ئىدى. كىتاپخانلارغا بىرنىڭ ياقۇپبەگ بىلەن قانداق كورۇشكەنلىگىمىزنى ۋە شۇنىڭدەك مىنىڭ روسىيە ئەلچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن قەشقەرىيە هوكۇمرانى بىلەن كورۇشكەن چاغدىكى پوزىتسىيەمنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، بۇ ئەسەرگە

① قەشقەرىيەنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى "يىگىتلەر" دەپ ئاتىلاتتى — ت.

ئۇمىگىمىزدىن تۈركىستان باش ۋالىسىغا سۇنۇلغان دوكىلاتنىڭ بىر قىسمىنى تالالاپ قوشۇمچە قىلدىم.

ئەلچىلەر ئۇمىگىمىز ئوش شەھرىدىن يولغا چىقىپ، تېرەك داۋاندىن ئۆتتى، 1876 - يىل 25 - ئۆكتەبىر (6 - نويابىر) دە قەشقەر شەھرىگە ئۇكۇشلۇق يېتىپ كەلدى. ھىساپلاپ كورسەك، 18 كۈن ئىچىدە تەخمىنەن 798 چاقىرىم يول يۈرۈپتۇق.

بىز قەشقەردە تاكى 20 - نويابىر (2 - دېكابىر) غىچە "بەدولەت"① نىڭ سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇرۇشىمىزغا رۇخسەت قىلىشىنى كۈتۈپ تۇردۇق.

قەشقەردە تۇرغان دەسلەپكى ئۈچ كۈندە، ياقۇپبەگنىڭ ئوغلى بەكقۇلىبەگ (Bek Koolwi Bek) نىڭ بۇيرۇغى بىلەن ھەركىتىمىز تەقىپلەنگەن ئىدى. لېكىن مەن، ھىچقانداق سوھبەتكە قاتناشمايمىز دەپ تەھدىت سېلىۋىدىم، ئۇلار بىزگە مۇتلەق ئەركىنلىك بەردى. شۇنىڭ بىلەن، بازارغا بىرقانچە قېتىم باردۇق، پىيادە ئەسكەرلەر بىلەن توپچى قىسىملار ۋە جۇڭگوچە قوراللانغان ھەم تەربىيىلەنگەن قوشۇنلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئۆگەندۇق.

19 - نويابىر (1 - دېكابىر) كۈنى، بىزنىڭ ئىلتىماسىمىز تەستىقلاندى. ئارىدىن بىر كۈن ئۆتۈپلا توخسۇن قورغىنىغا يۈرۈپ كەتتۇق. بۇ چاغدا ياقۇپبەگ توخسۇندا ئىكەن. ئۇمىگىمىزنىڭ سەپىرى مۇنداق بولدى:

بىز مارالۋېشى قورغىنىدىن ئۆتۈپ، 10 - دېكابىر

---

① ياقۇپبەگ قەشقەرىيەدە مۇشۇنداق ئاتىلىدىكەن — ئاپتور ئىزاھى.

(22 - دېكابىر) كۈنى ئاقسۇ شەھرىگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ 19 كۈن ئىچىدە تەخمىنەن 1355 چاقىرىم يول يۈردۇق. ئاقسۇدا بىرھەپتە تۇرۇپ، بۇ شەھەرنىڭ ۋە ئۇنىڭ بازار-لىرىنىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇشتۇق. شۇنىڭدەك بەزى گۇ-مانى قاراشلىرىمىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدۇق.

بىز 18 - دېكابىر (30 - دېكابىر) كۈنى ئاقسۇدىن چىقىپ باي، كۇچا قاتارلىق جايلارنى بېسىپ ئۆتكىنىمىز-دىن كېيىن، 1877 - يىلى 10 - يانۋار (22 - يانۋار) كۈنى كورلىغا يېتىپ كەلدۇق. ھساپلاپ كورسەك، 19 كۈن ئى-چىدە تەخمىنەن 1043① چاقىرىم يول بېسىپتۇق. بىز ئوش شەھرىدىن كورلىغىچە تەخمىنەن 4515 چاقىرىم يولنى ئاتلىق بېسىپ ئوتتۇق.

ئىككىنچى كۈنى، "بەدولەت" بىزنى قوبۇل قىلدى. مەن تۈركىستان باش ۋالىسىنىڭ نامىدىن ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلدۈردۈم ۋە خەت - ئالاقە، سوغىلارنى تاپشۇردۇم.

مەن داستىخان ئۈستىدە② نۇتۇق سوزلىدىم. مېنىڭ ئەينەن سوز تېكىستىم مۇنداق ئىدى:

"بەدولەت جاناپلىرى، بىزلەر بولساق جانابى ئاللى-رىنىڭ خاھىشىغا مۇيەسسەر بولۇپ، زىمىنلىرىدا تۇنجى قېـ-تىم مۇنداق ئۇزۇن سەپەر قىلىشقا كەلگەن رۇسلاردۇرمىز.

"جانابى ئاللىرىنىڭ ئەمرى بويىچە، بىز بېسىپ ئوتكەنلىكى جايلارنىڭ ھوكۇمرانلىرى ۋە بىزگە ھەمرا بو-لۇشقا تەيىنلەنگەن خادىملار سەپىرىمىزنى ئاسانلاشتۇرۇش

① ئەسلى ئەسەردە شۇنداق دېيىلگەن — تەرجىماندىن.

② بـۇخىل زىياپەتلەردە مېھمانلارغا كەينى - كەينىدىن ھەرخىل نازۇ - نېمەتلەر كەلتۇرۇلەتتى — تەرجىماندىن.

ئۇچۇن، ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە بىرگە قولايلىق شارائىت يارىتىپ بەردى ھەمدە ئۇز ئىشىدا تامامەن ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

"ئەمدى ئۇزىمىزگە كەلسەك، سەپىرىمىز داۋامىدا ئۇزىمىز بېسىپ ئۇتكەن يەرلەر بىلەن ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە تونۇشتۇق. توختاپ ئۇتكەن شەھەرلەردىن روسىيە تېررىتورىيىسىگە بارغىلى بولىدىغان يوللارنى ئىزلەپ كوردۇق. بۇ شەھەرلەرنىڭ ۋە ئۇلاردىكى ئاھالىنىڭ نىمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىگىنى بىلدۇق. كورگەن ۋە بىلگەنلىرىمىزنىڭ ھەممىسى بىز ئىككى دولەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزئارا مەنپەئەتلىك سودا مۇناسىۋىتىنى كېڭەيتىشكە ھەمدە شۇ ئارقىلىق دولەتلىرىمىز ئارىسىدىكى دوستانە بېرىش - كېلىش مۇناسىۋەتلىرىنى ئىلگىرى سۇرۇشكە پايدىلىق.

"بىز بۇ ئۇزاق سەپىرىمىزدە، مۇنبەت يۇرتلارنى ۋە ئۇنۇمسىز چول - باياۋانلارنى بېسىپ ئوتتۇق. چوڭ - كىچىك شەھەرلەرنى كوردۇق. بايلار ۋە نامراتلار بىلەن ئۇچراشتۇق. شۇنىڭدەك بۇ يەردە ئوزۇق - تۈلۈك، چەرچىن ماللارنىڭ باھاسى ناھايىتى ئەرزان ئىكەنلىگىنىمۇ كوردۇق. بۇنىڭدىن بىر: "بەدولەت" جاناپلىرىنىڭ سەلتەنىتى ئاستىدىكى پۇقرالار ھوزۇر، يالقاۋ بولمىسىلا، باياشاتلىقتا تۇرمۇش كەچۇرىدىكەن، دىگەن خۇلاسىگە كەلدۇق. بىز يەنە شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلدۇقكى، "بەدولەت" پۇقرالىرى ئۇزلىرىگە يۇكلەنگەن ئەمىر - پەرمانلار ھەم ۋەزىپىلەرنى بىجانىدىل ئادا قىلىدىكەن. ھەتتا كورلىدىن ناھايىتى يىراق بولغان يېزا-قىشلاقلاردىكى پۇقرالارمۇ خۇددى "بەدولەت" شۇ يەردە تۇرغاندەكلا، يۇۋاش - مومىن ئىكەن.

"قىسقىسى، بىر جانايلىرىنىڭ تېررىتورىيىسىدە قىلغان بۇ قېتىمقى ئۇزۇن ساياھىتىمىزدىن كېيىن، شۇنىڭغا تېخىمۇ چوڭقۇر ئىشەندۇقكى، "بەدۆلەت" جانايلىرى قۇدرەتلىك چوڭ بىر دۆلەتنى بەرپا قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۇنى دانالىق بىلەن ئىدارە قىلىدىغان كۈچ - قۇدرەتكىمۇ ئىگە ئىكەن".

كاپىتان سونارگولوۋ (Captain Soonargooloff) ھىلىقى سوزلىرىمنى ئۇدۇللۇقچە تەرجىمە قىلدى. ئارقىدىنلا ياقۇپبەگ جاۋابەن سوز قىلدى. ئۇ ئوز سوزىدە: سىلەر مېنىڭ ئەزىز مېھمانلىرىم، دېدى. ئۇ بىزدىن ھېچنەرسىنى يوشۇرمايدىغانلىقىنى، ئۇزىنىڭ تۈركىستان باش ۋالىسى بىلەن بولغان دوستلۇقىنى تېخىمۇ چىڭىتىشنىلا ئۇمىت قىلىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىپ كېلىپ، مەن بىر ئاددى ئادەممەن، شۇڭا سىلەرنىڭ ياردىمىڭلارغا مۇھتاجمەن، دېدى.

ئارقىدىنلا مەن باش ياساۋۇل گېنېرال فون كائۇفمان (Von Kaufman)نىڭ نامىدىن، ياقۇپبەككە، مەشھۇر ساياھەتچى پىرژېۋالسكى ئەپەندى (Prjeraleski)نى ياخشى كۈتۈۋالغانلىقىغا كوپ رەھمەت ئېيتتىم ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ پىرژېۋالسكى ئەپەندىگە ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ياردەم بېرىشنى رەسمى تەلەپ قىلدىم. ئاخىر زىياپەت تۈگەپ ھەممەيلەن تارقاشقا تەييارلانغاندا، مەن ئەلچىلەر ئومىكىنىڭ بۇ قېتىم قەشقەرىيەگە كېلىشىدە قەشقەرىيە خەلقى بىلەن روسىيە خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كەلگەن سەممىمى دوستلۇقنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۇمىدىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈردۈم.

ياقۇپبەگ بىزنى قوبۇل قىلغاندا، ئۇزىنى ناھايىتى ئاددى - ساددا، مېھرىۋان كورسىتىپ، چوڭچىلىق قىلمىدى

(قەشقەردە ئۆنىڭ ئوغلى بەككۇلىبەگ بولسا بىزنى قوبۇل قىلغاندا ناھايىتى تەكەببۇرلۇق قىلغان ئىدى). زىياپەتتە، نازۇنېمەتلەرنى ئۆزى تەييار قىلدى. شۇنىڭدەك، خىزمەتكارلارغا بىزنى بىئارام قىلىپ قويماسلىق ھەققىدە كورسەتمە بەردى.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، زامانخان ئەپەندى (Zaman Khan Effendi) بىز چۈشكەن مېھمانخانىغا كەلدى. ئۇ ياقۇپبەگنىڭ تاپشۇرۇقىغا ئاساسەن، بىز بىلەن دەسلەپكى كېڭەشمە ئۆتكۈزۈشكە كەلگەن ئىدى. زامانخان ئەپەندىنىڭ رۇسچىنى ناھايىتى ياخشى سوزلىيەلەيدىغانلىغىنى، شۇنىڭدەك ئۆنىڭ ناھايىتى بىلىملىك كىشى ئىكەنلىكىنى كوروپ ھەيران قالدۇق (بىز بۇ زات بىلەن ئەنگلىيە توغرىسىدا پاراڭلاشتۇق. قارىغاندا، ئۆنىڭ ئىنگلىزلار بىلەن خوشى يوق ئىكەن. بىز يەنە ياۋروپا مەسىلىلىرى ئۈستىدىمۇ سوزلەشتۇق. ئۆنىڭ كوزقارىشى خېلىلا توغرا ئىدى. ئۇ يەنە تۇنىس، ئالجىرىيە ۋە مىسىر① قاتارلىق دولەتلەرنىڭ ئەھۋالى بىلەنمۇ ناھايىتى تونۇش ئىكەن). بۇ كىشى بىزگە ئوزىنىڭ بۇرۇنقى سەرگۈزەشتىلىرىنى سوزلەپ بەردى. بۇ ئىشلاردىن ئۆنىڭ كاۋكازىيەدىن سۈرگۈن قىلىنغانلىقىنى، روسىيەدە ئوقۇغانلىقىنى، مەلۇم سىياسى سەۋەپ ۋە باشقا مەلۇم سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئۇ يەردىن ئىستانبۇلغا قېچىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى، كېيىن قەشقەرىيەگە كەلگەنلىكىنى بىلدۇق. زامانخان شۇنىڭدىن باشلاپلا ياقۇپبەگنىڭ دانىشمەنلىرى ئىچىدە ئىشەنچ قازانغان بىر

① بۇمۇ ئىشنىڭ قاملاشقان يېرى. چۈنكى مۇشۇ دولەتلەر بۇرۇن ۋە ھازىرمۇ ياۋروپانىڭ دىققەت-ئېتىۋارىنى جەلپ قىلىپ تۇرماقتا. — تەرجىماندىن.

كىشى بولۇپ قالغان. زامانخان رۇسلارغا چوڭقۇر ھېسداشـ
لىق قىلىدىغان ئادەم ئىدى. بۇ كېيىن ئۇنىڭ ئەمەلىي
ھەركىتىدىمۇ ئىپادىلەندى. پولكوۋنىك پىرژېۋالسكى زاـ
مانخاننىڭ ياردىمىدىلا لوپنۇر كولىگە بېرىشقا ئىجازەت ئالـ
دى. زامانخان كورلىغا يېتىپ بېرىشتىن ئىلگىرى، بىرنىڭ
ھىيلىقى ساياھەتچىمىز ئۇ يەردە مىرزا قاماقتا يېتىش ھالـ
تىدە تۇرغان ئىدى. زامانخان كورلىغا كەلگەندىن كېيىن،
شەخسەن ئۆزى پىرژېۋالسكىغا ھەمرا بولۇپ لوپنۇر كولىگە
باردىغانلىقىنى ئېيتتى. كېيىن پىرژېۋالسكى ماڭا يازغان
خېتىدە، ئۆزىنىڭ ئېكسپېدىتسىيە جەريانىدا نۇرغۇن قىيىنـ
چىلىقلارغا دۇچ كەلگەنلىكىنى ھەمدە بۇ قېتىم شارائىتلاردا
زامانخاننىڭ سەممىي دوستانە قول سۇنغانلىقى ۋە ياردەمـ
لەشكەنلىكىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن زامانخانغا كوپ رەھمەت ئېيىـ
تىدىغانلىقىنى ئېيتتى، ھالبۇكى، مەن زامانخانغا ھەرقاندـ
چە ئىشەنگىنىم بىلەنمۇ، چېگرانى ئايرىپ چىقىش مەسىلىسى
ئۈستىدە ئۇنىڭ بىلەن سوھبەت ئوتكۇزەلەيدىغانلىقىمغا ئىـ
شەنمەيتتىم. شۇڭا، "بەدولەت" بىلەن شەخسەن بىر قېتىم
كورۇشۇشنى تەلەپ قىلدىم. زامانخان بىزنى بىرقانچە قېتىم زىـ
يارەت قىلغاندىن كېيىن، باشقا ئىشلار ئۈستىدە سوزلەۋېتىپ
ياقۇپبەگ ئىنگلىزلارنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ
قالغانلىقتىن، ئۇلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزگەنلىكىنى،
شۇڭا ياقۇپبەگ ئىنگلىزلارنىڭ رۇسلار بىلەن بولغان مۇناسـ
ۋەتكە سۇغاقچىلىق سالىدىغان ئوسەك سوزلىرىگە زادىلا
قۇلاق سالمايدىغانلىقىنى، ئەمدى ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ رۇسـ
لارغا تايىنىشنىڭ زورۇرلۇگىنى بىلىپ قالغانلىقىنى تەكرار
ئېيتتى.

ئاخىر 20 - يانۋار (1 - فېۋرال) ئەتىگەندە، زامانخان بىزگە "بەدۆلەت"نىڭ شۇ كۈنى ئاخشام سائەت 8 دە ئۆز ھوزۇرىدا بىر بىلەن كېڭەشىشنى ئۈمىت قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. زامانخان بىزگە يەنە، ياقۇپبەگنىڭ قوبۇل ۋاقتىنى ئاخشامغا ئورۇنلاشتۇرغانلىقى سىلەر ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق، چۈنكى ياقۇپبەگ ئاخشاملىقى ناھايىتى خۇش كەيىپ بولىدۇ، شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرى ۋە ئەڭ قەدىرلىك مېھمانلىرىنىلا ئاخشىمى قوبۇل قىلىدۇ، دېدى.

مەن بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا، يالغۇز لېيتېنانت سونارگولوۋنىلا ئېلىپ ياقۇپبەگنىڭ ھوزۇرىغا باردىم. ئۇ بىزنى خۇددى بىرىنچى قېتىم قوبۇل قىلغان چاغدىكىدەكلا قىزغىن كۈتۈۋالدى. ياقۇپبەگ بىزنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن، بىزنىڭ چېگرىنى بېكىتىش توغرىسىدىكى پىكرىمىزنى ئاڭلاپ باقماقچى بولغانلىقىنى ئېيتتى.

شۇنىڭ بىلەن، مەن ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغان تېكىست بويىچە سۆزلەشكە باشلىدىم. سونارگولوۋ بولسا مېنىڭ سۆزۈمنى بولەكلەر بويىچە تەرجىمە قىلىشقا كىرىشتى.

مېنىڭ سۆزۈم مۇنداق ئىدى:

"مېنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىمنىڭ ئاساسىي مەقسىدى، روسىيە بىلەن قەشقەرىيە ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ چىڭىتىش. خۇداغا شۈكرىكى، بۇنداق دوستانە مۇناسىۋەت ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۈزۈلۈپ قالماي داۋاملىشىپ كەلدى. ئەمدى يەنە بىر مەقسەتكە كەلسەم، ئەسلىدىكى قوقان بىلەن يەنى ھازىرقى پەرغانە ئولكىسى بىلەن جانابى "بەدۆلەت" ئالدىلىرىنىڭ تارخانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى چېگ-

رىنىڭ ئاساسي ئايرىلىش نۇقتىلىرىنى بەلگىلەپ چىقىش
دەيمەن.
"تۈركىستان باش ۋالىسى مېنى جانابىي ئالىيلىرىنىڭ
ھوزۇرىغا ئالاھىدە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىشتىن بۇرۇنلا، بۇ
چېگرىنىڭ كېيىن ئۆتىدىغان مەلۇم نۇقتىلىرىنى ماڭا كور-
سىتىپ بەرگەن ئىدى.
"مۇبادا جانابىي ئالىيلىرى تۈركىستان باش ۋالىسىنىڭ
ئارزۇسى بويىچە چېگرا سىزىقىنى قوبۇل قىلىشنى ماقۇل
كورسىلە بۇ، جانابىي ئالىيلىرىنىڭ قۇدرەتلىك روسىيە بە-
لەن بولغان دوستلۇقنى كۈچەيتىشنى خالايدىغانلىقىنىڭ
ئەڭ كۈچلۈك دەلىلى بولۇپ قالغۇسى.
"ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ تەقدىرىمۇ بەندىنىڭ تەقدىرىگە
ئوخشاشلا خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە بولىدۇ. خۇدانىڭ
ئىرادىسى شۇنداقكى، بەزى ھوكۇمرانلار ئۆز دولىتىنى
دانالىق بىلەن ئىدارە قىلالىغانلىقتىن، ئۆز دولىتىنىڭ
كۈچ - قۇدرىتىنى نامايەن قىلالايدۇ ۋە ئۆز دولىتىنىڭ
زېمىنىنىمۇ كېڭەيتەلەيدۇ؛ بەزىبىر ھوكۇمرانلار بول-
سا ئۆزلىرىدىكى بىرمۇنچە نۇقسانلار تۈپەيلىدىن، بۇنداق
كۈچ - قۇدرىتىنى نامايەن قىلالمايلا قالماستىن، بەلكى ئاتا-
بوۋىلىرى ۋە ئەجداتلىرىنىڭ بىرقانچە ئەسىرلەردىن بېرى
قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىمۇ قولىدىن بېرىپ قو-
يىدۇ.
"ناھايەت، قوقان بۇنىڭدىن 13 يىل ئىلگىرىلا ماۋ-
رىننەھر بويىچە ئەڭ قۇدرەتلىك دولەت ئىدى. ئۇنىڭ
چېگرىسى غەرپتە چىمكەنت شەھىرىگە، شەرقتە قۇرتقا قور-
غىنى جايلاشقان نارىن ۋىلايىتىگە يېتىپ باراتتى. جەنۇپ
تەرىپى قەشقەرىيە تۇزلەڭلىكىگە چىققىلى بولىدىغان پۈتكۈل تاغ

تىزمىلىرى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. قوغۇشۇن كانى بىلەن تاشقورغان ئۇنىڭ چېگرىدىكى ئالدىنقى سەپ قاراۋۇلخانىلىرى ھېساپلىناتتى.

"ئىچكى ئىختىلاپ ۋە خانلىقنىڭ ئاخىرقى ھوكۇمرانى خۇدايارخان ئۆتكۈزگەن بىرمۇنچە خاتالىقلار تۈپەيلىدىن دەسلەپتە بەزىبىر شەھەرلەر قولدىن كەتتى. ئارقىدىنلا يەنى بۇلتۇر، ئەسلىدە قوقان دولىتىگە تەۋە بولغان پۈتكۈل زېمىن روسىيە ئىمپېرىيىسىگە قوشۇۋېتىلدى.

"ئەسلىدىكى قوقان دولىتىنىڭ ئاساسلىق كۆچى ۋە بايلىقى پەرغانە ۋادىسى بىلەن ۋە بۇ ۋادىغا جايلاشقان شەھەر - يېزىلاردىكى ئاھالىنىڭ نوپۇسى بىلەن گەۋدىلىنىپ تۇراتتى.

"قوقاننىڭ تاغلىق رايونلىرىدىكى ئاھالە يەنى قىپچاقلار بەلكى ئۇنىڭ زەئىپلىشىپ كېتىشىنىڭ مەنبەسى بولۇپ كەلدى.

"ھوكۇمەت تېخى زەئىپلىشىپ كەتمىگەن چاغلاردا، تاغلىق جايلاردىكى بىرمۇنچە قورغان - ئىستىھكاملارنى ساقلاپ قالغان ۋە مۇشۇلارنىڭ ياردىمىدە تاغلىقلارنى تىزگىنلەپ تۇرغان ئىدى. ھوكۇمەتنىڭ زەئىپلەشكەنلىگى كوپىنچە تاغلىق جايلاردا ھەممىدىن ئاۋال سېزىلىپ قالاتتى، شۇڭا پۈتكۈل قىرغىز ۋە قىپچاق قەبىلىلىرى ئۆزلىرىنىڭ زېمىنىدىكى ئازغىنا باج - سېلىقنى تاپشۇرۇشتىن باش تارتىپلا قالماي، بەلكى ئۆز ئالدىغا ئاتامان سايلىۋېلىپلا تۈزلەڭلىكلەرگە چۈشەتتى، زەئىپلىشىپ قالغان ھوكۇمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلايتتى.

"ئۆتكەنكى 13 يىل جەريانىدا، پەرغانە ئۆلكىسىنى

يەتتە شەھەردىن ئايرىپ تۇرغان قوقان دولىتىگە تەۋە تاغ-لىق رايونلار مۇشۇ خانلىق ھوكۇمەتىنىڭ زەئىپلىگى ۋە قابىلىيەتسىزلىگى سەۋەپلىك جانابى ئالىلىرى تەرىپىدىن ئومۇمى يۇزلۇك دىگۇدەك قەشقەر زىمىنىغا قوشۇۋىلىندى.

"بۇنداق قوشۇۋىلىش جانابى ئالىلىرىنىڭ زىمىنىگە مەجبۇرى يۇكلىنىپ قالدى. جانابى ئالىلىرىنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى بىردىن بىر مەقسىدى ئاھالىنى قارا قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاپ، خوشال-خورام تىرىكچىلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئىدى.

"جانابى ئالىلىرى مۇشۇ مەقسەتتە، تاغلىق رايونلار-دىكى ئوقسالۇر، مەشرۇپ، ئۇلۇغچات، ناغرا چالدى، يىغىن ۋە ئەركەشتام قاراۋۇلخانىلىرىنى قۇرغان ئىدىلە. شۇنىڭدىن كېيىن، جاناپلىرىنىڭ مەزكۇر قاراۋۇلخانىلىرى ئوش شەھ-رىگە بارىدىغان يولنى بويلاپ تۇرىنىڭ تەبىي چېگرىسىغىچە كېڭەيدى، شۇنىڭدەك يەنە ئوزكەنت شەھرىگە بارىدىغان يولنى بويلاپ كېڭىيىپ ئالايقۇ ۋادىسىدىكى ئويتالنىڭ تەبىي چېگرىسىغىچە بېرىپ يەتتى.

"مۇبادا رۇسلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، قوقان دولىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىختىلاپلارنى تېنچىتمايدىغان بولسا، ئۇ چاغدا جانابى ئالىلىرىنىڭ ئوز زىمىنلىرىنى تاكى شىمال تەرەپتىكى تاغلىق رايونلاردىن ھالقىپ ئوش ۋە ئوزكەنت شەھەرلىرىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى پەرغانە ۋادىسىنىڭ ئىغى-زىغا قەدەر كېڭەيتىشلىرىدىن ھېچكىممۇ شۇبھىلەنمىگەن بو-لاتتى.

"روسىيە ھوكۇمىتىنى قوقان دولىتىنى ئىشغال قىلىش بىلەن بىللە، ئوز تېرىتورىيىسىگە قوشۇۋالغان زىمىنلاردا

تېچلىق ئورنىتىپ، بۇ جايلاردىكى يېڭى پۇقرالىرىنىڭ ھا-
ياتى ۋە مال - مۈلكىنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۆز زىممىسىگە
ئالغان ئىدى. شۇڭا بىز روسىيىلىكلەر دەسلەپتە ئىگەللەش
زورۇر دەپ قارىغان تاغلىق جايلارغىچە ئىچكىرىلەپ كىر-
دۇق. شۇنداق قىلىپ، ئىسپارا، ئۆچقورغان ۋە غۇلجىنى
ئىشغال قىلىۋالدۇق.

"ئەمما كېيىنكى چاغلاردا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر بۇ
چېگرا لىنىيىسىنىڭمۇ بىزنىڭ ئېھتىياجىمىزنى قاندۇرالمايدى-
غانلىقىنى چۈشەندۈردى. قارا قىرغىزلار توپىلىڭى بىزنىڭ
ھەم جاپالىق، ھەم ناھايىتى كوپ چىقىم تارتىدىغان ئۇزاق-
قا يۈرۈش قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلدى. ئەگەر روسىيىلىك-
لەرنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇلخانىلىرى ھازىر ئورۇنلاشتۇرۇلغان
رايونلارنىڭ جەنۇبىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسا ئىدى، بۇ قې-
تىمقى ئۇزاققا يۈرۈش قىلىشىمىزمۇ ھاجەتسىز بولغان بولاتتى.

"بولتۇر ئاۋغۇستتا، تۈركىستان باش ۋالىسى پەرغانە
ئولكىسىدە تېچلىق ئورنىتىش ئۈچۈن، بۇ ئولكىنىڭ ھەممە
شەھەرلىرىنى بىرقۇر كوزدىن كەچۈردى ھەمدە بۇ جاي-
لارنىڭ چېگرا لىنىيىسى بىلەن ياخشى تونۇشۇپ چىقىش
ئۈچۈن، غۇلجا قورغىنىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تاغلىق رايون-
لارنىمۇ ئاتلىق يۈرۈپ كوزدىن كەچۈردى.

"تۈركىستان باش ۋالىسى جاناپلىرى تاغلىق رايون-
لارنى ئوز كوزى بىلەن كورۇپ چىققان ۋە پەرغانە ئولكى-
سىنىڭ باشلىقى تەرىپىدىن سۇنۇلغان دوكلاتنى مۇھاكىمە
قىلىپ كورگەندىن كېيىن، بۇ ئولكىدىكى پۈتۈن ئاھالىنىڭ
بۇنىڭدىن كېيىنكى تېچلىقى ئۈچۈن، ئىككى تەرەپ
ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا لىنىيىسىنىڭ بەزى

ئاساسي نۇقتىلىرىنى تونۇەندىكىچە ئوروۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە جاناپلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىشنى زورۇر تاپتى.

"بۇ چېگرا لىنىيىسى سوگەك تاغ ئېغىزىدىن باشلىنىپ ئۇلۇغچات① قورغىنى ئارقىلىق مالتابار تېغى بىلەن تۇتىشىشى كېرەك. ھالبۇكى، سوگەك تاغ ئېغىزى سىمىرچىنىسكى ئۆلكىسى بىلەن "بەدولەت" نىڭ زېمىنى ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا لىنىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئاخىرقى نۇقتىسى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

"دىمەك، ئۇلۇغچات قورغىنى، ناغرا چالدى، يىغىن ۋە ئەركەشتاملار بىرگە تاپشۇرۇلۇشى لازىم.

"بۇ چېگرا لىنىيىسىنى ھەل قىلىشنىڭ تەپسىلى چارىسى، تۈركىستان باش ۋالىسى بىلەن جانابى ئالىلىرى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ئىككى تەرەپ خادىملىرىدىن تەركىپ تاپقان ئالاھىدە ھەيئەتنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ بەلگىلەشىگە قالدۇرۇلىدۇ.

"مەن بۇيرۇقنا بىنائەن، تۈركىستان باش ۋالىسى جاناپلىرىنىڭ بۇ قارارىنى ئويلىنىپ كورۇشلىرىنى تەۋسىيە قىلىمەن. مەن يەنە بۇ قارارنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، جانابى ئالىلىرىنىڭ ۋە تۈركىستان باش ۋالىسى جاناپلىرىنىڭ تەستىقلىشىغا سۇنۇلىدىغان شەرتنامىنىڭ لايىھىسىنىمۇ تۈزۈپ چىقتىم."

بۇ قېتىمقى سوھبەت داۋامىدا "بەدولەت" بىرقانچە قېتىم سوز قىستۇرۇپ، روسىيە بىلەن سىلىشتۇرغاندا ئوزىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىگىنى ھەمدە روسىيىلىكلەر بىلەن مەڭگۇ

---

① كونا ئۇلۇغچاتنى كورسىتىدۇ. ـــ ت.

تېچلىقتا ئۇتتۇشنى ئۈمىت قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.
ئۇ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، پەقەت روسىيىلىكلەرنىڭ
دوستانە ياردىمى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ھازىرقى زور مۇۋەپ-
پەقىيەتلەرگە ئېرىشكەنلىكىنى ئېيتتى.

مەن ئۈلۈغچات بىلەن مالتاباردىن بۇنىڭدىن كېيىنكى
چېگرا نۇقتىسى قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ياقۇپبەگ تو-
لىمۇ بىئارام بولۇپ ئولتۇرالماي قالدى، لېكىن تاگى مېنىڭ
سۆزۈم تۈگىگەنگە قەدەر ئۇزىنى زورىغا بېسىپ ئولتۇردى.
ئاندىن، ئۇزىنىڭ بۇ چېگرا نۇقتىلىرىغا ئىگىدارچىلىق قى-
لىش ھوقۇقى بارلىقىنى ئىنتايىن ئەپچىللىك بىلەن ئوتتۇ-
رىغا قويدى.

ئۇ، خۇدايارخان قوقاننىڭ خانى بولۇشتىن ئىلگىرىلا
ئۇزىنىڭ ئۈلۈغچات قورغىنىنى بەرپا قىلغانلىقىنى، باشقا
بارلىق قاراۋۇلخانىلارنىمۇ ئۇزى بىۋاستە يېتەكچىلىك قى-
لىپ قۇرۇپ چىققانلىقىنى ئېيتتى، ئۇ يەنە، روسىيىلىكلەر
ئابدۇللا بەك (AbdoolA - Bek) ئىسىيان كوتەرگەن مەز-
گىلدە بىرمۇ قىرغىزنىڭ بۇ چېگرا لىنىيىسىدىن ئۆتۈپ
كېتەلمىگەنلىكىنى كورۇپ، مېنىڭ ئۇزەم ئورناتقان بۇ چېگرا
لىنىيىسىنى قوغداشتا قانچىلىك ئەمەلىي كۈچكە ئىگە ئىكەن-
لىكىمنى چۈشەنگەن ئىدى، دېدى.

مەن ئۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دېدىم: بىز 1869-
يىلى، نارىن قورغىنىنى ياساۋاتقان چېغىمىزدا، "بەدولەت"
ئۇزىنىڭ نارىن دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى ھەممە جاي-
لارغا ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى جاكالىغان ئىدى. بىز
بۇ چاغدا چېگرا لىنىيىمىزنى "بەدولەت" ئۈمىت قىلغان
جايلاردىنمۇ جەنۇپقا كېڭەيتىپ بولغان ئىدۇق. ئىككى دولەت ئوت-

تۇرىسىدىكى دوستانە مۇناسىۋەت مۇشۇ سەۋەپتىن ئۆزۈلمەي داۋاملىشىپ كەلدى.

ئاندىن بىر باشقا ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار ئۈستىدە پاراڭلاشتۇق. "بەدولەت" بۇنىڭغا ئۇلاپلا مۇنداق دىدى:

"مەن سىزنىڭ ماڭا ئاكا بولۇپ بېرىشىڭىزنى ھەمدە تۈركىستان باش ۋالىسى ئالدىدا مېنىڭ ئۈچۈن سۆزلەپ قويۇشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن. ئەگەر ئۇ زات ماڭا ئۆز دوستلۇ-غىنى كۆرسىتىشنى خالىسا، ئۇ ھالدا، مەن قۇرغان ۋە 14 يىلدىن بۇيان ئىگىدارچىلىق قىلىپ كەلگەن بۇ قورغانلارنى ماڭا قالدۇرۇشى لازىم".

مەن ئۆزەمنىڭ يۇقۇرىدا ئۆتتۈرىغا قويغان نۇقتىلاردىن بىر قەدەممۇ ئارقىغا چېكىنمەيدىغانلىغىمنى تەكىتلىدىم.

ئاندىن "بەدولەت" مېنىڭ تۈركىستان باش ۋالىسىغا بىر پارچە خەت يېزىپ، ئۇنىڭ بۇ تەلىۋىگە بىرئاز يول قو-يۇشنى سورىشىمنى تەكلىپ قىلدى.

مەن ئۇنىڭ بۇ تەكلىۋىگە قوشۇلمىدىم ۋە يەنە ئۆزەم-نىڭ 4070 چاقىرىمدەك يول بېسىپ بۇ يەرگە كېلىپ ئۇ-نىڭ جاۋاۋىنى كۈتۈپ تۇرالمايدىغانلىغىمنى، شۇنىڭدەك ماڭا بۇ مەسىلىنى ئۆزەم بىۋاستە ھەل قىلىش ھوقۇقى بېرىلگەن-لىگىنى ئېيتتىم

"بەدولەت" يېنىكرەك شەرتلەرگە قوشۇلىدىغانلىغىغا تەكرار كاپالەت بەردى. مەن ھەرقانداق يول قويۇشنى رەت قىلغاندىن كېيىن، "بەدولەت" مېنىڭ بۇ مەسىلىنى بىرنەچچە كۈنگىچە يېقىنلاشتىن ئويلىنىپ كۆرۈشۈمنى ئۆ-تۈندى. بىز ئۇنىڭ سوھبەتنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن زا-مانخانىنى ئەتە قېشىمىزغا ئەۋەتىدىغانلىغى ھەققىدىكى ۋەدى-

سىنى ئالدۇق - تە، ئورنىمىزدىن تۇرۇپ خوشلاشتۇق.

زامانخان ئەپەندى بىلەن پەنسات موللا ياقۇپ (بۇ ئادەم بىر قەشقەرىيەدە تۇرغان ۋاقتىمىزدا باشتىن ئاخىر بىر بىلەن بىللە بولدى) ياقۇپبەگ بىلەن بولغان سوھبىتىمىزگە قاتناشمىدى. پەقەت بىر قېتىم "بەدولەت" مېنى ئۇلارغا كورستىپ تۇرۇپ ھاياجانلىق بىلەن، "ئۇ مېنىڭ ناغرا چالدى بىلەن ئۇلۇغچاتنى روسىيىگە ئوتكۇزۇپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ"، دېدى.

ئەتىسى، زامانخان "بەدولەت" نامىدىن بىزگە تېخىمۇ كوپرەك يول قويدى. لېكىن مەن ئۇلۇغچاتنى روسىيىگە ئوتكۇزۇپ بېرىش تەلىۋىمدە قاتتىق تۇرۇۋالدىم ۋە بۇنىڭغا تېخىمۇ ئوچۇقراق جاۋاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدىم.

ئاخىرى 30 - يانۋار (11 - فېۋرال) كۇنى زامانخان بىزگە "بەدولەت"نىڭ تۆۋەندىكىچە جاۋاۋىنى يەتكۇزدى:

"مەن روسىيە ئەلچىلەر ئومىگىنىڭ، چېگرا لىنىيىسى سوكەتاغ، ئۇلۇغچات ۋە مالتابارىدىن ئوتۇشى كېرەك، دېگەن تەكلىۋىنى قوبۇل قىلىمەن. چۇنكى مەن تۇركىستان باش ۋالىسى جاناپلىرىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ئىش قىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كوردۇم.

"شۇنداقتىمۇ قۇدرەتلىك يېرىم پادىشا ① —(Yairim Padishah)نىڭ ماڭا بىرئاز يول قويۇپ، ئوزەم 14 يىل مېھنەت سىڭدۇرۇپ بەرپا قىلغان يەرلەرنى ماڭا قالدۇرۇشىنى تەلەپ قىلىش ئۇچۇن، سىزگە قوشۇپ ئەلچىلەر ئومىگى ئەۋەتىمەن. ئەگەر تۇركىستان باش ۋالىسى جاناپلىرى مې-

① باش ياساۋۇل گېنېرال فون كائۇفمان (Von Kaufman) نى ئوتتۇرا ئاسىيادا شۇنداق ئاتىلاتتى. — ئاپتوردىن.

نىڭ بۇ تەكلىۋىنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇ ھالدا پۈتۈن ئىش ئۇنىڭ ئۆزى ئېھتىياجلىق دەپ بىلگەن جايلارنى چېگرا لىنىيىسى سىزىپ بەلگىلىشى بىلەن بىر ياقلىق قىلىنىدۇ، مەن ئۇنىڭ قارارىنى قوبۇل قىلىمەن.”

مەن ئۆزەمگە بېرىلگەن يولىيورۇقنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقى، بىر تەرەپنىڭ مەلۇم ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى قارشى تەرەپ قوبۇل قىلغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۈستۈمگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىنىڭ ئورۇنلىنىپ بولغانلىقىنى جاكالىدىم، 6-فېۋرال (18-فېۋرال) كۈنى خوشلىشىش يۈزىسىدىن ”بەدۆلەت“ بىلەن كورۇشۇپ، 7-فېۋرال (19-فېۋرال) كۈنى يولغا چىقىشنى بەلگىلىدىم. دىمەك، ھەممە ئىش مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

قەشقەرىيەنى كېسىپ ئۆتۈپ، كورلا شەھرىگە بارغىچە ئارىلىقتىكى يۇرتلاردا تۇرغان چېغىمىزدا مەن ۋە ئۆمەكنىڭ باشقا ئەزالىرى بىرگە تاپشۇرۇلغان كورسەتمىدە قويۇلغان ھەممە سوئاللارغا ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تەپسىلى جاۋاپ تاپتۇق. بۇ ئىشلارنى بىرگە ھەمرا بولۇپ كەلگەن قەشقەرىيە ئەمەلدارلىرىدىن يوشۇرۇپ قالالمايتتۇق. شۇڭا بىر باشتىلا قەشقەرىيەنىڭ تەپسىلى ئەھۋالىنى ئىنچىكىلەپ بىلىۋېلىش غەرىزىمىزنى ئۇلاردىن يوشۇرماسلىقنى قارار قىلدۇق. بىز ئالدىمىزغا ئۇچرىغانلىكى يەرلىك ئاھالىدىن تۇرلۇك سوئاللارنى سورايتتۇق، ئاندىن ئۆزىمىزنىڭ كورگەن-بىلگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىمىزنى خاتىرە دەپتەرلىرىمىزگە يېزىپ باراتتۇق. بىز ھەر بىر شەھەرگە يېتىپ كەلگىنىمىزدە شۇ يەردىكى بىر قىسىم تەجرىبىلىك سودىگەرلەر ۋە دىخانلارنى چاقىرىپ، ئۇلاردىن بەزى سوئاللارنى سورايت-

تۇق. شۇنڭدەك يول ئۇستىدىمۇ بۇ جايلارنىڭ نىمە دەپ ئاتىلىدىغانلىغىنى ئاشكارە سوراپ باراتتۇق. بىزگە ھەمرا بولۇپ ماڭغان قەشقەرىيە ئەمەلدارى بىزنىڭ ئىشىمىزغا ئارىلىشالمايتتى، ئەمما بىزنىڭ بارلىق ئىش-ھەركىتىمىزنى ياقۇپبەككە كوپتۇرۇپ دوكلات قىلىشنى ئوزىنىڭ ۋەزىپىسى دەپ قارايتتى. شۇڭا بىز كورلىغا يېتىپ بېرىپ ياقۇپبەگ بىلەن تۇنجى قېتىم كورۇشكىنىمىزدە، ئۇنىڭغا قەشقەرىيەدە ساياھەت قىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، بۇ جايلار بىلەن پۇختا تونۇشۇپ چىقماقچى ۋە بۇ يەردىن روسىيەگە بارغىلى بولىدىغان بارلىق يوللارنى پىششىق بىلمەكچى بولغانلىغىمىزنى ئوچۇق ئېيتتىم. شۇنڭدەك، كورلىدا تۇرغان 7 كۇن جەريانىدا، قاراشەھەر ۋە باغراش كولىنى تەپسىلى كورۇپ چىقىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىغىمىزنىمۇ ئىزھار قىلدىم. ياقۇپبەگدىن ئومىگىمىزنىڭ ئەزالىرىدىن توپچى قىسىملار كاپىتانى كوروپاتكىن (N.koropatkin) بىلەن ۋىلكىنس (Wilkins) ئەپەندىلەرنىڭ بۇ جايلارغا بېرىشىغا رۇخسەت قىلىنىشىنى تەلەپ قىلدىم. ئۇ بىرئاز ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، بۇ تەلىۋىمىزگە قوشۇلدى. ئاكام بۇ قېتىمقى سەپەر ئۇستىدە يوللارنى ئوچۇق-ئاشكارا ئولچەپ چىقتى. بىز قەشقەرىيەگە كېلىشتە تېرەك داۋان ئېغىزىدىن ئوتكەنلىگىمىز ئۇچۇن نارىن تەرەپتىكى تورغات ۋە تېرەكتى ① تاغ ئېغىزلىرى ئارقىلىق ۋە ھىندىستان تەرەپتىكى قاراقۇرۇم ھەم كوئىنلۇن تاغ تىزمىلىرى ئارقىلىق قەشقەرىيەگە كىرگىلى بولىدىغان يوللارنى بىلىۋالغان بولساقمۇ، لېكىن بىزگە پەقەت بىرلا يول تونۇشسىز بولۇپ قالغان. بۇ يول

① تېرەك تاغ ئېغىزى بولسا كېرەك — مۇھەررىردىن.

ئاقسۇ شەھىرى بىلەن (ئۇچتۇرپان ئارقىلىق) بەدەل تاغ ئېغىزىدىن قارا قول① شەھرىگە بارىدىغان يول ئىدى. شۇڭا مەن "بەدولەت" بىلەن ئاخىرقى قېتىم كورۇشكىنىمدە، تۇركىستان باش ۋالىسىغا ئەلچىلەر ئۇمىگىمىزنىڭ دەسلەپكى خەۋىرىنى يەتكۇزمىسەك بولمايدۇ، دىگەن بانا بىلەن "بەدولەت"نى ئۇمىگىمىزنىڭ ئەزاسى لېيتېنانت سونارگولوۋنى مۇشۇ يول بىلەن ماڭدۇرۇشقا ماقۇل كەلتۇردۇم.

مەن ياقۇپبەگدىن ئۇلۇغچات ۋە باشقا قورۇللارنى بىرگە ئوتكۇزۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغان چېغىمدا مۇنداق ئىككى خىل ئامىلنى ئويلىغان ئىدىم.

بىرىنچىدىن، بىر كورلا شەھرىدە توختاشتىن ئاۋال ياقۇپبەگنىڭ ناھايىتى قىيىن كۇنگە قالغانلىقىنى چوڭقۇر ھىس قىلدۇق، چۇنكى، بۇ چاغدا ئۇ يە ئوز ئارمىيىسىنىڭ، يە پۇقرالىرىنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئىگە بولالمىغان ئىدى. شۇڭا ئەگەر جۇڭگولۇقلار ھۇجۇمىنى سەللا چىڭىتىدىغان بولسىلا، ئۇنىڭ مىڭبىر جاپادا توپلىغان كۇچى زادىلا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ياقۇپبەگنىڭ مەبلەغ مەنبەسىمۇ ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى.

شۇڭا مەن، "بەدولەت" بىلەن سوھبەتلەشكەندە، بىردىن ئىلگىرى قەشقەرىيەگە كەلگەن ئەلچىلەر ئومەكلىرىدىنمۇ چىڭراق تەلەپپۇزدا سوزلەش كېرەك، دەپ ئويلىدىم. مەن ئۇنىڭ زىمىنىنى تەكشۇرگەنلىگىمىزنى ئاشكارە ئېلان قىلغاندىن تاشقىرى، ئۇنىڭغا يەنە تۇركىستان باش ۋالىسى جاناپلىرىنىڭ ئىرادىسىگە بوي سۇنۇشىنىڭ زورورلۇگىنىمۇ ئېيتتىم

① ئاقسۇ شەھرىدىن مۇزارت داۋان ئارقىلىق غۇلجىغا بارىدىغان يول بىلەن ماڭغىلى بولمايتتى — ئاپتوردىن.

ھەمدە ئۇنىڭ قارىشىچە ھەربىي جەھەتتە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىرقانچە قاراۋۇلخانىلارنى ھېچقانداق بەدەلسىزلا بىزگە تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدىم.

ئىككىنچىدىن، بۇرۇنقى كېلىشىملەرگە ئاساسەن، كۆكسۇ دەرياسىنى بويلاپ سوزۇلغان ھازىرقى چېگرا بىزنىڭ تەلىۋىمىزنى يېتەرلىك دەرىجىدە قاندۇرغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭگولۇقلار بىلەن ياقۇپبەگ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتە قايسى تەرەپنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقى تېخى مۇقىملاشمىغان ئىدى، شۇڭا بۇ چېگرا لىنىيىسى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا بەكمۇ ئالدىراپ كېتىش ھاجەتسىز دەپ قارىدىم.

بىر 6-فېۋرال (18-فېۋرال) كۈنى قايتىش سەپەرىمىزگە ئاتلىنىپ، 28-مارت (9-ئاپرېل) كۈنى ئوش شەھرىگە ساق-سالامەت يېتىپ كەلدۇق. 51 كۈن ئىچىدە 42 مەنزىلنى بېسىپ تەخمىنەن 2787 چاقىرىم (يولدا توختاپ دەم ئالغان كۈنلەرمۇ مۇشۇنىڭ ئىچىدە) يول يۈردۇق. تاشكەنتتىن يولغا چىققان ۋاقتىمىزدىن باشلاپ ھېساپلىغاندا، بېرىش-كېلىش ئۈچۈن جەمئىي 6437 چاقىرىمدەك يول باستۇق.

ئەلچىلەر ئۆمىكىمىز جاپالىق كۈرەش قىلىپ، تۆۋەندىكى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

لېيتېنانت سونارگولوۋ ئاقسۇ شەھرىدىن ئۈچتۇرپان ئارقىلىق قاراقول شەھرىگە بارىدىغان يولنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىقتى، ۋىلكىنس ئەپەندى① قاراشەھەر بىلەن

① ۋىلكىنس ئەپەندى «تەبىئەت دۇنياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1877-يىللىق 3-سانىغا «تارىم ئويمانلىقىنىڭ تەبىئىي شارائىتى» دېگەن ماۋزۇدا ماقالا يازغان. — ئاپتوردىن.

باغراش كولگە دائىر بەزى خاتىرىلەرنى يازدى.

بۇنىڭدىن سىرت، يەنە تۈركىستان بويىچە جۇغراپىيىلىك ئۆلچەش-سىزىشتا ئەڭ تەجرىبىلىك ۋە قابىلىيەتلىك دەپ تونۇلغان لېيتېنانت ستارتسېۋ (N.P.Startseff) ھاۋا رايىنىڭ ناچار بولۇشىغا ۋە ھېرىش-چارچاشقا قارىماي، پۈتۈن قەشقەرىيەنىڭ يول خەرىتىلىرىنى $\frac{1}{50000}$ ماسشتابلىق قىلىپ سىزىپ چىقتى.

بۇ يول خەرىتىلىرى بىزنى قەشقەرىيە دۆلىتىنىڭ چوڭ خەرىتىلىرىنى سىزىپ چىقىشىمىز ئۈچۈن ئاساسلىق ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. ستارتسېۋ ئەپەندىنىڭ جاپالىق ئەمگىكىدىن سىرت، كوروپاتكىن (N.Koropatkin) ئەپەندى يەنە كورلا، قاراشەھەر ۋە باغراش كولى ئوتتۇرىسىدىكى يوللارنى ئۆلچەپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سونارگولوۋ-ئاقسۇ شەھىرى بىلەن قاراقول ئوتتۇرسىدىكى يولنى كوزدىن كەچۈردى.

يوقۇرىدا تىلغا ئېلىنغانلاردىن باشقا، ئومەكنىڭ ھەر بىر ئەزاسى ۋە نۇرغۇن كازاكلار، جۇملىدىن يەرلىك خادىملارمۇ بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، بىزنىڭ يۈكىمىزنى كۆپ يېنىكلەشتۈردى. ئۇلار بىزنى ئېغىزچە ۋە يېزىقچە نۇرغۇنلىغان ئاخباراتلار بىلەن تەمىنلىدى.

پۈتۈن سەپەر جەريانىدا، ئۆمەكتىكى بارلىق رۇسلار بىلەن يەرلىك خادىملاردىن تەركىپ تاپقان بىر دوستانە چوڭ ئائىلە شەكىللەندى. بىز ئورتاق مەنپەئەتلىرىمىز ئۈچۈن، خوشاللىق ۋە قايغۇلاردا بىللە بولدۇق، شۇڭا بۇ چوڭ ئائىلىدە ئۆتكۈزگەن كۈنلەرنى ئېسىمدە مەڭگۈ ساق-

لايمەن. ئۇمەك ئەزالىرىنىڭ دوستانە ھەمكارلىغى ۋە جاپا-مۇشەققەت تارتىش ئۈچۈن قىلىنغان ئىدىيىۋى تەييارلىقلار ئىغىر شارائىتلاردا بىز ئۈچۈن كۆپ مەدەت بولدى. بۇ ئىشلار ھەرگىز ئېسىمدىن كەتمەيدۇ ۋە يېقىنقى كۈنلەرگىچە ھەن بىلەن بىللە بولغان ھەمراھلىرىمنى ماڭا ئەسلىتىدۇ.

ئا. ن. كوروپاتكىن

# بىرىنچى باپ

قەشقەرىيەنىڭ جۇغراپىيىۋى شارائىتى ئۈستىدە ئومۇمى بايان — قەشقەرىيەنىڭ ئالاھىدىلىگى (تاغ تىزمىلىرى، دەريالىرى، تۇپرىغى، بوستانلىق-لىرى ۋە چۆللىرى)، قەشقەرىيەنىڭ تەبىى بايلىغىغا بىر نەزەر، قەشقەرىيەنىڭ قاتناش - ترانسپورتى، نوپۇسى، ئاھالىنىڭ كەسپى، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەكلىرى، تىلى ۋە دىنى ئېتىقادى.

قەشقەرىيە دېگەن نام بىلەن ئاتالغان بۇ رايون خەرىتىدە شىمالىي كەڭلىك 35° تىن 43° قىچە ئارىلىقتا، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 72° تىن 90° قىچە ئارىلىقتا ① جايلاشقان.

قەشقەرىيە ئومۇمى شەكلىدىن قارىغاندا، بەئەينى توپ ئوقى چۈشكەن بىر ئورەككە ئوخشايدۇ. بۇ رايوننىڭ غەربى تەرىپىدىكى تۈزلەڭلىكلەر دېڭىز يۈزىدىن 40.000 فۇت② ئېگىزلىكتە جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى

---

① پولكوۋ (Pulkoff) گرىنۋىچ رەسەتخانىسىنىڭ شەرقىدىكى 30° 19′ 40.5″ ئۇزۇنلۇقتا جايلاشقان ئورنىنىڭ كۆزىتىش ئىستانسىسىنى ئاساس قىلىپ شۇنداق ھېساپلىغان. — ئىنگلىزچە تەرجىماندىن.

② بىر فۇت 0.3048 مېتىر ياكى 30.48 سانتىمېتىرغا باراۋەر. — تەرجىماندىن.

يەرلەرنىڭ ئېگىزلىگى بولسا، 2.500 فۇتتىن ئاشمايدۇ. ئەمىلىيەتتە، بۇ لوپنۇر كولىنىڭ ئېگىزلىگىدۇر. قەشقەرىيەنىڭ يەر مەيدانى 19.000 كۋادرات ئېنگلىز مىلى① كېلىدۇ.

قەشقەرىيە تۈزلەڭلىگىنى مەشھۇر تاغ تىزمىلىرى ئوراپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ شىمالىغا تيانشان تاغلىرى، غەربىگە پامىر چوققىلىرى، جەنۇبىغا قارا قۇرۇم ئېگىزلىگى جايلاشقان، شەرقىدە پودپولكوۋنىك پىرژىۋالسكى (Prjevarlski) يېقىنقى يىللاردا تاپقان ئالتۇن تاغ قەد كۆتىرىپ تۇرىدۇ. بۇ تاغلارنىڭ چوققىلىرى قىش - ياز دىگۈدەك قار - مۇزلار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ تاغلارنىڭ چوققىلىرى دېڭىز يۈزىدىن 20.000 فۇت ئېگىز بولۇپ، تاغلارنىڭ ئارىسىدا پەقەت چىغىر يوللار ئارقىلىقلا مېڭىش مۇمكىن. لېكىن قىش كۈنلىرى بەزى يەرلەردىن زادىلا ماڭغىلى بولمايدۇ. بەزى داۋان-ئۆتكەللەرنىڭ ئېگىزلىگى 14000 فۇت بولۇپ، بۇلاردىن ئۆتۈش ناھايىتى قىيىن.

قەشقەرىيە تۈزلەڭلىگىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان دەريالار ناھايىتى كۆپ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى باشتىن تارتىپلا ئېنىق چېگرىلانغان خېلى چوڭ سۇ سېستىمىسى بولۇپ شەكىللەنگەن. مەسىلەن، خوتەن دەرياسى، يەركەن دەرياسى، قەشقەر دەرياسى②، ئاقسۇ دەرياسى، كۇچا دەرياسى ۋە قايدۇ دەرياسى③ قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق دەريالاردۇر. بۇ

---

① بىر ئېنگلىز مىلى 1.609 كىلومېتىرغا باراۋەر. — تەرجىماندىن.

②قەشقەر دەرياسى قىزىل دەريا دەپمۇ ئاتىلىدۇ.—مۇھەررىردىن.

③بۇ دەريا يەنە قايدۇ - گويا دەرياسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ، قاراشەھەر قورغىنىنىڭ ئايىغىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. شۇڭا ئۇ بۇرۇن خاتا ھالدا قارا شەھەر دەرياسى دەپ ئاتىلىپ قالغان. — ئاپتوردىن.

دەريالار ئاخىر بىر بىرىگە قوشۇلۇپ، ھەيۋەتلىك تارىم دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ ۋە لوپنۇر كولىگە قۇيۇلىدۇ.

قەشقەرىيەدىكى ئاساسلىق دەريالارنىڭ ئۇزۇنلۇغى ئايرىم - ئايرىم ھالدا تەخمىنەن 2144، 3003 چاقىرىم كېلىدۇ. لېكىن بۇ دەريالار سۇ مىقدارى ۋە چوڭقۇرلۇق جەھەتلىرىدە ماۋرائىننەھىردىكى سىر دەرياسى ۋە ئامۇ دەرياسىغا يەتمەيدۇ. قەشقەرىيەدىكى دەريالارنىڭ بېشى تاشلىق ۋە تىك قاپچىغايلاردىن ناھايىتى تېز ئېقىپ ئۆتىدۇ. ئوتتۇرا ۋە ئاياق ئېقىملىرى بولسا تۈزلەڭلىكلەردە ئاستا يېيىلىپ ئاقىدۇ. دەريالارنىڭ قىرغاقلىرى پەس ۋە زەي بولغاچقا، بەزى جايلىرىدا قويۇق قومۇشلۇقلار بىلەن قاپلانغان كول ۋە سازلىقلار شەكىللەنگەن.

يۇقۇرىدىكىلەرنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، بىز بۇ يەردە قەشقەر دەرياسى، تارىم دەرياسى ۋە لوپنۇر كولى ھەققىدە تەپسىلى توختىلىمىز. قەشقەر دەرياسى (قىزىل دەرياسى)نىڭ بېشىدىن قەشقەرغىچە بولغان ئۇزۇنلۇغى تەخمىنەن 1292 چاقىرىم، ئۇيەردىن لوپنۇر كولىگىچە بولغان ئۇزۇنلۇغى تەخمىنەن 1716 چاقىرىم كېلىدۇ. بۇ دەريا كوبرۇك ئۆتكى (كوبرۇك — قەشقەر بىلەن ئاقسۇ ئارىلىغىدىكى يول ئۈستىگە جايلاشقان بىر ئۆتەڭ بولۇپ، قەشقەرغە تەخمىنەن 644 چاقىرىم كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان) گە كەلگەندە 11 ساژىن ① كەڭلىكتە يېيىلىپ ئاقىدۇ. بۇ جاينىڭ چوڭقۇرلۇغى

---

① بىر ساژىن $25\frac{1}{3}$ يادىز (بىر يادىز 3 فۇتقا باراۋەر كېلىدۇ. — ئىنگلىزچە - ئۇيغۇرچە تەرجىماندىن)غا تەڭ — ئىنگلىزچە تەرجىماندىن.

2 سازىن ياكى 14 فۇت كېلىدۇ. سۇنىڭ ئېقىش تېزلىكى مىنۇتىغا 200 فۇتقا يېتىدۇ.

پىرژىۋالسكىنىڭ ئۆلچەشتىن ھاسىل قىلغان سانلىق مەلۇماتىغا قارىغاندا، تارىم دەرياسى لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربى چېتىدىكى ئابدۇللاخۇن دىگەن كەنتتىن ئۆتكەندە، دەريانىڭ كەڭلىگى 18 سازىن (42يادىز)، چوڭقۇرلۇغى 2 سازىن (14فۇت)، سۇيىنىڭ ئېقىش تېزلىگى مىنۇتىغا 140 فۇتقا يېتىدۇ. تارىم دەرياسى لوپنۇر كۆلگە يېقىنلىشىپ بارغانسېرى تارىيىپ، كەڭلىگى 3 ياكى 4 سازىن (ھەرقايىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 21 ۋە 28 فۇت)غا چۈشۈپ قالىدۇ. تارىم دەرياسى ئېقىپ لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدىكى قۇمۇشلۇققا كەلگەندە يوقىلىدۇ، ئاندىن يەنە لوپنۇر كۆلىدىن تەخمىنەن 644 چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئۆگەن دەرياسى ① بىلەن قوشۇلۇپ، كەڭلىگى 60 سازىن (140 يادىز)، چوڭقۇرلۇغى 3سازىن (21 فۇت) كېلىدىغان چوڭ بىر دەرياغا ئايلىنىدۇ. تارىم دەرياسىنىڭ قۇيۇلۇش ئېغىزى سازلىقلار ۋە كۆللەردىن ئۆتكەچكە، دەريانىڭ بۇ جايدىكى كەڭلىگى ئۇنىڭ ئۆگەن دەرياسى بىلەن قوشۇلىدىغان يېرىدىن تار كېلىدۇ.

پىرژىۋالسكىنىڭ خاتىرىسىگە قارىغاندا، لوپنۇر كۆلىنىڭ ئۇزۇنلۇغى تەخمىنەن 212 چاقىرىم، كەڭلىگى تەخمىنەن 43 چاقىرىم كېلىدۇ. بۇ كۆلدە، توغرىراق قىلىپ ئېيتساق بۇ سازلىقتا (لوپنۇر كۆلىنى دىمەكچى، — ئىنگلىزچە - ئۇيغۇرچە تەرجىماندىن) ئېگىزلىگى 21 فۇت كېلىدىغان قويۇق قومۇش ئۆسىدۇ. بۇ كۆلنىڭ جەنۇبى قىرغىقىدا كەڭلىگى تەخمىنەن

---

① كورلا شەھرىنىڭ جەنۇبىغا تەخمىنەن 171 چاقىرىم كېلىدۇ. — ئاپتوردىن.

$1\frac{1}{2}$ چاقىرىمدىن 7 چاقىرىمغىچە كېلىدىغان تار بىر سۇ-زۇك ئېقىن بار. كولنىڭ چوڭقۇرلۇغى ئادەتتە 6 فۇت كې-لىدۇ، لېكىن بەزى جايلىرى بولسا 12 فۇتتىن 13 فۇتقىچە كېلىدۇ. كولنىڭ سۇيى يېڭى قۇيۇلغاندەك ھەمىشە سۈپ سۈزۈك تۇرىدۇ.

قەشقەرىيە تۈزلەڭلىكىنىڭ يەرلىرى شور تۇپراقلىق بولۇپ، پەقەت بوستانلىقلارلا مۇنبەت كېلىدۇ. قەشقەر دەرياسى ۋادىسىنىڭ جەنۇپ تەرىپى كەڭ قۇملۇق چول بىلەن قاپلان-غان. ئۇنىڭ شىمالىي ۋە ئوتتۇرا قىسىملىرىدا قۇملۇقلار ئاز. بۇ جايلاردا ئېدىرلىق شەكلىنى ئالغان قۇملۇقلارنى ئاندا-ساندا ئۇچرىتىش مۇمكىن. تاغ باغرىدىكى يەرلەر شېغىل تاشلىق سايلاردۇر.

قەشقەرىيەنىڭ ئىقلىمى ئىنتايىن قۇرغاق بولۇپ، ھا-ۋا ياز كۈنلىرى ناھايىتى ئىسسىپ كېتىدۇ. قىشلىقى ئىللىق-راق بولىدۇ. بىز قەشقەرىيەدە تۇرغان 1876-يىلى كۈزدە بىر قېتىمۇ يامغۇر ياغمىدى. قىشتا ئاران ئۈچ قېتىم قار ياققان بولسىمۇ، ناھايىتى تېزلا ئېرىپ كەتتى. 1877-يىلى پۈتۈن ئەتىيازدا ھاۋا دائىم تۇتۇلۇپ تۇرغان بولسىمۇ، ئا-ران بىر قېتىملا يامغۇر ياغدى. ئەتىيازدا ناھايىتى قاتتىق بوران چىقىدىكەن، ھەركۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 لەردە بوران چىققىلى تۇرسا، كەچكىچە زادى توختىمايدى-كەن. قەشقەرىيەدە ھاۋا ھەمىشە تۇمانلىنىپ تۇرىدىكەن. بۇنداق تۇمانلىق كۈنلىرى ئاسماندا غۇۋا كورۇنۇپ تۇرغان قۇياشنى ھىساپقا ئالمىغاندا، تۇمان قاپلاپ گۇگۇگا بولۇپ تۇرغان ئۇپۇقتىن ھېچنىمىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىكەن.

قەشقەرىيەنىڭ تېرىقچىلىق قىلغىلى بولىدىغان يەرلىرى تىيانشان، پامىر ۋە قاراقورۇم تاغ تىزمىلىرى ئوراپ تۇر-غان تار، ئۇزۇنچاق رايونغا جايلاشقان.

يۇقۇرقى تار، ئۇزۇنچاق كەلگەن بۇ رايوننى ھساپقا ئالمىغاندا، قەشقەرىيەنىڭ ھەممىلا يېرى دىگۈدەك ئادەم ياشمايدىغان دەشت-باياۋانلار بىلەن قاپلانغان. لېكىن يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان بۇ رايون ئانچە كەڭ ئەمەس، مۇنە-بەتمۇ ئەمەس. پۈقرالارنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى ۋە ئولتۇراق-لاشقان جايلىرىنىڭ ھەممىسى بوستانلىقلارغا جايلاشقان. شەرقتىن باشلاپ سانىغاندا ئەڭ چوڭ بوستانلىقلار تۇرپان، قاراشەھەر، كورلا، كۇچا، باي، ئاقسۇ، مارالۋېشى، قەشقەر، يېڭىسار، يەركەن، خوتەن ۋە كىرىيە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ بوستانلىقلار قەشقەرىيەدىكى ئاساسلىق دەريالارنىڭ بويىغا جايلاشقان. بوستانلىق دىگىنىمىز ئەتراپىنى قۇملۇق چوللەر ئوراپ تۇرغان پارچە-پارچە ياپ-يېشىل ئېتىزلاردۇر. بوستانلىقلار ئەتراپىدىكى قۇملۇقلاردىن بەزىلىرىنىڭ كەڭلىگى تەخمىنەن 217 چاقىرىم كېلىدۇ. ئۇزۇن بىر يول يۇقۇرىدا ئېيتىلغان پۈتۈن بوستانلىقنى كېسىپ ئۆتىدۇ، بۇ يول پۈتۈن قەشقەرىيەنىڭ ئاساسلىق يولىدۇر. قەشقەرىيەنىڭ قۇملۇق چوللىرىدىكى ئۇششاق-ئۇششاق ئاھالە پونكىتلىرى دەل مۇشۇ غول يولنى بويلاپ شالاڭ جايلاشقان، بۇ غول يولدا تېخى ئوتەڭ-مەنزىللەرمۇ قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ ئوتەڭ-مەنزىللەردە بىرنەچچىدىن ئەسكەر تۇرغۇزۇلغان.

كىشىلەر بوستانلىقلاردا سۇغا تايىنىپ دىخانچىلىق قىلىدۇ. قەشقەرىيەدىكى خوتەن دەرياسى، يەركەن دەرياسى، قەشقەر دەرياسى ۋە ئاقسۇ دەرياسىغا ئوخشاش ئاساسلىق

دەريالارنىڭ سۇلىرى (تاغ ئىچىدىن ئېقىپ چىقىشتىن بۇرۇنلا) تۇغانلار ئارقىلىق نۇرغۇن چوڭ-كىچىك ئۇستەڭلەرگە بۆلۈنىدۇ، ئاندىن بۇ ئۇستەڭلەر ئارقىلىق يەنە نۇرغۇن ئېرىقلارغا بۆلۈنىدۇ. سۇلار ئېرىقلار ئارقىلىق ئېتىزلارغا باشلىنىدۇ. بۇ بوستانلىقلاردا ناھايىتى مۇرەككەپ سۇغىرىش سىستېمىسى شەكىللەنگەن. ھەر بىر بوستانلىقنىڭ مەخسۇس كۆك ئېرىقلىرى بار، مۇنداق قىلىنمىغان بولسا، ئۇ يەرلەردە دېھقانچىلىق قىلغىلى بولمايتتى. بىربىرىگە ئىرماش-چىرماش گىرەلىشىپ كەتكەن بۇ ئېرىق-ئۇستەڭلەر سۇنى ھەر تەرەپكە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. سۇ مۇشۇ ئېرىق-ئۇستەڭلەر ئارقىلىق بىر نەچچە كۈن توختىماي ئېقىپ، ئەڭ يىراق چەت-ياقا جايلاردىكى ئېتىزلارغىچە يېتىپ بارىدۇ. بۇ بوستانلىقلارنىڭ چېگرىسى ناھايىتى ئېنىق بەلگىلەنگەن. دېمەك، قەيەردە سۇ بولسا، شۇ يەردە ھاياتلىق بولىدۇ. قەيەردە سۇ بولمىسا، شۇ يەر قۇرۇپ چۆل-باياۋانغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، سۇ ئەگەر چۆلگە باشلانسا، ھېچنەرسە ئۈنمەيدىغان چۆللەرنى ھەتتا شورتاڭلىقلارنىمۇ ئېكىنزارلىققا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

قەشقەرىيەنىڭ سۈيى ھازىر سۇغىرىلىۋاتقان يەرلەردىن خېلىلا كۆپ يەرلەرنى سۇغىرىشقا يېتىپ ئاشىدۇ. بۇ يەردە شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، قەشقەرىيەدىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ ئاز بولۇشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى نوپۇسنىڭ ئاز ۋە شالاڭ بولغانلىقىدۇر. ئەمەلىيەتتە، سۇغىرىپ تېرىشقا بولىدىغان يەرلەر شۇنچە جىقكى، ئۇلار ناھايىتى كۆپ ئاھالىنى بېقىشقا يېتىدۇ.

ئەلچىلەر ئۈمىگىمىز ئۇش شەھىرىدىن (پەرغانە ئۆلكە-

سىدىن) ئايرىلغاندىن كېيىن، تېرەك داۋان ئارقىلىق تىيانشاندىن ئۆتۈپ، قەشقەر شەھىرىگە كەلدى. ئاندىن ئاقسۇ، باي، كۇچا ۋە كورلىدىن ئۆتۈپ قاراشەھەر قورغىنىغا باردى. بىز مۇشۇ غول يولنى بويلاپ مېڭىپ قەشقەرديەنىڭ كەڭ تېرىلغۇ يەرلەر بىلەن ئورالغان نۇرغۇن جايلىرىنى ۋە تۈۋەندىكى نۇرغۇن بوستانلىق ۋە قۇملۇق رايونلىرىنى بېسىپ ئۆتتۇق. قەشقەر بىلەن پەيزىۋات ئارىلىقىدا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 141 چاقىرىم كېلىدىغان بىر بوستانلىق بار ئىكەن. پەيزىۋات بىلەن مارالۋېشى قورغىنىنىڭ ئارىلىقىدا ئۇزۇنلۇغى تەخمىنەن 300 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان چوللۇك سوزۇلۇپ ياتىدۇ. مارالۋېشى بوستانلىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 42 چاقىرىم كېلىدۇ. بۇيەردىن ئاقسۇ بوستانلىقىغا يەتكىچە ئارىلىقتا يەنە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 330 چاقىرىم كېلىدىغان بىر قۇملۇق چول بار. غول يولنىڭ بويىغا جايلاشقان ئاقسۇ بوستانلىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 171 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاقسۇ بوستانلىقىدىن باي ئەتراپىدىكى بوستانلىققىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 132 چاقىرىم كېلىدىغان يەنە بىر چول بار. باي بوستانلىقىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان چوڭ يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 51 چاقىرىم كېلىدۇ. باي بوستانلىقىدىن كۇچا بوستانلىقىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 120 چاقىرىم كېلىدىغان يەنە بىر چول بار. كۇچا بوستانلىقىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان چوڭ يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 51 چاقىرىم كېلىدۇ. كۇچا بوستانلىقى بىلەن بۈگۈر ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان بوستانلىق ئارىلىقىدا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 141 چاقىرىم كېلىدىغان يەنە بىر چول بار. بۈگۈر بوس-

تانلىغىنىڭ ئۇزۇنلۇغى تەخمىنەن 30 چاقىرىم كېلىدۇ. بۇگۇر بوستانلىغىدىن كورلا بوستانلىغىچە ئۇزۇنلۇغى تەخمىنەن 300 چاقىرىم كېلىدىغان ئارىلىق پوتۇنلەي چوللۇكتۇر. كورلا بوستانلىغىنى كېسىپ ئوتىدىغان چوڭ يولنىڭ ئۇزۇنلۇغى تەخمىنەن 21 چاقىرىم كېلىدۇ، كورلا بىلەن قاراشەھەر بوستانلىغىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇنلۇغى تەخمىنەن 90 چاقىرىم كېلىدىغان بىر چوللۇك بار.

بۇ كەڭ بوستانلىقلاردا شۇ رايونلارنىڭ مەركەزلىرى سانالغان چوڭراق شەھەرلەر جايلاشقان. بۇ شەھەرلەر يەنە نۇرغۇن چوڭ - كىچىك يېزا - كەنتلەرنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ. يېزا - قىشلاقلارنىڭ ئاھالىسى تۇپراق ۋە سوغىرىش شارائىتلىرىغا قاراپ چوڭ مەھەللە - كەنتلەرگە ياكى بەزىبىر كىچىك قىشلاقلارغا تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان. مەھەللە - كەنتلەر بىلەن قىشلاقلار ئارىلىغىدا دائىم دىگۇدەك سۇسىز قاغجىراپ ياتقان پارچە - پارچە چوللەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

قەشقەرىيەنىڭ ئۇنۇمسىز چوللىرىدە بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان تەرەققىيات باسقۇچلىرى كورۇنۇپ تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ بەزىسى تاشلىق يەرلەر ياكى ئاندا - ساندا شېغىل ئارىلاش كەلگەن تاشلىق يەرلەر بولۇپ، بەزىسى شورتاڭلىقلاردۇر. بۇنداق شورتاڭلىقلارنىڭ سېغىز تۇپراقلىرى شورلىشىپ كەتكەنلىكتىن يۇمشاق ۋە بوش كېلىدۇ. بەزى يەرلەرنىڭ يۈزى كوپ مىقداردا ئورلەپ چىققان شور بىلەن قاپلىنىپ كەتكەچكە ئۇلار خۇددى قارلىق دالىدەك كورۇنىدۇ.

قەشقەرىيەنىڭ بەزى شورتاڭلىق رايونلىرىدا شالاڭ - شالاڭ ئوسىدىغان بەزى ئوسۇملۇكلەردىن سېرت، يۇلغۇن ۋە توغراقلارمۇ ئوسىدۇ.

قەشقەر بوستانلىقىدىن چىققاندىن كېيىن، كەڭ شورلۇق يەرلەر كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇ يەرلەرنىڭ چەت ياقىلىرىدا تارقاق جايلاشقان شور توپىلىق كونۇسسىمان دۆڭلەر ئۇچرايدۇ. بەزى دۆڭلەرنىڭ ئېگىزلىكى بىرقانچە فۇت كېلىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ چوققىلىرىدا تەرەپ - تەرەپكە يىلتىز تارتقان يۇلغۇنلار قويۇق ئۆسىدۇ. دۆڭلەردە ئۇزۇن يىللار - دىن بۇيان بىر - بىرىگە چىرمىشىپ ئۆسۈپ كۆپەيگەن يۇل - غۇنلارنىڭ يىلتىزلىرى يوغىناپ قاخشال بولۇپ يېتى - لىدۇ. يەرلىك ئاھالە بۇ دۆڭلەرنى كولاپ ھەر بىرىدىن بىرنەچچە ئۇلاق قاخشال چىقىرىۋالىدۇ - دە، تۈشۈپ كېلىپ يېقىلغۇ قىلىدۇ.

بىز قەشقەردىن چىقىپ ئاقسۇغا كېتىۋاتقان سەپىرى - مىزدە كۆۋرۈك ئۆتكەندىن ئۆتۈشىمىز بىلەنلا قىزىلسۇ دەر - ياسىغىچە بولغان ئارىلىقتا تۇنجى قېتىم بىر پارچە توغراق - لىقنى كۆردۇق. توغراقلىقتىن ئۆتۈشىمىز بىلەنلا يەنە بىر پارچە ئورمانلىق ئۇچرىدى. بۇ دەرەخلەردىن قىزىلسۇ دەرياسىنى بويلاپ تار ۋە ئۇزۇن كەتكەن بىر ئورمان بەلۋىغى شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ ئورمان بەلۋىغى تارىم دەرياسى ۋە لوپنۇر كۆلىگىچە سوزۇلىدىكەن. يەرلىك ئاھالىنىڭ ئېيتىشىچە، توغراقلىقتىن شەكىللەنگەن بۇنداق ئورمان بەلۋاغلىرى يەركەن دەرياسى ۋە خوتەن دەرياسى بويلىرىدىمۇ بار ئىكەن.

بىز بۇ توپراقلىقلاردا باشقا دەل - دەرەخلەر ئۇچۇن كەم بولسا بولمايدىغان چىرىندى تۇپراقنى كۆرمىدۇق. ئومىگىمىزنىڭ ئەزاسى ۋىلكىنس (Wilkins) ئەپەندىنىڭ تەكشۈرۈشىچە، بۇ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى ناھايىتى چىدامىلىق بولۇپ، دەرەخنىڭ ئۇچىدا تۇرۇپلا قۇرۇپ قالى -

دىكەن، شامال ئۇچۇرتۇپ توزۇتۇۋېتىدىكەن، شۇڭا، ئۇنىڭ غازاڭلىرى يەرگە چۈشۈپ چىرىندى ھاسىل قىلالمايدىكەن.

توغراقلىقنىڭ يەرلىرى شورلۇق، بەزلەڭگۈ كېلىدىكەن، بۇ قەشقەرىيەدىكى كوپىنچە يەرلەرنىڭ ئالاھىدىلىگى ئىكەن. بىز بىر پارچە توغراقلىقتىن ئۆتكىنىمىزدە شورلۇق چاك-تۇزاك توزۇشقا باشلىدى. بۇ چاك-تۇزاك كوزگە ناھايىتى زىيانلىق ئىكەن.

توغراق يوپۇرماقلىرىنىڭ شەكىل جەھەتتىن خىلمۇ خىل بولۇشىمۇ ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرسى، شۇڭا بىر تۈپ توغراقتا شەكلى بىر بىرىگە ئوخشمايدىغان خىلمۇ خىل يوپۇرماقلارنى ئۇچرىتىش مۇمكىن.

توغراقنىڭ غولىدىن بولۇپمۇ ئۇنىڭ سۇنۇپ كەتكەن شاخلىرىدىن ئاق توغرىغا ئۇرلەپ تۇرىدۇ. توغرىغىدىن بىر خىل دەرەخ يىلمى ياساش مۇمكىن.

قەشقەرىيە دەريالىرىنىڭ قىرغاقلىرىدا قومۇش ئىنتايىن قويۇق ئوسىدۇ. بولۇپمۇ بەزى دەريالارنىڭ كولگە قۇيۇلۇش ئېغىزلىرىدا قومۇش تېخىمۇ قويۇق ئوسىدۇ. بەزى جايلاردىكى قومۇشلارنىڭ ئىگىزلىگى 21 فۇتقا يېتىدۇ.

قەشقەرىيە — ئىلمىي نۇقتىنەزەر بىلەن قارىغاندا، كەم ئۇچرايدىغان ۋەكىشلەرنى قىزىقتۇرىدىغان ئەمما كىشلەرگە ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان بىر يەر. كىمكى بۇ يەرنى مەلۇم دەرىجىدە پۇختا تونۇشنى خالايدىكەن، ئۇ پىرژىۋالىسكىنىڭ «غۇلجىدىن تيانشان ئارقىلىق لوپنۇرغا بېرىش» دىگەن ئەسىرى①، ۋىلكىنس

① «غۇلجىدىن تيانشان ئارقىلىق لوپنۇرغا بېرىش»— پولكوۋنىك پىرژىۋالسكىنىڭ 1876-يىلدىن 1877-يىلغىچە ئوتتۇرا ئاسىيانى تەكشۇرۇشتىن يازغان دوكلادى. بۇ ھەقتە «روسىيە پادىشالىغى جۇغراپىيە جەمىيىتىنىڭ 1877-يىللىق

ئەپەندىنىڭ «تارىم ئويمانلىغىنىڭ تەبىي شارائىتى»① دىگەن ئەسىرى، ۋەلىخانوۋ (Valikhanoff)نىڭ «ئالتە شەھەر-نىڭ ئەھۋالى» ياكى «چىنى تۈركىستانىنىڭ جەنۇبىدىكى ئالتە شەھەر» دىگەن ئەسەرلىرىگە② مۇراجەت قىلسا بولىدۇ.

قەشقەرىيەنىڭ تەبىي بايلىقلىرىمۇ تېخى كۆپلەپ قېـزىلماپتۇ. خەنزۇلارنى بۇ رايونغا كېلىشكە قىزىقتۇرۇپ كەلگەن كان بايلىقلىرىنىڭ جەزمەن ناھايىتى كۆپ بولۇشى مۇمكىن. كىرىيە ئەتراپىدىن ئالتۇن تېپىلغان. ئاقسۇ، سايرام ۋە كۇچادىن مىس چىقىدىكەن. كۇچادىن يەنە تۆمۈر، كۆمۈر، گۈڭگۈرت، زەمچە، ئاممۇنىي خلوراتمۇ چىقىدىكەن. قەشقەرنىڭ يېنىدىن كۆمۈر ۋە قوغۇشۇن چىقىدىـكەن. خوتەندىن نېفىت، كەلپىندىن① گۈڭگۈرت، باي ئەتراپىدىن كالىي سىلىتراسى چىقىدىكەن.

قەشقەرىيەدىن ھەر خىل دانلىق ئاشلىقلار چىققاندىن سىرت،

---

تومۇمى مەلۇماتى» نىڭ 13 - توم 2 - قىسىم 363 - بېتىگە ۋە ئۇنىڭ ئاخىرىدىكى بەتلىرىگە قارالسۇن. بۇ توپلام كىتابچە قىلىپمۇ چىقىرىلغان (بۇنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىمۇ نەشر قىلىندى. — ئىنگلىزچە تەرجىماندىن). — ئاپتوردىن.

① 1877 - يىلىدىكى «تەبىي پەن ژورنىلى»نىڭ 3 - سانىغا قارالسۇن. — ئاپتوردىن.

② روسىيە پادىشالىغى جۇغراپىيە ئىلمى جەمىيىتى 1861 - يىللىق ژورنىلىنىڭ 3 - سانى 2 - قىسمىنىڭ 1 - بېتىدىن 76 - بېتىگىچە قارالسۇن. — ئاپتوردىن.

① ئۇچتۇرپاندىن قەشقەرگە بارىدىغان چوڭ يولىنىڭ شىمالىدىكى بىر يۇرت. — ئاپتوردىن.

قوي يۇڭى ۋە يىپەككە ئوخشاش يىرىم تەييار مەھسۇلاتلارمۇ چىقىدۇ. قەشقەرىيەنىڭ بۇ مەھسۇلاتلىرى يەرلىك ئاھالىنىڭ ئېھتىياجىنى تەمىنلىگەنىنىڭ سىرتىدا، يەنە سىمىرچىنىسكى ۋە پەرغانە ئولكىسىگىمۇ ئېكسپورت قىلىندۇ، ھەتتا ئوردىنبۇرگقا كوپلەپ ئېكسپوت قىلىنغان ماتالار (قولدا توقۇلغان بوز رەخت) قىرغىزلارغا سېتىلىدۇ. بۇ ماتالار قەشقەر ئەتراپىدىكى رايونلاردىن چىقىدۇ. قوي يۇڭى ئاساسەن خوتەن ۋە تۇرپاندىن چىقىدۇ. يىپەك ئاساسەن خوتەندىن چىقىدۇ. بۇلتۇر خام يىپەك قەشقەرىيەنىڭ ئېكسپورت سودىسىدا ئىنتايىن مۇھىم بىر خىل مەھسۇلات بولۇپ قالدى. ماشرۇپ (بىر خىل يىرىم تەييار يىپەك رەخت)دىن باشقا يەرلىك يىپەك توقۇلمىلار ئېكسپورت قىلىنمايدىكەن. يەركەندىن چىقىدىغان "نەشە" ① كەشمىر ۋە پەنجاپقا ئېكسپورت قىلىندىغان مۇھىم ماللارنىڭ بىرسى ئىكەن. بۇلاردىن باشقا، ئېكسپورت قىلىنىدىغان داڭلىق تاۋارلاردىن خوتەن گىلىمى، يەركەننىڭ ئىسكالاچ مەيىسى، ئاقسۇنىڭ ئىشلەنگەن تېرىسى، كون-خۇرۇمى ۋە مىس قاچا-قۇچىلىرى، كۇچانىڭ تومۇر ئەسۋاپلىرىمۇ بار. يەركەننىڭ مىۋە يىمىشلىرى، ئاقسۇنىڭ تاماكىسى، تۇرپاننىڭ قوي يۇڭى ۋە پاختىسىمۇ ناھايىتى داڭلىق.

قەشقەرىيەدە ئۆي ھايۋانلىرىدىن كالا، ئات، قوي، خېچىر ۋە ئىشەك بېقىلىدىكەن. يەرلىك ئاھالە ئارىسىدا سودا-سېتىق قىلىدىغان ماللارنىڭ ھەممىسىنى توشۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ئات، بولۇپمۇ ئۇيەدە بېقىلىدىغان قوي ناھايىتى ئاز ئىكەن. شۇڭا يەرلىك ئاھالە قەشقەرىيەگە

---

① ئۈنۈمى ئەپيۇن بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل زەھەرلىك دورا. — ئىنگلىزچە تەرجىماندىن.

جايلاشقان) دىگەن داۋانلار بۇ يولدىكى ئەڭ ئىگىز بەلدۇر. قاپچىغاي غول قاراشەھەر دەرياسى ۋادىسى بىلەن چوڭ يۇلتۇز دەرياسى ۋادىسىنى بىر بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. قىش كۈنلىرى قېلىن قار قاپلاپ كەتكەنلىكتىن، بۇ يولدا ماڭغىلى بولمايدۇ.

2. باي ۋە ئاقسۇدىن مۇزارت داۋىنى ئېغىزىغا، بۇ داۋان ئېغىزىدىن غۇلجا شەھرىگە بارىدىغان يول. بايدىن مۇزارت داۋىنى ئېغىزىغىچە ئارىلىق تەخمىنەن 342 چاقىرىم كېلىدۇ① مۇزارت داۋىنى ئېغىزىدىن غۇلجا شەھرىگىچە ئارىلىق تەخمىنەن 600 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاقسۇدىن مۇزارت ئېغىزىغا بارىدىغان يول بايدىن مۇزارت قاراۋۇلخانىسىغا بارىدىغان يولغا تۇتىشىدۇ. ئاقسۇدىن مۇزارت

① بىز توپلىغان ئاخباراتلارغا قارىغاندا، بايدىن مۇزارت ئېغىزىغىچە بولغان يول ئۈستىدە داۋانچى (400 ئۆيلۈك ئاھالە بار)، ئۈستەڭ بويى ۋە قارى (ھەر بىرىدە 50 ئۆيلۈكتىن 100 ئۆيلۈككىچە ئاھالە بار)، ياقىرىق (200 ئۆيلۈك ئاھالە بار)، قارىۋاغ (500 ئۆيلۈك ئاھالە بار) دىگەن كەنتلەر بار ئىكەن. بايدىن قارىۋاقىغىچە $4\frac{1}{2}$ تاش (تەخمىنەن 102 چاقىرىم) كېلىدۇ، يەنى قارىۋاغدىن مۇزارت قاراۋۇلخانىسىغىچە تەخمىنەن 102 چاقىرىم كېلىدۇ. قاراۋۇلخانىدىن مۇزارت تاغ ئېغىزىغىچە تەخمىنەن 120 چاقىرىم كېلىدۇ؛ بايدىن مۇزارت تاغ ئېغىزىغىچە بولغان ئومۇمى ئارىلىق تەخمىنەن 351 چاقىرىم كېلىدۇ؛ مۇزارت داۋىنىنىڭ ئۈستىگە بىر قاراۋۇلخانا قۇرۇلغان، داۋان ئاستىغا 300 ئادەم سىغىدىغان بىر قورغان ياسالغان.— ئاپتوردىن.

چېگرىداش تاغلىق رايونلاردىكى قىرغىزلاردىن قوي سېتىۋالىدىكەن، پەرغانە ئاھالىسىدىن ئات سېتىۋالىدىكەن. بۇ يەردە توگە ناھايىتى ئاز ئىكەن.

بىز قەشقەرىيەدىكى ئاساسلىق غول يولنىڭ تۇرپان، قاراشەھەر، كورلا، كۇچا، باي، ئاقسۇ، قەشقەر، يەركەن ۋە خوتەن قاتارلىق يۇرتلارنى بىر بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇردىغان ھارۋا يولى ئىكەنلىگىنى يۇقۇرىدا سوزلەپ ئوتكەن ئىدۇق. بۇ يول پۈتكۈل دولەتنىڭ ئاساسلىق سودا يولى ۋە ھەربى لىنىيىسى ھىساپلىنىدۇ. بۇ يول تۇرپاننىڭ يېنىدىن ئوتىدىغان جۇڭگونىڭ سودا يولى (بۇمۇ ئوخشاشلا ھارۋا يولى) بىلەن تۇتىشىدۇ. جۇڭگوغا بارىدىغان بۇ سودا يولى چوچەك، گۇچۇڭ، قۇمۇل، لەنجۇ ۋە خەنكۇ ئارقىلىق خاندانلىق زىمىنىنى بېسىپ ئوتۇپ نەنجىڭغا تۇتىشىدۇ. بۇ يول تىيانشان تاغ تىزمىلىرى بىلەن پاراللىل سوزۇلۇپ بارىدۇ. تىيانشان، پامىر، قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئارىسىدىن كېسىپ ئوتىدىغان چىغىر يوللار بىلەن تۇتىشىدىغان بۇ يول شىمال تەرەپتىن باشلاپ سانىغاندا، تووەندىكى جايلاردىن ئوتىدۇ:

1. كورلا بازىرىدىن باشلىنىپ، يۇلتۇز ۋە كونەس ئارقىلىق غۇلجا شەھرىگە بارىدىغان يول. 1877 - يىلى پىرژېۋالسكى دەل مۇشۇ يولنى بېسىپ ئوتكەن. بۇ يولنىڭ ئۇزۇنلۇغى تەخمىنەن 1062 چاقىرىم كېلىدۇ. قاپچىغاي غول ① (دېڭىز يۈزىدىن 9360 فۇت ئىگىزلىكتە جايلاشقان ۋە نارات ② (دېڭىز يۈزىدىن 9800 فۇت ئىگىزلىكتە

① قاپچىغاي غول — موڭغولچە "تار جىلغا" دىگەن مەنىدە، بالغۇنتايدىكى بىر جاينىڭ ئىسمى. — مۇھەررىردىن.

② نارات — موڭغۇلچە "كۈنگەي" دىگەن مەنىدە. — مۇھەررىردىن.

قاراۋۇلخانىسىغىچە ئارىلىقتىكى يول تەخمىنەن 160 نەچچە چاقىرىم كېلىدۇ. ئاقسۇ شەھىرىدىن مۇزارت ئېغىزىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يول تەخمىنەن 282 چاقىرىم كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئايلىنىپ ماڭغىلى بولىدىغان بىر چىغىر يولمۇ بار. بۇ يولدا ئالدى بىلەن بايغا بارىدىغان چوڭ يولنى بويلاپ جوغا ئۆتەڭگىچە بارغىلى بولىدۇ. ئاندىن تاغ ئارىسى بىلەن مېڭىپ ئۇستەڭ بويى ئارقىلىق مۇزارت جىلغىسىغا ئۆتكىلى بولىدۇ. مۇزارت دەرياسى بىلەن مۇزارت قاراۋۇلخانىسىنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 102 چاقىرىم① كېلىدۇ.

3. ئاقسۇدىن ئۇچتۇرپان ۋە ئۇنىڭدىن يىراق يەرلەرگىچە بارىدىغان يول. بۇ يول — بەدەل تاغ ئېغىزى ۋە قارا كول قورغىنىدىن ئۆتىدۇ. ئەلچىلەر ئۆمىگىمىزنىڭ ئەزاسى كاپىتان سونارگولوۋ 1877 - يىلى مۇشۇ يول بىلەن ماڭغان ئىدى. ئاقسۇدىن قاراكول يېنىدىكى رۇسلار ئۆلتۈراقلاشقان سېپىلغۇكنوغىچە بولغان ئارىلىق تەخمىنەن 618

① ۋەكىللەر ئۆمىگىمىز ئاقسۇدىن چىقىپ جوغا ئۆتەڭگىچە تۆۋەندىكى ئۆتەڭلەردىن ئۆتتى. ئاقسۇدىن ئىشلەنچى مەھەللىسىگىچە تەخمىنەن 36 چاقىرىم، ئىشلەنچىدىن قارا يۇلغۇنغىچە تەخمىنەن 72 چاقىرىم، قارايۇلغۇندىن جوغىچە تەخمىنەن 72 چاقىرىم، جەمئىي تەخمىنەن 180 چاقىرىم كېلىدۇ. مەن مۇزارت دەرياسى بويىغا جايلاشقان جوغا بىلەن ئۇستەڭ بويىنىڭ ئارىلىقىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. لېكىن پەرىزىمچە 72 چاقىرىم ئۆپچۆرىسىدە بولسا كېرەك. دېمەك، ئاقسۇدىن مۇزارت قاراۋۇلخانىسىغىچە بولغان ئومۇمىي ئارىلىقنى ھېسابلىغاندا، تەخمىنەن 300 چاقىرىم كېلىدۇ. — ئاپتوردىن.

چاقىرىم① كېلىدۇ.

4. نارىن قورغىنىدىن قەشقەر شەھىرىگە بارىدىغان بىر قانچە يول بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە قاتناشقا ئەڭ قولايلىق بولغىنى تېرەك تاغ ئېغىزى بىلەن تورغات تاغ ئېغىزىدىن ئۆتىدىغان يولدۇر. قەشقەر شەھىرىدىن نارىن قورغىنىغا بارىدىغان بىرىنچى يول تېرەك تاغ ئېغىزىدىن ئۆتىدىغان يول بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 522 چاقىرىم كېلىدۇ. ئىككىنچىسى، تورغات تاغ ئېغىزىدىن ئۆتىدىغان يول. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 540 چاقىرىم كېلىدۇ. ئەسلىدە قەشقەردىن نارىن قورغىنىغا ئۇدۇل بارغىلى بولىدىغان كونا بىر ھارۋا يولى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ھازىر

---

① بۇ يول تۆۋەندىكى ئۆتەڭلەردىن ئۆتىدۇ: ئاقسۇدىن بارىنغىچە تەخمىنەن 56 چاقىرىم كېلىدۇ؛ بارىندىن ئاچا تاققىچە تەخمىنەن 54 چاقىرىم كېلىدۇ؛ ئاچا تاغدىن ئۈچتۇرپانغىچە تەخمىنەن 48 چاقىرىم كېلىدۇ؛ ئۈچتۇرپاندىن باش ئاقمىغىچە تەخمىنەن 54 چاقىرىم كېلىدۇ؛ باش ئاقمىدىن ئاغاچ كۆلگىچە تەخمىنەن 102 چاقىرىم كېلىدۇ؛ مۇشۇ يەردىن بۇ يول ئارقىلىق بەدەل تاغ ئېغىزىغا بېرىپ دېڭىز يۈزىدىن 1.400 فۇت ئېگىزلىككە چىقىدۇ ۋە تېپ قاراۋۇلخانىسىدىن ئۆتىدۇ، ئاغاچ كۆلىگىچە بولغان ئارىلىق تەخمىنەن 48 چاقىرىم كېلىدۇ؛ تېپ قاراۋۇلخانىسىدىن چوڭ قۇدۇققىچە تەخمىنەن 102 چاقىرىم كېلىدۇ. چول قۇدۇقتىن قاشقىسۇ تاغ ئېغىزىغا چىققىلى بولىدۇ. ئالدىدىن زۇكا دەريا ۋادىسىغا چۈشۈپ مۇشۇ دەرياني بويلاپ روسىيە ئاھالىسى ئولتۇراقلاشقان سىپلىفۇكنوغا بارغىلى بولىدۇ. سىپلىفۇكنودىن قارا كۆلگىچە تەخمىنەن 66 چاقىرىم كېلىدۇ؛ چول قۇدۇقتىن — سىپلىفۇكنوغىچە تەخمىنەن 150 چاقىرىم كېلىدۇ. — ئاپتوردىن.

بۇ يولدا پەقەت ئاتلىق مېڭىشلا مۇمكىن. پولكوۋنىك كال-
بارس (Kaulbars) ۋە رېيىنتال (Reintal) قاتارلىق كىشى-
لەر 1870 - ۋە 1875 - يىللىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا مۇ-
شۇ يول بىلەن ماڭغىنىدا، بۇ يولنى ھارۋا يولى قىلىپ
ياساپ چىققىلى بولىدىغانلىقىنى سەزگەن ئىدى. بۇ يول
بىلەن نارىن قورغىنىدىن يولغا چىقىپ، تاش رابات تاغ
ئېغىزىدىن ئۆتۈپ چاتىر كولىگە بارغىلى بولىدۇ. ئاندىن
تورغات ئارقىلىق چاقماق قورغىنىغا بېرىپ ئۈستۈن ئاتۇش
ئارقىلىق قەشقەر شەھىرىگە كىرگىلى بولىدۇ. مۇناسىۋەتلىك
خاتىرىلەرگە قارىغاندا، بۇ يولنى بىرئاز ياساپ ھارۋا يو-
لى قىلىش ناھايىتى ئاسان ئىكەن.

5. ئوش ۋە ئۆزكەنت (پەرغانە ئۆلكىسىدە) شەھەرلى-
رىدىن قەشقەر شەھىرىگە ئاتلىق بارغىلى بولىدىغان بىرقانچە
چىغىر يولمۇ بار. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنچى چىغىر يول—
قەشقەرىيە بىلەن ماۋرائۇننەھر دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى
سودا يولى، يەنى تېرەك داۋان ئېغىزى ئارقىلىق ئۆتىدى-
غان يول. ئەلچىلەر ئومىگەمىز 1877 - يىل 10 - ئايدا بىر
قېتىم ۋە 1878 - يىل 3 - ئايدا يەنە بىر قېتىم مۇشۇ يول
بىلەن ماڭغان ئىدى. بۇ يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئوش شەھىرى-
دىن قەشقەر شەھىرىگىچە تەخمىنەن 744 چاقىرىم كېلىدۇ.
بۇ يول يەنە ئالاي تېغىنىڭ پاراللېل سوزۇلغان 2 تىزمى-
سىنىڭ بىرقانچە تاغ ئېغىزلىرىدىن ئۆتىدىغان يولنىمۇ ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تاغلارنىڭ ئېگىزلىكى مۇنداق: چىگىرچىك-
نىڭ ئېگىزلىكى 7,000 فۇت، تېرەك داۋاننىڭ ئېگىزلىكى
12,000 فۇت، ئېكىزياك تېغىنىڭ ئېگىزلىكى 10,000
فۇت. سار بۇلاقنىڭ ئېگىزلىكى 8,000 فۇتتىن ئارتۇق، بۇ

يولنى هاۋا يولى قىلىشقا ئىنتايىن كوپ پۇل كېتىدۇ ھەمدە بۇ پۇلنى تىرىلدۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. بىر يىلنىڭ ئىچىدە 4 ئايدىن 5 ئايغىچە بولغان ۋاقىت يەنى 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە تاشقىن بولىدۇ. شۇڭا سودىگەرلەر بۇ يولدا ماڭمايدۇ. بۇ مەزگىلدە كارۋانلار ئالاي تۇزلەڭلىكىگە بارىدىغان تۆۋەندىكى بىر قانچە تاغ ئېغىزلىرىدىن بىرنى تاللاپ ماڭىدۇ.

پەرغانىدىن ئالاي تاغ تىزمىلىرى ئارقىلىق قەشقەرىيەگە بارغىلى بولىدىغان بىرقانچە يوللار تۆۋەندىكى تاغ ئېغىزلىرىدىن ئۆتىدۇ: ئاۋال نارىن رايونىغا بارىدىغان بەزى تاغ ئېغىزلىرىدىن يەنى سىمىرچىنسك① يېنىدىكى تاغ

① ئوشتىن تېرەك داۋان ئارقىلىق قەشقەرىيەگە بارىدىغان يولنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇغى تۆۋەندىكىچە: ئوش شەھرىدىن تالدىك تېغىنىڭ ئېغىزىغىچە بولغان ئارىلىق تەخمىنەن 46 چاقىرىم، تالدىك تېغىنىڭ ئېغىزىدىن گۇلچا قورغىنىغىچە تەخمىنەن 99 چاقىرىم، گۇلچا قورغىنىدىن قىزىل قورغانغىچە تەخمىنەن 33 چاقىرىم، قىزىل قورغاندىن سار قۇچاققىچە تەخمىنەن 72 چاقىرىم، سار قۇچاقتىن كوكسۇ دەرياسىغىچە تەخمىنەن 57 چاقىرىم، كوكسۇدىن قەشقەرىيەنىڭ قاراۋۇلخانىسى ئەركەشتامغىچە تەخمىنەن 48 چاقىرىم. ئەركەشتامدىن يېغىنغىچە تەخمىنەن 42 چاقىرىم، يېغىندىن ئۇلۇغچات قورغىنىغىچە تەخمىنەن 36 چاقىرىم، ئۇلۇغچاتتىن ئوقسالۇرغىچە تەخمىنەن 81 چاقىرىم، ئوقسالۇردىن قوغۇشۇن كانىغىچە تەخمىنەن 54 چاقىرىم، قوغۇشۇن كانىدىن كانسۇغىچە تەخمىنەن 45 چاقىرىم، كانسۇدىن مىڭ يولغىچە تەخمىنەن 60 چاقىرىم، مىڭ يولدىن يېڭى شەھەرگىچە تەخمىنەن 90 چاقىرىم، يېڭى شەھەر قورغىنىدىن قەشقەرغىچە تەخمىنەن 15 چاقىرىم كېلىدۇ. — ئاپتوردىن.

ئېغىزلىرىدىن ئۆتىدۇ.(1) كوكشارت تاغ ئېغىزىدىن ئۆتىدىغان يول؛ (2) چىچارتاغ ئېغىزىدىن ئۆتىدىغان يول؛ (3) بوغۇز - تاغ ئېغىزىدىن ئۆتىدىغان يول. بۇ تاغ ئېغىزلىرى ئىنتايىن ئېگىز بولغاچقا، بۇ يولدا 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 10 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە (كونا يىل بويىچە ھېساپلىغاندا)، يەنى قار چۈشۈپ يول توسۇلۇپ قالغىچە بولغان ئارىلىقتا يۈرۈش مۇمكىن؛ (4) يېڭى ئېرىق يېنىدىكى تېرەك داۋان ئارقىلىق ئۆتىدىغان چوڭ يولدىن ئايرىلىپ يەنە كوكسۇ دەرياسى ۋادىسىدا قوشۇلىدىغان بەل ئاۋۇل تاغ ئېغىزى ئارقىلىق ئۆتىدىغان يول. بۇ قاپچىغايلاردىن پەقەت قىرغىز- لار ۋە قىرغىز سودىگەرلىرىلا ئۆتەلەيدۇ. يول مۇشۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن يەنە ھىلىقى رېتى بويىچە كېتىدۇ؛ (5) بىر يۇقۇرىدا سوزلەپ ئۆتكەن تېرەك داۋان؛ (6) پە- قەت قىرغىزلار ئۆتەلەيدىغان ئېگىز ۋە تىك كەلگەن قالماق ئاتا تاغ ئېغىزى؛ (7) سارت ئېغىزى؛ (8) ئارىچات تاغ ئېغىزى؛ (9) تالدىك تاغ ئېغىزى؛ (10) تورۇق تاغ ئېغىزى. كېيىنكىسى توت تاغ ئېغىزى ئارقىلىق پەرغانە ئويلىسىدىن چوڭ ئالاي دەرياسى ۋادىسىغا بارغىلى بولىدۇ. بۇ يوللار ئەركەشتام قاراۋۇلخانىسىنىڭ يېنىدىكى تۆگگۆز بۆرۈن تاغ ئېغىزى ئارقىلىق تېرەك داۋاننى كېسىپ ئۆتىد - دىغان كارۋان يولىدۇر. بۇ تاغ ئېغىزلىرىدىن پەقەت 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ۋە بەزىدە بولسا، 10 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە (كونا يىل ھىساۋى بويىچە) ئارىلىقتا ئۆتۈش مۇمكىن. باشقا ئاي- لاردا، يولنى قېلىن قار بېسىپ كەتكەنلىكى ۋە يېقىلغۇ كەم بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ يوللاردىن ئۆتۈش مۇمكىن ئە -

ھەس. بۇ تاغ ئېغىزلىرىنىڭ تەسكەي تەرەپلىرىدە ئارچا ئاھايىتى كوپ ئۇسىدۇ. كۈنگەي تەرەپلىرىدە يەنى ئالاي جىلغىسىنىڭ ئىچىدە پەقەت تېزەكتىن باشقا ھېچقانداق يېقىلغۇ تېپىلمايدۇ. ھىلىقى بىر سوزلەپ ئۆتكەن ئاخىرقى توت تاغ ئېغىزىنىڭ ئىچىدە قاتناشقا ئەڭ قولايلىق بولغىنى تالدىك تاغ ئېغىزىدۇر. تېرەك داۋاندىن ئۆتىدىغان قاتناش يولى توسىلىپ قالغان چاغدا، كارۋانلار مۇشۇ تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈشىدۇ.

قەشقەرىيە بىلەن پەرغانە ئوتتۇرىسىدىكى سودا ماللىرى پۇتونلەي ئات بىلەن توشۇلىدۇ. بەزىدە ئاز ساندىكى كارۋانلار توگە، خېچىرمۇ ئىشلىتىدۇ. خېچىر ھەربىر كارۋاندا دىگۇدەك ئۇچرايدۇ، ئەمما كارۋانلارغا يول باشلاپ ماڭغۇچىلار خېچىر مىنىشىدۇ. تېرەك داۋاندىن ئۆتىدىغان ھىلىقى يول بىلەن ماڭغاندا پەقەت تيانشاننىڭ كۈنگەي تەرەپلىرىدىلا يېقىلغۇ يېتىشمەسلىك ئەھۋالى كورۇلىدۇ. كارۋانلار قىش كۈنلىرى يەم-خەشەك قىلىش ئۇچۇن بوغۇز ئېلىۋالىدۇ. كۈنگەي تەرەپتە چۇشكۇن قىلىشقا توغرا كەلسە يىلنىڭ قايسى پەسلىدە بولمىسۇن، ئۇلاقلار ئۇچۇن يېتەرلىك ئوت-چوپمۇ تېپىلىدۇ. لېكىن تەسكەي تەرەپلەردە بولسا، كارۋانلار پەقەت ئوزلىرى ئېلىۋالغان يەم-خەشەكلەرگىلا تايىنىدۇ. تاتلىق سۇ ھەممە يەردە دىگۇدەك تېپىلىدۇ. ھاۋا ئىللىق چاغلاردا تەبىي قىشلاقلاردا چېدىر-بارگاھ قۇرۇپ، چۇشكۇن قىلىشقا بولىدۇ. بۇ يەرلەردە قىش كۈنلىرى كوچمەن چارۋىچى قىرغىزلار تۇرىدۇ. تېرەك داۋاننىڭ بۇ تەرىپىدىكى قەشقەرىيەگە تەۋە يەرلەرنىڭ يول بويلىرىدا ياقۇپبەگ ياساتقان قورغان ۋە قاراۋۇلخانىلار ئەتراپىدىن ئاز-تولا يەم-خەشەك تېپىش مۇمكىن. لېكىن كارۋانلار

پۈتۈن سەپەر جەريانىدا يەيدىغان ئوزۇق - تولۇگىنى ئۇزلىرى. ئېلىپ مېڭىشى زورۇر. چۈنكى بۇ يوللاردا ئاندا - ساندا بىرەر قوي - قوزا ئۇچراپ قالمىسا، يىمەكلىك ئاسانلىقچە تېپىلمايدۇ.

قىش كۈنلىرى پەقەت تېرەك داۋان ئارقىلىقلا ماڭغىلى بولىدۇ. قىش كۈنلىرى بەزىدە بۇ ئېغىزنىمۇ قېلىن قار قاپلاپ كېتىپ بىرنەچچە كۈن ھەتتا بىرنەچچە ھەپتىگىچە قاتناش ئۈزۈلۈپ قالىدىغان ئەھۋالمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ تاغلاردا ياشايدىغان سارت قەبىلىسىگە مەنسۇپ چارۋىچى قارا قىر-غىزلار كارۋانلارنى تاغ ئېغىزىدىن باشلاپ ئۆتكۈزۈپ قو-يۇشتەك ئىشلارنى ئۆز قولىغا ئېلىۋالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كىرىمىنىڭ تولىسى مۇشۇ ئىشتىن كېلىدۇ. تاغ ئېغىزلىرى قېلىن قار بىلەن توسىلىپ قالغاندا، ئۇش شەھىرىدىن چىق-قان كارۋانلار، ئادەتتە سارت قەبىلىسىگە مەنسۇپ بولغان چارۋىچىلار قىشلىقى — سۇپى قورغانىدا چۈشكۈن قىلىدۇ. قەشقەر تەرەپتىن كەلگەن كارۋانلارمۇ ئەركەشتام قاراۋۇل-خانىسىدا چۈشكۈن قىلىشىدۇ. ئۇلار بۇ يەرلەردە ئۆزلىرىنى تاغ ئېغىزلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇش ئۈستىدە قارا قىرغىز-لار بىلەن توختاملىشىدۇ.

قار قېلىن ۋاقىتلاردا سارت قەبىلىسىدىكى قىزغىزلار قوتازلارغا قار دەسسىتىپ يول ئېچىۋالىدۇ، ئاندىن كارۋاند-لارنى باشلاپ مۇشۇ يولدىن ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ.

بىز قەشقەرىيە ئاھالىسى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈز-گىنىمىزدە، ئەزەلدىن مۇشۇ دۆلەتتە ياشاپ كەلگەن مىللەت-لەر ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتمەكچىمىز:

قولىمىزدىكى ماتېرىياللارغا قارىغاندا، شۇنى تەھقىق-

لەشكە بولىدۇكى، شەرقىي تۈركستاندا ئەڭ دەسلەپ ئارىيانلار ئولتۇراقلاشقان.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2 - ئەسىردىن باشلاپ موڭغۇل قان سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر شەرقىي تۈركستانغا كىرىشكە باشلىغان. بۇ ئادەملەر بۇ يەردىكى يەرلىك خەلقنى ھەيدەپ چىقارغان ۋە ياكى ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن. نەتىجىدە قەشقەرىيەدە ھازىر ئولتۇراقلاشقان مۇشۇ ئالاھىدە مىللەتلەر شەكىللەنگەن. شەرقىي تۈركستانلىقلار بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۈزۈلمەس ئۇرۇشلار، بۇ دولەتتە ھازىر ھوكۇمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان ئارىلاش قانلىق خەلق ئارىسىدا خەنزۇلارغا خاس ۋە ئۇلارغا ئوخشايدىغان ئالاھىدىلىكلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇ ئەھۋاللار قەشقەرىيەنىڭ جۇڭگو بىلەن چېگرىداش رايونلىرىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، 8 - ئەسىردە شەرقىي تۈركستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ئەرەپلەرنىڭ ئىزلىرىنى ھازىرغىچە ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

ئەمدى ئاسىيانى تەكشۈرگەن ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ تەتقىقات ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، ساپ ئارىيانلارنى پەقەت قەشقەرىيەنىڭ غەربىي ۋە غەربىي جەنۇبىدىكى تاغلىق چەت - ياقا جايلىرىدىلا ئۇچرىتىش مۇمكىن. موڭغۇللار ئۆز قانلىرىنىڭ ساپلىقىنى ساقلاپ قالغان قالماقلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئاز ساندىكىلىرى قارا شەھەر ئەتراپىدا ۋە قاراشەھەر دەرياسى ۋادىسىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

بوستانلىقلاردا ئولتۇراقلاشقان ئاھالە قەشقەرىيەنىڭ تۇراقلىق نوپۇسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلار ئۆز ئايماقلىرىنىڭ نامىنى بوستانلىقلارنىڭ نامى بىلەن ئاتىشىدۇ. شۇنىڭ

ئۇچۇن بىز، بۇ دولەتتە قەشقەرلىقلەر، يەركەنلىكلەر، خوتەنلىكلەر، ئاقسۇلۇقلار، كۇچالىقلار ۋە تۇرپانلىقلار دەپ ئاتالغانلارنى ئۇچراتتۇق. ئەمىلىيەتتە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر تائىپىگە كىرىدۇ. بۇ تائىپە بەزىدە ناھايىتى روشەن ھالدا تۈرك ئىرقىغا (بۇ دولەتنىڭ غەربىدە، غەربىي جەنۇبىدا ئولتۇراقلاشقانلار) كىرىدۇ. بەزى جايلاردا تېخىمۇ ئېنىق ھالدا موڭغۇل ئىرقىغا (بۇ دولەتنىڭ شەرقىي تەرىپىدە ئولتۇراقلاشقانلار) كىرىدۇ.

قەشقەرىيەگە كېيىنرەك كىرىپ ئولتۇراقلاشقانلار ئىچىدە خەنزۇلار، تۇڭگانلار، غەربىي تۈركىستاندىن كەلگەنلەر ۋە ئەسلىدىكى قوقان دولىتىدىن كەلگەن كوچمەنلەر بار. بۇلار ئەنجانلىقلار دەپ ئاتىلىدۇ. ھىندىلارمۇ بار، لېكىن سانى ئاز، ئۇلارنىڭ كوپىنچىسى سودىگەرلەر. قارا قىرغىزلار قەشقەرىيە ئەتراپىدىكى تاغلىق رايونلارغا ئورۇنلاشقان كوچمەن مىللەتتۇر.

قەشقەرىيەنىڭ ئومۇمىي نوپۇسىنى پەقەت تەقرىبىي سان بويىچىلا مولچەرلەش مۇمكىن. مولچەرگە قارىغاندا، بۇ جاينىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 1 مىليون 200 مىڭ بولۇپ، ئوتتۇرا ھىساپ بىلەن ھەربىر ئىنگلىز كۇۋادىرات مىلى (بىر ئىنگلىز كۇۋادىرات مىلى 2.59 كۇۋادىرات كىلومېتىرغا باراۋەر. — ئىنگلىزچە - ئۇيغۇرچە تەرجىماندىن) يەرگە 65 تىن ئادەم توغرا كېلىدۇ.

قەشقەرىيە ئاھالىسى ئاساسەن يېزا ئىگىلىكى بىلەن شوغۇللىنىدۇ. ئۇلار بۇغداي، ئارپا، كومىمە قوناق، تېرىق، شال ۋە كېۋەز تېرىيدۇ. يەرلەر ئومۇمىي يۈزلۈك ئېرىق - ئوستەڭلەر بىلەن سۇغىرىلىدىغان بولغاچقا، ناھايىتى ياخشى

هوسۇل ئالغىلى بولىدۇ. ئاھالە ئىچىدىكى چارۋىچىلار چارۋا باققانىنىڭ سىرتىدا، تېرىقچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلار دانلىق ئاشلىقلاردىن ئارپا ئىشلەپچىقىرىدۇ. تاغلىق رايونلار-دا ھەمىشە يامغۇر يېغىپ تۇرغانلىقتىن، زىرائەتلەرنى سۇ-غىرىش ھاجەتسىز.

تاغلىق رايونلاردىكى سانائەتنىڭ ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق، ئۇ يەرلەردە ئاز مىقداردا كومۇر ۋە مېتال ئىشلەپچى-قىرىلىدۇ. قەشقەرىيە ئۇزىنىڭ مەدەن بايلىغىنىڭ مول-لىغى بىلەن مەشھۇر بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ دولەتنىڭ بۇ خىل سانائىتى تېخى بوۋاق باللىق دەۋ-رىدە تۇرماقتا.

ياقۇپبەگ قەشقەرىيەنى بوي سۇندۇرۇشتىن ئىلگىرى خەنزۇلار خوتەن ئولكىسىدە خېلى كۇچەپ ئالتۇن قازغان ۋە نېفىت ئالغان ئىكەن. ئاڭلىشىمىزچە، ھازىر ئالتۇننىڭ قېزىلىش مىقدارى ئازىيىپ قاپتۇ. ئەمما مۇشۇنداق ئەھۋال-دىمۇ، ئۇ يەندىلا خوتەن ھوكۇمرانلىرىنى نۇرغۇن باج كىرىمى بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدىكەن.

نىسبى مەنىدىن ئېيتقاندا، قەشقەرىيەنىڭ ھەرخىل سانائەتلىرى خېلى تەرەققى قىلغان. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنى پەقەت ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان سانائەت دېيىشكىلا بولىدۇ. ماتا-چەكمەن، كىيىم-كېچەك، مەيسە-كەش، گىلەمچىلىك، يىپەكچىلىك سانائەتلىرى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، مېتال ئېرىتىش-تاۋلاش، ئائىلى-لەرگە كېرەكلىك يۇڭ مەھسۇلاتلىرى، دىخانچىلىق سايمانلى-رى، قورال-ياراقلار، تېرە، كون-خۇرۇم مەھسۇلاتلىرى سانائىتى تۇرىدۇ. قىسقىسى، ماتا بىلەن باشقا كىيىم-كې-

چەك، لازىمەتلىكلەرنى ھساپقا ئالمىغاندا، قالغان مەھسۇ-
لاتلار پەقەت يەرلىك خەلىقنىڭ ئادەتتىكى ئېھتىياجىنىلا
قاندۇرالايدۇ.

تۇۋەندە بىز قەشقەرىيەنىڭ سودا ئىشلىرى توغرىسىدا
تېخىمۇ تەپسىلى توختىلىمىز. ھازىر بىز پەقەت قەشقەرىيە-
نىڭ ئېكسپورت قىلىدىغان مەھسۇلاتلىرىنىلا كۆرسىتىپ
ئۆتىمىز. يېرىم تەييار مەھسۇلاتلار: خام يىپەك، پاختا،
ئەپيۇن، زەمچە، ئاممونىي خلورات ۋە گۆڭگۈرت؛ تەييار
مەھسۇلاتلار: ماتا، سەگەز، يۇڭ چەكمەن (قىسمەن يىپەك
ئارىلاشتۇرۇپ توقۇلغان ناھايىتى چىداملىق بىر خىل تو-
قۇلما)، گىلەم، مەيسە-كەش، شاتۇۋا. بۇ مەھسۇلاتلاردىن
ماتانىڭ ئېكسپورت قىلىنىش مىقدارى ئىنتايىن يۇقۇرى
بولۇپ، قەشقەرىيەنىڭ ئېكسپورت قىلىدىغان ئاساسلىق
مەھسۇلاتى ھساپلىنىدۇ.

ئۇلار روسىيەدىن چىت، سەتىن، كىمخاپ-تەتىللا،
تۆمۈر-چويۇن، تۆمۈر-چويۇن بويۇملىرى، مۇم، چاي، قەنت-
شىكەر ۋە ھەرخىل بوياق ماتېرىياللىرى، سەرەڭگە، ئىگەر-
جابدۇق، تاسما، يار يېلىم، مىۋە-چىۋە ۋە تاماكا ئىمپورت
قىلىدۇ.

بىز بىسىپ ئۆتكەن بارلىق شەھەر ۋە بازارلاردا
روسىيىنىڭ تەييار مەھسۇلاتلىرى يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدى-
كەن. نۇۋەتتە، ھىندىستاندىن (لاداق ۋە يەركەن ئارقىلىق)
قەشقەرىيەگە كىرگەن ئىنگلىز ماللىرى تېخى روسىيە ماللىرى
بىلەن رىقابەتلىشەلمەيدىكەن. بىز ئەۋرىشكە قىلىش ئۈچۈن
توپلىغان ئىنگلىز چىتلىرى ناھايىتى چىرايلىق بولسىمۇ،
لېكىن چىدامسىز، رەڭگى ئاسان ئۆڭۈپ كېتىدىكەن، ئۇلار-

نىڭ باھاسى روسىيىنىڭ ئوخشاش خىلدىكى ماللىرىنىڭكى-
دىن خېلىلا ئۈستۈن ئىكەن. ھىندىستاننىڭ تېرىكىلىرى
پۈتۈن قەشقەرىيەگە توشۇلۇپ كېلىپتۇ، ھەتتا ماۋرەننەھرنىڭ
ھەرقايسى جايلىرىغىمۇ توشۇلۇپ كېتىپتۇ. يېقىندىن بۇيان،
ھىندىستاندىن قەشقەرىيەگە ئېكسپورت قىلىنىدىغان چاينىڭ
مىقدارى جىددىي ئېشىۋېتىپتۇ. قەشقەرىيەدىن ھىندىستانغا
ئاساسەن ئەپيۇن بىلەن ياميۇ ئېكسپورت قىلىنىدىكەن.

قەشقەرىيەنى تەبىئى باي دۆلەت دەپ ھېساپلىغىلى
بولمايدۇ، بۇ يەردىكى خەلقنىڭ مەئىشىتىمۇ باياشات دې-
گىلى بولمايدۇ، ھالبۇكى ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىمۇ
بەك تۆۋەن. ئۇلار كېسەكتىن قوپۇرۇلغان دەرىزىسىز ئاددى
توپا ئۆيلەردە ئولتۇرىدىغان بولۇپ، بۇ ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش
شەكلى ماۋرەننەھر ئەللىرىدە بىر كۆرگەن ئۆي - ئىمارەتلەر-
نىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بىزنىڭ قول ئاستىمىزدىكى
ماۋرەننەھر شەھەرلىرىدە بىر قەدەر كۆركەم ئېسىل ئۆي -
ئىمارەتلەر نۇرغۇن. بۇ ئۆيلەرنىڭ ئىچكى تاملىرى ئاپپاق
گەج بىلەن سۇۋالغان. تۇرۇسلىرى چىرايلىق گەج بىلەن
سۇۋالغان، نەقىش گۈل ۋە رەسىملەر بىلەن نەقىشلىنىپ
زىننەتلەنگەن بولۇپ، تاملىرى رەسىملەر بىلەن زىننەتلەنگەن.
تاملىرى خىشتىن قوپۇرۇلغان، قەشقەرىيە ھۆكۈمرانلىرىنىڭ
ئولتۇراق ئۆيلىرى ناھايىتى ئاددى ۋە كۆرۈمسىز بولۇپ،
چاكىنا دېيىلسىمۇ مۇبالىغە بولمايدۇ. بۇنداق ئۆيلەرنىڭ
تاملىرى سىلىق سۇۋالمىغان ياكى ئاقارتىلمىغان. شەھەر-
بازارلاردىن نامراتلىق ھەم پاسكىنىچىلىق چىقىپ تۇرىدۇ.
بىر قاراشتىلا بۇ يەردە مەچىت - خانىقالاردەك ئىمارەتلەرنىڭ
كەملىكىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. ئەرەپلەر ئىستىلاسىدىن قە-

قالغان بەزىبىر ئىمارەتلەر ھازىرقى بىناكارلىق ئىلمىدە دىققەت-ئېتىۋارغا ئەرزىيدىغان خاتىرە بولۇپ قالغان. مۇتلەق كۆپچىلىك ئۆي-ئىمارەتلەرنىڭ ئىچكى تۈزۈلۈشى بىلەن سىرتقى كۆرۈنۈشى بىردەك كەلگەن. ئۆي جاھازىلىرى يەنىلا ئىپتىدائىي سەۋىيىدە توختاپ قالغان بولۇپ، بىر ئۆيدە ئاران بىرقانچە ئورۇندۇق، شىرە، ياغاچ ۋە ساپالدىن ياسالغان بەزىبىر قاچا-قومۇشلارلا بولىدىكەن. بۇلار بىر خىل نامراتلىق ياكى پاسسىپچىلىقتىن دېرەك بېرىپ تۇرىدۇ.

بۇ يەردە يەنە شۇنىمۇ قوشۇمچە قىلىش كېرەككى، ئەگەر بىز قەشقەرىيەنىڭ بىناكارلىق سەۋىيىسىنى مۇشۇنداق تۆۋەن دەپ قارايدىغان بولساق، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ باشقا ئىلىم-پەن ئىشلىرىنىڭمۇ پۈتۈنلەي ئىپتىدائىي سەۋىيىدە ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەيمىز. بۇ دۆلەتتە ئىلىم-پەن ئىشلىرى تەرەققىي قىلىۋېتىپتۇ دېگەندىن كۆرە، تۈگىشىپ كېتىپتۇ دېگەن تۈزۈك. بۇخارا ۋە ئەرەپ ئاپتورلىرى يازغان بەزى ئەسەرلەردىن باشقا، قەشقەرىيەدە تىلغا ئالغۇدەك ئەدەبىيات-سەنئەت دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. بۇ دۆلەتنىڭ كۆپ جايلىرىنى ئايلىنىپ چىققان بولساقمۇ، ھېچقانداق يەردە بىرەر كۇتۇپخانا ئۇچراتمىدۇق.①

---

① كوروپاتكىن بۇ يەردە تارىخنى پۈتۈنلەي بۇرمىلىغان. ئەينى زاماندا، يەنى كوروپاتكىن قەشقەرىيەنى ساياھەت قىلغان چاغدا، ئۇيغۇر يېقىنقى زامان ئەدىبلىرىدىن ئابدۇرېھىم نىزارى، غېرىبى (تۇردۇش ئاخۇن) ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىي پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان! شۇ زامانلاردا قەشقەرىيەنىڭ جاي-جايلىرىدىكى مەدرىسلەردە نۇرغۇن كىشىلەر بىلىم ئالغان ۋە نۇرغۇن نادىر ئەسەرلەر ساقلانغان. — مۇھەررىر ئىزاھى.

قەشقەرىيە خەلقىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ماۋرىننەھر خانلىقلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىگە ئوخشايدىكەن. بۇ يەردىكى كىشىلەرمۇ ماتا - چەكمەندىن تىكىلگەن يەكتەك، تېرە شالۋۇر، جۇۋا ۋە چورۇق كىيىشىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى رومال ئارتىنىشىدىكەن. قەشقەرىيە خەلقى ئۇچىسىغا بىر خىل گۇلىلۇك چەكمەندىن تىكىلگەن كىيىم - كېچەك كىيىشىدىكەن، بۇمۇ ئۇلارنىڭ خېلى نامراتلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ماۋرىننەھر شەھەرلىرىنىڭ ئاۋات گۈزەرلىرىدە ھېيت - ئايەم كۈنلىرى شاتۇۋادىن ياكى ساپ يىپەك رەختىتىن تىكىلگەن كىيىم كىيگەن كىشىلەرنى ھەتتا تاۋار - دۇر - دۇنلاردىن كىيىم كىيگەن كىشىلەرنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. ھەتتا ئاددى چىتتىن كىيىم كىيەلمەيدىغان نامرات كىشىلەرنىمۇ ئۇچرىتىش مۇمكىن. ھالبۇكى قەشقەرىيەدە بولسا ئىسىل گەزلىمىلەردىن ۋە چىتتىن كىيىم كىيگەنلەر يوق دېيەرلىك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يىپەك كىيىم كىيگەنلەرمۇ ئاز. قىش كۈنلىرى بولسا، ئۇلار كىيىملەرنى ئۇستى - ئۇستىگە قاپلاپ كىيىشىدۇ، گۇللۇك چەكمەندىن تىكىلگەن چاپاننى سىرتىغا كىيىپ، ئىچىگە پاختىلىق چاپان ياكى تېرە كەمزۇللارنى كىيىشىدۇ.

چوپ — بۇ يەردىكى مۇتلەق كۆپ سانلىق خەلقىنىڭ كۈندىلىك غىزاسى بولۇپ، ئۇگرە دەپمۇ ئاتىلىدىكەن. ئاز - دۇر - كۆپتۇر گۆش - ياغ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدىكەن. يەنە شورپىمۇ ئىچىشىدىكەن، شورپىغا سېلىنىدىغان قوي گۆشىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى ئائىلە باشلىقىنىڭ كىرىمىگە باغلىق ئىكەن.

زىياپەت - بەزمىلەردە، ماۋرىننەھر ئەللىرىنىڭ خەلقى

ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان غىزا — پولۇ تەييارلىنىدىكەن. قەشقەرىيە خەلقى يەنە خەنزۇلاردىن «يەلقازان»① (رۇسلارنىڭ ساماۋارىغا ئوخشاپ كېتىدۇ) شورپىسى قىلىشنى ئۆگىنىۋاپتۇ. يەلقازان شورپىسى ئومۇمەن ھەرخىل كۆكتاتلار بىلەن گۆشكە پىتنوزا، قارىمۇچ، قەلەمپۇر، دالچىن يوپۇرمىغى سېلىش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان مۇرەككەپ تاماق بولۇپ، بۇ تاماقنى پەقەت بايلارلا يېيەلەيدۇ. قەشقەرىيە خەلقى خەنزۇلاردىن يەنە ھەرخىل ئىچىتقۇلۇق بوتقىلارنى ياساش ھۈنىرىنىمۇ ئۆگىنىۋالغان. ئۇلار تاماق يېگەندە چاي ئىچىشىدۇ. گايى ئەتكەن چايمۇ ئىچىشىدۇ. قەشقەرىيەدە چىقىدىغان مېۋە-چىۋىلەر ئاھالىنىڭ كۈز-قىش پەسىللىرىدە كۆپ ئىستېمال قىلىدىغان قوشۇمچە يېمەكلىكى ھېسابلىنىدۇ. مېۋىلەردىن قوغۇن-تاۋۇز، ئۈزۈم، ئامۇت، نەشپۈت ۋە ئالمىلار ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. روسىيىدىن ئىمپورت قىلىنىدىغان مۇراببا، تاتلىق يېمەكلىكلەر ئىچىدە بەلگىلىك دەرىجىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

قەشقەرىيەنىڭ ھەممىلا يېرىدە تۈرك تىلى ئىشلىتىلىدۇ. پۈتۈن دۆلەتتە ئوخشاش بىر خىل يەرلىك تىل قوللىنىلىدۇ. بۇنداق يەرلىك تىل بەزى جەھەتتىن ماۋرىننەھر خەلقلىرى ئىشلىتىدىغان تىللاردىن پەرقلىنىدۇ. مۇنداق پەرق بىر تەرەپتىن خەنزۇ تىلىنىڭ يەرلىك تىلغا ئارىلىشىپ كەتكەنلىكىدىن، يەنە بىر تەرەپتىن نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ نامى باشقىچە بولغانلىقتىن كېلىپ چىققان، يەنە بۇلاردىن باشقا پەرقلەرمۇ بار. قەشقەرىيەلىكلەرنىڭ سۆزىدە

① "يەلقازان" خەنزۇلاردا "خوگوزى" ياكى "شۇەنگوزى"، "شۇەنياگۇرۇ" دەپمۇ ئاتىلىدۇ. — مۇھەررىردىن.

كۆپىنچە ھاللاردا لەۋلىشىدىغان تاۋۇشلار ئىشلىتىلىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر خىل تاۋۇش ياكى بىر بوغۇملۇق تاۋۇش بىلەن باشقا بىر خىل تاۋۇشنى ئايرىۋالغىلى بولمايدىكەن. قەشقەرىيە خەلقى ئارىسىدا، بىردىكى تاتارلار ئىشلىتىدىغان، لېكىن تۈركىستاندا ئومۇمەن ئىشلىتىلمەيدىغان نۇرغۇن سۆزلەر ئىشلىتىلىدىكەن. تاشكەنتلىكلەر بۇ گەپلەرنى چۈشەنمەيدۇ. سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزىدا ۋە يېزىلىشىدا بەزى پەرقلەر بولسىمۇ، ئورېنبۇرگ تاتارلىرى بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىر ئاز قىيىنلىپ بولسىمۇ چۈشىنەلەيدىكەن. قەشقەرىيە خەلقى تۇرمۇشتا ئىستېمال قىلىدىغان خەنزۇچە سۆزلەر زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن چالا-بۇلا بولۇپ ئۆزگىرىپ كەتكەن.

بۇ دۆلەتتە قوللىنىلىدىغان ئېغىرلىق ۋە ئۇزۇنلۇق ئۆلچەملىرى ھەم ۋاقىتنى ھېسابلاش ئۇسۇلى پۈتۈنلەي خەنزۇلاردىن كىرگەن. قىسقىسى، قەشقەرىيەنىڭ يەرلىك تىلى بىلەن تۈركىستانلىقلارنىڭ تىلى ئوتتۇرىسىدا پەرق ئانچە زور ئەمەس. بىر تۈركىستانلىق ئۆز تىلى بىلەن قەشقەرىيەلىكلەرنىڭ يەرلىك تىلى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى بىر قانچە ھەپتىدىلا تۈگىتەلەيدۇ.

قەشقەرىيە خەلقىنىڭ كۆپچىلىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ.

بۇ دۆلەتتە ياقۇپبەگ ھوقۇق تۇتقاندىن باشلاپ، غەيرى دىنلارنىڭ بۇ يەردە تارقىلىشى پۈتۈنلەي چەكلەنگەن. قەشقەرىيەدە ياشاشقا يول قويۇلغان خەنزۇلار ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىدىكەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ياكى ئۆلۈش ياكى دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت ئىككىلا يول قالغان. لېكىن قالماقلار بۇنىڭ سىرتىدا دەپ

هىساپلىنىپ، ئۇز بۇتلىرىغا چوقۇنۇشنى ساقلاپ قالغان. جۇڭگولۇقلار ھوكۇمرانلىق قىلغان دەۋردە خەلقىنىڭ ئۇز دىنىي ئېتىقادىنى ساقلاپ قېلىشىغا يول قويۇلغان. تەڭرىتۇت ئوغلانلىرى ئىسلامىيەتنىڭ قاتتىقلىقى ۋە ئەسەبىيلىكىنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن قاتتىق چەكلىگەن. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، خوتۇن - قىزلار چوڭراق ئەركىنلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولغان. ئاياللارنىڭ چۇمبەت تارتماي كوچىلاردا مېڭىشىغا يول قويۇلغان. بۇنىڭدىن سىرت، خەنزۇلار ئۇزلىرىنى بولۇشىچە قويۇۋېتىپ، ئەخلاق جەھەتتە ئىنتايىن زور ئەركىنلىككە ئىگە بولۇۋالغان، بۇنداق ئەركىنلىك كىشىنى كوپ ھاللاردا چىرىكلىشىش ۋە چۇشكۇنلىشىشكە ئېلىپ بېرىپ، نىكا ئىشلىرىدىكى شاللاقلىقنى پەيدا قىلاتتى. قەشقەرىيەدە نىكا ئىشلىرى ئەسلىدىلا ئىسلامىيەت قائىدىلىرىگە ئاساسەن ئىنتايىن يېنىكلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىپ كەلگەن. ئەمدىلىكتە بولسا، ھېچقانداق ئەدەپ - قائىدىلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي، خالىغانچە تالاق قىلىۋېتىدىغان بولۇپ قالغان. بۇنىڭدىن سىرت، خەنزۇلار ئارىسىدا يېڭى بىر خىل ۋاقىتلىق نىكا ئىشلىرى ئەۋج ئالغان. بۇنداق نىكانىڭ قەرەلى پەقەت بىر ھەپتە ئەتراپىدا بولىدىكەن. بۇنداق ۋاقىتلىق نىكامۇ بارلىق ئادەتتىكى نىكا ئىشلىرىنىڭ رەسمى ئادەتلىرى بويىچە بېجىرىلىدىكەن. بۇنداق ۋاقىتلىق نىكالىنىش تۇزۇمى، ئاساسەن مۇشۇ دولەتتە ۋاقىتلىق تۇرغان سودىگەرلەر ئۇچۇن تۇزۇلگەن ئىكەن. بۇ يەردە خەلق روزىنى تەرتىپسىز تۇتىدىكەن، نامازنىمۇ پات-پات قازا قىلىپ قويىدىكەن. ياقۇپبەگ ھوقۇق ئىگەللىگەندىن بۇيان دىنىي ئىشلار جەھەتتە خەلقنى قاتتىق تىزگىنلىگەن.

ئەسلىدە قاتتىق رىيايە قىلىنىدىغان دىنىي قائىدىلەرنى، مەسىلەن، روزا تۇتۇش، مەچىت ـ جامائەلەرگە بېرىپ ناماز ئۇتەشكە ئوخشاش ئىشلارنى يېڭىۋاشتىن ئەۋج ئالدۇرغان. دىنىي قائىدىلەرگە رىيايە قىلىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، قازى ـ رەئىسلەر تەبىقىسىنى تىكلىگەن. خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ئاممىۋى سورۇنلاردا ماڭغاندا يۈزلىرىگە چۈمبەت تارتىشى بۇيرۇلغان. ئاسىيالىقلار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بەيگە ـ ئەرلەر ئات بەيگىسى بىلەن چېلىشىشلار مەنئى قىلىن- غان. قەشقەرىيەنىڭ پۈتۈن شەھەرلىرىدە خەنزۇلار ھۆكۈمە- رانلىق قىلغان دەۋردە ئېچىلغان بارلىق پاھىشىخانىلار تاقى- ۋېتىلگەن. ياقۇپبەگ ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن ئىسلام دىنىغا ئىخلاسمەن ۋە تۇرمۇشتا ئاددى ـ ساددا بولغان ھەمدە باشقىلار- غىمۇ شۇنداق قاتتىق تەلەپ قويغان. ئۇنىڭ بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن ئۇنىڭ پۈتۈن دۆلەتنى گويا بىر جامائەگە ئاي- لاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. بۇ جامائەدىكى يېڭى جامائەت ئۆزلىرىنىڭ قان ـ تەرلىرىنى ئاق- قۇزۇپ يەر تېرىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ بۇ يەرلەردىن ئالىدىغان ھوسۇلى قانچە كوپ بولسا شۇنچە ياخشى، لېكىن ئېلىنغان ھوسۇلنىڭ كوپىنچىسى ھۆكۈمەتنىڭ ئۆز كۆچىنى كۆز ـ كۆز قىلىشىغا تەقدىم قىلىنىشى لازىم. كوپ خوتۇنلۇق بولۇش باشقا مۇسۇلمان دۆلەتلىرىگە ئوخ- شاشلا قەشقەرىيەدىمۇ چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىكەن، بۇ، پەقەت بايلارلا بەھرىمەن بولالايدىغان بىر خىل ئۆرپ ـ ئادەت ئىكەن. ياقۇپبەگ ئاددى ـ ساددا، پاك تۇرمۇش كەچۈرىدى- كەن. ئۇنىڭ تۇرمۇش ـ مەئىشىتى ئۆز ئەتراپىدىكى ئەڭ باي كىشىلەرنىڭكىدىن يۇقىرى ئەمەس ئىكەن. ئۇ كارۋان

سارايلىرىدا تۇرۇشنى خالايدىكەنكى، ھەرگىزمۇ ئۆزىگە خاس ياسالغان ئالاھىدە ئۆيلەردە تۇرۇشنى خالىمايدىكەن. ئەمما ياقۇپبەگنىڭ ھەرەمخانىسىدا 300 دەك ئايال بار ئىكەن، بۇ ئاياللاردىن ئالتىسى ياقۇپبەگنىڭ سەپەرلىرىدە ھەمىشە بىللە بولىدىكەن.①

ياقۇپبەگ ئۆزىگە بوي سۇنمىغانلارنى قەتلى قىلىشتەك ئېغىر جازا بىلەن جازالىغاندىن سىرت، ئادەتتە ئاسانلىقچە ئادەم ئۆلتۈرمەيدىكەن. ئەمما خەلق ئارىسىدا ياقۇپبەگ توغرىسىدا ھەرخىل پاراڭلار تارقىلىپ يۈرگەن ئىكەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلىغانلىكى كىشى دىر - دىر تىترەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. ياقۇپبەگ پۇلغا ئېھتىياجلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىنىڭ چېشىغا تەككەن ياكى نەزىرىدىن چۈشۈپ قالغانلارنى ھەمىشە مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش يولى بىلەن جازالايدىكەن.

قەشقەرىيەدە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەر ئىچىدە كۆز كېسەللىكى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىكەن، قارغۇ بولۇپ قېلىش ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال ئىكەن. سىل كېسەللىكىمۇ بار ئىكەن، لىمفا تۈبېركۇليوزى، بوۋاسىر (گېمورويى)، ئۆسمە - پوقاق كېسەللىكلىرىمۇ كۆپ ئۇچرايدىكەن. كۆز كېسەللىكلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىغا شور تۇزلۇق چاڭ - توزاڭ توزۇپ تۇرغانلىقى ۋە ياز كۈنلىرى شورلۇق تۇپراقنىڭ قۇياش نۇرىدا كۆزنى قاماشتۇرغىدەك پاقىراپ تۇرغانلىقى سەۋەپ بولغان دەپ قاراشقا بولىدۇ. يەرلىك ئاھالە پوقاق كېسەللىكىنىڭ سەۋەبىنى سۇدىن كۆرىدىكەن. ئەپيۇننى كۆپ

① گەرچە ئۇ، ئاددى - ساددا تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، دېيىلگەن بولسىمۇ. — ئىنگلىزچە تەرجىماندىن.

چىكىشتىن كېلىپ چىققان كېسەللىكلەرگىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. فورسىس (Forsyth) نىڭ كەسپدىشى دوختۇر بېللوۋ (Bellouw) مۇشۇ كېسەللىك سەۋەبىدىن ھەزىم قىلىش ئەزالىرى زەخىملىنىپ ھىستېرىيە (تۇتقاقلىق) سەۋدايى كېسەللىرى پەيدا بولىدىغانلىقىنى سەزگەن. ئەپيۇن چېكىش بۇ يەردىكى ئەر - ئاياللار ئىچىدە ناھايىتى ئومۇملاشقان ئىش ئىكەن.

# ئىككىنچى باپ

قەشقەرىيەنىڭ مەمۇرى رايونلارغا بۆلۈنۈشى، ھاكىملار، ھەر خىل باج - سېلىقلار، بىۋاسىتە ۋە ۋاستىلىك باجلار، سەركارلار، يۈز بېشىلار، قازىلار ۋە رەئىسلەر؛ قەشقەر، مارالۋېشى، ئاقسۇ، باي، كۇچا ۋە كورلا قاتارلىق جايلارنىڭ باج نىسبىتى، باج يىغىشتىكى ئىللەتلەر، خەلقنىڭ ياقۇپبەگكە بولغان نارازىلىقى، بەزى تەبىقىدىكىلەرنىڭ (يەنى يېزا ئىگىلىك، دىنىي ۋە ھەربى ئىشلار ساھەسىدىكىلەرنىڭ) نارازى بولۇشىدىكى سەۋەپلەر ۋە بۇنىڭ ئاقىۋىتى.

قەشقەرىيە مەمۇرى جەھەتتىن مۇنداق 10 چوڭ ئاساسى رايونغا ۋە نۇرغۇنلىغان كىچىكرەك جايلارغا بۆلۈنىدۇ: قەشقەر، يېڭىسار، يەركەن، خوتەن، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، باي، كۇچا ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلار ئاساسلىق رايونلار ھېساپلىنىدۇ. كىچىكرەك جايلار توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا، رايونلارغا تەۋەندىكىلەر كىرىدۇ: مارالۋېشى: بۇ يەر قەشقەردىن ئاقسۇغا بارىدىغان يول ئۈستىگە جايلاشقان؛ كەلپىن: بۇ يەر قەشقەر بىلەن ئۇچتۇرپاننىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان؛ ئۇلۇغچات: بۇ يەر پەرغانە ئۆلكىسى بىلەن قەشقەرىيە ئوتتۇرىسىدىكى بىر قىسىم تاغلىق رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ قاغىلىق: بۇ رايون يەركەن بىلەن خوتەننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يول ئۈستىگە جايلاشقان؛ تاشقورغان: بۇ يەر يەركەن

دەريا ۋادىسىنىڭ بېشىدىكى ئىگىزلىكلەرنى ۋە تاغلىق رايون-لارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز يۇقۇرىدا ئىسمىنى ئاتاپ ئۆتكەن رايونلاردىن باشقا، يەنە تېرىقچىلىق رايونلىرىمۇ مۇشۇ مەمۇرى رايونلار تەۋەسىگە جايلاشقان. مۇشۇ تېرىق-چىلىق رايونلىرى توغرىسىدا بىز پەقەت قەشقەر بىلەن تۇتىشىدىغان ئوپال، تاشمىلىق، ئاتۇش، ئاغۇ، تازغۇن ۋە چانئېرىق دىگەن جايلارنىلا بىلىمىز.

ھەر بىر رايوندا بىردىن شەھەر ۋە نۇرغۇنلىغان چوڭ - كىچىك مەھەللىلەر — كەنتلەر بار. قەشقەر رايونىغا تەۋە يەرلەردىن سەمەن، توققۇزاق، قوغان، قاراقىر، بەش-كىرەم، ئاۋات، قىزىلبۇي، ياندۇما، شاپتۇل، ئاقيار، يامانيار، توۋەنكى ياندۇما، باي توقاي، قوشئاۋات، پەيزىئاۋات، كۆپسەڭگى، تۇپراقلىق، قارا باغ، پاراچ، بوراختاي، ناچۇق، دولەتباغ ۋە قىزىل دوۋە قاتارلىق جايلار بار.

ئاقسۇ رايونىغا قارايدىغان كەنتلەر توۋەندىكىچە: قومباش، سايئېرىق، بەشئېرىق، چۇنتال، ئىگەرچى، ئاسۇق، بالداڭ، جام، ئابدال، تالدى (تاز لەڭگەر)، سوگەتئېرىق، قومتام، ئىشلەنچى. ئاخىرقى ئالتە كەنت ئومۇملاشتۇرۇلۇپ يار بېشى (ياۋېشى) دىيىلىدۇ.

مارالۋېشىغا قارايدىغان كەنتلەر: چارباغ، تۇمشۇق، چېدىرتاغ، پاخىلىق ۋە ياقا قۇدۇقلاردىن ئىبارەت.

بايغا قارايدىغان كەنتلەر: قوشتام، داۋانچى، قاراباغ، ياقائېرىق، مىرزىتام، ئونباش، جىگدىلىك، يېڭىئاۋات، ئوتباش، ئازغان، يۇقۇرقى بەلۋاغ، ئىشتاچى، يېڭى لەڭگەر، قاپچى، ئاق ئۆلى، چوجە بەلۋاغ، ئارال، توخسۇن، بوغان، چىغان، قىزىل ۋە باشقىلار. ئاخىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان

12 كەنت بىر بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار ئاھالە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان چوڭ سايرام رايونىنى تەشكىل قىلىدۇ، شۇڭا ئۇ خەرىتىدە پۈتۈن بىر شەھەر قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ.

كۇچا رايونى شايار بازىرىنى قوشقاندا، تۆۋەندىكى كەنتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: قاراقاش، كونىچى، سىرىق بۇيا، تاغئېرىق، بوستان، پەيلۇر، گۇمباز، تويبولدى، توققۇزتام، دۆلەتباغ، شامالباغ، مازارباغ، ئۇچا، مازا خوجام، شۇئۇت، ياقا، ساقاغۇ، ئۇزۇن، ئاختىچى، كىرىش ۋە باشقىلار.

كورلا رايونىغا قارايدىغان كەنتلەر: بۈگۈر، يېڭىسار، يېڭىئاۋات، تاشئېرىق، يايچى، چومپاق، ئارال، ئالساي (ئاخىرىدا ئاتالغان 4 كەنت بۈگۈر ئەتراپىغا جايلاشقان، بىر تۇتاش يەرلەردۇر)، قاغىباياق، تاختىي، باغچىگەدە، مالۇ، بۇلۇڭ قۇدۇق، تالبۇلاق، ئاقساراي (ئاخىرىدا ئېيتىلغان كەنت يېڭىسار ئەتراپىغا جايلاشقان)، دورىجىل، قوشئېرىق، ئۇرپا، سايباغ (بۇ بەش كەنت كورلا شەھرىگە يېقىن)، دەنزىل، قارا شەھەر قورغىنى ۋە قارا شەھەر ئەتراپىدىكى يېزا - كەنتلەر. دۆلەت تەرىپىدىن ھەر بىر رايونغا تەيىنلەنگەن بەگلەر شۇ يەرلەرنىڭ ھاكىمى ۋە ھوكۇمرانلىرىدۇر.① ھەر بىر رايوننىڭ ھوكۇمرانلىرى

① بۇ پاراگرافتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەنسەپ ناملىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرگە قاراڭ.

بەگ، بىر يۇرتنىڭ ئاساسىي ھوكۇمرانى ياكى باشلىقىدۇر.

بەگ، توقسابا① پانسات② ياكى يۈز بېشى③ دەپ ئاتىلىدۇ. بارلىق ھاكىملار ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىش بېجىرىدۇ. ھەمدە ياقۇپبەگكە بىۋاستە جاۋابكار بولىدۇ. ھەر بىر ھاكىم ئۆز رايونىنى گويا ئىجارىگە ئالغان يەرنى باشقۇرغاندەك ئىدارە قىلىدۇ. ئۇلار دۆلەت خەزىنىسىگە بەلگىلىك مىقداردا مەھسۇلات ۋە پۇل تاپشۇرىدۇ. بۇنىڭدىن ئېشىپ قالغان بارلىق مەھسۇلات ياكى پۇللارنى ئۆزلىرى ئېلىۋېلىپ پايدىلىنىدۇ. ھاكىملار دۆلەتتىن ھېچقانداق مائاش ياكى ئۆزى باشقۇرغان يۇرتتىكى ھۆكۈمەتنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن دۆلەتتىن ھېچقانداق پۇل ئالمايدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، ھەر بىر ھۆكۈمران ئۆزىگە تەۋە رايوننىڭ مالىيە كۈچىگە قاراپ ھەر قايسى شەھەر، يېزا - قىشلاقلارنى مۇداپىئە قىلىدىغان

---

① مەلۇم قوشۇن ياكى مەلۇم بىر كەنتنىڭ ئاساسىي ئاقساقىلى توقسابا ياكى دوغا دەپ ئاتىلىدۇ. مەلۇم بىر ئادەم توقسابا ياكى دوغا دېگەن نامغا ئېرىشكەندىن كېيىنلا ھەربىي ئۇنۋان بەلگىسى كوتىرىپ يۈرۈش ھوقۇقىغا ئىگە بولالايدۇ. بۇ يەردىكى ھەربىي ئۇنۋان بەلگىسى دېگەندە قوتاز قۇيرۇقى ئېسىلغان ئۇزۇن دەستىلىك كوزدا تۇتۇلىدۇ. بۇنداق دەستىنى ھەربىي ئۇنۋانى بار ئەمەلدارلار ئومۇمەن ئۆز مەنسىۋىنى بىلدۈرىدىغان بايراق ئورنىدا ئىشلىتىدۇ. ۋايەى شاۋ (Videshao) نىڭ «شەرقىي تۈركىستان تىلى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن. — ئىنگلىزچە تەرجىماندىن.

② پانسات — بەش يۈز ئادەمنىڭ باشلىقى. — ئىنگلىزچە تەرجىماندىن.

③ يۈزبېشى — يۈز ئادەمنىڭ باشلىقى. — ئىنگلىزچە تەرجىماندىن.

ئازدۇر - كوپتۇر ئەسكەرلەرنى باقىدۇ ھەمدە بىر تۈركۈم ساقچى، پوچتالىيون ياكى خەۋەرچىلەرنى باقىدۇ.

ھاكىملار ياقۇپبەگنىڭ بۇ ئەمىر - پەرمانلىرىغا ئاساسەن يەر - زېمىنلارغا ھەر خىل دەرىجىدە ۋاقىتلىق ياكى ئۇمۇر- ۋايەت ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇۋالغان. ھەر بىر ھاكىم دولەت خەزىنىسىگە مەلۇم مىقداردا ئاشلىق ۋە پۇل تاپشۇرغانىنىڭ سىرتىدا، ھەر يىلى يەنە "بەدولەت"كە ئولپان تاپشۇرۇشى شەرت. بۇنداق ئولپاڭ ھوكۇمران بىلەن ئولپان تاپشۇرغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشىغا كۆپ-لۈك تەسىر كورسىتىدۇ. مۇنداق ئولپاڭلار نۇرغۇنلىغان ئاتلارنى، سان - ساناقسىز تون - چا- پانلارنى، گىلەملەرنى، تاۋار - دۇردۇنلارنى، تاغار - تاغار چايلارنى ۋە شىكەرلەرنى، لىگەن - لىگەن كىپەك ئالتۇن- لارنى، تىللا ۋە كۇمۇش تەڭگىلەرنى، زىنقچا ئالتۇن ياكى يامبۇلارنى ئوز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن. "توققۇز" دىگەن سان يۇقۇرقىدەك ئولپاڭ - سوغىلارنىڭ ئومۇمى مىقدارى جەھەتتە خېلى زور سالماقنى ئىگەللەيدۇ. مەسىلەن، ئومۇمەن سوغا تەقدىم قىلغاندا. بىر يۇرۇش ياكى بىر قانچە يۇرۇش نەر- سە بىر يولدلا سۇنۇلىدۇ. بىر يۇرۇش دىگەندە، ۋ تۇياق ئات، ۋ تېكىق تون بولۇشى مۇمكىن (ئەگەر سوغا سۇنغۇچى كەمبەغەل- رەك بولسا، پەقەت توققۇز تون سۇنۇشى، توققۇز قاپ ياكى توق- قۇزخالتاشېكەر، "توققۇز ئالتۇن يامبۇ" سۇنۇشىمۇ مۇمكىن، ھەربىر يامبۇ 108 سومغا يارايدۇ). ھاكىملار بۇ سوغىلارنى مەخسۇس ئەلچىلىرىدىن ئەۋەتىدۇ ياكى ھاكىملارنىڭ ئوزلىرى "بە دولەت" ھوزۇرىغا كېلىپ، يۇكۇنۇپ تۇرۇپ تەقدىم قىلىدۇ.

"بەدولەت" ھاكىملارنىڭ سۇنغان سوغا - ھەدىيىلىرىگە

جاۋابەن كوپىنچە شۇنىڭغا ئوخشىياش قىممەتتىكى ماددى نەرسىلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى نۇرغۇن شىرىن سوزلەر ۋە يېقىنچىلىق بىلەن ئىلتىپات كورسىتىدىكەن. ئۇ ئادەتتە مەيلى يۇقۇرى مەرتىۋىلىك ھاكىملارغا بولسۇن ياكى توۋەن دەرىجىلىك ئەلچىلەرگە بولسۇن، رەڭگارەڭ ئەتلەس تون، كەمەر ياكى قورال ھەدىيە قىلىدىكەن.

بىز بۇ دولەتنىڭ مەمۇرى ئىدارە قىلىنىش ئەھۋالى ئۇستىدە سوز ئېچىشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ مەمۇرى ئورگانلىرىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ ۋەزىپىسى ئۇستىدە توختالماقچىمىز. شۇڭا بىز قەشقەرىيەدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان باج - سېلىقلار ئۇستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئوتەيلى. قەشقەرىيەدىكى ھەر خىل باج - سېلىقلارنىڭ ئەھۋالى ئاسىيادىكى باشقا دولەتلەرنىڭكى بىلەن تامامەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ھەر خىل باج - سېلىقلار ئېچىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى خىراجەت بېرىجىدۇر. بۇ، يەرلەردىن ئېلىنىغان ئومۇمى مەھسۇلاتنىڭ ئوندىن بىر قىسمىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، سەي - كوكتات ئېتىزلىرى، تېرىلغان يەر، كېۋەزلىك، بېدىلىك ۋە مىۋىلىك باغلارغا قويۇلىدىغان تاناپ بېجى تۇرىدۇ. ھەربىر تاناپ ئايرىم - ئايرىم مولچەرلەپ بېكىتىلگەن بولۇپ، بەزىدە 20 تەڭگىگە يېتىدۇ. بۇلارنىڭ سىرتىدا يەنە چارۋىلار ۋە تىۋار ماللار ئۇستىگە قويۇلىدىغان زاكاتمۇ بار. زاكات ئېلىش نىسبىتى 2.5 پىرسەنت بولىدىكەن.

خىراجەت — تاناپ ۋە زاكاتلار بىۋاستە باج ھىساپلىنىدۇ. نۇرغۇنلىغان ۋاستىلىق باج - سېلىقلاردىن توۋەندىكىلەرمۇ بار:

ئۈچ ئوتۇن ـ سامان بولسا بىر پاتمان (ئېغىرلىقى 150 قادانى) ئاشلىق (ئادەتتە بۇغداي)، 2 تاغار سامان. ھازىر باج ئېلىنىدىغان ئوتۇن ـ سامان تۈرلىنىپ ئالغانچە پۇل ئېلىنىدىغان بولۇپ، ئېلىنىدىغان بۇ پۇللار كۆپىنچە خېلى جىق بولىدىكەن.

كەپسەن ـ ئاشلىقتىن ئېلىنىدىغان بىر خىل باج بولۇپ، ئۇ باجگىرلارنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدىكەن. بۇ باجنىڭ مىقدارى بەگ ۋە ئۇنىڭ باجگىرلىرىنىڭ نەپسىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ خالىغانچە بېكىتىلىدىكەن.

تەرى قاراپ پەرلىك ئاھالىدىن بىرەرسى ئۆلۈپ قالسا ئۇنىڭ بارلىق مال ـ مۈلكى باھاغا سۇندۇرۇلۇپ، سۇندۇرۇلغان باھانىڭ 2.5 پىرسەنتتىن 5 پىرسەنتكىچە قىسمى دۆلەتكە تاپشۇرۇلىدىكەن.

ۋاستىلىق باجلار ئىچىگە يەنە قەشقەرىيەگە كەلگەن ۋە بۇ دۆلەتنىڭ ئۆتەڭلىرىدىن ئۆتكەن چەتئەللىك تىجارەتچىلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن ئاھالىدىن ئېلىنىدىغان نەق پۇل، مەھسۇلات ۋە ئوتۇن ـ سامانلارمۇ كىرىدىكەن. شۇنىڭدەك ئاھالە يەنە ئۇرۇشقا كېرەكلىك ماددى نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىشى، ھەربى گازارما قىلىش ئۈچۈن ئۆيلەر بىلەن ھەقسىز تەمىنلىشى، دۆلەت ۋە جامائەت بىنالىرىنى ئىسسىتىش ئۈچۈن يېقىلغۇ ئوتۇن يەتكۈزۈپ بېرىشى، بۇنىڭ سىرتىدا، تونۇپا قېزىش قۇرۇلۇشلىرىغا مەجبۇرى يوسۇندا ھەقسىز ئىشلەپ بېرىشى شەرت ئىكەن.

ھەر بىر ئۆلكە ياكى رايون مەمۇرى ئىدارە قىلىش ياكى باج، غەللە ـ پاراق يىغىش جەھەتتە بىر قانچە چوڭ ـ كىچىك ئوبلاستلارغا ياكى تۈمەنلەرگە بۆلۈنىدىكەن. بۇلارنىڭ ھەر بىرى

بىر-ياكى بىر قانچە كەنت-يېزىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان يېزا ئوبلاستلاردا سەركارلار (نازارەتچىلەر)، ۋە يۈز بېشىلار ئاساسلىق مەمۇرىي خادىملار ھېساپلىنىدۇ.

سەركارلارنىڭ ۋەزىپىسى دۆلەتنىڭ خەزىنىسى ئۈچۈن خىراجەت يىغىش ۋە باشقۇرۇش ھەمدە ئۇنى خەزىنىگە كىرىم قىلىشتىن ئىبارەت. شۇنىڭدەك ئۇلار يەنە دۆلەتنىڭ ئاشلىق ئامبارلىرىنى باشقۇرىدۇ ھەمدە ھەربىي سەپتىكى ئەسكەرلەرنى مۇشۇ ئامبارلاردىن ئېھتىياجلىق ئاشلىق ۋە يەم-خەشەك بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدۇ. بۇ خىل باشقۇرۇش تۈزۈمى ھاكىملار بىلەن تۈزۈلگەن توختامغا ئاساسەن كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ.

يۈز بېشىلار ئۇشرە-زاكاتنى ھەمدە ئوت-سامان پۇلى بىلەن كەپسەندىن باشقا، بارلىق ھەرقانداق ۋاستىلىق باج-سېلىقلارنى يىغىشقا مەسئۇل بولىدۇ. يۈز بېشىلار يەنە ئۆزلىرى باشقۇرۇۋاتقان كەنتلەرنىڭ ئامانلىقىنى ساقلايدۇ، يوللارنى ئاسراش ۋە رېمونت قىلىشقا قارايدۇ، ئەمەلدار ۋە ھەربىلەرنى كۈتۈۋېلىش، ئۇلارغا ياتاق ئورۇنلاشتۇرۇش، ئاھالىدىن ھەربىلەرگە كېرەكلىك ھارۋا، ئاتلارنى يىغىش ۋە ئارمىيىگە كېرەكلىك ھەرخىل ماددىي بۇيۇملارنى يەتكۈزۈپ بېرىش ۋەزىپىلىرىنىمۇ ئادا قىلىدۇ.

ھەربىر ھاكىمنىڭ قول ئاستىدا ئۇنىڭغا بىۋاستە خىزمەت قىلىدىغان بىر سەركار ۋە بىر قانچە مىرزا (كاتىپ ياكى پۈتۈكچى) بولىدۇ.

بىز يۇقۇرىدا ھەربىر ئوبلاستىكى خىراجەت-زاكات باجلىرى شۇ ئورۇندىكى يەرلىك ھۆكۈمەت يەنى سەركار ۋە يۈز بېشىلار تەرىپىدىن يىغىۋېلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەن ئى-

دۇق. تاناپ بېجى بولسا، ھاكىملارنىڭ بىۋاستە يېتەكچىلىكىدە يىغىۋېلىنىدۇ، ئۇلار بۇ باجنى يىغىشقا ئۆز مىرزىلىرىنى ئەۋەتىدۇ.

خىراجەت بېجى ياكى سەركارلارغا ھوددىگە بېرىلىدۇ. ئۇلار مەھسۇلاتنىڭ ئاشقان ياكى كېمەيگەنلىگىگە قارىماستىن، بەلگىلىك مىقداردا ئاشلىق ياكى نەق پۇل يىغىۋېلىپ، دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرىدۇ، ياكى ئۇلار-شۇ يىلى ئېلىنغان مەھسۇلاتقا ئاساسەن، دۆلەت خەزىنىسىگە ئۆز يېنىدىن مەلۇم مىقداردا ئاشلىق تاپشۇرىدۇ.

ئالدىنقى ئەھۋالدا، ھاكىملار بىر ئادەمنى سەركارلىققا تەيىنلەيدۇ. كېيىنكى ئەھۋالدا بولسا، سەركار بولغۇچى جەزمەن يەرلىك خەلقتىن بولۇشى ھەمدە ھاكىمغا ئۆز ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇنلىيالايدىغانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشى، شۇنداقلا بەلگىلەنگەن غەللە-پاراقنى ھاللىق ئاھالىدىن تولۇق يىغىۋېلىشقا ئىنىق ۋەدە بېرىشى شەرت.

قەشقەرىيەنىڭ ئەدلىيە-سوت ئىشلىرىنى ياقۇپبەگ تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن قازىلار باشقۇرىدىكەن. ئوبلاستلاردا، ئاھالىنىڭ زىچلىق دەرىجىسىگە ۋە يەر كۆلىمىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ بىر ياكى بىر قانچە قازى ئىشقا قويۇلىدىكەن. ھەر بىر قازىغا بىردىن مۇپتى (قانۇننى شەرھىلىگۈچى) قوشۇپ بېرىلىدىكەن. ھەربىر مەھەللىگە ئاز دېگەندە بىردىن رەئىس قويۇلىدىكەن، رەئىسلىككە شۇ مەھەللىدىكى ئاھالە ئىچىدىن ئەڭ ئەخلاقلىق، ئەڭ تەقۋادار ئادەملەر تاللىۋېلىنغان ئىكەن. بۇ رەئىسلەرنىڭ ھوقۇقى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ھوقۇقىنى ئىشلىتىش ۋە كېڭەيتىش ئۈچۈن خەلققە سالغان زۇلۇملىرى سەركار ۋە يۈز بېشىلار-

نىڭكىدىن قىلىشمايدىكەن، رەئىس شەرىئەت ئەھكامى ۋە ئۆرپ-ئادەت بويىچە، ئومۇمى ئەخلاق - پەزىلەتنىڭ ۋە ئىس-لامىيەت قائىدىلىرىنىڭ پاكلىقىنى قوغدىغۇچى ئىكەن.

رەئىسلەر ھەرقانداق ئۆيلەرگە كىرىشكە ھوقۇقلۇق ئىكەن، ئۇلار ئۆز ھوقۇقىنىڭ سىمۋولى بولغان بىر تال تو-قۇناق ئاغامچىنى بويىنىغا ئېسىۋېلىپ، مەيلى كۈندۈز ياكى كېچە بولسۇن، خالىغان ۋاقىتتا ئۆيمۇ-ئۆي يۈرۈپ كىشى-لەرگە نازارەت قىلىدىكەن، مەيلى ئەر ياكى ئايال ۋە با-لىلار بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسى رەئىسنىڭ بۇيرۇغىغا ئى-تائەت قىلىدىكەن. ئۇ بارلىق ئائىلىلەردە جېدەل - ماجرا بولماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدىكەن. ھەر بىر ئادەمنى ھەت-تا ئۇششاق بالىلارنىمۇ ۋاقتى - ۋاقتىدا نامازغا بېرىپ تۇرۇشقا دەۋەت قىلىدىكەن، ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆز بالىلىرىنى مەك-تەپلەرگە ئەۋەتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىدىكەن. سودىگەرلەر-دىن سودىدا ئادىل بولۇشنى، سۈپەتلىكماللارنى سېتىشنى تەلەپ قىلىدىكەن، خوتۇن - قىزلارنىڭ چۈمبەلسىزلا سىرتقا چىقىشىنى چەكلەيدىكەن ھەمدە ئاھالىنىڭ ئاخشىمى سائەت 8 ياكى 9 لاردا ئۇخلىشىغا نازارەت قىلىدىكەن. رەئىسلەر جىنايەتچىلەرنىلا جازالاشقا ھوقۇقلۇق بولۇپ قالماستىن، بەلكى ھەرقانداق بىر گۇمانلىق ئادەمنىمۇ جازالاشقا ھوقۇق-لۇق ئىكەن. رەئىسلەر ئۇلارنىڭ باش، مۈرە ۋە بەللىرىگە دەررە بىلەن ئۇرىدىكەن، ھەتتا بەزى گۇناكارلارنى بەلگە-لىمە بويىچە قامچىلايدىكەن. مەسىلەن، ماتا توقۇيدىغان باپكارنىڭ توقۇغان ماتاسى ئۆلچەمدىكىدىن قىسقا بولۇپ قالسا، بۇ باپكارغا 39 دەررە ئۇرۇلىدىكەن.

رەئىسلەر مىرشاپنىڭ ھەمرالىقىدا كوچىلاردىن ئۆتۈپ كېتى-

ۋىلقاندا، كىشىلەر قورقۇپ سازايىمىزگە چۈشۈپ قالىدىكەن. ئادەتتە تەيئەرلەر باشلىرىنى ئېگىپ، بۇ شەرىئەت ھامىلىرىنىڭ ئوتۇپ كېتىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشىدىكەن، خوتۇن-قىزلار ۋە ئۇششاق بالىلار بۇ تەرى سۆرلۈك رەئىسلەرنى كۆرگەن ھامان بەدەر قېچىشىدىكەن. رەئىسلەرگە ئۇچراپ قالغانلىكى ئادەم دەررە يىمەي قالمايدىكەن، ئەمما بايلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئىكەن.

دىنىي مۇراسىملار موللىلارنىڭ رىياسەتچىلىكىدە مەچىتلەردە ئوتكۈزۈلىدىكەن، بۇ موللىلارمۇ ئوخشاشلا "بەدۆلەت" تەرىپىدىن تەيىنلىنىدىكەن. ئادەتتە ئۇلار مەدرىسىنىڭ يۇقۇرى بىلىق دەرسخانىلىرىدا ئوقۇغان تالىپلار ئىچىدىن تاللىنىدىكەن، مەدرىسىنىڭ يۇقۇرى بىلىق تالىپلىرى ئىچىدىن لايىق كىشى چىقمىسا، ئۇ ھالدا يەرلىك ئاھالە ئىچىدە دىنىي ئېتىقادى ئەڭ كۈچلۈك، خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان كىشىلەر موللىلىققا تاللىنىدىكەن. مەچىتلەر قارمىقىدا مۇنداق ئىككى خىل مەكتەپ بولىدىكەن: بىرى توۋەن دەرىجىلىك بولۇپ، ئۇ مەكتەپ ياكى قارىخانا دېيىلىدىكەن. ئالدىنقىسىدىكى ئوقۇتقۇچىلار خەلپەت دەپ ئاتالسا، كېيىنكىسىدىكى ئوقۇتقۇچىلار مۇدەررىس دەپ ئاتىلىدىكەن.

ھەر بىر ئۆلكە ياكى رايوننىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئەمەلدارلار بولغاننىڭ سىرتىدا، يەنە بىردىن قازى ئەسكەر، يەنى ھەربىي خادىملارنىڭ ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدىغان ئالاھىدە قازى، بىردىن قازى كالان يەنى قازىلارنىڭ قازىسى ۋە بىردىن قازى رەئىس يەنى رەئىسلەرنىڭ رەئىسى بولىدىكەن. بۇ ئۈچ خىل ئەمەلدار ياقۇپبەگ تەرىپىدىن بىۋاستە تەيىنلىنىدىكەن، شۇنىڭدەك ئۇلار ھاكىملاردىن مۇستەقىل تۇرىدىكەن. ھاكىمدىن باشلاپ

يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئەمەلدارلارنىڭ ھېچقايسىسى دۆلەت-تىن مائاش ئالمايدىكەن، ھاكىملار ئۆزلىرى يىغقان ھەر خىل باجلاردىن ئۆزلىرىنىڭ ئىش ھەققىنى چىقىرىۋالىدىكەن. ئۇ-لارنىڭ بەدۆلەتكە سۇنغان سوغاتلىرىدىن قارىغاندا، ھاكىملار-نىڭ ئۇندۇرۇۋالغان مائاشى چوقۇم ناھايىتى كۆپ بولسا كېرەك.

خىراجەت بېجىنى ھوددىگە ئالغان سەركارلارمۇ مائاش ئالمايدىكەن. لېكىن ئۇلار خىراج بېجى يىغقاندا، ئۆزلىرى-نىڭ ۋە ئۆزلىرى بىلەن بىللە باج يىغىشقا چىققان ياردەم-لەشكۈچىلەرنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن كەپسەندىن يەنى مەلۇم مىقداردىكى ئاشلىقتىن بەھرىمەن بولۇشقا ھوقۇقلۇق ئىكەن.

يۇقرالار تەرىپىدىن سايلىنىپ چىققان يۈز بېشىلار ئۆزلىرى خىزمەت قىلىۋاتقان كەنتلەردە قائىدە بويىچە بەر-زىمىنغا ئىگە بولىدىكەن. ئۇلار بۇ يەرلەرنى يەرلىك خەلقنى ھەقسىز ئەمگەككە سېلىپ تېرىتقۇزىدىكەن.

قازىلار ۋە مۇپتىلار ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلغان دەۋا ئىشلىرىدا ئالاقىدار دەۋاگەر ۋە ئەيىپكارلاردىن مەلۇم مىق-داردا ئىش ھەققى ئالىدىكەن. بۇنداق ئىش ھەققى دەس-لەپتە 20 تىيىن ئىكەن، كېيىنچە ناھايىتى جىق ئۆسۈپ كېتىپتۇ. مىرشاپلار ۋە باشقا خادىملارنىڭمۇ دەۋاگەر ۋە ئە-يىپكارلاردىن تاپان ھەققى ئۇندۇرۇۋالمىسا كۆڭلى تىنماي-دىكەن.

رەئىسلەرمۇ بەزى دەۋا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلغان-دا كىشىلەردىن پارا ئالىدىكەن. كىشىلەر بۇنداق پارا ئۈ-چۈن رەئىسلەرگە بەزىدە ناھايىتى قىممەتلىك نەرسىلەرنى سوغا قىلىدىكەن. بۇنىڭ سىرتىدا، رەئىسلەر جىنازە نامىزىنى

چۈشۈرسە، قازا قىلغۇچىنىڭ ئەڭ ياخشى تونىنى ئېلىش هوقۇقىغا ئىگە. ئۆرپ ـ ئادەت بويىچە، بۇنداق تون مېيىتنى يەرلىككە قويۇشتىن ئىلگىرى تاۋۇتنىڭ ئۈستىگە يېپىلىدۇ.

شۇنىڭدەك، موللىلارنىڭ ئىش هەققىمۇ پۇقرانىڭ زىممىسىغا يۈكلەنگەن. ئۇلارنىڭ بۇنداق ئىش هەققى پۇقرانىڭ سەدىقىسى، باللىلارنىڭ پەيشەمبىلىكى (مەكتەپنى بىر موللا باشقۇرغان بولسا) ۋە جامائەت ئىچىدىكى نىكاللىنىش ـ نىكادىن ئاجرىشىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىش، جىنازە نامىزىنى چۈشۈرۈشكە ئوخشاش ئىشلارغا تولىنىدىغان تۇراقلىق هەقلەردىن كېلىدۇ.

قارىخانا خەلپەتلىرىنىڭ ئىش هەققى تەلەبەلەر (ئوقۇغۇچىلار)نىڭ ئاز ـ كوپلۇكىگە ۋە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ كەمبەغەللىك ـ بايلىق دەرىجىسىگە قاراپ بەلگىلىنىدىكەن، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇنداق ئىش هەققى ناهايىتى ئاز بولىدىكەن. خەلپەتلەر ئىش هەققىنىڭ بىر قىسمى ئۈچۈن پۇل، يەنە بىر قىسمى ئۈچۈن ماددى نەرسىلەر ئالىدىكەن.

قەشقەردىيەدە ئەمەلدارلارنىڭ گەرچە تۇراقلىق مائاشى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى پۇقرالارنىڭكىدىن خېلىلا باياشات ئىكەن.

ياقۇپبەگنىڭ ئاددى ـ ساددا تۇرمۇش كەچۈرۈش ئادىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئاسىيادىكى باشقا هوكۇمرانلارغىلا ئەمەس، بەلكى قول ئاستىدىكى باشقا بەگلەرگىمۇ ئۇلگە بولالايدىغانلىقىنى كورۈۋالالايمىز. ئۇنىڭ ئوردىسى شۇ قەدەر نامراتكى، ئوردىغا كىرگەنلەر بۇنىڭ ئوز ئوردىسى ئىكەنلىكىنى هىس قىلمايدۇ. ئۇنىڭ كىيىنىشى ۋە غى-

زالىنىشمۇ قول ئاستىدىكى خادىملارنىڭكىدىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلگەنلىكى ئۇنىڭ بىردىن - بىر ئىسراپچىلىقى بولۇپ، ئۇنىڭ 300 ئايال تۇرىدىغان كارامەت ھەيۋەتلىك ھەرەمخانىسى بار. يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇ سەپەرگە چىققاندا 6 ئايال ھەمىشە ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرىدىكەن. ياقۇپبەگنىڭ ئوردىسى شۇنچىلىك تارھەم كىچىك ئىكەنكى، ئۇنى زادىلا بۇخارا ياكى قوقان خانلىرىنىڭ ئوردىلىرىغا تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ.

ياقۇپبەگ پۈتۈن دولەت ئىشلىرىنى تۆت مىرزىدىن تەركىپ تاپقان دىۋانخانىسى ئارقىلىق باشقۇرىدىكەن ۋە شۇلار ئارقىلىق بارلىق ھوججەت - ئالاقىلەرنى بىر تەرەپ قىلىدىكەن. بۇ مىرزىلار ياقۇپبەگكە ھەم كاتىپ ھەم ئىش بېجىرگۈچى ئورنىدا خىزمەت قىلىدىكەن، ئۇلاردىن مەخسۇم ئىسىملىك بىرسى 1872 - يىلى دىپلوماتىك ۋەكىل بولۇپ تاشكەنتكە بارغان. بۇ كىشىنىڭ ئىش بېجىرىش ھوقۇقى ناھايىتى چوڭ ئىكەن.

ياقۇپبەگ ئەمىر - پەرمانلارنى ئادەتتە ئاغزاكى ئېيتىپ تۇۋەنگە چۈشۈرىدىكەن.

ياقۇپبەگ ھەركۈنى ئەتىگەنلىكى قوبۇلخانىدا ئۆز ئورنىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن، خەت - چەكلەرنى كورۇشكە باشلايدىكەن، ئۇ، تاپشۇرۇۋېلىنغان خەت - ئالاقىلەرنى بىر - بىرلەپ تەپسىلى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، دەرھال پەرمان بېرىدىكەن، مىرزا بۇ پەرمانلارنى شۇ خەت ياكى ئالاقىنىڭ ئارقىسىغا يېزىپ قويىدىكەن. ئاتلىق چاپارمەنلەر كۈنىگە تەخمىنەن 290 چاقىرىمدىن 390 چاقىرىمغىچە يول بېسىپ،

جەت ـ ئالاقىلەرنى مەنزىلدىن مەنزىلگە يەتكۈزۈپ تۇرىدىـ
كەن. چاپارمەنلەر بەلگىلىك ئارىلىقتا قۇرۇلغان مەخسۇس
ئۆتەڭلەردە ئاتلىرىنى ئالماشتۇرىدىكەن.

ياقۇپبەگ ئىشلارنى تېز بىر تەرەپ قىلىشتا ۋە قاتتىق
قوللۇقتا ھەممىگە مەشھۇر ئىكەن. بەدۆلەتنىڭ قول ئاسـ
تىدىكى كىشىلەر ئۇنىڭدىن نەچچە يۈز چاقىرىم يىراقلىقتا
تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىشى بىلەنلا قورقۇپ،
دىر ـ دىر تىترىشىدىكەن.

ئۇزەم كېزىپ ئۆتكەن بىر قانچە ئۇلكە ياكى رايونلار
«قەشقەردىن چىقىپ ئاقسۇ، باي، كۇچا، كورلا ۋە قاراشەھەرنى
بېسىپ ئۆتىدىغان جايلار»نىڭ باج، غەللە ـ پاراق ئۈچۈن
تاپشۇرغان ماددى نەرسىلىرىنىڭ سانىدىن مېنىڭ يۈزەكى
خەۋىرىم بار. ئەمما يەركەن ۋە خوتەن رايونلىرىنىڭ باج،
غەللە ـ پاراق ئىشلىرىغا ئائىت سانلىق مەلۇماتنى تەخمىنەن
بولسىمۇ ئىگەللەپ ئالالمىدىم.

قەشقەرىيە ئاھالىسىنىڭ ئۆز ئۈستىگە ئالغان سېلىقلارنى
تۆلەش ئىقتىدارى ۋە باياشاتلىقى بىرىنى تولىمۇ قىزىقتۇر ـ
دى. بىزنىڭ بۇ مەسىلىگە ئائىت توپلىغان ماتېرىياللىرىمىز
تولۇق بولمىسىمۇ، لېكىن مەن بۇ ھەقتە توختىلىپ ئۆتۈشنى
لايىق كۆردۈم.

گەپنى قەشقەر رايونىدىن باشلايلى. ئالداش دادخا
ئىسىملىك بىر تاشكەنتلىك سودىگەر بۇ رايونغا ھاكىم ئىـ
كەن، ئۇ دۆلەت خەزىنىسىگە ھەر يىلى پۈتۈن قەشقەر
شەھىرىدىن ۋە قەشقەر رايونىدىكى بارلىق يېزا ـ كەنتلەر ـ
دىن خىراجەت بېجى ئۈچۈن يىغىلغان ئاشلىقلاردىن 900

مىڭ چارەك① بۇغداي ۋە قوناق تاپشۇرىدىكەن. بۇ سانلىق مەلۇماتلار ئىچىدە بىزنىڭ مارالۋېشىغا بارغىچىلىك چوڭ يول بويلىرىدىكى كەنتلەردىن توپلىغانلىرىمىز مۇنداق:

شاپتۇل — بۇ مەھەللىدە 600 تۈتۈن بولۇپ، باج ئۈچۈن ئۇلاردىن 2000 چارەك ئاشلىق ئېلىنىدىكەن. پەي-زىۋات بازىرىدا 400 دىن 500 گىچە تۈتۈن بولۇپ، باج ئۈچۈن ئۇلاردىن 60 مىڭ چارەك ئاشلىق ئېلىنىدىكەن. پەيزىۋات بىلەن خانئېرىق ياپكارچىلىق مەركەزلىرىنىڭ بىرى ئىكەن. يېڭىئاۋات كەنتىدە 70 دىن 100 گىچە تۈتۈن بولۇپ، باج ئۈچۈن ئۇلاردىن 400 چارەك ئاشلىق ئېلىنى-

① بىزنىڭ ئاقسۇدا ھېساپلاپ كۆرۈشىمىزچە، بىر چارەك دىگىنىمىز 24 قاداق بۇغداي ياكى 26 قاداق قوناق ۋە ياكى 25 قاداق ئارپا بولىدىكەن.—ئاپتوردىن.

شاۋ ئەپەندى (Mr.Shaw)نىڭ «شەرقىي تۈركىستان سوزى-لۇكلىرى لۇغىتى»دە مۇنداق دىيىلگەن: "شەرقىي تۈركىستاندا بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئۈچ خىل چارەك ئىشلىتىلىدۇ. بىرىنچى خىلى خام يىپەك، بوياق ماتىرىياللىرى، خۇشپۇراق ماتىرىياللار ۋە چايلارنى ئۆلچەشتە ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ بىر چارىكى 4 جىڭ ياكى 5 قاداققا باراۋەر، ئىككىنچى خىلى ھەر خىل مەھسۇلاتلار ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. بۇ "ئاشلىق تېشى"، "ئاشلىق تارازىسى" ياكى "توت تاش" يەنى "توت تارازا" دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ بىر چارىكى 12.5 جىڭ ياكى 16 قاداق كېلىدۇ. بۇ ئەمىر-نىڭ ھازىرقى ئېغىرلىق ئۆلچىمىدىكى ئۈچىنچى خىل چارەككە ئوخشىمايدۇ. بۇ خىل چارەك "بەش تاش"، "بەش تارازا" دەپ-مۇ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ بىر چارىكى 16 جىڭ ياكى 20 قاداققا باراۋەر—ئىنگلىزچە تەرجىماندىن.

مدىكەن. بۇ يەر بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى مارالۋېشىغا قوشۇۋېتىلگەن ئىكەن.

تاناپ بېجىنىڭ ئومۇمى سانى ئانچە ئېنىق ئەمەس، باغۋەنچىلىك ئىشلىرى زور تەرەققى قىلغان بەزى كەنتلەردىن ئېلىنغان باجنىڭ مىقدارى مۇنداق: بەشكىرەمدىن 100 مىڭ تەڭگە①، ئاۋاتتىن 32 مىڭ تەڭگە، توققۇزاقتىن 64 مىڭ تەڭگە، قوغاندىن 16 مىڭ تەڭگە يىغىۋېلىنغان. قىزىلبۇيىدىن تاناپ ۋە زاكات بېجى ئۈچۈن 90

---

① تەڭگىنى كۈمۈشكە سۇندۇرغاندا باھاسىنىڭ قانداق ئۆزگىرىدىغانلىقىنى ھېساپلاپ ئولتۇرمىدۇق. بىر قەشقەر تەڭگىسى ئون تىيىنغا باراۋەر.—ئاپتوردىن.

شاۋ ئەپەندى ئۆزىنىڭ يۇقۇرىدا ئېيتىلغان لۇغىتىدە مۇنداق ئىزاھ بەرگەن: "بىر تەڭگە 25 ئۇششاق مىس 'پۇل' (جۇڭگودا ئىشلەنگەن ئوتتۇرىسى تۆشۈك قۇيما پۇل)غا تەڭ. بۇنداق مىس پۇل 'داچەن' دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەربىرىنىڭ قىممىتى ئىككى پۇلغا توغرا كېلىدۇ. تەڭگىنىڭ بازاردىكى باھاسى ئۇلارنىڭ بىر يامبۇغا (جۇڭگو يامبۇسى تەخمىنەن 2 قاداق ئېغىرلىقتا بولۇپ، 170 سومغا تەڭ) ئالماشتۇرۇلۇش سانىغا قاراپ بەلگىلىنىدىغان بولغاچقا، دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن. بەزى ۋاقىتلاردا يۇقۇرى ئورلەپ 1.100 تەڭگىگە چىقسا، بەزى چاغلاردا تۆۋەنلەپ 800 تەڭگىگە چۈشۈپ قالىدىكەن. قەشقەر ئەمىرى يېقىندىن بېرى، پارچە كۈمۈش تىيىنلارنىڭ يېتىشمەسلىك ئەھۋالىنى ھەل قىلدى. تۈركىيە سۇلتانى نامىدىن ھەربىرى بىر تەڭگىگە باراۋەر كېلىدىغان، ئاق تەڭگە دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل پۇل تارقاتتى. ئۇنىڭ شەكلى ۋە ئىسمى قوقان بىلەن بۇخارانىڭ كۈمۈش پۇلىغا ئوخشايدۇ. بۇ خىل

مىڭ تەڭگە يىغىۋېلىنغان. ناچۇقتىن 25 مىڭ تەڭگە، دو-لەتباغدىن 18 مىڭ تەڭگە يىغىۋېلىنغان. بۇ جايلاردىن ئېلىنغان زاكات بېجىنىڭ ئومۇمى سانى ئېنىق ئەمەس.

قەشقەرگە بېقىنمايدىغان بەزى جايلاردىن يىغىۋېلىنغان باجنىڭ مىقدارى تۆۋەندىكىچە:

خانئېرىقتىن خىراجەت بېجى ئۈچۈن 220 مىڭ چا-رەك ئاشلىق، زاكات ۋە تاناپ بېجى ئۈچۈن 118 مىڭ تەڭگە يىغىۋېلىنغان. ياقۇپبەگ خانئېرىقتىن ئېلىنىدىغان باجنى ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلىغا بۆيرۇپ بەرگەن. شۇڭا بۇ باج دۆلەتكە تاپشۇرۇلمايدىكەن.

تازغۇندىن خىراجەت بېجى ئۈچۈن يىغىۋېلىنغان ئاش-لىق 90 مىڭ چارەككە يېتىدۇ. تاناپ بېجى ۋە زاكات بېجى ئۈچۈن بۇ يەردىن 88 مىڭ تەڭگە يىغىۋېلىنغان.

تازغۇن دەپ ئاتالغان بۇ رايون 13 تىن 15 گىچە مەھەللىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ رايونغا ئىسلامبەگ دىگەن قەشقەرلىك بىر كىشى ھاكىم ئىكەن. بۇ رايوندىكى 10 مىڭ تۈتۈنلۈك ئاھالە① ئاساسەن دىخانچىلىق بىلەن شۇغۇل-لىنىدىغان بولۇپ، كۆممە قوناق تېرىيدىكەن.

ئاتۇش خىراجەت بېجى ئۈچۈن يۇقۇرىغا 23 مىڭ

---

كومۇش پۇلنىڭ بازاردا ئېقىش نىسبىتى كىچىك. 1 خوتەننىڭ بىر تەڭگىسى 50 كىچىك مىس پۇلغا باراۋەر، بۇ كىچىك مىس پۇل يەركەننىڭ داچەنلىرىدىن سەل - پەل كىچىكرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر خوتەن تەڭگىسى يەركەن ياكى قەشقەر تەڭگىسىنىڭ 2 ھەسسىسىگە باراۋەر." بو ئىنگلىزچە تەرجىماندىن.

① جۇڭگونىڭ 1760 - يىلىدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشىچە، تازغۇندا ئاران 700 تۈتۈن بولغان — ئاپتوردىن.

چارەك ئاشلىق تاپشۇرىدىكەن. تاناپ بېجى بىلەن زاكات بېجىنىڭ ئومۇمى سانى ئانچە ئېنىق ئەمەس. ئاتۇشلۇقلار مانا توقۇيالايدىكەن. ئاتۇشنىڭ يېزا ئىگىلىگى 2-ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، بۇ يەردە 10 نەچچە مىڭ تۈتۈنلۈك ئاھالە ياشايدىكەن.

بەدۆلەتنىڭ تاشمىلىقتىن يىغىۋالىدىغان باجلىرى: خىراجەت بېجى ئۈچۈن 64 مىڭ چارەك ئاشلىق، زاكات بېجى ئۈچۈن 40 مىڭ تەڭگە يىغىۋالىدىكەن. سارى كول (تاشقۇرغان) ئەتراپىدىكى تاغلىق رايونلارمۇ تاشمىلىققا قارايدىكەن. بۇ تاغلىق رايونلاردا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىنىڭ مۇتلەق كوپچىلىگى قىرغىزلار ئىكەن. قىرغىزلار زاكات بېجى ئۈچۈن يۇقۇرىدا ئېيتىلغان سانغا باراۋەر چارۋا تاپشۇرىدىكەن. ئۇلار چارۋىچىلىق قىلىدىكەن، ئۇنىڭدىن قالسا، يەنە تاشكومۇر قازىدىكەن. بۇ يەردىكى ئاھالىنىڭ سانى ئېنىق ئەمەس. بۇ رايونغا ئابدۇل راخمان مىرزا بەردار ھاكىملىق قىلىدىكەن. بۇ مەرغۇلانلىق كىشى بولۇپ، نايمان قەبىلىسىگە تەۋە قارا قىرغىزلاردىن ئىكەن.

ئاغۇ بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى خىراجەت بېجى ئۈچۈن 48 مىڭ چارەك ئاشلىق تاپشۇرغان ئىكەن. بۇ يەردىكى ئاھالە باپكارلىق قىلىشىدىكەن. يەنە سوپۇن ياسايدىكەن، باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن ۋە قىرغىزلار بىلەن سودا-سېتىق قىلىشىدىكەن. جۇڭگولۇقلارنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، بۇ يەردە 300 تۈتۈنلۈك ئاھالە بار ئىكەن.

ئوپال خىراجەت بېجى ئۈچۈن 80 مىڭ چارەك ئاشلىق تاپشۇرىدىكەن. ئۇنىڭ تاناپ بېجى بىلەن زاكات بې-

جى ئۈچۈن قانچىلىك نەرسە تاپشۇرغانلىقى ئېنىق ئەمەس. ئوپالىنىڭ خەلقى دىخانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان. بۇ يەرنىڭ ھاكىمى پىسكەنتلىك رەھىم بابا توقبايا دىگەن كىشى بولۇپ (توقبايا ـ ھەربى مەنسەپ، گەزمە باشلىقى دىگەن مەنىدە)، ئۇنىڭغا ئوپالىنىڭ باج ـ ياراقلىرىدىن كىرگەن كىرىمنى يەرغانە ئۆلكىسى بىلەن قەشقەرىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىز تاغلىق رايونلارغا قۇرۇلغان بەزى قورغانلاردا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرنى قامداشقا سەرپ قىلىش ھوقۇقى بېرىلگەن.

مارالۋېشى رايونى خىراجەت بېجى ئۈچۈن 40 مىڭ چارەك ئاشلىق تاپشۇرىدىكەن. مەلۇماتقا قارىغاندا، بۇ رايوندا 3000 تۈتۈنلۈك ئاھالە بار ئىكەن. ئۇلار دولانلار① بولۇپ، دولانلار بۇنىڭدىن 150 يىل ئىلگىرى يەنى جۇڭغارىيە ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە قەشقەرىيەگە كەلگەن موغۇللارنىڭ قەشقەر دەرياسى، يەركەن دەرياسى، خوتەن دەرياسى بويلىرىغا ۋە لوپنۇر كولىگە يېقىن ئەتراپلاردا ئولتۇراقلىشىپ قالغان بىر قەبىلىسى ئىكەن. ئۇلار ئاقى ھازىرغىچە مۇشۇ يەرلەردە تارقاق جايلىشىپ ياشاپ كەلمەكتە. دولانلار ئۈچ قەبىلىگە بۆلۈنىدۇ. (1) چاش ـ ئىنىرىن قەبىلىسى. بۇلار چادىر كول كەنتىدىن ئاقسۇ شەھىرىگە بارىدىغان يول بويلىرىدا ۋە قەشقەر دەرياسى بويىدىكى چوڭ يولنىڭ جەنۇپ تەرىپىگە جايلاشقان پىچاق سۇندى كەنتىدە ئولتۇراقلاشقان. ئۇلار بەزى چاغلاردا ئۆزلىرىنى موغۇل دەپمۇ ئاتىشىدۇ. (2) بارچۇق قەبىلىسى. ئۇلار

① دولان ـ موغۇلچە سوز بولۇپ، ”يەتتە“ دىگەن مەنىدە ت.

ھارالۋېشىدىن يەركەنگە بارىدىغان يول بويىغا جايلاشقان.
(3) بۇگۇر قەبىلىسى. ئۇلار پەقەت چادىر كول كەنتىدىلا ئولتۇراقلاشقان.

كەلپىن رايونى بەدولەتكە خىراجەت بېجى ئۈچۈن 14 مىڭ چارەك ئاشلىق، تاناپ بېجى ئۈچۈن 20 مىڭ تەڭگە، زاكات بېجى ئۈچۈن 25 مىڭ تەڭگە تاپشۇرىدىكەن. بۇ يەردە ئاران 3.000 تۈتۈن بار. كەلپىن، قەشقەر شەھەرىدىن ئۈچتۇرپانغا بارىدىغان يولنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان. ئۇ يەر بىلەن ئۈچتۇرپاننىڭ ئارىلىقى ئانچە يىراق ئەمەس.

ئاقسۇ رايونى بەدولەتكە خىراجەت بېجى ئۈچۈن 1 مىليون 500 مىڭ چارەكتىن 2 مىليون چارەككىچە ئاشلىق تاپشۇرىدىكەن. تاناپ بېجى ئۈچۈن 100 مىڭ تەڭگە، زاكات بېجى ئۈچۈن 60 مىڭ تەڭگە قىسمەنتىدە چارۋا تاپشۇرىدىكەن. ئاقسۇدا 30 مىڭ تۈتۈن بار.

باي رايونى بەدولەتكە خىراجەت بېجى ئۈچۈن 80 مىڭ چارەك ئاشلىق تاپشۇرىدىكەن. تاناپ بېجى ئۈچۈن 26 مىڭدىن 30 مىڭغىچە تەڭگە، زاكات بېجى ئۈچۈن 45 مىڭدىن 50 مىڭغىچە① تەڭگە تاپشۇرىدىكەن. بايدا 390 تۈتۈن بار. سايرام ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كەنتلەردە جەمى 800 تۈتۈن بار.

كۇچا بەدولەتكە خىراجەت بېجى ئۈچۈن 250 مىڭ

---

① بۇنىڭ ئىچىدە سايرام ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كەنتلەر خىراجەت بېجى ئۈچۈن 30 مىڭ چارەك ئاشلىق، تاناپ بېجى ئۈچۈن 13 مىڭ چارەكتىن 14 مىڭ چارەككىچە ئاشلىق، زاكات ئۈچۈن 14 مىڭ تەڭگە تاپشۇرىدۇ. — ئاپتوردىن.

چارەك ئاشلىق، تاناپ بېجى ئۈچۈن 70 مىڭ تەڭگە، زا-
كات بېجى ئۈچۈن 150 مىڭ تەڭگە تاپشۇرىدىكەن. بۇنىڭ
ئىچىدە شايارنىڭ يۇقۇرىغا تاپشۇرىدىغان ھەرخىل باجلىر-
ىمۇ بار.

كورلا رايونى بەدولەتكە خىراجەت بېجى ئۈچۈن
200 مىڭ چارەك ئاشلىق، تاناپ بېجى ئۈچۈن 120 مىڭ
تەڭگە، زاكات بېجى ئۈچۈن 150 مىڭ تەڭگە تاپشۇرىدى-
كەن. بۇ سانلىق مەلۇماتلارغا بۇگۇر ۋە ئۈنىڭ يېقىن ئە-
تراپىدىكى كەنتلەرنىڭ خىراجەت بېجى ئۈچۈن تاپشۇرىدىغان
40 مىڭ چارەك ئاشلىغى، تاناپ بېجى ئۈچۈن تاپشۇرىدى-
غان 20 مىڭ تەڭگىسى ۋە زاكات بېجى ئۈچۈن تاپشۇرد-
دىغان 25 مىڭ تەڭگىسىمۇ كىرىپ كېتىدۇ. كورلىدا 2.000
تۇتۇن بار.

يېڭىسار① ۋە ئۈنىڭغا قارايدىغان يەرلەر خىراجەت
بېجى ئۈچۈن بەدولەتكە 42 مىڭ چارەك ئاشلىق، تاناپ
بېجى ئۈچۈن 18 مىڭدىن 21 مىڭغىچە تەڭگە ۋە زاكات
بېجى ئۈچۈن 60 مىڭ تەڭگە ھىساۋىدا چارۋا تاپشۇرىدى-
كەن. بۇ يەرنىڭ يايلىغى ناھايىتى ياخشى بولغاچقا، ئاھا-
لىسى چارۋىغا باي.

چەرچى كەنتى خىراجەت بېجى ئۈچۈن بەدولەتكە
1500 چارەك ئاشلىق، تاناپ بېجى ئۈچۈن 600 تەڭگە
تاپشۇرىدۇ. بۇ يەردە جەمى 22 تۇتۇن بار.

دۇربىل كەنتى خىراجەت بېجى ئۈچۈن بەدولەتكە 12
مىڭ چارەك ئاشلىق، تاناپ بېجى ئۈچۈن 6.000 تەڭگە
تاپشۇرىدىكەن. بۇ يەردە 300 تۇتۇن بار.

---

① بۇگۇردىكى يېڭىسار ـــ ت.

كورلا شەھىرى ۋە ئۇنىڭغا قارايدىغان كەنتلەر خىراجەت بېجى ئۇچۇن 85 مىڭ چارەك ئاشلىق، تاناپ بېجى ئۇچۇن 65 مىڭ تەڭگە ۋە زاكات بېجى ئۇچۇن 45 مىڭدىن 48 مىڭغىچە تەڭگە تاپشۇرىدىكەن.

ئەمما يۇقۇرىدىكى سانلىق مەلۇماتلار ئاھالىنىڭ باج-پاراق تاپشۇرۇش ئىقتىدارىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. بەدۆلەتنىڭ قەشقەرىيە ئاھالىسىدىن يىغىۋالغان نەق پۇل ۋە ئاشلىقلارنىڭ ئەمەلىي سانىنىمۇ تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ.

باج، غەللە-پاراق يىغىدىغان ئەمەلدارلار ئۆز خوجىدىن خالىغانچە پايدىلىنىپ يۇقىرانى قاقتى-سوقتى قىلىدىغان ئەھۋاللار يالغۇز قەشقەرىيەدىلا ئەمەس، بەلكى ئاسىيادىكى باشقا دۆلەتلەردىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. يۇقىرىمۇ بۇنىڭغا كونۇپ قالغان، ئۇلار پەقەت بۇ نامۇۋاپىق تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىسىلا ھەممىگە چىدايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ھەر بىر ئۆلكە ياكى رايوننى باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئەمەلدارلار ئۆزلىرىنىڭ نورمال كىرىملىرىدىن تاشقىرى يەنە ئۆزلىرى باشقۇرۇۋاتقان يەرلەردىن ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە قانچە كۆپ مال-مۈلۈك شۇملىۋالساق شۇنچە ياخشى دەپ قارايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنى مۇشۇنداق قىلىشقا ھوقۇقلۇق دەپ ھېساپلايدۇ.

باج ۋە غەللە-پاراق يىغىۋېلىشتىكى قاقتى-سوقتى قىلىش ئىللەتلىرى ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت. دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قاتناشقان بارلىق كىشىلەر، بەگلەردىن تارتىپ ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى سەركار ۋە يۈز بېشىلارغىـ

چە بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قاقتى-سوقتى قىلىنغۇچى جىنايەتچىلەردۇر.

مۇشۇنداق زۇلۇم تۈپەيلىدىن، باج-سېلىقلار كەمبەغەل پۇقرالارنى شىلىۋېلىشتىن ئىبارەت ئېغىر يۈك بولۇپ تۇرماقتا. پۇقرالار ئىچىدىكى باي تۇتۇنلەر ياكى ئۇنداق ياكى مۇنداق ۋاستىلەر بىلەن (ئادەتتە پارا بېرىش ئۇسۇلىغا تايىنىپ) باجگىرلارنى ئۆز يېنىغا تارتىپ، ئۆزلىرىنىڭ كەمبەغەل خوشنىلىرىنىڭكىدىن ئاز باج تاپشۇرماقتا.

بىز تۇرغۇنلىغان ۋاستىلىق باج، غەللە-پاراقلار ئۈستىدە تېخى سوز ئاچمىدۇق. بەزى ئادەملەر ھەر خىل چارىلەرنى قوللىنىپ، بۇ باج-سېلىقلاردىن ئۆزلىرىنى پۈتۈنلەي قاچۇرالايدىكەن ۋە ياكى ئۆزلىرى ئالغان ئاشلىقنىڭ ۋە ئېگىلىگىدىكى چارۋىلىرىنىڭ ئىنتايىن ئاز قىسمىنىلا تاپشۇرۇپ قۇتۇلىدىكەن. نەتىجىدە 10% خىراجەت بېجى تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان بەزىبىر بايلار ئاران 2% باج تاپشۇرىدىكەن. ھالبۇكى، پۇلى يوق كەمبەغەل بىچارىلەر خىراجەت بېجى ئۈچۈن 20% ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يۇقۇرى باج تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولىدىكەن. ھەر خىل باجلارنى يىغىش ۋە تاپشۇرۇش ئەھۋالى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولغانلىقتىن، يوقسۇل-نامراتلار قاتلىمىدىكىلەر بۇ رايون بويىچە ئومۇمى باجنىڭ 75% ىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا مەجبۇر بولىدىكەن. باج ئېلىشتا بىرەر چەكلىمە بولمىغانلىقتىن، ۋاستىلىق باجلارمۇ بىۋاستە باجلارغا ئوخشاشلا دائىم پۇقرانىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىپ تۇرىدىكەن. مەسىلەن، باجگىرلار ئۆز مائاشلىرىنى (كەپسەن ۋە ئوت-سامان پۇلى دېگەن ناملار بىلەن) ئىنساۋدىغا قاراپ بېكىتىشىدىكەن. ھالبۇكى،

ئۇلارنىڭ ئىنساۋىنى ئۆلچەيدىغان بىرەر قانۇن ياكى مىزان يوق! قەشقەرىيەدە باج-سېلىقلار ئۈستىدە ئەگەر بىرەر قانۇن بولغان تەقدىردىمۇ باجگىرلار ھەرگىز بۇ قانۇن-پەرمانلار بىلەن چەكلىنىپ قالمىغان بولاتتى. ھەربىي قىسىملارغا ئات-ھارۋا ئېھتىياجلىق بولغاندا، ئات-ئۇلاقلىرى كۆپ ئادەملەر ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن پارا بېرىپ ئەمەلدارلارنى سېتىۋالىدىكەن. نەتىجىدە كەمبەغەللەر ئۆز قوللىرىدىكى بىردىن بىر ئۇلاقلىرىنى ئېلىپ چىقىپ ھەربىي قىسىملارغا بېرىشكە مەجبۇر بولىدىكەن.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەلۇم بىر چەتئەللىك ئەلچىلىرى بۇ دۆلەتتىن ئۆتكەن چاغدا، يول ئۈستىدىكى ھەممە كەنتلەر ئۇلارنى يېمەكلىك، يەم-خەشەك، ئات-ئۇلاق ۋە يول ئۈستىدە لازىم بولىدىغان نان، تۇخۇم، تاتلىق يېمەكلىكلەر، چاي، قەنت قاتارلىق ئوزۇق-تۈلۈكلەر بىلەن ھەقسىز تەمىنلىشى كېرەك. بۇ نەرسىلەر ئەسلىدىكى ئېھتىياجدىن ئىككى-ئۈچ ھەسسە ئارتۇق يىغىۋېلىنىدىكەن. ئاخىرىدا ئېشىپ قالغان نەرسىلەرنى چەتئەل ئەلچىلىرىگە ھەمرا بولۇپ ماڭغان يەرلىك ئەمەلدارلار سېتىپ خەجلەيدىكەن. بۇ نەرسىلەر بەزىدە ھەتتا نەرسىلەرنىڭ ئۆز ئىگىلىرىگە سېتىلىدىكەن، يەنى ئۆز قوللىرىدىن بىكارغا چىقىپ كەتكەن نەرسىلەرنى ئاخىر ئۆز ئىگىلىرى پۇلغا سېتىۋالىدىكەن.

ياقۇپبەگ ھەر قېتىم ھەربىي خىراجەت ئۈچۈن بىر خىل سېلىقنى كۆپەيتكەندە، پۇقرانىڭ سېلىق تاپشۇرۇش ئىقتىدارى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدىكەن.

بەگلەر ئۆز رايونلىرىغا قوشۇپ يۈكلەنگەن ئاشلىق ياكى پۇل سېلىقلىرىنى كۆپ ھاللاردا ئۆز يېنىدىن تولد-

ھەستىن، بەلكى يۇقىرادىن يېغىۋېلىپ ئارتۇق چىققان قىسمىنى ئۆزلىرىنىڭ چوڭتىگىگە سالىدىكەن. باشقا ئەمەلدار-لارمۇ ئۇلاردىن ئۆگىنىپ شۇنداق قىلىشىدىكەن. ئاخىر يۇقىرا باج-سېلىقلارنى ھەسسىلەپ كوپ تاپشۇرۇۋەرگەن-لىكتىن، خانىۋەيران بولۇشقا يۈزلىنىدىكەن.

بىز ئەمدى قەشقەرىيەدىكى ھازىرقى ئەھۋالنىڭ زادى قاچانغىچە داۋام قىلىدىغانلىقى ۋە ياقۇپبەگنىڭ بۇ دولەتكە ھوكۇمرانلىق قىلغان 13 يىل جەريانىدا قانچىلىك دەرىجە-دە يۇقىرانىڭ ھىسداشلىغىغا ئېرىشكەنلىگى ئۈستىدە يە-كۈن چىقىرىپ باقايلى.

بىز ئالدى بىلەن قەشقەرىيەگە ئەڭ كېرەكلىك بولۇ-ۋاتقان نەرسىنىڭ زادى نىملىكى ئۈستىدە ئىزلىنىپ كو-رەيلى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قەشقەرىيەنىڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى تارىخىنىڭ زادى قانداق ئىكەنلىگى ئۈستىدىمۇ توختىلىپ ئوتەيلى. قەشقەرىيەنىڭ ھوكۇمرانلىق ھوقۇقى تۇرغۇن قېتىملاپ بىر ئېرقچى ھاكىمىيەتتىن يەنە بىر ئېرق-چى ھاكىمىيەتنىڭ قولىغا ئوتۇپ تۇرغان. خەنزۇلار موڭغۇل-لارنى قوغلىغان، موڭغۇللارمۇ يەنە قايتىدىن خەنزۇلارنى ھەيدىگەن. ئارقىدىنلا ئەرەپلەر بۇيەرنى ئىستىلا قىلغان. كېيىن يەنە موڭغۇللار ھوكۇمرانلىق قىلغان. لېكىن ئۇلار يەنە جۇڭغارىيىلىكلەرگە ۋە خەنزۇلارغا ئۆتتۈرۈپ قويۇپ، ئۇلارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىشكە مەجبۇر بولغان. قەشقەرىيە ھازىر ئىسمى ئاتاپ ئوتۇلگەن مىللەتلەرنىڭ تۇيۇقسىز ھۇ-جۇملىرى جەريانىدا، ئىچكى جىدەل-ماجرالار تۇپەيلىدىن پارچە-پارچە بولۇنۇپ كەتكەن. قەشقەر، يەركەن، خوتەن، ئاقسۇ ۋە باشقا ئولكە ياكى رايونلار بىر مەھەل ئوز ئاا-

دىغا مۇستەقىل بولۇۋالغان، ئارقىدىنلا بىر بىرسىگە بېقىنىپ قارام بولغان.

16 - ئەسىردە، سىياسى جەھەتتىكى ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرەشلىرى خوجىلار يېغىلىقىغا، يەنى شۇ مەزگىللەردە قەشقەرىيەدە يۈز بەرگەن ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى دىنىي نىزاغا يول ئېچىپ بەرگەن. بۇنداق نىزا پۈتۈن دولەتنى بىر بىرىگە قارشى ئىككى لاگىرغا بولۇۋەتكەن. مۇشۇنداق بولۇنۇش نەتىجىسىدە، قەشقەرىيە ناھايىتى ئاسانلا ئاۋال جۇڭغارىيىلىكلەرنىڭ، ئاندىن كېيىن خەنزۇلارنىڭ ھوكۇمرانلىقىغا چۈشۈپ قالدى. 1760 - يىلدىن 1825 - يىلغىچە، يەنى خەنزۇلار ھوكۇم سۈرگەن دەۋردە بىرەر يېغىلىق يۈز بەرمىدى①. ئەمىنلىك ئورنىتىلىپ، دولەت بىرئاز ئارام تاپتى، پۇقرالارنىڭ ھال - ئوقىتىمۇ بىرئاز ياخشىلاندى.

خەنزۇلارنىڭ سەۋەنلىكلىرى، ئاجىزلىغى ۋە ئىقتىدارسىزلىغى تۈپەيلىدىن پۇقرانىڭ ئۇلاردىن رايى قالغان ئىدى. نەتىجىدە، 1825 - يىلى زور كولەملىك قوزغىلاڭ يۈز بەردى، شۇنىڭ بىلەن قەشقەرىيە تارىخىدا يەنە بىر قانلىق دەۋر ــ ھازىرغىچە داۋاملىشىۋاتقان يېغىلىق دەۋرى يېتىۋاتقان باشلاندى. بىر توۋەندە بايان قىلىغان ۋەقەلەرنىڭ ئوتموشىگە نەزەر تاشلىساقلا، يېقىنقى 50 يىل مابەينىدە قەشقەرىيەنىڭ قانچىلىك پاراكەندىچىلىك ۋە ئەنسىزلىكلەرنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى ۋە بۇ قوزغىلاڭلار جەريانىدا قان-

① كوروپاتكىننىڭ بۇ سوزى خاتا. 1765 - يىلى 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئۇچتۇرپاندا "جىگدە يېغىلىغى" دىگەن خەلق قوزغىلىڭى پارتلىغان. ــ تەرجىماندىن.

چىلىك ئىسىق قانلار ناھەق توكۈلگەنلىكىنى تولۇق چۈ-
شىنىۋالالايمىز.

1825 - يىلى قەشقەرىيەدە جاھانگىر خوجا قوزغىلىڭى يۈز بەردى. 1830 - يىلى قوقان يېغىلىقى يۈز بەردى، بۇنىڭغا ئۇلىشىپلا مەتيۈسۈپ خوجا يېتەكچىلىكىدىكى قوزغى-لاڭ پارتلىدى. 1847 - يىلى يەتتە خوجا (كاتتا تورە) قوزغىلىڭى پارتلىدى. 1857 - يىلى ۋەلىخان تورە قوزغىلى-ڭى يۈز بەردى. 1862 - 1863 - يىللىرى قەشقەرىيە پۇق-رالىرى خەنزۇلارغا قارشى قوزغىلاڭ كوتەردى. بۇ قوزغى-لاڭغا تۈڭگانلار، راشىدىن خوجا، ئابدۇللا خوجا ۋە ھەبى-بۇللا خوجىلار قاتناشتى. 1864 - يىلىدىن 1868 - يىلىغىچە ياقۇپبەگ قەشقەرىيە ھاكىمىيىتىنى ئۆز قولىغا ئېلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى.

1869 - يىلى، ياقۇپبەگ سېرىققۇل ئىسيانچىلىرىغا قارشى جەڭگە ئاتلاندى.

1872 - يىلى، ياقۇپبەگكە قارشى تۈڭگانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ ياقۇپبەگنىڭ ئوغلى بەگ-قۇلىبەگ تەرىپىدىن باستۇرۇلدى. 1876 - 1877 - يىللىرى، ياقۇپبەگ بىلەن جۇڭگولۇقلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولۇپ ئۆتتى. ھەر قېتىمقى قوزغىلاڭدىن كېيىن، دولەتنىڭ ئەھ-ۋالى تېخىمۇ خاراپلاشتى. چۈنكى ھەر قېتىمقى غەلىبىاندا ئايرىم شەخسلەرلا مەنپەئەت ئالاتتى، بۇ شەخسلەر جۇڭگو ئوفىتسېرلىرىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى، قوشۇنىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە ناچارلىقى تۈپەيلىدىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ كەلگەن ئىدى، ھەر قېتىملىق قوزغىلاڭ بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاساسلىق جىنايەتچىلەر ئولجا ئالغان مال - مۈلۈكلىرىنى كوتىرىپ قې-

چىقىپ كېتەتتى، ياكى ھەممىسى ئولتۇرغان يەردە، بىر مەزگىل يۈشۈ-رۈنۈۋالاتتى. ئەپسۇسكى يۇقىرا تۇلارنىڭ بالاسىغا قېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مال-مۈلكىنى ھەتتا ھاياتىنى قۇربان قىلاتتى.

بۇنىڭدىن شۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇكى، ئەلنىڭ تىنچ بولۇشى— قەشقەرىيە خەلقىنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇ-ئۈمىدى ئىدى. شۇڭا يۇقىرا ئۆزلىرىنىڭ بۇ مەقسىدىنى ئىشقا ئا-شۇرۇش ئۈچۈن تىرىشاتتى.

بىر خەلقنىڭ تىنچلىققا بولغان تەشنالىقى ئۈستىدە يۇقۇرىدا يىل تەرتىۋى بىلەن بايان قىلىنغان 14 يىل جەريانىدىكى ۋەقەلەردىن شۇنى ئۈچۈق كوردۇقكى، ياقۇپبەگ خەلقنىڭ بۇ ئارزۇسىنى قاندۇرالمىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ خەلق-نىڭ نارازىلىقىنى قوزغىماي قالمايتتى.

لېكىن ياقۇپبەككە بولغان نارازىلىق باشقا سەۋەپلەر-دىنمۇ كېلىپ چىقىۋاتاتتى. ئالدى بىلەن، ئۇنىڭ قەشقەرىيە ھوكۇمرانى بولغانلىقى كەڭ پۇقرانىڭ تەلىۋى بويىچە بولغان ئەمەس، بۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ — بىر ھوقۇق ئوغرىسى ئىدى. ياقۇپبەگ ئەسلىدىكى ھوكۇمرانلارنىڭ ئاجىزلىقى ۋە ئىقتىدارسىزلىقىدىن پايدىلانغان ۋە ھەربى ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ئاخىرىدا بارلىق ھوقۇقنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان ئىدى.

بىر يۇقۇرىدا ياقۇپبەگنىڭ ھوكۇمرانلىق ھوقۇقىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئىگەللىگەنلىكىنى چۈشەندۇق. لېكىن ئۇ قانداق قىلىپ بۇ مەقسەدىگە يېتەلىدى؟ ياقۇپبەگ ئالدى بىلەن يېڭىسار، يەركەن ۋە خوتەننى بېسىۋالدى ۋە خوتەن-دە نۇرغۇن ئاھالىنى قىرىۋەتتى. خوتەن بىلەن كوچانىڭ ھاكىملىرى بولغان ھەبىبۇللا ۋە راشىدىنلارنى ھىلە بىلەن ئۆل-

تۇرۇۋەتتى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا، قىپچاقلارنى قاماقتىن بوشىتىپ قەشقەرىيەدىن يولغا سېلىپ قويىمەن، دەپ قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچكەن بولسىمۇ، لېكىن كاتتا تورىنىڭ ئۆزىگە شەرتسىز بويسۇنمايۋاتقانلىقىنى سەزگەن ھامان، ئۇنى زەھەرلەپ ئۆلتۈردى.

ياقۇپبەگ شۇنداق قىلىپ قەشقەرىيەدە تەختنى ئىگەللىۋالغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىگە دۈشمەن كۆپەيتىۋالغان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ياقۇپبەگ ئەگەر قەشقەرىيەگە ئەڭ ئالى ھۆكۈمران بولغىنىدىن كېيىن، پۇقرانىڭ تېچلىققا بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ، دولەتنە قائىدە-تۈزۈم ئورناتقان بولسا، خەلقنىڭ مال-مۈلكىنى، توككەن قان-تەرلىرىنى قوغدىغان بولسا، قىسقىسى، خەلقنىڭ قەددىنى رۇسلىۋېلىشىغا پۇرسەت بەرگەن بولسا، پۇقرا يەنىلا ياقۇپبەگنى كەچۈرگەن بولاتتى.

لېكىن ياقۇپبەگ ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇ-ئۈمىتلىرىنى ئاقلىيالمىدى.

ئىچكى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ياقۇپبەگنىڭ ھۆكۈمرانلىقى نۇرغۇنلىغان خەلقنىڭ ئىسسىق قېنى بەدىلىگە ئورنىتىلغان ئىدى. تاشقى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ياقۇپبەگ قەشقەرىيە دۆچكېلىۋاتقان چەتئەل تەھدىدىگە تاقابىل تۇرالمايۋاتاتتى. شۇ سەۋەپتىن ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت داۋاملىشىشىغا ئىشىنىش قىيىن ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ياقۇپبەگ ئۆزى زورۇر تاپقان تەدبىرلەرنى قوللىنىشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى يۇرت-ئايماقلاردا قۇدرەتلىك قوشۇن تۈزۈش، غۇزۇشنى دولەتنىڭ تېچ-ئەمىن بولۇشىنى كاپەتلەندۈرۈش-

نىڭ بىردىن بىر تەدبىرى دەپ قارايتتى. تاشقى جەھەتتە بولسا، سىرتقا قارىتىپ زېمىننى كېڭەيتىشنى دولەتنىڭ بىخەتەرلىگىنى قوغداشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۇ ئۆز دولىتىنىڭ چېگرا سىزىغىنى شىمال، غەرپ ۋە جەنۇپ تەرەپلەردىن قەشقەرىيەنى ئوراپ تۇرغان چوڭ تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئىچىگە قەدەر كېڭەيتكەن ھەمدە بۇ تاغلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ قەشقەرىيەگە كىرگىلى بولىدىغان بارلىق يوللاردا نۆرغۇن قورغانلار ۋە قاراۋۇلخانىلار ياساتقان ئىدى. قەشقەرىيە شىرقتە تۇڭگانلارنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراپ تۇرغانلىقتىن ياكى تۇڭگانلار بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگولۇقلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇرغانلىقتىن، ياقۇپبەگ تۇڭگانلار قولىدىن تۇرپان، ئۈرۈمچى، ماناس قاتارلىق جايلارنى تارتىۋالدى. ئارقىدىنلا ئۆز چېگىرىسىنى ھەدەپ شىرق تەرەپكە سوزۇپ كېڭەيتكىلى تۇردى.

ياقۇپبەگ دولەت ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە دولەتنىڭ بىخەتەرلىگىنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ھەربى كۈچكە تايانغانلىقتىن، دولەتنىڭ ئىدارە قىلىش تۈزۈملىرىنى ياخشىلاشقا تېخىمۇ كوپ كۈچ سەرپ قىلالمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ قەشقەرىيەدە ئورناتقان ھاكىمىيەت تۈزۈمى ئۇنىڭ ئۆزىچە ئاسانلا يولغا قويۇلۇۋاتقاندەك قىلسىمۇ، لېكىن پۇقرا ئۈچۈن ئېيتقاندا، ناھايىتى رەھىمسىز ۋە زالىم ئىدى.

ئۇ بارلىق ئولكە ۋە رايونلارنى ھوپىگەرلەرگە بەرگەندەك، ھاكىملارغا ھوددىگە بەرگەن ئىدى. ھالبۇكى بۇ ھاكىملار ناھايىتى ئوسال ھوپىگەرلەر ئىدى. ئۇلار پۇقرادىن

ئۇلارنىڭ كوتىرىش ئىقتىدارىغا قارىماستىن ناھايىتى ئېغىر باج، ھەللە-پاراق يىغىۋالاتتى. نەتىجىدە يۇقىرا ئۇزلە-رىنىڭ ھال-ئوقىتىنى ئوڭشىۋېلىش ئىمكانىيىتىدىن پۈتۈن-لەي مەھرۇم بولدى. سەركار ۋە يۈز بېشىلاردەك تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك كاتتىۋاشلىرىغا ئوخشاشلا ئۆز نەپسىگىلا چوغ تارتاتتى. ئۇ-لار ئۆز ئورۇنلىرىنىڭ ئىشەنچسىزلىگىنى كورۇپ يەتكەچكە، پەقەت ھەرخىل چارە-تەدبىرلەر بىلەن تېزرەك بايىلىق توپلاپ بېيىشنىلا كوزلەيتتى.

ئەمدى بىر قەشقەرىيە يۇقراسىنىڭ نارازى بولۇشىدىكى سەۋەبلەر ئۈستىدە قىسقىچە تەھلىل يۈرگۈزەيلى ۋە ئاساسلىق قاتلاملارنى بىر بىرلەپ كوزدىن كەچۈرەيلى.

(1) دىخانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار، ئۇلار قەشقەرىيەدە سانى ئەڭ كوپ، جەمىيەتتە تۇتقان ئورنى ھەممىدىن مۇھىم بىر تەبىقىدۇر. ئۇلار دولەتنىڭ ھازىرقى ۋە زىيىتىگە رازى ئەمەس. چۈنكى ئۇلار قان-تەر ئاققۇزۇپ ئالغان ئەمگەك مىۋىلىرىنىڭ ئوندىن توققۇز ئۇلۇشى (بۇ-مۇسۇلمانلارنىڭ شەرىئىتىدە يولغا قويۇلغان ئولچەم) گىمۇ ئىگە بولالماي، پەقەت توتتىن بىر ئۇلۇشىگە ياكى يېرىمىغىلا ئىگە بولالايدىكەن.

ياقۇپبەگنىڭ ھاكىملارغا چۈشۈرگەن ئەمىر-پەرمانىدا، خىراجەت بېجىنىڭ ئاساسلىق قىسمى ئۇچۇن نەق پۇل تولىنىشى كېرەك. ماددى نەرسىلەر تاپشۇرۇلماسلىقى لازىم، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمە بويىچە بولغاندا، دىخانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ مەنپەئەتىنىڭ تېخىمۇ كوپ زىيانغا ئۇچرايدىغانلىقى كورۇنۇپ تۇرۇپتۇ. مال باھاسى-

ئۆز نەپسىلا كوزلەيدىغان ھاكىملار تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بولغاچقا، بازار باھاسىدىن ناھايىتى كوپ دەرىجىدە يۇقۇرى ئىكەن. ھالبۇكى، بازار باھاسى پەقەت بازارغا ئارتۇق ئاشلىق كىرگەن چاغدىلا تېزدىن پەسلەيدىكەن.

بۇنىڭ سىرتىدا، ئارمىيىگە قوبۇل قىلىنغان يېڭى ئەسكەرلەرنىڭ مۇتلەق كوپ قىسمى دىخانلاردۇر.

(2) سودىگەرلەر تەبىقىسىمۇ بەزى ئاساسىي سەۋەپلەر تۈپەيلى ياقۇپبەگدىن نارازى ئىكەن. قەشقەرىيەدە سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار زورۇر ئەركىنلىكتىن تولۇق بەھرىمەن بولالمايدىكەن. ياقۇپبەگنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە سودىگەرلەر ھەر توت ئايدا بىر قېتىم چېگرىدىن چىقالايدىكەن، بەزى ۋاقىتلاردا ھەتتا توت ئايدىمۇ بىر قېتىم چېگرىدىن چىقالمايدىكەن.

بولۇپمۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا، ياقۇپبەگ روسىيە تېررىتورىيىسىگە كىرىدىغان سودىگەرلەرنى تېخىمۇ قاتتىق كونتۇرۇل قىلىشقا باشلاپتۇ؛ چۈنكى نۇرغۇن ياشلار تېخىمۇ ياخشى ۋە ياياشات تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن ئېشەكچى بولۇۋېلىپلا سودىگەرلەرگە ئەگىشىپ دائىم ئوز يۇرتىدىن چىقىپ كېتىدىكەن. بۇنىڭدىن سىرت، ياقۇپبەگ يەنە سودىگەرلەردىن سوغا-سالام بېرىشنى تەلەپ قىلىدىكەن. تېخىمۇ يامان بولغىنى شۇكى، سودىگەرلەر ساتقان ماللىرىنىڭ پۇللىرىنى تولۇق ئالالمايدىكەن، بەزىدە ھەتتا پەقەت ئازراقمۇ پۇل ئالالمايدىكەن. ئولمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دىگەندەك، قەشقەرىيەدىكى سودا-سېتىق ئىشلىرى ئوزىنىڭ ئاساسلىق خېرىدارى بولغان دىخانلارنىڭ نامراتلىق ھالىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرىدىكەن.

كىشىلەرنىڭ ئۆز مال - مۈلكىگە ئىگىدارلىق هوقۇقى كا-
پالەتكە ئىگە بولمىغانلىقتىن، ئازراق مال - مۈلۈككە ئىگە كى-
شىلەرمۇ، بايلىقنى تىقىپ قويۇپ ساقلاشقا مەجبۇر بولىدىكەن.

(3) بەزى سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن دىنىي زاتلارمۇ يا-
قۇپبەگدىن بەك نارازى ئىكەن.

ياقۇپبەگ قارىماققا ناهايىتى تەقۋادار كۆرۈنسىمۇ (13
يىل جەريانىدا، بىر قېتىممۇ نامازدىن قالمىغان، ئۇنىڭ ئۇ-
رۇق تۇققانلىرىمۇ شۇنداق)، لېكىن ياقۇپبەگ دىنىي زاتلار
بىلەن بولغان بارلىق تالاش - تارتىشلاردا ناهايىتى قاتتىق
قوللۇق ئىكەن.

ياقۇپبەگ ئەزەلدىن ھېچقانداق باج تاپشۇرۇلمايدىغان
ۋەقپە يەرلەردىنمۇ خىراجەت بېجى ۋە تاناپ بېجى① ئالغان.
نەتىجىدە دىنىي زاتلارنى تەمىنلەيدىغان ۋە دىنىي ئىشلار
ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز ئىئانە بېرىدىغان پۇقرالارنىڭ ئۈستى-
دىكى يۈك - سېلىقلار تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتكەن.

يۇقۇرىدىكى سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ پۇقرانىڭ
ھىسداشلىقىغا ئېرىشەلمەسلىكى تۇرغان گەپ. بۇنى ياقۇپبەگ-
مۇ ناهايىتى ئوبدان چۈشىنىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ
قەشقەرىيەگە كەلگەن بىرىنچى كۈنىدىن ئېتىۋارەن، ئۆزىنى
ھەقىقى قوللايدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنى ئۆز ئەتراپىغا
توپلاشقا كىرىشكەن. بۇ بىر تۈركۈم ئادەملەر ئىچىدە قوغان-
لىقلار، تاشكەنتلىكلەر ۋە بۇ يېڭى ھۆكۈمرانىنىڭ ئىشەنچىسىگە
ھەم ئەتىۋالىشىغا ئېرىشكەن قەشقەرلىكلەرمۇ بار ئىكەن.

بۇلارغا دولەتتە مەنسەپنىڭ ئەڭ ياخشىسى تۇتقۇزۇل-

① بۇ ماتېرىيالنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سېلىشتۇ-
رۇپ ئېنىقلاشقا توغرا كېلىدۇ ــــ ئاپتوردىن.

غان ئىدى. لېكىن پەقەت ئۇلارنىڭ قوللىشىلا كۇپايە قىلـ
مايتتى. شۇڭا ياقۇپبەگ كۈچلۈك تۆۋرۈك — ئارمىيىگە تايانماسا
بولمايتتى.

ياقۇپبەگ مۇنۇ تەدبىرلەرنى قوللانغان ئىدى: ئارمىيىنى
ئالاھىدە ئىمتىيازلىق ئورۇنغا قويۇپ، ئارمىيە ئىچىدە ئاقسو-
ڭەكلەر سىياسىتىنى يولغا قويدى، ئۇلارنى يۇقۇرى مائاش
بىلەن تەمىنلىدى، ھەربىلەرنى ئۆزلىرى تۇرغان جايلاردىكى
يەرلىك ھۆكۈمەت ئىچىدە مۇھىم مەنسەپلەرگە قويدى ۋە ۋا-
ھاكازالار. ياقۇپبەگ دەسلەپتە، مۇشۇنداق قىلسام ئارمىيىدى-
كىلەرنىڭ ھىمداشلىقى ۋە قوللىشىغا ئېرىشەلەيمەن، دەپ
ئويلىغان، لېكىن، كېيىنكى مەزگىللەردە، ياقۇپبەگ تاشكەنت،
قوقان، ئافغانىستان، ھىندىستان ۋە باشقا جايلاردىن كەلـ
گەن مۇساپىرلارغا ناھايىتى قىزىقىپ كەتكەن. ئۇلارنى ئا-
دەتتىن تاشقىرى ياخشى كۆرگەن. نەتىجىدە يەرلىك ئەمەلـ
دارلار بىر چەتكە قايرىلىپ قالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كېـ
يىنكى ۋاقىتلاردا ھەربى ئىشلارنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن قويۇلـ
غان ئالۋاڭ-ياساقلار ھەددىدىن زىيادە كۆپىيىپ كەتكەن.
شۇنىڭ بىلەن بىللە، جۇڭگولۇقلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا
تۈنجى قېتىمدىلا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقتىن، ئارمىيىدىمۇ
ياقۇپبەگكە نارازىلىق كېلىپ چىققان.

كېيىنچە، ئارمىيىدە ئەسكەرلەر قېچىپ كېتىدىغان ئەھـ
ۋال بارغانسېرى كۆپەيگەن. بۇ ئەھۋال يۇقۇرىدا ئوتتۇرىغا
قويۇلغان مەسىلىنى تېخىمۇ ئۇچۇق ئىسپاتلايدۇ. ياقۇپبەگنىڭ
ئىشەنچىسىگە ئىگە بولغان بەزى چوڭ-چوڭ ئەمەلدارلارمۇ يا-
قۇپبەگكە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىشكە باشلىغان. ئۇ-
لار ياقۇپبەگنىڭ قىسمىتىگە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قېلىشقان.

ئۇلار مۇشۇ پەيتتە قولىرىغا كىرگۈزگەن ئولجىلىرىنى ئې-
لىپ، كۆدە-كورپىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قاچمىسا، ئىشنىڭ ئەپ-
لەشمەيدىغانلىقىنى پەملەپ قالغان ئىدى.

شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ياقۇپبەگ جۇڭگولۇقلار
بىلەن قىلغان ئۇرۇشتا گەرچە بىر قانچە قېتىم غەلىبە قىل-
غان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۇرۇشلار ياقۇپبەگنىڭ تەختىنى غۇ-
لاپ چۈشۈشىنى تېزلەتتى، خالاس.

مانا بۇلار، ياقۇپبەگنىڭ 13 يىل داۋامىدا قىلغان
تەلۋىلىكلىرىنىڭ قەشقەرىيەگە كەلتۈرۈپ بەرگەن ئاقىۋىتىدۇر.
شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ ھوكۈمرانىنىڭ ئاسىيادىكى باشقا ھو-
كۈمرانلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بەزىبىر خىس-
لەتلىرىدىنمۇ ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇ.

ئۇنىڭ ھەربى ئىشلاردىكى مۇۋەپپەقىيىتى، تەشكىللەش
ئىقتىدارى، باتۇرلۇغى، ئاددى-ساددا تۇرمۇش كەچۈرۈشى،
ئىرادىسىنىڭ كۈچلۈكلۈگى، ئۇنىڭ كۆزلىگەن مەقسىدىگە يې-
تىش ئۈچۈن قىلغان كۈرەشلەردە جارى قىلغان پولاتتەك
كۈچى — بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئىشلىرىنىڭ بىرخىل كا-
پالىتىدەك ئىدى. يەنى ئۆز تەبىئىتىدىن ئېيتقاندا، زىرەك
كەلگەن بۇ كىشىنىڭ يېتەكچىلىگىدە قەشقەرىيە خەلقىنىڭ
ئارام ئېلىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشى، ئەسلى ھالىتىگە كېلىپ
كەمبەغەل-نامراتلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشى تامامەن مۇم-
كىن ئىدى. ئەمما بۇ يەردە مۇنداق توسالغۇلارمۇ مەۋجۇت
ئىدىكى، بۇ توسالغۇلارنى ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا
ھوكۈمرانلارنىڭمۇ بوسۇپ ئۆتەلىشى قىيىن. ياقۇپبەگ گەر-
چە ناھايىتى ئالى خىسلەتلەرگە ئىگە بولغان بولسىمۇ، لې-

كىن قەشقەرىيەنىڭ سىياسى، دىنى، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائى ئەھۋالىنىڭ مۇرەككەپلىكى ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا پۇتلىكاشاڭ بولدى. ئۇنىڭ ھەركەتلىرىنىڭ نەتىجىسىز بولۇپ چىققانلىقى، ئۇ ئۆز قولى بىلەن قۇرۇپ چىققان بۇ ھاكىمىيەتنىڭ ئۇزۇن مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشىغا ئىمكان بەرمەيتتى.

# ئۈچىنچى باپ

قەشقەرىيەنىڭ سودا ئىشلىرى — ياقۇپبەگ بىلەن ئىمزالانغان سودا كېلىشىملىرى، سودىگەرلەرنىڭ قەشقەرىيەدىكى ئورنى، روسىيە سودىگەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ نارازىلىقلىرى، قەشقەرىيەدە ئىشلىتىلىۋاتقان پۇللار، ئۆلچەم بىرلىكلىرى، سودا بېجى، دەلاللار، قەشقەرىيەنىڭ تاشقى سودىسى، ئىمپورت، ئاساسىي ئىمپورت تۈرلىرى: چىتلار، چارۋا ماللار، چاي، تومۇر، مېتال بۇيۇملار، بوياق ماتېرىياللىرى ۋە پاختا؛ ئېكسپورت، ئىمپورت بىلەن ئېكسپورت ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق، روسىيىنىڭ خامئەشيا مەھسۇلاتلىرى بىلەن قەشقەرىيە پىششىق تەييار مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى، سودا - سېتىق ئىشلىرىدا روسىيىگە كېلىدىغان خەۋپلەر. بۇ خەۋپلەردىن ساقلىنىش ئۇسۇلى. قەشقەرىيەنىڭ يۇڭ توقۇلمىلىرى ۋە بوز يىپ مەھسۇلاتلىرى: ماتا، شاتۇۋا، چەكمەن؛ يىپەك ۋە يىپەك توقۇلمىلار، تون - چاپانلار، تەگلىماتلار، زەمچىلەر، قەشقەرىيەنىڭ ھىندىستان بىلەن سودا - سېتىق ئىشلىرى.

قەشقەرىيەنىڭ سودا ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بىز ئىگىلىگەن ئاخباراتلار پەقەت كېيىنكى چاغدىكى ئەھۋاللار بىلەن، يەنى ياقۇپبەگ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا ئېـ

لىشقا باشلىغان چاغدىكى ئەھۋاللار بىلەنلا چەكلىنىدۇ. بۇ چاغ دەل روسىيە تاشكەنتنى بېسىۋالغان مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ.

روسىيىدىن قەشقەرىيەگە كىرىدىغان ماللارنىڭ ئايرىم-لىرىنى ھىساپقا ئالمىغاندا، ھەممىسىنى دىگۇدەك روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يېڭى پۇقرالىرى يەنى بۇخارالىقلار، قوقان-لىقلار ۋە تاتار سودىگەرلىرى ئېلىپ كىرەتتى. چۈنكى روس-يىدىن قەشقەرىيەگە بىۋاستە مال ئېلىپ كىرگۈچى رۇسلار بۇ-يەردە تەقىپ قىلىناتتى، ئۇلار تۇرلۇك ۋاستىلەر بىلەن قاقتى-سوقتى قىلىنىپ، ماللىرىدىن ئايرىلىپ قالاتتى. ئۇلار ھەتتا يەرلىك سودىگەرلەردىنمۇ كوپرەك قاتتىق-سوقتى قىلىناتتى.

قەشقەرىيە ھوكۇمرانى ياقۇپبەگ سودىنى ئوزى بى-ۋاستە مونوپول قىلىدىغان ئىش ھىساپلاپ، ماللارنى شەخ-سەن ئوزى تەكشۇرەتتى، ماللارغا ئوزى باھا قوياتتى ھەمدە ئوزى قويغان باھا بويىچە ناھايىتى كوپ ماللارنى مۇددەت-سىز نىسىگە ئېلىۋالاتتى. ئۇنىڭدىن سىرت، چەتتىن كىرگەن ماللارنىڭ بىر قىسمى قائىدە بويىچە "سوغا" ھىساۋىدا ئۇ-نىڭ شەخسى چونتىگىگە چۇشۇپ كېتەتتى، تاللاپ ئېلىۋال-غان ماللارغا پۇل بەرمەيتتى، بەزى چاغدا ھەتتا بىر قانچە يىل ئوتكۇزۇپ ئاندىن پۇل تولەيتتى. سودىگەرلەر سەل-لا نارازى بولسا، مالنىڭ پۇلىنى ئالالمايتتى، ياكى قاماپ قو-يۇلاتتى. بەزىدە ھەتتا ماللىرى مۇسادىرە قىلىناتتى، ھايا-تىدىنمۇ ئايرىلىپ قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن، كارۋانلار قەش-قەرىيەدىن ئايلاپ-ئايلاپ چەتئەلگە چىقالمايدىكەن، سودى-گەرلەرنىڭ ئوزىمۇ تەقىپ ئاستىدا قالىدىكەن. 1870-يىل-نىڭ باشلىرىدا قەشقەرىيەگە كەلگەن رۇس سودىگەرلىرى ئى-

چىدە نۇرغۇن كىشىلەرگە ئالاھىدە ئۇسۇل-چارىلار بىلەن زى-
يانكەشلىك قىلىنغان. مۇشۇ زىيانكەشلىك تۈپەيلىدىن تۈر-
كىستان گوبېرناتورى "بەدۆلەت" بىلەن سودا كېلىشىمى
ئىمزالاش ئۈچۈن قەشقەرىيەگە مەخسۇس ئەلچىلەر ئۆمىكى
ئەۋەتكەن ئىدى.

تەجرىبىلىك ۋە جاسارەتلىك باش شتاب پولكوۋنىكى
بارۇن كالبارس (Baron Kaulbars) مۇشۇ ئەلچىلەر
ئۆمىكىنىڭ باشلىقى قىلىپ ئەۋەتىلدى. 1872-يىلى ياقۇپ-
بەگ بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكىنى قەشقەرىيەدە قوبۇل قىلدى. بۇ
جەرياندا كالبارس گەرچە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا يولۇققان
بولسىمۇ، لېكىن "بەدۆلەت"نى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن تۆۋەن-
دىكى شەرتلەرگە كۆندۈردى:

"1-ماددا: يەتتە شەھەر① پۇقرالىرىنىڭ ھازىر ۋە
كەلگۈسىدە روسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ زېمىنىدا سودا سېتىق
قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنغىنىدەك، روسىيە پۇقرالىرىنىڭمۇ (مەي-
لى ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي
نەزەر) يەتتە شەھەردە ۋە بەدۆلەتكە قاراشلىق يەرلەرنىڭ
ھەممىسىدە بىمالال سودا-سېتىق قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ.
بەدۆلەت جانابلىرى روسىيە پۇقرالىرىنى ئۆز ھىمايىسى ئاس-
تىغا ئالىدۇ ۋە قەشقەرىيە زېمىنىدىكى روسىيە پۇقرالىرىنىڭ
ھەم سودىگەرلىرىنىڭ مال-مۈلكىنى قوغدايدۇ.

"2-ماددا: مۇبادا روسىيە سودىگەرلىرى يەتتە شە-
ھەرنىڭ شەھەر-بازارلىرىدا مال ساقلايدىغان كارۋان سا-
رايلىرى قۇرۇشنى ئارزۇ قىلسا، ئىجازەت بېرىلىدۇ. روسىيە-

① يەركەن، قەشقەرىيە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ سۆز يەتتە
شەھەر دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ، — ئىنگلىزچە تەرجىماندىن.

نىڭ شەھەر بازارلىرىدىلا سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىۋات-
قان يەتتە شەھەر سودىگەرلىرىمۇ يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش
ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولالايدۇ.

"3 - ماددا: سودا ئىشلىرىنىڭ نورمال راۋاجلىنىشىغا
كاپالەتلىك قىلىش ۋە يىغىشقا تېگىشلىك ھەر خىل پۇللار-
نى قانۇنىي يوسۇندا يىغىۋېلىش ئۇچۇن، روسىيە سودىگەرلى-
رىگە يەتتە شەھەرنىڭ شەھەر - بازارلىرىدا سودا ۋاكالەتچى-
سى (كارۋان بېشى) تۇرغۇزۇش ھوقۇقى بېرىلىدۇ. روسىيە
تۈركىستانىنىڭ شەھەر - بازارلىرىدا سودا - سېتىق قىلىۋاتقان
يەتتە شەھەر سودىگەرلىرىگىمۇ شۇنداق ھوقۇق بېرىلىدۇ.

"4 - ماددا: روسىيىدىن يەتتە شەھەرگە كىرگۈزۈلىدى-
غان بارلىق ماللاردىن ياكى يەتتە شەھەردىن روسىيىگە كىر-
گۈزۈلىدىغان بارلىق ماللاردىن ئەسلى باھاسى بويىچە
25% باج ئېلىنىدۇ. ھەر قانداق ئەھۋالدىمۇ سودا ماللىرى-
دىن ئېلىنىدىغان باج بۇ بەلگىلىمىدىن ئاشماسلىقى لازىم. بۇ
كېلىشىم ئىككى تەرەپ مۇسۇلمانلىرى ۋە يەتتە شەھەر پۇق-
رالىرى ئۇچۇن بىردەك مۇۋاپىقدۇر.

"5 - ماددا: روسىيە سودىگەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ كار-
ۋانلىرى يەتتە شەھەر زېمىنىدا ۋە ئۇنىڭغا تۇتاشقان جاي-
لاردا يول ماڭغاندا ئۆزلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك
قىلالايدىغان يولباشلىغۇچىلارنى ھەقسىز ئىشلىتەلەيدۇ. يەتتە
شەھەرنىڭ كارۋانلىرىمۇ روسىيە زېمىنىدا يول ماڭغاندا يۇ-
قۇرقىدەك ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولالايدۇ."

ياقۇپبەگ بۇ كېلىشىمگە باشتىن - ئاخىر ئەمەل قىلمىد-
غان بولسىمۇ، لېكىن بۇ كېلىشىم روسىيە سودىگەرلىرىگە بە-
زى پايدا كەلتۈرگەن ئىدى. ياقۇپبەگ كېيىنكى ۋاقىتلارغا

كەلگەندە، ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتنىڭ يامانلىشىشىغا ئەگىشىپ، روسىيە پۇقرالىرىنىڭ مەنپەئەتىگە بارغانسېرى ھۆرمەت قىلىشقا مايىل بولدى. بۇ كېلىشىم بىزنىڭ سودا مۇناسىۋىتىمىزگە ماددى جەھەتتىن ئانچە - مۇنچە پايدا كەلتۈرگەننىڭ سىرتىدا، يەنە مۇنداق ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكىمۇ ئىگە ئىدى: بىز ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تېررىتورىيىمىزنى جەنۇپتا كەڭمىرگىسچە، شەرقتە جۇڭگوغىچە كېڭەيتمەكچى بولغىنىمىزدا، ياقۇپبەگ بۇ كېلىشىمگە رىئايە قىلمايدىغان بولسا، بۇ چاغدا بۇ بىزنىڭ بەدۆلەتكە قارشى ئۇرۇش قوزغىشىمىزغا ياخشى بانا بولۇپ بېرەتتى.

بىز 1876 - ۋە 1877 - يىللىرى قەشقەرىيەدە تۇرغان چاغلىرىمىزدا، روسىيىنىڭ ۋاكالەتچىسى، ۋىنكوۋسكى سىردا بىزنىڭ ئەزاسى شىكاكوۋ ئەپەندىنى ئۇچراتتۇق، ئۇ پۈتۈن روسىيە سودىسىنىڭ مۇشۇ رايوندا تۇرۇشلۇق بىردىن بىر ۋەكىلى ئىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئۆز ماللىرىنى پۈتۈنلەي سېتىپ پۇلغا ئايلاندۇرۇپ بولغان، بۇ جەرياندا ئۇ قەشقەرىيە ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ھېچقانداق قاقتى - سوقتى قىلىشىغا ئۇچرىمىغان. لېكىن شىكاكوۋ ئەپەندىنىڭ ئۆزى تەقىپ قىلىنىپ، كارۋان سارايلىرىدا ھەمىشە نازارەت ئاستىدا تۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. ئۇنىڭ قەشقەردىن باشقا جايلارغا بېرىپ ساياھەت قىلىش ھوقۇقى بولمىغان. قەشقەر رايونىنىڭ ھۆكۈمرانى ئالداش بېكنىڭ (Bek Aldash) رۇخسىتىسىز قەشقەر شەھرىدىن سىرتقا چىقىشقا يول قويۇلمىغان. بىز شىكاكوۋ ئەپەندىنىڭ يېڭى شەھەردە بىز تۇرغان يەرگە كېلىشىگە رۇخسەت بېرىلىشىنى ئىلتىماس قىلىشىدۇق، ئۇنىڭ بۇ يەرگە كېلىشى ناھايىتى قىيىنغا چۈشتى. چۈنكى

شىكاكوۋ ئەپەندى بۇ جايدىن ئايرىلماقچى بولۇپ قالسا، چو-
قۇم ياقۇپبەگنىڭ بىۋاستە تەستىقىنى ئېلىشى شەرت ئىكەن.
ياقۇپبەگ ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى سارتلار، تاتارلار ۋە
تاشكەنت، قوقاندىن كەلگەن روسىيە پۇقرالىرى ھەم سودى-
گەرلىرى بىلەن ئالاقە قىلىشتىمۇ ناھايىتى قاتتىق قوللۇق
قىلىدىكەن.

بىز قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچا ۋە كورلا قاتارلىق شەھەر-
لەردىكى بازارلارنى زىيارەت قىلىۋاتقىنىمىزدا، شۇ جايدىكى
ئەمەلدارلار روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ بىز بىلەن سۆزلىشىشىنى
چەكلىمەكچى بولدى. بىز ھەر بىر قېتىمدا روسىيە سودىگەر-
لىرىنىڭ چوقۇم كېلىشىنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدۇق ھەمدە
ئۇلاردىن سودا ئىشلىرىغا دائىر ئەھۋاللارنى ۋە ئۇلارنىڭ
سەرگۈزەشتىلىرىگە ئائىت مەسىلىلەرنى بىلمەكچى ئىكەنلىكىمىز
نى ئاشكارە ئوتتۇرىغا قويدۇق. بىز كۆرۈشكەنلىكى سودىگەر-
لەرنىڭ ھەممىسى ياقۇپبەگ، ئۇنىڭ ئوغلى بەگقۇلىبەگ ۋە ئۇنىڭ
بارلىق ئەمەلدارلىرى ئۈستىدە شىكايەت قىلىپ بەردى. چۈن-
كى ئۇلار سودىگەرلەردىن مال ئالسا، مالنىڭ پۇلىنى بەلگى-
لەنگەن مۇددەت ئىچىدە ئۆز باھاسى بويىچە تاپشۇرمايدىكەن①.

① تۆۋەندىكى ئىككى ئادەمنىڭ بىزگە بەرگەن ماتېرىيالى
يۇقۇرىدىكى نارازىلىقلارنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ:

(a) تۇردى بابا باي بىلەن مىرزا پازىلبايىۋنىڭ شىتابىس
ستارشى لېيتېنانت كوروپاتكىنغا سۇنغان ئەرزىسى:

"قەشقەرنىڭ ھاكىمى 200 تىللالىق مېلىمنى ئېلىۋالدى.
بۇنىڭ ئىچىدە 80 تىللالىق مېلىمنى ھاكىم ئۆزى ئېلى-
ۋالدى. ئۈچ يىلدىن بۇيان دادخا (بىر خىل ھەربى ئۇنۋانلىق

مەن باشقىلاردىن يەنە قەشقەر شەھرىدە سودىگەرلەرنى بوزەك قىلىدىغان ئىشلارنىڭ ناھايىتى كوپ ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇم.

تاشكەنتلىك سودىگەر يار مۇھەممەت موللا دىگەن (Moolla - Yar - Mahomet) كىشىنىڭ شىكايەت قىلىشىچە، "بەدولەت" نىڭ چوڭ ئوغلى بەگقۇلبەگ بۇ سودىگەردىن 2.200 تىللالىق قارا مالنى ئېلىۋاپتۇ، لېكىن ئۈچ يىلدىن بېرى تېخىچە پۇلىنى بەرمەپتۇ.

ئەمەلدار) دىن پۇلۇمنى ئالالماي كېلىۋاتىمەن. مەزكۇر پۇلۇمنى ئېلىۋېلىشىمغا ياردەم بېرىشىڭىزنى سورايمەن."

(b) ئاقسۇدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان تاشكەنتلىك بىر ئادەمنىڭ روسىيە ئەلچىلەر ئومىگىگە سۇنغان ئەرزىسى:

"باش ئەلچى جاناپلىرىغا شۇ توغرىدا ئىلتىماس قىلىمىزكى، بىزنىڭ سودىگەرچىلىك قىلىش ئۈچۈن بۇيەرگە كەلگىنىمىزگە دەل بىر يىل بولدى. مۇشۇ بىر يىل جەريانىدا بۇ يەردىن كېتىشكە خېلى تىرىشقان بولساقمۇ كېتەلمىدۇق. بىز ھىچقانداق يەردە بۇ بەردىكىدەك زۇلۇم تارتمىدۇق. بۇنىڭدىن بەش ئاي ئىلگىرى، ئارىمىزدىكى بىر كىشى يەنى مىرھامىد (Mı. Hamid) نىڭ ئوغلى ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ كەتتى. ئاڭلىساق، ئۇ بالا بىر ئەمەلدارغا شىربەچچە قىلىپ بېرىلىپتۇ. باش ئەلچى جاناپلىرىنىڭ بىزدەك مۇساپىرلارنىڭ بېشىمىزنى سىلاپ، بىزنى ئوز ھىمايىسىگە ئېلىشىنى تەلەپ قىلىمىز.

"تۈنۈگۈن بىز جاناپلىرىنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن سوزلەشتۇق، ئۇلار بىزنىڭ ئېيتقانلىرىمىزنى بىر بىرلەپ يېزىپ خاتىرىلىۋالدى. لېكىن سىزلەر كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار بىزنى ئولتۇرۇۋېتەرمىكىن دەپ قاتتىق تەشۋىش قىلماقتىمىز. جاناپلىرىنىڭ مىر

مۇھەممەت ئۇمەر مىرزابايېۋ (Mohamet-omar Mirzabaeff) دىگەن كىشىنىڭ شىكايەت قىلىشىچە، قەشقەرنىڭ بېگى ئالداش دادخا (Aldash - Datkha) ئۇنىڭ 800 تىللالىق قارا مېلىنى ھەيدەپ كېتىپتۇ، لېكىن ئىككى يىلدىن بېرى پۇلىنى بەرمەپتۇ.

بۇلاردىن باشقا يەنە، بىز بىلەن ھەمرا بولۇپ ماڭغان يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، تاشكەنتلىك ۋە قوقانلىق 40 چە سودىگەر ماڭا بىرپارچە ئەرز سۇنماقچى بولغان ئىكەن. يەرلىك ئەمەلدارلار ئۇلارنى چەكلەپتۇ ۋە ئۇلارنى ئەگەر ئەرز قىلىدىغان بولساڭلار مال - مۈلكىڭلار

---

ھامىدنىڭ ئوغلىنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە تاشكەنتكە ئېلىپ كېتىشلىرىدىنى ئىلتىماس قىلىمىز. ئىمزا قويغۇچىلار: مىرخالىق (Mir Halik)، مىرسالىھبايېۋ (Mir salikhbaeff)، مىر ئالىمباي (Mir Alim bai) ۋە ئابدىقادىرباي (Abdoo Kadwir bai) لار"

مەن كېيىنكى ئەرزدە ئېيتىلغان ئىشلارنى سۈرۈشتۈرگەندىن كېيىن، ئاقسۇنىڭ دادخاسىغا بۇ ئىشنى جىددى ئۈقتۈرۈشنى زورۇر دەپ قارىدىم، مەزكۇر دادخاغا يازغان خېتىمدە، ئۇنىڭ سودا كېلىشىملەردىكى بەلگىلىمىلەرگە دىققەت قىلىشىنى ئاگاھلاندۇردۇم. مەن ئۇنىڭغا يەنە ئەرز سۇنغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ بۇ كىشىلەرگە ئالاھىدە كۆڭۈل بولۇشىنى، ھەمدە ئۇلارغا مەسئۇل بولۇشىنى تەلەپ قىلدىم.

مىر ھامىدنىڭ ئوغلى 17 ياش، روسىيە پۇقراسى بولۇپ، مەجبۇرى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كېتىلگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ قايتۇرۇپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلدىم ۋە ئۇنى غۇلجىدىكى ئاتىسىنىڭ قېشىغا ئەۋەتتىم، كېيىن ئاڭلىشىمچە، ئەرز سۇنغانلارنىڭ ھەممىسى روسىيىگە سالامەت قايتقان. — ئاپتوردىن.

مۇسادىرە قىلىندۇ، ئۇزەڭلار دارغا ئېسىلسىلەر، دەپ قۇر-قىتىپتۇ.

ئارمىيە ۋە ھەربى ئىشلار ئۈچۈن سېلىنىدىغان ھەر خىل ئېغىر ئالۋاڭ-ياساقلار دولەتنىڭ تەبىئى بايلىقى ۋە پۇقرانىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى خورىتىۋەتكەنلىكتىن، بار-لىق ئېغىرچىلىق قەشقەر سودىگەرلىرىنىڭ زىممىسىگە چۈش-كەن. سودىگەرلەر ئۇزلىرىنىڭ ئىمپورت ۋە ئېكسپورت قى-لىدىغان ماللىرى ئۈچۈن باج تولەپ ھەرخىل "سوغا-سالام" بەرگەنىنىڭ سىرتىدا، يەنە دولەتكە بىر قىسىم مال-مۈلكى-نى تاپشۇرۇشقا، مۇددەتسىز ياكى ئۇزۇن مۇددەتلىك قەرز پۇل بېرىشكە مەجبۇر بولىدىكەن. سودىگەرلەر يەنە تۇيۇق-سىز قاقتى-سوقتى قىلىنىپ تۇرىدىكەن؛ ياقۇپبەگ ئۇزىنىڭ ھەربى كۈچىنى تولۇقلاش ئۈچۈن، ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن پات-پات مەبلەغ توپلاپ تۇرىدىكەن.

بىر قەشقەرىيەدە تۇرغان مەزگىلدە، ياقۇپبەگ ئىستام-بۇلدىن كەيىندىن ئوقلىنىدىغان ئېغىر زەمبىرەكلەر، تۈركى-لەنكا مىلتىقلار ۋە ھەرخىل ئوق-دورىلار سېتىۋالغان بو-لۇپ، بۇ قوراللار كەشمىردە تۇتۇپ قېلىنغان ئىكەن. ئۇلار كەشمىر ھوكۇمىتىگە يامبۇ ياكى 4000 سوم باج تاپشۇر-غاندىن كېيىنلا قويۇپ بېرىلىدىكەن. بۇ پۇللار ياقۇپبەگنىڭ بۇيرۇغى بويىچە سودىگەرلەردىن يىغىۋېلىنغان ھەمدە "تېز چاپارمەن" لەر ئارقىلىق كەشمىر ھوكۇمىتىگە تاپشۇرۇلغان.

بۇنىڭغا ئوخشاش ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ قالىدى-غان خىراجەت پۇلى يىغىۋېلىش ئەھۋاللىرى دائىم كورۇ-لۇپ تۇرىدىكەن.

قەشقەرىيەدە ئومۇمەن كىشىلەرنىڭ مال-مۈلكى ھەتتا

ھاياتى كاپالەتكە ئىگە قىلىنمىغانلىقتىن، كىشىلەر پۇللىرىنى يوشۇرۇپ قويۇشقا ياكى سودا ـ سېتىقنى تاشلاشقا مەجبۇر بولىدىكەن.

فەشقەرىيەدە مۇنداق پۇللار خەجلىنىدىكەن: پۇل ياكى قارا پۇل①. بۇ ــ جۇڭگولۇقلار قويغان ئوتتۇرىسى چاسا توشۇكلۇك بىر خىل مىس پۇل بولۇپ، ئۇ روسىيەنىڭ 2 تىيىنلىق پۇلىدىن چوڭراق ئىكەن.

ئەللىك پۇلغا باراۋار كېلىدىغان تەڭگە②، بۇ تەڭگە ياقۇپبەگ قۇيدۇرغان بىرخىل كۈمۈش پۇل بولۇپ، روسىيەنىڭ 10 تىيىنلىق پۇلىدىن چوڭ ۋە ئېغىرراق كېلىدىكەن.

25 تەڭگە بىر چېرۋونغا③ باراۋەر (5 سوملۇق ياكى 10 سوملۇق تىللاغا تەڭ) ياكى بىر دۇكاتقا تەڭ. دۇكات ــ شەكلى ۋە قىممىتى ھەرخىل بولغان بىر تۈرلۈك مېتال پۇل. 40 دۇكات بىر يامبۇغا باراۋەر. يامبۇ ــ جۇڭگولۇقلار ئىشلىتىدىغان بىر خىل كۈمۈش پۇل بولۇپ، چوڭكىچىكلىكى جەھەتتە 3 خىلغا بولۇنىدۇ. ئەڭ چوڭ يامبۇنىڭ ئېغىرلىقى 4.75 قاداق كېلىدۇ. بىر يامبۇنىڭ بازاردىكى باھاسى 1.100 تەڭگە④ بولىسىمۇ، لېكىن خەزىنىگە پۇل تاپشۇرۇلىدىغان چاغدا، ھەر بىر يامبۇ ئاران مىڭ تەڭگە ھېسابلىنىدىكەن. روسىيە پۇلىدا، كۈمۈشنىڭ

---

① شاۋ ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ پۇل بىر تەڭگىنىڭ 1 / 50 قىسمىغا باراۋەر كېلىدىكەن. ــ ئىنگلىزچە تەرجىماندىن.

② 2 - باپنىڭ 52 - بېتىدىكى ئىزاھاتقا قاراڭ ــ ت.

③، ④ يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش.

ئالماشتۇرۇلۇش مىقدارى 10%، بىر يامبۇنىڭ باھاسى تەخمىنەن 130 سومغا باراۋەر. يۇقۇرقىلاردىن باشقا، قەشقەرىيەدە يەنە بۇخارا ۋە قوقانلىقلارنىڭ 1 سەرلىك تەڭگىسىمۇ ئاقىدىكەن. بۇمۇ بىر خىل كۈمۈش پۇل بولۇپ، قىممىتى روسىيىنىڭ 20 تىيىنىگە تەڭ. يەنە تىللامۇ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ بىرخىل ئالتۇن پۇل بولۇپ، 4 سومغا باراۋەر.

قوقاننىڭ بىر سەرلىك تەڭگىسى ئېغىرلىقى جەھەتتە قەشقەرنىڭ تەڭگىسىگە باراۋەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇ دۆلەت خەزىنىسىگە بىر يېرىم تەڭگە ھېساۋىدا كىرىم قىلىنىدىكەن. ياقۇپبەگ بىر سەرلىك قوقان تەڭگىسىنىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈپ، ئۇنى ئۆزى قۇيۇپ تارقاتقان تەڭگىگە ئالماشتۇرۇپ يىغىۋاپتۇ-دە، بىر سەرلىك قوقان تەڭگىسىدىن يېڭى بىر سەرلىك تەڭگە قۇيدۇرۇپتۇ. ئۇ مۇشۇنداق ھىيلە-نەيرەڭلەرنى ئىشلىتىپ، ئىنتايىن كۆپ پايدا ئالغان ئىكەن.

قەشقەرىيەدە ئاساسەن "جىڭ" — ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىگى قىلىنىدىكەن. "جىڭ" جۇڭگولۇقلاردىن كىرگەن① بولۇپ، بىر جىڭ 1 يېرىم قاداققا باراۋەر. ئۇنىڭدىن قالسا چارەك②مۇ بار. چارەك چوڭ-كىچىك ئىككى خىل بولىدۇ-

① شاۋ ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، جىڭ — ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىگى بولۇپ، 1.275 قاداققا تەڭ ئىكەن. — ئىنگلىزچە تەرجىماندىن.

② چارەك دېگەن ئۇقۇمنى چۈشىنىش ئۈچۈن 2-باپ 51-بەتكە قارالسۇن. بىر چارەك بۇغداي 24 قاداققا باراۋەر. بىر چارەك قوناق 26 قاداققا باراۋەر، بىر چارەك ئارپا 25 قاداققا باراۋەر — ئاپتوردىن.

كەن. بىر خىلى 16 جىڭلىق ياكى 24 قاداقلىق چارەك، يەنە بىر خىلى 12 يېرىم جىڭلىق ياكى 18.75 قاداقلىق چارەك ئىكەن.

تۇرمۇشقا كېرەكلىك بارلىق بۇيۇملار ئالدىنقى خىل چارەكتە ئۆلچىنىدۇ. ئىمپورت قىلىنىدىغان بارلىق ماللار، مېتال بۇيۇملار ۋە سۇيۇقلۇقلار كېيىنكى بىر خىل چارەكتە ئۆلچىنىدۇ.

قەشقەرىيەدە روسىيە ئارشىنى ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىگى قىلىنىدىكەن. ئۇلار روسىيە ئارشىنىنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدىغان ئۇزۇن گەز ئىشلىتىدىكەن.

قەشقەرىيەدە ئىمپورت قىلىنغان ماللاردىن ئۆز باھاسىغا ئاساسەن 2.5% زاكات بېجى ئېلىنىدىكەن. ئىمپورت قىلىنغان ھەر خىل ماللار باجخانىغا چۈشۈرۈلىدىكەن. ئاندىن ئەملەكدار ماللارغا باھا قويۇپ چىقىدىكەن. ئەملەكدار كۆپىنچە ھاللاردا مالنىڭ باھاسىنى ئۇستۇن قويغاچقا باھاسى 48 دۇكات كېلىدىغان مال 50 دۇكات دەپ باھالىنىدىكەن. زاكات بېجى سودا - سېتىق ئۇستىگە يۈكلەنگەن خىراجەتتۇر. ئۇنىڭ سىرتىدا، يەنە مال ئىگىسىنىڭ ياكى مال سارىيىدىكى خوجايىنىنىڭ نامىدىن مالنى باجخانىغا ئاپىرىپ باھالاتقان ياكى مالنى ساقلاپ بەرگەن كىشىنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن تۆلىنىدىغان پۇلمۇ بار.

ئەگەر مال ئىگىسى سارايىدىن بىرەر ئېغىز دۇكاننى ئىجارىگە ئالماقچى بولسا، ئومۇمى خىراجەتتىن بىر يامبۇدىن تارتىپ ئالتە تەڭگىگىچە، يەنى 25% پۇل چىقىم قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

سودىگەرلەرنىڭ مېلىنى قوغداش ئۈچۈن تۆلىنىدىغان

چىقىملار تۈزۈلگەن كېلىشىم بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

1876 - يىلى بىر چاكارنىڭ كۈندىلىك ئىش ھەققى 35 پۇلدىن 40 پۇلغىچە بولىدۇ. (ئون تىيىندىن تۆۋەن).

كارۋان سارايلىرىدىكى دۇكانلارنىڭ ئىجارىسى ئانچە يۇقۇرى ئەمەس. ئاستىنقى قەۋەتتە بىر كۋادرات سازىن① نىڭ بىر يىللىق ئىجارىسى 1 يېرىم دۇكاتقا توختايدۇ.

ئۈلگۈچە سېتىلىدىغان ماللارغا پۇل تۆلىنىدۇ، بەزىدە نەق پۇل تۆلىنىدۇ. ئەمما كۆپىنچە ھاللاردا، يۇقۇرىدىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نەق سودا ئاز بولىدۇ.

ئۈلگۈچە سېتىلىدىغان ماللارنىڭ سودىسىدا سودىگەرلەر ھۆكۈمەت تەرەپ دەللاللىقىنىڭ رولىنى ئوينايدۇ. مۇنداق دەللاللار 0.4% شىرىنكانە ئۈندۈرۈۋالىدۇ.

پولكوۋنىك كالبارس بىلەن بىللە كېلىسنىكوۋ (kolesnikoff) دىگەن تاشكەنتلىك بىر سودىگەرمۇ قەشقەرىيەگە بارغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ دۆلەتنىڭ سودا ئىشلىرى توغرىسىدىكى تەپسىلىي ئەھۋالىنى تەسۋىرلىگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ②:

"نېسىگە مال سېتىش توغرىسىدا ھېچقانداق ھۆججەت تۈزۈلمەيدىكەن، بۇنداق سودا ئېغىزدىلا بېكىتىلىدىكەن. خېرىدار ئەگەر پۇلنى تولۇق بەرمىسە، بەگكە ئەرز قىلسا بولىدىكەن. قەرزدار دەرھال قاماققا ئېلىنىپ، ئۇنىڭ مال-

① بىر سازىن 7 پۇتقا باراۋەر. — ئىنگلىزچە تەرجىمانىدىن.

② «پۈتۈن روسىيە سودا ۋە سانائەتكە كەڭ ياردەم بەرگۈچى ئەمگەكچىلەر جەمىيىتىنىڭ خىزمىتى توغرىسىدا» بېسىلغان دوكلات. 1873 - يىللىق 2 - قىسىمىغا قارالسۇن. — ئاپتوردىن.

مۇلكى مۇسادىرە قىلىنىدىكەن. ئەگەر ئاتىسى ئۆلۈپ كەتسە، ئاتىسى ئۈچۈن بالىسى قەرز تۆلەيدىكەن. بۇ پاكىت، يەر - لىك پۇقرالار ئىچىدە "قەرزنى ئادا قىلىش — مىنەلھەق" دەيدىغان ئىدىيىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. قەرزدار بولغان ھەر قانداق كىشى ھەر قانداق شارائىتتا ئۆز گەردىنىدىكى قەرزدىن ھەرگىز تېنىۋا - لالمايدۇ. شۇڭا بۇيەردە ئۆز قەرزىنى تۆلىمەيدىغان ئىشلار ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ."

مەن كېلىسىنكوۋ بىلەن مۇنازىرىلەشمەكچى ئەمەسمەن. لېكىن مەن ئۆزەمنىڭ قەشقەرىيەدە كۆزەتكەنلىرىمگە ئاسا - سەن، بۇ يەردە پەقەت شۇنى دېمەكچىمەنكى، قەشقەرىيەدە سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان سودىگەرلەر مەيلى رۇس سودىگەرلىرى ياكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدىن كەل - گەن سودىگەرلەر بولسۇن، ھەممىسى نۇرغۇن توسالغۇغا ئۇچرايدىكەن، بۇ ھەقتە كېلىسىنكوۋ ئەپەندىمۇ ئۆز دوكلاتى - نىڭ باش تەرىپىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

"توختام قىلىشقان مۇددەت توشقاندىن كېيىنمۇ، نې - سىگە ئالغان ماللارنىڭ پۇلىنى ئۇلار ئۆزلىرى خالىغان ۋاقىتتا تاپشۇرىدىكەن. بۇنداق ئەھۋال ئاسىيالىقلارنىڭ ھەممىسىدە دىگۇدەك مەۋجۇت. بۇ يەردىكى مەسىلە ئاساسەن پۇلنى ئۆز ۋاقتىدا تاپشۇرمايدىغانلىقتا".

قەشقەرىيە ئىلگىرىكى خوقان خانلىقىغا قارايدىغان ۋە ئۇنىڭغا چېگرىداش جايلارغا مال چىقىرىدىكەن. شۇنىڭدەك سىمىرچىنسكى ئۆلكىسىگە ۋە ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى جايلارغا، كەشمىر ۋە ھىندىستانلارغىمۇ مال چىقىرىدىكەن.

مېنىڭ قولۇمدا پەقەت قەشقەرىيەنىڭ 1876 - يىلى -

دىكى ئىمپورت - ئېكسپورت ئەھۋاللىرىنى كۆرسىتىدىغان ماتېرىياللارلا بار.

مەن بۇ ماتېرىياللارنى قەشقەرىيەگە تۇتىشىدىغان پەرغانە، ئوش، سېمىرچېنسكى، توقماق ۋە قاراكول ئول-كىلىرىنىڭ گوبېرناتورلىرى توپلىغان ماتېرىياللاردىن ئال-دىم. لېكىن بۇ دولەتنىڭ ئىچكى سودىسىغا ئائىت ماتېرى-ياللارنى ئىگەللىيەلمىدىم.

ئەمدى بىز قەشقەرىيەنىڭ ئىمپورت ئەھۋالىنى تەت-قىق قىلىپ كورەيلى.

(ئىمپورت قىلىنغان مالنىڭ مىقدارى ئۇلاق، فۇت، تۇياق بىرلىگى بىلەن ھىساپلاندى. قىممىتى روسچە سوم، ئىنگلىزچە فونت-ئىستېرلىڭ بىرلىگى بىلەن ھىساپلاندى).

يۇقۇرىدىكى سانلىق مەلۇماتنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق تۆۋەندىكى بەزى مەھسۇلاتلارنىڭ ئىگەللىگەن نىسبىتىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن:

| | |
|---|---|
| روسىيەنىڭ چىتلىرى | 43% |
| قوي | 20.5% |
| چاي | 12.5% |
| تومۇر - چويۈنلار ۋە تومۇر - چويۈن سايمانلار | 5% |
| قەنت | 2.5% |
| بوياق ماتېرىياللىرى | 2% |
| مىلىچ ماللار | 9.5% |
| مىقدارى بىر پىرسەنتكىمۇ يەتمەيدىغان باشقا ھەرخىل ماللارنىڭ ئىگەللىگەن نىسبىتى | 5% |
| جەمى | 100% |

گۇللۇك چىت: ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، قەشقەرىيەدە

## 1876 - يىل قەشقەرىيەگە ئىمپورت قىلىنغان ماللار

| ماللارنىڭ تۈرى | توقماق ئارقىلىق | | | قارا كول ئارقىلىق | | | ئوش ئارقىلىق | | | جەمى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | مىقدارى | سوم | سىتېرلىڭ فۇنت | مىقدارى | سوم | سىتېرلىڭ فۇنت | مىقدارى | سوم | سىتېرلىڭ فۇنت | جەمى سوم | سىتېرلىڭ جەمى فۇنت | % سېلىشتۇرمىسى |
| روسىيە چىتلىرى | | 73.375 | 9.172 | | 2·697 | 337 | 132 | 30.480 | 3·810 | 106.552 | 13.319 | 43% |
| قىزىل تېرىسكە | | | | | 700 | 87 | | | | 700 | 87 | |
| بۇمازى | | | | 20 توپ | 180 | 22 | | | | 180 | 22 | |
| قارا رەخت | | | | 150 ئارشىن | 300 | 37 | | | | 300 | 37 | |
| كۆرەڭ رەخت | | | | 250 ئارشىن | 250 | 31 | | | | 250 | 31 | |
| تۆمۈر بۇيۇملار، چويۇن ۋە تۆمۈرسايمانلار | | 9.085 | 1.135 | | | | 121 1/2 | 3.124 | 390 | 12.209 | 1.525 | 5% |
| ئاق مۇم ۋە قەلەي | | | | | | | 14 | 900 | 112 | 900 | 112 | |
| چاي | | 30.800 | 3.850 | | | | | | | 30.800 | 3.850 | 12.5% |
| قەنت | | 2.085 | 260 | 48 فۇت | 940 | 117 | 18 | 3.180 | 397 | 6·205 | 775 | 2.5% |
| تاماكا | | | | | | | 119 | 1.790 | 223 | 1.790 | 223 | |
| بوياق ماتېرىياللىرى | | | | | | | 228 1/2 | 4.900 | 612 | 4.900 | 612 | 2% |
| مۇچ | | | | | | | 14 | 1.120 | 140 | 1.120 | 140 | |
| سەرەڭگە، گۈڭگۈرت، موزا | | | | | | | 38 | 1.771 | 221 | 1.771 | 221 | |
| پىستە | | | | | | | 11 | 295 | 37 | 295 | 37 | |
| گۈلە-قاق ۋە قۇرۇق ئۈزۈم | | | | | | | 10 | 200 | 25 | 200 | 25 | |
| ھەسەل | 60 فۇت | 300 | 37 | | | | | | | 300 | 37 | |
| پاختا | | | | | | | 104 2/1 | 2.120 | 265 | 2.120 | 265 | |
| كەمەر | | | | | | | 5 | 310 | 38 | 310 | 38 | |

| ماللارنىڭ تۈرى | توقاق ئارقىلىق | | | قاراكۆل ئارقىلىق | | | ئۇش ئارقىلىق | | | جەمى سوم | جەمى فونت ستېرلىڭ | % نىسبىتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | مىقدارى | سوم | فونت ستېرلىڭ | مىقدارى | سوم | فونت ستېرلىڭ | مىقدارى | سوم | فونت ستېرلىڭ | | | |
| ئىگەر ـ جابدۇقلار | | | | | | | 27 1/2 | 2.120 | 285 | 2.120 | 285 | |
| كىمخاپ ـ تەتللا | | | | | | | 4 | 400 | 50 | 400 | 50 | |
| سېرىق ماي | | | | | | | 29 1/2 | 336 | 42 | 336 | 42 | |
| مارجان | | | | | | | 2 | 310 | 38 | 310 | 38 | |
| مىلىچ مال | | 24.000 | 3.000 | | | | | | | 24.000 | 3.000 | 9.5% |
| قوي | 22.000 تۇياق | 50.000 | 6.250 | | | | | | | 50.000 | 6.250 | 20.5% |
| جەمى | | 189.645 | 23.705 | | 5.067 | 633 | | 53.356 | 6.669 | 248.068 | 31.008 | 95.% |
| ھەرقايسى ئۇلكىلەرنىڭ ئىگەللىگەن % نىسبىتى | | 76.5% | | | 2% | 21.5% | | | | | | 100% |

روسىيىنىڭ گەزلىمەماللىرى ئىنگلىزلارنىڭكىدىن تېز سېتىلىدىكەن. چۈنكى ئىنگلىزلارنىڭ گەزلىمە ماللىرى روسىيىنىڭكىدىن قىممەت، سۈپىتى ناچار ئىكەن. ئىنگلىز چىتلىرى ناھايىتى ئاسان ئۆڭۈپ كېتىدىغان ۋە چىدامسىز بولۇپ، شالاڭ توقۇلىدىكەن. شۇڭا يېڭى-يېڭى كىيىملەرنى كىيىشكە ئامراق يەرلىك كىشىلەر ئۇنداق رەختلەرنى ياقتۇرمايدىكەن.

بازارلاردا سېتىلىۋاتقان چىتلارنىڭ سۈپىتى ناچار ئىكەن. بۇ چىتلار ناپولكوۋ، گىرىچىن، كارنىتسىنسكوۋ، گىرىلىن، رازرونىۋىي، فوكىن، مىندوۋسكى ۋە كالۇژسكى فابرىكىلىرىدا توقۇلغان ئىكەن. تروتىياكوۋ ۋە تېفلارنىڭ فابرىكىلىرىدا توقۇلغان سۈپەتلىك چىتلار بازارلاردا تېپىلمايدىكەن.

2 دىن 2.5 غىچە قەشقەرىيە دۇكاتىغا① سۈپەتسىز 42 ئارشىن چىت ئالغىلى بولىدىكەن.

بارانوۋ، يېلاگىن، بوركوۋ ۋە زىمىن فابرىكىلىرىدا توقۇلغان توق قىزىل چىتلارنىڭ باھاسى مۇنداق ئىكەن: 4.5 دۇكاتتىن 5.5 دۇكاتقىچە پۇلغا يەنى 1.25 سومدىن 13.25 سومغىچە پۇلغا 50 ئارشىن چىت كېلىدىكەن. سۈپەتلىك چىتلار بۇ يەردە سەل ئەرزان سېتىلىدىكەن. بوز يېپتا توقۇلغان قولياغلىقلار بازاردا ئانچە ئاقمايدىكەن. سىيامبۇ، شەتلەڭگە، تاۋار-دۇردۇنلارنىڭمۇ بازىرى ئىتتىك ئەمەس ئىكەن.

---

① 5 سومدىن 6.25 سومغىچە دېمەكچى. بىر قەشقەرىيە دۇكاتى 25 تەڭگە ياكى 2.5 سومغا باراۋەر. ئوخشاش بىر پارچە چىتنىڭ تاشكەنتتىكى باھاسى ئالتە سوم. — ئاپتوردىن.

سەتدنلەرنىڭ سېتىلىش باھاسى ئەسلى باھاسىنىڭ يېرىمىغا توغرا كېلىدىكەن. تېرىكە رەختلەرنىڭ بازىرى ناھايىتى ئىتتىك ئىكەن. سۇپەتسىز شەمبىجى رەختلەرنىڭ باھاسى چىتلارنىڭ باھاسى بىلەن ئوخشاش ئىكەن. شىرمىتىيېۋ فابرىكىسىدا توقۇلغان گەزلىمىلەرنىڭ ھەر 40 ئارشىنلىق بىر پارچىسىنى 2.5 دۇكاتتىن 3 دۇكاتقىچە ساتقىلى بولىدىكەن. ئەمما يەرلىك خەلق بۇنداق رەختنى قىممەت كورۇپ ئانچە ئالمايدىكەن.

روسىيە سوكنىلىرىنىڭ بازىرى كاسات ئىكەن. يىپ گەزلىمىلىرىنىمۇ كىشىلەر ئانچە ئالمايدىكەن. ئاياللارغا لايىق 22 ئارشىن كېلىدىغان بىر كىيىملىك رەخت ئاران 8 دۇكاتتىن 13 دۇكاتقا قەدەر سېتىلىدىكەن. بىر ئارشىن يىپ گەزلىمە بولسا 15 دۇكاتتىن 20 دۇكاتقىچە سېتىلىدىكەن.

چارۋىچىلىق: قەشقەرىيەنىڭ چارۋىچىلىقى تەرەققىي قىلمىغان. قەشقەرىيە تاغلىرىدا ياشايدىغان چارۋىچىلار بۇ يەردىكى ئاھالىنى چارۋا مال بىلەن تەمىنلەيدىكەن. يۇقۇرقى جەدۋەلدە كورسىتىلگەن سانلىق مەلۇمات ، پەقەت توقماق ۋە ۋېرنى رايونلىرىدىن ئىمپورت قىلىنغان قويلارنىڭلا ئەھۋالىنى كورسىتىدۇ. قاراكول، ئوش رايونلىرىدىن ۋە ئوشقا تۇتاش رايونلاردىن، قەشقەرىيەنىڭ جەنۇبىنى ئوراپ تۇرغان تاغلىق رايونلاردىن قەشقەرگە كىرگۇزۇلىدىغان چارۋىلارنىڭ سانى يۇقۇرىدىكى سانغا كىرمەيدۇ.

چاي: شەرقىي تۇركىستاندا جۇڭگو ھوكۇمرانلىرىغا قارشى كوتىرىلگەن قوزغىلاڭدىن ئىلگىرى، يەنى 1864 -

يىلدىن ئىلگىرى قەشقەرىيە پۇقراسى ئىچىدىغان چايلار لەنجۇ، قۇمۇل، تۇرپان، قارا شەھەر ۋە ئاقسۇلاردىن ئۆتۈپ قەشقەر، يەركەن، خوتەنلەرگىچە بارىدىغان چوڭ يول ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلتۈرۈ- لىدىكەن. لېكىن قوزغىلاڭ پارتلىغاندىن كېيىن، قەشقەرىيە- نىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى ئۈزۈپ تاشلانغان، چاي توشۇشمۇ شۇنىڭ بىلەن پۈتۈنلەي توختاپ قالغان.

بۇ يەردىكى چايخۇمار خەلق دەسلەپتە جۇڭگولۇقلار بىلەن كوپ مىقداردا چاي سېتىۋېلىش توختاملىرى تۈزۈشكەن. كېيىن ئۇلار چاي مەسىلىسىنى باشقىچە چارىلەر بىلەن ھەل قىلىشقا كىرىشكەن. دەسلەپتە قارىياغاچ يوپۇرمىقىنى چاي ئورنىدا ئىشلىتىشكە باشلىغان. ئۇلار چاي ئورنىدا ئىچىدىغان بۇنداق قارىياغاچ چېيىنى مۇشۇنداق دەرەخ ئۆسىدىغان جاينىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىغان. شۇڭا بىز كۇچا چېيى ۋە خوتەن چېيى دىگەن ناملارنى ئۇچراتتۇق. بۇ جايدىكى يەرلىك خەلق سۈت، تۇز ۋە سېرىق مايلار بىلەن ئەتكەن چاي قىلىپ ئىچىدىكەن. كېيىنچە مۇنۇ ئىككى يولدىن قەشقەرىيەگە چاي ئىمپورت قىلىنىدىغان بولغان: (1) سىبىرچىنىسكى (كېيىنىردىك غۇلجىدىن)، نارىن ۋە چاقماق قورغانلىرى ئارقىلىق قەشقەر شەھىرىگە چاي كىرگۈزۈلگەن. (2) ھىندىستاندىن لاداق ئارقىلىق يەركەنگە ۋە قەشقەر شەھىرىگە چاي كىرگۈزۈلگەن.

ھىندىستاندىن كىرگۈزۈلگەن چاي 2 خىل بولۇپ، بىر خىلى ھىندىستان جۇڭگودىن ئىمپورت قىلغان چاي،

يەنە بىر خىلى ھىندىستاننىڭ ئۆزىدە ئۆستۈرۈلگەن چاي. بىز كېيىنكى بىرخىل چاي سودىسىغا ناھايىتى قىزىقماقـ ماقتىمىز. چۈنكى بۇ چاي قەشقەرىيەگە كىرىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى زېمىنىمىزگىمۇ توشۇلۇپ، روسىيە چاي سودىگەرلىرىنى ئەنسىزلىككە سېلىپ قويدى. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، يېقىنقى 15 يىلدىن بۇيان، يەنى شەرقىي تۈركىستاندا قوزغىلاڭ يۈز بەرگەندىن كېيىنمۇ، بۇ دۆلەتتىكى چاي سودىسى بۇرۇنقىدەك بولماي قالدى. ئۆلگۈچە سودا قىلىدىغان تاشكەنتلىك سودىگەرلەرنىڭ قولىدا گۈڭگىدۇڭنىڭ چېيى بار ئىكەن. ئۇلار بۇ چايلارنى بۇنىڭدىن ئىلگىرى ھىندىستاندىن سۇۋەيش قانىلى ئارقىلىق ئودىسساغا توشۇپ كېلىپ، ئاندىن تاشكەنتكە ھەتتا غۇلجىغا كىرگۈزگەن. روشەنكى، يول بويى باج تاپشۇرۇپ كىرگۈزۈلگەن مۇنداق چاي ھىندىستاندىن چىققان چاي بىلەن ھەرگىز رىقابەتلىشەلمەيدۇ. ھىندىستان چېيىنىڭ سۈپىتى تۆۋەن بولسىمۇ، لېكىن باھاسى ئەرزان ھەمدە بۇ چاي ئۈچۈن ھەرخىل باج تاپشۇرۇش ھاجەتسىز.

بىر ئالدىنقى بەتتىكى سانلىق مەلۇماتتىن شۇنى كورەلەيمىزكى، سىمىرچىنىسكى ئولكىسىدىن ئىمپورت قىلىنغان چاي (ۋېرنى، نارىن ۋە چاقماق ئارقىلىق توشۇلغان) نىڭ ئومۇمى قىممىتى 30.800 سوم (3850 فۇنت ستېرلىڭغا تەڭ) بولۇپ، پۈتۈن ئىمپورتىنىڭ 12 پىرسەنتىنى ئىگىللەيدۇ. ئەمما شۇنى مولچەرلەشكە بولىدۇكى، قەشقەرىيەدە ئىستىمال قىلىنىدىغان چاينىڭ مىقدارى بۇنىڭدىن بىر قانچە ھەسسە ئارتۇق. تاشكەنت ۋە قوقانـ

لاردا سودىگەرچىلىك قىلىدىغان روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ ھىساپلىشىچە① (بەلكى بىرئاز مۇبالىغە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن)، چاي سودىسىنىڭ دائىرىسىدىن قارىغاندا، بارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى خەلقلىرى ئارىسىدا، ئەر - خوتۇن ۋە ئىككى بالىدىن تەركىپ تاپقان توت جانلىق بىر ئائىلە بىر ئايدا بىر قاداق چاي ئىستىمال قىلىدىكەن، بۇلارنىڭ ئىچىدە يالغۇز ئەرلا چاينىڭ 5/8 قىسمىنى ئىستىمال قىلسا ئايالى بىلەن باللىرى 3/8 قىسمىنى ئىستىمال قىلىدىكەن. لېكىن بىز قەشقەرىيەدىكى كوپچىلىك ئاھالە پەقەت ئوزلىرىدە ئىشلەنگەن يەرلىك چاي بىلەنلا قانائەتلىنىدۇ دەپ پەرەز قىلساق، ئۇ ھالدا پەقەت 200.000 ئادەم يۇقۇرىدىكى نىسبەت بويىچە ئىمپورت قىلىنغان چاي ئىستىمال قىلغان بولىدۇ؛ ئۇنداقتا بۇ دولەتنىڭ يىللىق چاي ئېھتىياجى 15.000 پۇتقا (540.000 قاداققا) يېتىدۇ. بىر پۇت چاي 30 سوم تۇرىدۇ دەپ ھىساپلىغاندا، ئىمپورت قىلىنغان چاينىڭ ئومۇمى سوممىسى 450.000 سوم (56.250 فۇنت ستېرلىڭ) بولىدۇ، ياكى روسىيە چېگرىسىدىن كىرگۈزۈلىدىغان چاي باھاسىنىڭ 15 ھەسسىگە يېقىن كېلىدۇ.

قەشقەرىيە ئاخىر جۇڭگولۇقلارنىڭ قولىغا ئوتكەندىن كېيىن، قۇمۇلدىن ئوتىدىغان سودا يولى قايتىدىن ئېچىلدى. خاندانلىقنىڭ بەزى ئولكىلىرىدىن مۇشۇ يول ئارقىلىق قەشقەرىيەگە بىۋاستە توشۇپ كېلىنگەن چايلار بازارلاردا يېتىشتىن پەيدا بولدى. بۇ چاي سودىسى ۋېرنى ئولكىسى

① دىياچكوۋ (Diyatchkoff)، فېدوروۋ (Fedoroff) ۋە باشقا ئەپەندىلەر. — ئاپتوردىن.

بىز قەشقەرىيە بازارلىرىدا توۋەندىكى بىرقانچە خىل چايلارنى كۆردۇق

| جۇڭگو چايلىرى | توشۇپ كېلىنگەن چاي | مىقدارى | قىممىتى |
|---|---|---|---|
| 1 - قىرما چاي | ۋېرنىي | 4 پۇت | 70 دۇكات |
| 2 - كۆمۈش چاي | " | 1 پۇت | 55 سومىدىن<br>62 سومغىچە |
| 3 - كۆمۈش كوك چاي (بۇخىل چاينىڭ باھاسى يۇقۇرى بولغاچقا بازىرى كەڭ ئەمەس) | " | 4 پۇت | 103 دۇكات |
| 4 - ئاق چاي | " | 4 پۇت | 64 دۇكات |
| 5 - ئاق چاي | " | 1 پۇت | 22 دۇكات |
| 6 - دۇكوك چاي (بۇخىل چاي ھىندىستاندىن كىرگەن ئوخشاش ئىسىمدىكى چاينىڭ رەڭگىگە ئوخشايدۇ. ھىندىستان چايلىرىنىڭ 14 - سىگە قاراڭ). | " | 4 پۇت | 96 دۇكات |
| 7 - ئاقباش چاي (بۇ خىل چاي ئەڭ كوپ ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، سۈت بىلەن دەملەپ ئىچىلىدۇ)، غۇلجىدىن كىرگەن ئوخشاش خىلدىكى چاي | " | 60 جىڭ<br>3 پۇت | 19 دۇكات<br>20 دۇكات |
| 8 - چەينەك چاي | " | 4 پۇت | 36 دۇكات |
| 9 - ئاق قۇيرۇق چاي (بىر خىل كوپ ئىشلىتىلىدىغان كوك چاي) | " | 1 پۇت | 16 دۇكات |
| 10 - چوپ چاي | ۋېرنىي | 1 پۇت | 17 دۇكات |
| 11 - كورا چاي (بىرخىل يېشىل چاي) | " | " " | 48 سوم |
| 12 - ئالما چاي | " | " " | 9 دۇكات |
| 13 - تاختا چاي. ھىندىستان چېيى ① | " | 7.5 قاداق | 3.5 سوم |
| 14 - ئاق چاي | " | 4 پۇت | 95 دۇكات |
| 15 - " " | " | 4 پۇت | 92 دۇكات |
| 16 - " " | " | 4 پۇت | 20.5 دۇكات |
| 17 - ۋاخان چېيى (رەڭلىك) | " | 4 پۇت | 80 دۇكات |
| 18 - پەرەڭ چېيى (كوپ ئىشلىتىلىدىغان چاي) | " | 4 پۇت | 75 دۇكات |
| 19 - كورا چاي | " | 4 پۇت | 70 دۇكات |
| 20 - بالياتۇر چېيى | " | 4 پۇت | 70 دۇكات |
| 21 - زىرە چاي | " | 4 پۇت | 62 دۇكات |
| قارىياغاچ چاي خوتەن ۋە كۇچادا ئۇستۇرۇلىدۇ. بۇ چاينى سۈت، تۇز بىلەن ئەتكەن چاي قىلىپ ئىچكىلى بولىدۇ. | ۋېرنىي | 1 قاداق | 1 تەڭگە |

① بۇ چايلارنىڭ ئەۋرىشكىلىرى تاشكەنت موزېيخانىسىدا ساقلانغان، بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن چايلار جۇڭگودا ئىشلىنىپ ھىندىستانغا توشۇلغان — ئاپتوردىن.

ۋە ھىندىستان بىلەن بولىدىغان چاي سودىسىنى چەتكە قېقىش بىلەنلا قالماي، بەلكى تېرەك داۋان ئارقىلىق پەرغا-نە ئۆلكىسىگە ۋە چاقماق ھەم نارىن قورغانلىرى ئارقىلىق سىمىرچىنسكى ئۆلكىسىگىمۇ بېسىپ كىردى. ئاندىن ئودىس-سا ئارقىلىق قىياقتالغا توشۇپ كېلىنگەن چايلارنى ئاسانلا سىقىپ چىقاردى. قىياقتال چېيى① ئالدى بىلەن موسكۋاغا ئاندىن ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىگە توشۇلىدۇ. ھىندىستاندا ئىش-لەپچىقىرىلغان چاي مەيلى ھەرقانچە ئەرزان بولغان بىلەنمۇ، جۇڭگو چېيىغا سېلىشتۇرغاندا بىر ئۇچۇن ئانچە ئەرزان توختىمايدۇ. ھازىر بىز جۇڭگوغا ھەر خىل ماللارنى، جۇم-لىدىن يىپ گەزلىمىلەرنى توكمە قىلىپ سېتىش ئارقىلىق چاي كىرگۈزۈۋاتىمىز. بىز ھىندىستاندىن چاينى نەق پۇلغا ئالىمىز. يىپەكچىلىكتىن بۇيان، بىرنەچچە جۇڭگو بىلەن بولغان سودا ئالاقىمىز ناھايىتى يامانلىشىپ كەتتى. ئەگەر بۇنىڭغا بىر ئامال قىلمىساق، جۇڭگو بازارلىرىدىن ئايرىلىپ قالىمىز. ئۇ چاغدا، جۇڭگو چېيىنى مېتال پۇلغا ئېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

قەشقەرىيە تۆمۈر-چويۈننى ۋە تۆمۈر سايمانلارنى نا-ھايىتى ئاز ئىمپورت قىلغاچقا، پۇقرالار يەرلىك زاۋۇتلار-دىن سۈپەتلىك تۆمۈر ئالالمايدۇ. ۋېرنى ئارقىلىق روسىيە-دىن كىرگۈزۈلىدىغان تۆمۈرلەر ئۈزۈنچاق ۋە ھالقىسىمان

① قىياقتال چېيى — قىياقتال ئارقىلىق روسىيىگە كىرگۈ-زۈلگەن جۇڭگو چېيىنى كۆرسىتىدۇ. گۇاڭجۇدىن دېڭىز ئارقىلىق روسىيىگە كىرگۈزۈلىدىغان گۇاڭدۇڭ چېيىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، بۇ چاي خەلقارادا روسىيە چېيى دەپ ئاتىلىدۇ.— ئاپتوردىن.

بولغاچقا، بۇ يەردە ئۆلاردىن ھەر خىل مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارغىلى بولىدىكەن. بۇ يەردە ئىشرىق ۋە چوگۇنلەر چويۇندىن قۇيۇلىدىكەن. كوچادا ئىشلەنگەن بۇ خىل بۇيۇم- لارنىڭ سۇپىتى قەشقەردىيەنىڭ باشقا شەھەرلىرىدە ئىشلەن- گىنىدىن ئۇستۇن تۇرىدىكەن.

بوياق ماتىرىياللىرى، قەشقەرىيەدە بوياق ماتىرىيال- لىرى ناھايىتى كوپ ئىكەن. يىپەك ۋە يىپەك ئارىلاش گەزلىمىلەرنى بوياشتا توۋەندىكى بوياق ماتىرىياللىرى ئىش- لىتىلىدىكەن:

نىل رەڭ — ھىندىستاندىن كىرگۈزۈلىدىغان بولۇپ، ناھايىتى كوپ ئىشلىتىلىدىكەن. "پەرەڭ رېڭى" بىلەن قى- زىل رەڭ روسىيىدىن ئىمپورت قىلىنىدىكەن. كېيىنكى بىر خىل رەڭ مەخسۇس يىپەك گەزلىمىلەرنى بوياشقا ئىشلىتى- لىدىكەن. بۇ خىل رەڭلەر ھەممە بازارلاردا دىگۇدەك تې- پىلىدۇ. گەزلىمىلەرنى بۇ رەڭ بىلەن قېنىق ياكى سۇس قىلىپ ھەر خىل بوياشقا بولىدۇ. بىر پۇت قېنىق رەڭنىڭ باھاسى 16 دۇكاتتىن 18 دۇكاتقىچە، بىر پۇت كۇلرەڭ رەڭنىڭ باھاسى 15 دۇكاتتىن 16 دۇكاتقىچە تۇرىدۇ.

موزا — بەدەخشاندىن كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، چىرىتكۈچ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. بىر جىڭنىڭ باھاسى 15 تەڭگە تۇرىدۇ.

رويان ياكى ئوردان قاتارلىق بوياق ماتىرىياللىرى پەرغانىدىن كىرىدۇ. بىر ئالدىنقى بەتتىكى سانلىق مەلۇمات- لاردىن 1876 - يىلى بۇنداق بوياق ماتىرىياللىرىدىن 4.900 سوملۇق ئىمپورت قىلىنغانلىقىنى كوردۇق. بىر جىڭ ئوردانىنىڭ يىلتىزى ياكى ئوردان پاراشوگىنىڭ باھاسى 64 پۇل تۇرىدۇ.

سەندەل روسىيەدىن ئىمپورت قىلىنىدۇ. ھەر 8 پۇت سەندەلنىڭ باھاسى 16 دۇكاتتىن 20 دۇكاتقىچە تۇرىدۇ. سەندەل قازان ئەتراپىدىكى رايونلاردا ئىشلەنگەندىن كېيىن، قەشقەرىيەگە ئۇۋاق ھالەتتە كىرگۈزۈلىدۇ. يولدا شامالداپ قۇرۇغانلىقتىن، سېتىلىدىغان چاغدا جىقغا كوپ ئولتۇرىدىغان بولۇپ باھاسى ئەرزانلايدۇ.

شۇ جاينىڭ ئۆزىدىن چىقىدىغان ھەرخىل رەڭلەرمۇ بار بولۇپ، ئۇلار بازارلاردا سېتىلىدۇ. قەشقەرىيەدىكى پۇقرالار ئۆزلىرىنىڭ باغلىرىغا تېرىپ ئۆستۈرىدىغان قارا گۈل، يەنى مۇلۇخىياگۈلىنى قارا رەڭ ئورنىدا ئىشلىتىدۇ. بىر جىڭ قاراگۈلنىڭ باھاسى بىر تەڭگە 14 پۇل تۇرىدۇ.

يېڭىساردىن سوفىرا ياپونكا (توخۇمەك) رېڭى چىقىدىكەن. بۇ، سېرىق بوياق ماتېرىيالى ئورنىدا ئىشلىتىلىدىكەن.

كىشىلەر قەشقەرىيەدە ئۆسىدىغان چايماق دىگەن ئوسۇملۇكنى سېرىق رەڭ ئورنىدا ئىشلىتىدىكەن. بىر جىڭ چايماقنىڭ باھاسى بىر تەڭگە ئىكەن.

دۇگا — يۇلغۇن شىرنىسىدىن ئېلىنىدىغان بىر خىل رەڭ، زەمچە ئارىلاشتۇرۇلۇپ قىزىل رەڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدىكەن. ئۇنىڭ بىر جىڭى بىر تەڭگە تۇرىدىكەن.

زەمچە، چىرىتكۈچى خۇرۇج سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدىكەن. بىز توۋەندىكىلەردىن زەمچىنىڭ روسىيە تېرىتورىيىسىگە ئېكسپورت قىلىنىدىغان بىر خىل مۇھىم ماتېرىيال ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

ئالدىنقى بەتلەردىكى جەدۋەللەردە كورسىتىلگەن سان-

لىق مەلۇماتلاردا تەپسىلى بايان قىلىنغان نەرسىلەردىن باشـ
قا يەنە پاختىمۇ بار. قەشقەرىيەگە 1040.5 ئۇلاق يەنى
2120 سوملۇق (262 فۇنت ستېرلىڭغا باراۋەر) پاختا
ئىمپورت قىلىنغان.

ئىمپورت قىلىنغان پاختىنىڭ مىقدارى ئاز بولسىمۇ،
لېكىن بۇ ھەرگىز تاسادىپى ئەھۋال ئەمەس. چۈنكى ئاقسۇ
ۋە كونا تۇرپاندا تېرىلىدىغان كېۋەز قەشقەر ئەتراپىغا مەر-
كەزلەشكەن پاختا توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ ئېھتىياجىنى
قاندۇرالمىغانلىقتىن، قەشقەرىيە قوقاندىن پاختا كىرگۈزۈشكە
مەجبۇر بولغان. نەتىجىدە، قەشقەرىيە بىز ئۈچۈن رىقابەتـ
چى سۈپىتىدە بارغانسېرى مۇھىم رول ئوينىماقتا (گەرچە
ئۇ بىز ئۈچۈن تېخى خەتەرلىك رىقابەتچى بولالمىسىمۇ).
قەشقەرىيە ئىشلىتىۋاتقان خامئەشيالار، دەل ئوتتۇرا ئاسىيا-
دىكى ئۆلكىلىرىمىزدە باشقاماللارغا ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن
ئىشلەپچىقىرىلغان پاختىلاردۇر. ھالبۇكى بىزمۇ ئوخشاشلا
ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پۇقرالىرىمىزنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى ئۈچۈن
ماتا ئىشلەپچىقىرىمىز.

قەشقەرىيەگە ئىمپورت قىلىنىدىغان 248 مىڭ سوم
(31 مىڭ فۇنت ستېرلىڭ) قىممەتتىكى ماللارنىڭ ئومۇمى
سانى ئىچىدە ھەرقايسى ئۆلكىلىرىمىزنىڭ ئىگەللىگەن نىسـ
بىتى تۆۋەندىكىچە:

| | |
|---|---|
| توقماق | 76.5% |
| ئوش | 21.5% |
| قارا كول | 2% |
| جەمى | 100% |

1876 - يىلى قەشقەرىيەدىن ئېكسپورت قىلىنىپ، توقماق، قاراكول، ئۇش ۋە سەمەرقەندىكى ھەم پەرغانە ئۆلكىسى ئارقىلىق روسىيەگە تەۋە تۈركىستانغا ۋە روسىيەنىڭ ياۋروپا قىسمىغا توشۇپ بېرىلگەن ماللار

| ماللارنىڭ تۈرى | توقماق ئارقىلىق | | | قارا كول ئارقىلىق | | | ئۇش ئارقىلىق | | | جەمى قىممىتى روسىيە سومى | جەمى قىممىتى فۇنت ستېرلىڭ | % نىسبى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | مىقدارى | سوم | فۇنت ستېرلىڭ | مىقدارى | سوم | فۇنت ستېرلىڭ | مىقدارى | سوم | فۇنت ستېرلىڭ | | | |
| | | (روسىيە پۇلى) | (ئەنگلىيە پۇلى) | | (روسىيە پۇلى) | (ئەنگلىيە پۇلى) | تۇلاق | (روسىيە پۇلى) | (ئەنگلىيە پۇلى) | | | |
| ئەلا سۈپەتلىك خام يىپەك | 12 پۇت 432 قاداق | 1·800 | 225 | | | | $26\frac{1}{2}$ | 25,964 | 3,245 | 27·764 | 3·470 | 5% |
| ئوتتۇرا ھال خام يىپەك | | | | | | | 64 | 25,197 | 3,149 | 25·197 | 3·149 | |
| ناچار خام يىپەك | | | | | | | $16\frac{1}{2}$ | 1,913 | 239 | 1·913 | 239 | |
| ئاق ماتا | 1·606·209 توپ (1) | 861,315 | 107,664 | 87,600 توپ (1) | 31,740 | 3,967 | 17 | 1,689 | 211 | 694·744 | 111·843 | 81% |
| ماشرۇپ (قىسمەن يىپەك ئارىلاش توقۇلغان رەخت) | 5,237 توپ (1) | 9,352 | 1,169 | 830 توپ (1) | 1,310 | 163 | 895 | 1,358 | 169 | 12·020 | 1·502 | 1% |
| تون چاپان | 15,327 | 41,345 | 6,418 | 1,770 | 4,250 | 531 | 5 | 20 | 2 | 47·615 | 1·951 | 4% |
| گىلەم | 603 | 10,315 | 1,289 | 46 | 170 | 21 | 114 | 1,644 | 205 | 12·129 | 1·516 | 1% |
| شاتۇۋا | 1,910 توپ | 2,100 | 262 | | | | | | | 2·100 | 262 | |
| روسىيەنىڭ پارقىراق چىتلىرى | | | | | | | 169 توپ (1) | 977 | 122 | 977 | 122 | |
| بوز يىپتا توقۇلغان قولياغلىق | | | | | | | 15,280 | 3,598 | 449 | 3·598 | 449 | |

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| مەنسۇجاتلار نەسسى | | | | | | | 210 توپ ① | 955 | 119 | 958 | 119 | |
| چەت | | | | | | | 8 توپ | 48 | 6 | 48 | 6 | |
| قوي تېرىسى | | | | 130 | 910 | 113 | 30 | 6,079 | 759 | 6,91 | 873 | |
| ئاق كورپە | 1,100 | 130 | 41 | 400 | 600 | 75 | | | | 930 | 116 | |
| تۈلكە تېرىسى | 40 | 400 | 50 | 350 | 525 | 65 | | | | 925 | 115 | |
| پاختا | 32 پۇت 1,152 قاداق | 224 | 28 | 16 پۇت 376 قاداق | 96 | 12 | | | | 320 | 40 | |
| قىزىل كىگىز | 1,984 | 3,085 | 385 | 3 | 4 | — | 231 | 18,312 | 2,289 | 12,404 | 2,675 | 2% |
| سارتلار كىيىدىغان ئىگىز تولىچىلىق ئۆتۈك | 350 كىشىلىك | 700 | 87 | 400 كىشىلىك | 400 | 50 | 125 كىشىلىك | 230 | 28 | 1,330 | 166 | |
| ئات خۇرۇمى | | | | | | | 19 | 1,834 | 229 | 1,834 | 229 | |
| قوي خۇرۇمى | | 1,600 | 200 | | | | 24 | 1,300 | 162 | 2,900 | 362 | |
| زەمچە | | | | | | | 44 | 12,864 | 1,608 | 12,864 | 1,608 | 1% |
| ئامونىي خلورات | | | | | | | 31 | 1,855 | 231 | 1,855 | 231 | |
| گۈڭگۈرت | | | | | | | 13 | 797 | 99 | 797 | 99 | |
| ئەپيۇن | | | | | | | 19 1/2 | 2,660 | 332 | 2,660 | 332 | |
| مىس چۆگۈن ۋە مىس قاچا - قۇچىلار | | | | 18 | 36 | 4 | 512 | 1,040 | 130 | 1,076 | 134 | |
| يامبۇ | | | | | | | 17 | 1,436 | 179 | 1,436 | 179 | |
| يارماق (جۇڭگو مىس پۇلى) | | | | | | | 38 | 1,738 | 216 | 1,732 | 216 | |
| ھېقىق | | | | | 500 | 62 | | | | 508 | 62 | |
| كەمەر | | | | | | | 11 | 1,170 | 146 | 1,170 | 166 | |
| جۇڭگو ماتېرىياللىرى | | | | | | | 8 توپ ① | 114 | 14 | 414 | 14 | |
| چاي | | | | | | | 70 پۇت 32,20 قاداق | 3,071 | 382 | 3,071 | 383 | |
| گوشنا (يىپەك گەزلىمە بويىلىدىغان رەخت) | | | | | | | 1 | 40 | 5 | 40 | 5 | |
| بوزقۇنچى (يىپەك يويۇرمىقىدىن ياسالغان رەخت) | | | | | | | 1 1/2 | 20 | 2 | 20 | 2 | |
| يىپەك توقۇلمىلار | 160 توپ ① | 480 | 60 | | | | | | | 480 | 60 | |
| كارۋات يايپۇچ | 790 | 1,199 | 149 | | | | | | | 1,199 | 149 | |
| كىمخاپ | 607 توپ | 1,514 | 189 | | | | | | | 1,514 | 189 | |
| خوتەندە پۇلدىن ئىشلەنگەن بۇيۇملار | 750 پۇت 27,000 قاداق | 4,000 | 500 | | | | | | | 4,000 | 500 | |
| جەمى | | 911,759 | 117,739 فۇنت ستېرلىڭ | | 40,534 | 5,067 فۇنت ستېرلىڭ | | 17,920 | 143,920 فۇنت ستېرلىڭ | 1,101,222 | 137,625 فۇنت ستېرلىڭ | |
| جايلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى | | 85.5% | | | 3.75% | | | 107.5% | | 100% | | |

(1) ھەر بىر توپنىڭ ئۇزۇنلۇقى 8 ساژېندىن 14 ساژېنغىچە، كەڭلىكى تەخمىنەن ½ ساژېن 1 چى 2 سۇڭ) بولىدۇ.-سەمپاپتوردىن.

يۇقۇرىدىكى ئۈچ جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەن سانلاردىن بىز مۇنۇلارنى چۈشىنىۋالالايمىز: قەشقەرىيەنىڭ ئىمپورتى بىلەن ئېكسپورتى ئوتتۇرىسىدىكى تەكشۈكسىزلىق شۇ قەدەر چوڭكى، ئەمەلىيەتتە، ئېكسپورت مىقدارى ئىمپورت مىقدارىنىڭ 4 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە پەقەت ماتانىڭ ئېكسپورت قىلىنىش مىقدارىلا پۈتۈن ئىمپورت قىلىنىدىغان ماللارنىڭ 3 ھەسسىسىگە تەڭ بولۇپ، روسىيەدىن ئىمپورت قىلىنىدىغان يىپ گەزلىمىلەرنىڭ ئومۇمى مىقدارىدىن 8 ھەسسە كۆپ.

قەشقەرىيە سودىسىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئەگەر ئەنگلىيە ئۆزىدىن ئىمپورت قىلىنغان ماللارنىڭ بەدىلىگە بۇ دۆلەتتىن ئالتۇن ۋە كۈمۈش ئېلىپ كەتمىگەن بولسا، ئۇ ھالدا ئىمپورت بىلەن ئېكسپورت ئوتتۇرىسىدىكى تەكشۈكسىزلىق مۇنچىۋالا ئېغىر بولمىغان بولاتتى. ئەمما بىر يىللىق سانلىق مەلۇماتنى بىرمۇنچە يىللىق ئوتتۇرىچە سان دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. قەشقەرىيەگە ئېكسپورت قىلىنغان روسىيە ماللىرىنىڭ ئوتتۇرىچە سانى 1876-يىلىدىكى ئومۇمى ساندىن كۆپ ئېشىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ بۇ يەنىلا توۋەندىكى ئومۇمى يەكۈننى ئاجىزلاشتۇرالمايدۇ.

1-قەشقەرىيەدىن روسىيەگە ئېكسپورت قىلىنغان ماللارنىڭ مىقدارى روسىيەدىن ئىمپورت قىلىنغان ماللارنىڭ مىقدارىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن.

2-1876-يىلدا قەشقەرىيەدىن روسىيە تېررىتورىيىسىگە توشۇلغان ئومۇمى ماللارنىڭ 90% نى شۇ يەردە توقۇلغان يىپ گەزلىمىلەر، 6% نى خامئەشيالار تەشكىل قىلىدۇ.

3 ـ شۇ يىلى بىز قەشقەرىيەگە يىپ گەزلىمە ئېكسپورت قىلغاندىن تاشقىرى، يەنە ئاز مىقداردا خامئەشيا ۋە قارا مال ئېكسپورت قىلدۇق.

4 ـ شۇ يىلى بىز يەنە قەشقەرىيەدىن يەرلىك يىپ گەزلىمە مال سېتىۋېلىش ئۈچۈن، بۇ يەرگە 1 مىليون سوم (125 مىڭ فۇنت ستېرلىڭ) تاپشۇردۇق.

بىز ئەھۋالنىڭ ئۆزىمىزگە پايدىسىز ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرگەنلىكىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. بۇنداق پايدىسىز ئاقىۋەتلەرنى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ياقۇپبەگنىڭ قەشقەرىيەنى باشقۇرغانلىقى بىزنىڭ سودا ئىشلىرىمىزغا كوپ توسالغۇ بولدى. جۇڭگولۇقلار قەشقەرىيەنى يېڭىۋاشتىن بوي سۇندۇرۇپ، بۇ يەردە ئەمىنلىك ئورناتقاندىن كېيىن، ئەگەر بىز ئوتتۇرا ئاسىيا سودىسىدا يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇۋاتقان قەشقەرىيە سودىسى بىلەن رىقابەتلەشمەيدىغان بولساق، ئۇ چاغدا بىزنىڭ بۇ رايونلار بىلەن بولغان سودا ئالاقىمىز قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قالغۇسى.

قەشقەرىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا سودىسىدا يېتەكچى ئورۇندا تۇرغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەرىيەنىڭ روسىيە تېررىتورىيىسىگە قىلىدىغان يىپ گەزلىمە ئېكسپورتىنىڭ كۆزنى ساناپ كوپىيىۋاتقانلىقى ۋە ئەنگلىيە ماللىرىنىڭ بازىرىنىڭ كېڭىيىپ بېرىشى نەتىجىسىدە، روسىيە ماللىرىغا بولغان ئېھتىياج كوپەيمەستىن ئازىيىپ بارىدۇ. نەتىجىدە، بىز ئوتتۇرا ئاسىيادىن پاختا، خام يىپەككە ئوخشاش خامئەشيالارنى سېتىۋالماقچى بولساق، ئۇ ھالدا يەرلىك خەلققە مىتال پۇل تولەشكە مەجبۇر بولىمىز.

بىز بۇ قارشىمىزنى كۈچلۈك ئاساسقا ئىگە قىلىش

ئۈچۈن، تووەندىكى پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمىز:

كۆپچىلىك رۇس سودىگەرلىرى بۇخارادا خامئەشيانى دەپ روسىيىدە ئىشلەنگەن ماللارنى موسكۋادىكى باھاسىدىن تووەنلىتىپ سېتىشقا مەجبۇر بولماقتا. بۇ ئەھۋالدىن تاشكەنتتىكى سودىدا كېلىپ چىققان زىددىيەتنى چۈشىنىۋېلىش تەس ئەمەس. مەسىلەن، بۇخارادىن تاشكەنتكە كىرگۈزۈلگەن چىت، قەنت ۋە شامنىڭ باھاسى روسىيىدىن بىۋاستە كىرگۈزۈلگەن شۇ خىلدىكى ماللارنىڭكىدىن ئەرزان.

قەشقەرىيەدە سېتىلىۋاتقان روسىيە ماللىرىنىڭ باھاسى بەزى ۋاقىتلاردا تاشكەنت بىلەن ۋېرنىدىكىدىنمۇ تووەن. شۇڭا بۇنداق ماللارنى كىرا تولەپ قەشقەرىيەگە ئاپىرىپ سېتىش، ئەمەلىيەتتە بىز ئۈچۈن بىر خىل زىيان ھىساپلىنىدۇ.

بىكوۋسكى شىركىتىنىڭ قەشقەرىيەدە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى شىكاكوۋ ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، تەييار مەھسۇلاتلارنى توشۇپ كېلىش زادىلا زىيانىنى قاپلىيالمايدىغان ئىش ئىكەن. ئۇنىڭ كارۋانلىرى قەشقەرىيەگە 80 ئاتتا ھەر خىل ماللارنى ئاپارغان. بۇنىڭ ئىچىدە 40 ئاتتىكى مالنىڭ ھەممىسى سەندەل بولۇپ، قالغانلىرى ساپلا ياۋروپا ماللىرى، قىزىل بوياق ۋە قۇندۇز تېرىسى قاتارلىق نەرسىلەر ئىكەن. لېكىن ئۇ ماللىرىنى يەنىلا تاشكەنتنىڭ باھاسى بويىچە ساتقان. ئۇ قولىدىكى خوتەننىڭ قوي يۇڭى ئارقىلىق، سودىدا تارتقان زىيانىنى قاپلىماقچى بولۇۋېتىپتۇ.

مېنىڭچە، بىزنىڭ قەشقەرىيە بىلەن بولغان سودىمىزدىكى ئىمپورتىمىز بىلەن ئېكىسپورتىمىزنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، تووەندىكىدەك تەدبىرلەرنى قوللىنىش لازىم:

1 - بىرنىڭ قەشقەرىيە بىلەن بولغان سودىسىكى ئۇ-مۇمى پايدىمىزنى تېخىمۇ تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك.

2 - دولىتىمىزنىڭ چېگرىسىدا تاموژنا لىنىيەسى قۇرۇپ، ئەتكەسچىلىك ماللىرىنى مۇسادىرە قىلىش كېرەك.

3 - ئىنگلىز ماللىرىدىن يەنى چىت، سىيامبۇ، يىپ گەزلىمىلەردىن، ھىندىستان چايلىرىدىن ھەسسىلەپ ئېغىر باج ئېلىش لازىم.

4 - قەشقەرىيەدە ئىشلەنگەن يىپ گەزلىمىلەردىنمۇ باج ئېلىش لازىم.

5 - قەشقەرىيە ماتاسىغا تېگىشىش ئۈچۈن، سىمىرچە-نىسكى ئۆلكىسىگە پەرغانىدىن ماتا كىرگۈزۈشنى قوللاش لازىم. شۇنىڭدەك پاختا، يىپەك سانائىتىگىمۇ ئىلھام بېرىش زورۇر.

6 - پەرغانە بىلەن سىمىرچىنىسكى ئۆلكىلىرى ئوتتۇ-رىسىدىكى سودا يولىنى راۋانلاشتۇرۇش كېرەك. مەسىلەن، ئۆزكەنت ۋە نەمەنگاندىن نارىن قورغىنىغا بارىدىغان يول-نى ياساش لازىم. نارىندىن توقماق ۋە ۋېرنى شەھرىگە بارىدىغان هارۋا يولى بۇرۇندىنلا بار. تاشكەنت ۋە قوقان ئەتراپلىرىدا چىت ئىشلەپچىقىرىدىغان فابرىكىلاردىن بىر ياكى بىرنەچچىنى قۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ماللار ئۈچۈن بىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىمىزدە ۋە بۇخارا، قەشقە-رىيە، ئافغانىستان قاتارلىق مۇستەقىل دولەتلەردە ھەتتا سىبىرىيەدىمۇ بازار چىقىپ قېلىشى مۇمكىن.

توۋەندە 96 - بەتتىن كېيىنكى جەدۋەللەردە مىسالغا ئېلىنغان بىر قانچە خىل ئېكسپورت بۇيۇملىرىنىڭ نىسبىتى كورسىتىلدى.

| | |
|---|---|
| مانا | 81% |
| يىپەك | 5% |
| تون چاپان | 4% |
| تەگلىمات (رەڭدار كىگىز) | 2% |
| ماشرۇپ (بىر خىل يىپىرىم يىپەك گەزلىمە) | 1% |
| زەمچە | 1% |
| باشقا بۇيۇملار | 6% |
| جەمى | 100% |

قەشقەرىيەنىڭ يىپ گەزلىملىرى: بۇ سانائەتنىڭ ئاساسى مەھسۇلاتى ماتادۇر. ماتا ئىشلەپچىقىرىش سانائىتى قەشقەر شەھرى ئەتراپىغا، خانىرىق ۋە پەيزىۋات يېزىلىرىغا مەركەزلەشكەن. قەشقەر شەھرىدە سۇپەتى ناچارراق بولغان باشقا بىر خىل يىپ گەزلىمىمۇ ئازراق ئىشلەپچىقىرىلىدىكەن. ئاتۇش ۋە توققۇزاقتا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان بىرقانچە خىل يىپ گەزلىمىلەرنىڭ سۇپەتى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، پەقەت تون چاپانغا ئەستەر قىلىشقىلا يارايدىكەن.

قەشقەرىيەنىڭ باشقا ئولكە ۋە رايونلىرىدىمۇ يىپ گەزلىمە مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. بۇ مەھسۇلاتلار پەقەت يەرلىك پۇقرالارنىڭلا ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ. قەشقەر رايونىدا ئىشلەپچىقىرىلغان بۇنداق مەھسۇلاتلار قەشقەر ئاھالىسىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى روسىيە زېمىنىدا ئولتۇراقلاشقان 1 مىليون قىرغىزلارنىڭمۇ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ.

ئەمدى باشقا رايونلارغا كەلسەك، خوتەننىڭ ماتاسى ئۆزىنىڭ قېلىنلىقى، ئاقلىقى ۋە يۇمشاقلىقى بىلەن داڭلىق-

تۇر. لېكىن ئۇنىڭ باھاسى قىممەترەك بولغانلىقتىن، ئانچە خېرىدارى يوق. خوتەن ماتاسى ئىشلەپچىقىرىشتا يەرلىك پاختىلار خامئەشيا قىلىنغانلىقتىن، ئۇنىڭ سۈپىتى باشقا جايلارنىڭكىدىن ياخشى.

قەشقەرىيەنىڭ ھەممە ئۆلكە ۋە رايونلىرىدا كېۋەز تېرىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە خوتەن، قەشقەر ۋە تۇرپاندا ئەڭ كۆپ تېرىلىدۇ. يەتتە شەھەرنىڭ پاختىسى قوقاننىڭ پاختىسىدىن ناچارراق، كېۋەزنىڭ غوزىسى ئۇششاق، تالاسى قىسقا. قەشقەردە تېرىلغان كېۋەز باشقا رايونلاردا تېرىلغان كېۋەزلەردىن ناچار. قەشقەرنىڭ ھاۋا ئىقلىمى سوغاقراق بولغانلىقى ئۈچۈن، كېۋەزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى يېتەرسىز.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ياقۇپبەگ يەر بېجىنى ئۆستۈرگەنلىكتىن، بۇ رايونلاردا كېۋەز تېرىلىدىغان يەرلەرنىڭ كۆلىمى ئازىيىشقا باشلىغان.

قەشقەر رايونىدا كېۋەز تېرىلىدىغان يەرلەرنىڭ كۆلىمى ئازايغانلىقتىن، باشقا رايونلاردىن بولۇپمۇ ئاقسۇ ۋە قوقاندىن ئىمپورت قىلىنىدىغان پاختىنىڭ مىقدارى كۆپىيىشكە باشلىغان.

ماتا دېگىنىمىز ئېنى تار، سىپتە توقۇلغان، ئەمما چىدامسىز كەلگەن بىر خىل يىپ گەزلىمىنى كۆرسىتىدۇ. بىر توپ ماتانىڭ ئۇزۇنلۇقى 8 ئارشىندىن 14 ئارشىنغىچە بولۇپ، كەڭلىكى 0.5 ئارشىن كېلىدۇ. ماتانىڭ ئاق-سۈزۈك ۋە قېلىن بولۇشى ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر. ئەمما بىر قانچە جايدا توقۇلغان ماتالار ئۆزىنىڭ سۈپىتى، ئۇزۇن-قىسقىلىقى ۋە ئېنىنىڭ كەڭ-تارلىقى جەھەتلەردە بىر

بىردىن پەرقلىنىدۇ.

مەسىلەن، خانئېرىقتا توقۇلغان ھەربىر توپ ماتانىڭ ئۇزۇنلۇغى 14 ئارشىن كېلىدۇ. بۇ ماتالار سۇپەت جەھەتتە ئالى ۋە ئادەتتىكى دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. ئالدىنقى خىلى باشماتا دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق ماتانىڭ ھەر بىر توپى 2 تەڭگە 35 پۇلدىن تارتىپ 3 تەڭگە 20 پۇلغىچە سېتىلىدۇ. دىمەك، بىر ئارشىن ماتانى 2 تىيىنغا ئالغىلى بولىدۇ. ماتانىڭ باھاسى بەك ئەرزان بولغاچقا. سودىدا ئۇنىڭ بىلەن رىقابەتلىشىش بەكمۇ قىيىن. 2 - خىل ماتا تېخىمۇ ئەرزان، ئۇنداق ماتانىڭ ھەربىر توپى 2 تەڭگە 12 پۇلدىن تارتىپ 2 تەڭگە 30 پۇلغىچە سېتىلىدۇ.

پەيزىۋاتتا توقۇلغان ھەر بىر توپ ماتانىڭ ئۇزۇنلۇغى 14 ئارشىن كېلىدۇ. بىر توپ ماتا 2 تەڭگە 6 پۇلدىن تارتىپ 2 تەڭگە 20 پۇلغىچە سېتىلىدۇ.

توققۇزاقتا توقۇلغان ماتانىڭ ھەر بىر توپىنىڭ ئۇزۇنلۇغى 8 ئارشىن بولۇپ، ھەر بىر توپى 2 تەڭگە 10 پۇلدىن سېتىلىدۇ.

ئاتۇشتا توقۇلغان ماتانىڭ ھەر بىر توپى 2 تەڭگىدىن سېتىلىدۇ. قەشقەردە توقۇلغان 8 ئارشىن ئۇزۇنلۇقتىكى ماتانىڭ ھەر بىر توپى 2 تەڭگە 14 پۇلدىن سېتىلىدۇ.

خوتەندە توقۇلغان ھەر بىر توپ ماتانىڭ ئۇزۇنلۇغى 10 ئارشىندىن بولۇپ، ھەر بىر توپى 5 تەڭگە 10 پۇلدىن سېتىلىدۇ.

دىمەك، خوتەن ماتاسىنىڭ باھاسى باشقا ماتالارنىڭ-

كىدىن 2 ھەسسە قىممەت تۇرىدۇ. خوتەن ماتاسىنىڭ ھەر بىر ئارشىنى 5- تىيىندىن توغرا كېلىدۇ.

بىز يۇقۇرىدا، قەشقەر رايونى بويىچە خانئېرىقنىڭ ماتاسىنىڭ سۈپىتى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىگىنى ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. توققۇزاق بىلەن ئاتۇشتا توقۇلغان ماتالار ناھايەتى سۈپەتسىز بولسىمۇ، لېكىن باھاسى خانئېرىقنىڭكىدىن قىممەت.

بىز بۇ پاكىتلاردىن يېرىك ماتا توقۇشقا خېلى كوپ خامئەشيا كېتىدىغانلىغىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

بىز 1876- يىلى 11- ئاينىڭ ئاخىرىدا پەيزىۋاتتىكى بىر باپكارچىلىق كارخانىسىنى زىيارەت قىلىپ، تۆۋەندىكى ئەھۋالدىن خەۋەر تاپتۇق.

پەيزىۋاتنىڭ ئاھالىسى باپكارچىلىق قىلىش بىلەن بىللە يەنە دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدىكەن. ئۇلار بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە باشتىن ئاخىر مۇشۇ كەسىپلەر بىلەن بەنت ئىكەن. بۇ يەردە ئەر باپكارچىلىق قىلسا، ئاياللار يىپ ئىگىرىدىكەن، بىز زىيارەت قىلغان دەستىگاھلارنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك قازناقتا ئوخشايدىغان پاكار- پاكار كىچىك ھوجرىلارغا جايلاشتۇرۇلغان ئىكەن. مۇشۇنداق ئۆيلەرنىڭ ھەر بىرىدە ئىككى ياكى ئۈچتىن باپكارچىلىق دەستىگاھى بار ئىكەن. ھەربىر دەستىگاھقا بىردىن ئاددى كۇسا① قويۇلغان بولۇپ، ھەر بىر دەستىگاھنى بىر ئادەم باشقۇرىدىكەن. ماتالار پۈتۈنلەي يەرلىك پاختىدىن توقۇلغاچقا، ئېنى تار ۋە سۈپەتسىز چىقىدىكەن.

---

① بۇ كۇسلار بىزگە بىزنىڭ دېخانلىرىمىز ئىشلىتىدىغان ئورۇندۇقلارنى ئەسلىتەتتى.— ئاپتوردىن.

ئۇلار ھەپتىدە 5 كۈن ئىشلەيدىكەن، جۇمە كۈنى (مۇسۇلمانلارنىڭ جۇمە كۈنى بىزنىڭ يەكشەنبە كۈنىمىزگە ئوخشاش) ۋە بازار كۈنى دەم ئالىدىكەن. بىر باپكار كۈنىگە 4 تەپكە (توپ) ماتا، ھەپتىسىگە جەمئى 20 تەپكە ماتا توقۇيدىكەن.

بازار كۈنلىرى، ئۇلار ئۆزى بىر ھەپتە ئىچىدە توقۇغان ماتالىرىنى شەھەردىن كەلگەن خېرىدارلارغا ساتىدىكەن.

باپكار بىر ھەپتىلىك يىپنى بازاردىن سېتىۋالىدىكەن. بىر باپكار ھەر كۈنىگە 3 قومۇش يىپ ئىشلىتىدىكەن "بىر قومۇش يىپ" يېرىم قاداق كېلىدىكەن. ھازىر بىر قومۇش يىپنىڭ باھاسى 80 پۇل ئىكەن. دېمەك، بىر كۈندە 240 پۇللۇق ياكى 48 تىيىنلىك يىپ كېتىدىكەن.

ماتا سېتىلغاندىن كېيىن، ھەر بىر باپكارغا ئىش ھەققى ھېساۋىدا بىر توپ ماتا ئۈچۈن 20 پۇل تۆلىنىدىكەن. دېمەك، بىر باپكار بىر كۈن ئىشلىسە 80 پۇل ياكى 16 تىيىنلىق ئىش ھەققىگە ئىگە بولىدىكەن. ئەگەر بىز ئەمگەكنىڭ باھاسىغا 240 پۇل ياكى 48 تىيىن قىممىتىدىكى خامئەشيا باھاسىنى قوشساق، ئۇ ھالدا بىر توپ ماتانىڭ بازاردا سېتىلىش باھاسى 80 پۇل ياكى 16 تىيىن بولىدىكەن، ئەمما قەشقەرنىڭ بازارلىرىدا ئوخشاش بىر توپ ماتا 20 تىيىن سېتىلىدىكەن.

ئۇلار توقۇغان سۆپەتلىك ماتادىن ناھايىتى ئاز كىرىم بولىدىكەن، ئۇلار ھەر كۈنى تەييار ماتېرىيالدىن ئاران 2 توپ ماتا توقۇيالايدىكەن. ھەر بىر توپ ماتادىن ئاران 30 پۇل پايدا ئالغىلى بولىدىكەن. بىر باپكار بىر كۈنگە بىر توپ سۆپەتلىك ماتا توقۇسا، ئاران 60 پۇل

ياكى 12 تىيىن پايدا ئالالايدىكەن. ئەمما ماتا سۇپەتسىزرەك چىقىپ قالسا، ئاران 80 پۇل ياكى 16 تىيىن پايدا ئالالايدىكەن. ئۇمۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ يەردە ھەر بىر باپكار ئۆز ئالدىغا بىردىن دۇكان قۇرۇپ ماتا توقۇيدىكەن. ئىككى ياكى ئۈچ دۇكان قۇرۇپ، ئادەم ياللاپ ئىشلىتىدىغان بەزى باپكارلارمۇ بار ئىكەن، ئەمما بۇنداقلار كۆپ ئەمەس ئىكەن.

بىر كىشى ئەگەر باشقىلارنىڭ دۇكىنى ۋە خامئەشياسىنى ئىشلىتىپ ماتا توقۇسا، بۇ كىشى ئىش ھەققى ئۈچۈن نەق پۇل ئالالمايدىكەن، پەقەت توقۇغان ماتاسىنىڭ 1/10 قىسمىنىلا ئۆزى ئېلىپ قالالايدىكەن. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىر باپكار 2 يېرىم كۈن ياللاپ ئىشلىتىلگەن بولسا، ئۇنىڭغا كۈنىگە 6 تىيىندىن جەمى 16 تىيىن ئىش ھەققى بېرىلىدىكەن.

بىر يۇقۇردا يىپنى ئايالار ئىگىرىدىغانلىقى ھەققىدە توختالغان ئىدۇق. تازىلانمىغان بىر چارەك خام ماتىرىيالنىڭ باھاسى ئون تەڭگە ئىكەن. ئىككى ئايال بىر ھەپتىدە ئائىلە ئىشلىرىنى قىلغانىنىڭ سىرتىدا، يەنە بىر چارەك پاختىنى ئىگىرىپ بەش قاداق ياكى ئون قۇمۇش يىپ قىلىپ چىقىرىدىكەن. ھەر بىر قۇمۇش يىپ 80 پۇلغا يارايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن، بۇ يىپ ئىگىرگۈچى 2 ئايال 800 پۇل ئالالايدىكەن، ياكى ئەسلىدىكى پاختىنىڭ باھاسى يەنى 500 پۇلنى چىقىرىۋەتكەندە، 300 پۇل ياكى 60 تىيىن ئالالايدىكەن. شۇنداق بولغاندا، يىپ ئىگىرگۈچى ھەر بىر ئايال ھەپتىسىگە 30 تىيىن پايدا ئالىدىكەن.

ئىش ھەققى گەرچە شۇنداق تۆۋەن بولسىمۇ، لېكىن

قەشقەرىيە ئاياللىرىنىڭ غەيرىتى ناھايىتى ئۈستۈن ئىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش خىراجىتىنى قامداش ئۈچۈن، ئازراقمۇ دەم ئالماستىن ئىشلەۋېرىدىكەن.

روسىيىگە ئېكسپورت قىلىنىۋاتقان پەيزىۋات، خانئېرىق ماتالىرىنىڭ سانى ئومۇمەن ئوخشاش.

ماتا—"بەدۆلەت"نىڭ ماقۇللىغىنى ئالغاندىن كېيىنلا ئېكسپورت قىلىنغىلى بولىدىغان بۇيۇم بولغاچقا، دەسلەپتە بىر يىلدا ئاران ئىككى قېتىم ئېكسپورت قىلىناتتى. 1876- يىلى 5 قېتىم ئېكسپورت قىلىنغان ئىدى. لېكىن بۇ يىل (1877 - يىلى) يىل ئاخىرىغا كەلگەندە، ماتا ئېكسپورت قىلىشنى ياقۇپبەگ تۇساتتىن چەكلەپ قويدى.

ئىمبارگو قىلىشقا (مال كىرگۈزۈشنى چەكلەشكە)، نۇرغۇنلىغان قەشقەرىيە ياشلىرىنىڭ سودىگەرلەرگە ئەگىشىپ ئەنجانغا ياكى ۋېرنىغا چىقىپ كەتكەنلىكى سەۋەپ بولغان. ئۇلار ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇشتىن قېچىپ، يۇرتلىرىنى تاشلاپ سىرتقا چىقىپ كەتكەن. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، مۇنداق ياشلار 4 مىڭغا يېتىدىكەن.

ماتا ئېكسپورت قىلىشنىڭ چەكلىنىشى پەقەت رۇس سودىگەرلىرىگىلا تەسىر يەتكۈزۈپ قالماستىن، بەلكى تاشكەنت ۋە قوقان سودىگەرلىرىگىمۇ تەسىر يەتكۈزگەن. چۈنكى سارتلار، تاشكەنتلىك ۋە قوقانلىق سودىگەرلەرمۇ قەشقەرىيە بىلەن ماتا سودىسى قىلىشاتتى. 9 - 10 - 11 - ئايلار ماتا ئېكسپورت قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى. چۈنكى بىر يىلنىڭ مۇشۇ مەزگىللىرىدە يېڭى پاختىدىن ماتا توقۇشقا بولىدۇ. قەشقەردىن چاقماق ۋە نارىن قورغانلىرى ئارقىلىق بىۋاسىتە توقماق، ۋېرنى شەھەرلىرىگە بارىدىغان يول ماتا توشۇش-تا

ئەڭ ئەپلىك يولدۇر.

ماتا ئات، توگە ياكى خېچىر ئارقىلىق توشۇلىدۇ. يۈك توشۇيدىغان ئاتلار ئاساسەن پەرغانىدىن چىقىدۇ. توگە سىدىمىرچىنسكىدىن ياكى قەشقەرىيەنىڭ ئۆزىدىن چىقىدۇ. خېچىر قەشقەرىيەنىڭ ئۆزىدىن چىقىدۇ. توگە سوغاققا چىدامسىز بولغاچقا، پەقەت ياز پەسلىدىلا ئەسقاتىدۇ.

قەشقەرىيە سودىگەرلىرى ترانسپورتتا كوپىنچە خېچىر ئىشلىتىدۇ.

قەشقەرىيە بىلەن ۋېرنى شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاتنايدىغان ئاتلار ئىجارىگە ئېلىنىدۇ. 8 پۇتتىن 9 پۇتقىچە (288 قاداقتىن 324 قاداققىچە) يۈك ئارتىلىدىغان بىر ئات ئۈچۈن، ئەھۋالغا قاراپ 2 يېرىم دۇكاتتىن 5 دۇكاتقىچە① ياكى 6 يېرىم سومدىن 12 يېرىم سومغىچە كىرا ھەققى ئېلىنىدىكەن. قەشقەرىيەدىن ۋېرنىغىچە بولغان ئارىلىقنى 25 كۈندىن 30 كۈنگىچە بېسىپ بولغىلى بولىدىكەن. بىر توگە 13 پۇتتىن 15 پۇتقىچە (468 قاداقتىن 540 قاداققىچە) ئېغىرلىقتىكى يۈكنى 30 كۈنلۈكتىن 35 كۈنلۈككىچە يولغا توشۇسا، ئۇنىڭ كىرا ھەققى ئۈچۈن 5 دۇكاتتىن 9 دۇكاتقىچە پۇل ئېلىنىدىكەن.

ئەگەر بىر خېچىرغا 45 پۇتتىن 5 پۇتقىچە يۈك ئارتىپ يۇقۇرقىدەك ئارىلىققا توشۇسا، خېچىرنىڭ كىرا ھەققى ئۈچۈن 35 تەڭگىدىن 50 تەڭگىگىچە پۇل ئېلىنىدىكەن.

ماتا توشىغۇچى سودىگەرلەر كىراغا ئالغان ئات - ئۇلاق ئۈچۈن بەلگىلىك مىقداردا پۇل چىقىم قىلغاندىن باشقا،

---

① بىر دۇكات 25 تەڭگە ياكى 2 يېرىم سومغا تەڭ.— ئاپتوردىن.

ھېچقانداق چىقىمدار بولمايدىكەن.

بويالغان بوز رەخت، شاتىۋا، چەكمەنلەر ئاساسەن ئاتۇش ۋە توققۇزاقتىن چىقىدىغان بولۇپ، كوك، قىزىل، قارا ۋە يېشىل رەڭلەردە بويالغان سۇپەتسىز رەختلەر ئىكەن. كىشىلەر رەخت بوياشقا ئاساسەن نىل رەڭ، ئوردان ۋە سەندەل قاتارلىق بوياق ماتېرىياللىرى ئىشلىتىدىكەن.

كىشىلەر پەيزىۋاتتا توقۇلغان بوز رەختلەرنى نىل بوياق ۋە سەندەل قاتارلىق بوياق ماتېرىياللىرى بىلەن كوك قىلىپ بوياپ چىقىدىكەن. بويالغان بوز رەختلەر يەرلىك ئاھالىنىڭلا ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ قالماستىن، بەلكى سىرتقىمۇ ئېكسپورت قىلىنىدىكەن. بويالغان بوز رەختلەر چاپانغا ئەستەرلىك قىلىشقا، يوتقان-كورپە قىلىشقا يارايدىكەن. كەمبەغەللەر بوز رەختتىن تون كىيىشىدىكەن. ئۇزۇنلۇغى 7 ئارشىن كېلىدىغان بويالغان بىر پارچە بوز رەختنىڭ باھاسى 2 يېرىم تەڭگە ئىكەن. ئەمما 10 ئارشىن ئۇزۇنلۇقتىكى بىر پارچە ماتانىڭ باھاسى 3 يېرىم تەڭگە تۇرىدىكەن.

چەكمەن قېلىن توقۇلۇپ ھەر خىل رەڭلەردە بويالغان بىر خىل گەزلىمە بولۇپ، ھەر خىل تون چاپانلارمۇ شۇنداق چەكمەندىن تىكىلىدۇ. ئۇزۇنلۇغى 18 ئارشىن، كەڭلىگى 5 - 6 ۋېرشۇك كېلىدىغان بىر توپ چەكمەن 15 تەڭگە تۇرىدۇ.

قەشقەرىيەدە كىشىلەر بەقسەم دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل يول-يول گەزلىمىدىن ھەر خىل تون كىيىشىدىكەن. بۇ خىل رەختنىڭ 8 ئارشىن ئۇزۇنلۇقتىكى بىر پارچىسى 7 تەڭگە ئىكەن.

بۇ يەردە توقۇلغان بۇ رەختلەرنىڭ ھەممىسى قەشقەر شەھىرىنىڭ كىچىك-كىچىك بوياقخانىلىرىدا بويىلىدىكەن. بۇنداق كارخانىلاردا ئادەتتە 3-4 بوياقچى ئىشلەيدىكەن.

يىپەك ۋە يىپەك بۇيۇملىرى: قەشقەرىيە ئۆلكىلىرى ۋە رايونلىرى ئىچىدە خوتەننىڭ يىپەكچىلىك ئىشلىرى كەڭ كولەمدە تەرەققى قىلغان. باشقا رايونلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى پەقەت شۇ رايوندىكى يەرلىك خەلقنىڭلا ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ. قەشقەر رايونىدا قوقان پىلىسىنىڭ ئۇرۇغى ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن بۇ خىل پىلە ئۇرۇغىنىڭ سۈپىتى خوتەن پىلىسىنىڭكىگە يەتمەيدۇ.

قەشقەرىيەنىڭ ھاۋا ئىقلىمى بۇ رايوننىڭ يىپەكچىلىك سانائىتىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تەسىر يەتكۈزەلمىسىمۇ، لېكىن بۇ رايوندا ئىشلەپچىقىرىلغان ھەر خىل يىپەك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سانى تا ھازىرغىچە يەرلىك خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىيالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەر پەرغانىدىن يىپەك بۇيۇملىرىنى ئىمپورت قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولۇپ تۇرماقتا.

يەركەن رايونىدا يىپەك رەختلەر ئانچە كۆپ توقۇلمايدىغان بولغاچقا، بۇ رايوننىڭ يىپەك مەھسۇلاتلىرى پەقەت يەرلىك ئاھالىنىڭلا ئېھتىياجىنى قامدىيالايدىكەن.

خوتەن رايونىنىڭ يىپەك توقۇمىچىلىق سانائىتى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، بۇ يەرنىڭ يىپەك مەھسۇلاتى يەرلىك خەلقنىڭلا تەلىۋىنى قاندۇرۇپ قالماي، بەلكى مەملىكەت بويىچە بوز رەختتىن قالسىلا ئەڭ مۇھىم ئېكسپورت بۇيۇمى ھېساپلىنىدۇ.

خوتەندە يەنە تاق پىلە ۋە قالياق① دەپ ئاتىلىدى-

① خوتەندە خامياق دەپ ئاتىلىدىكەن.—ئاپتوردىن.

غان بىر خىل يىپەك ئىشلەپچىقىرىلىدىكەن.

خوتەننىڭ مەشۇتى پەرغانىنىڭكىگە قارىغاندا يىرىكرەك بولغاچقا، چىدامسىز ۋە سۇپەتسىز كېلىدىكەن.

پىلە تارتىشتا ئەڭ ئۇستا دەپ ئاتالغان ئىشچىلار پەرغانىدىن كەلگەن ئىكەن. خوتەندىن چىقىدىغان تاق پىلە ۋە قالىياق دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى خىل مەشۇت پەرغانە ۋە ھىندىستانغا ئېكسپورت قىلىنىدۇ.

«1876 - يىلى قەشقەرىيەدىن چەتكە ئېكسپورت قىلىنغان ماللارنىڭ سانلىق مەلۇماتى»دا كورسىتىلگەن سانلارغا قارىغاندا، 1876 - يىلى پەرغانىگە 50 مىڭ سوم (6250 فۇنت سىتېرلىڭ) دىن كوپرەك قىممەتكە ئىگە 700 پۇت (25 مىڭ 200 قاداق) يىپەك ئېكسپورت قىلىنغان. 1877-يىلى ئەگەر سىياسى ۋەزىيەتتە بىرەر ئەھۋال كورۇلمەيدىغان بولسا، يىپەكنىڭ ئېكسپورت سىنىش مىقدارى 1000 پۇتقا (36 مىڭ قاداققا) يېتىشى مۇمكىن.

كېلىسىنكوۋ ئەپەندىنىڭ ھىساپلىشىچە، خوتەن مەشۇتىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېكسپورت قىلىنىش مىقدارى 4000 پۇت (144 مىڭ قاداق) ئىكەن. بۇنىڭدىن 1000 پۇت (36 مىڭ قاداق) مەشۇت پەرغانىگە، 1040 پۇت مەشۇت باشقا رايونلارغا ئېكسپورت قىلىنىدىكەن. ھىندىستانغا بولسا 2000 پۇت (72 مىڭ قاداق) مەشۇت ئېكسپورت قىلىنىدىكەن.

قەشقەرىيەدە ئىشلەپچىقىرىلغان يىپەكتىن پەقەت تاق پىلە يىپىگىنىڭلا روسىيەدە بازىرى بار. ئەمما قالىياق مەشۇتى قوقان ۋە تاشكەنتنىڭ بازارلىرىدا ئافغانىستان سودىگەرلىرىگە سېتىلىدۇ. 1875 - يىلى قەشقەر بازىرىدا بىر چا-

رەك تاق پىلىنىڭ باھاسى 7 يېرىم دۇكاتتىن 8 يېرىم دۇكاتقىچە ئىكەن. بىر چارەك قالياقنىڭ باھاسى 2 يېرىم دۇكات ئىكەن.

1876 - يىلى ئېھتىياج ئاشقانلىقتىن، قەشقەر بازىرىدا تاق پىلىنىڭ باھاسى ئۆرلەپ، بىر چارىگى 10 دۇكاتقا چىقىپتۇ. خوتەن بازىرىدا بىر چارەك تاق پىلە 8 يېرىم دۇكاتقا سېتىلىدىكەن. قالياقنىڭ باھاسى بولسا ئۆزگەرمەپتۇ.

خوتەننىڭ يىپەكچىلىك سانائىتى خېلى زور تەرەققى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا يەرلىك ئاھالىنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىيالمايدىكەن. ماشرۇپ توقۇمىچىلىقى ناھايىتى تېز تەرەققى قىلغان. ماشرۇپ ـــ ناھايىتى چىدامىلىق، ئۇنىڭ ئۇستىگە كوركەم توقۇلغان بىر خىل يېرىم يىپەك گەزلىمە. ماشرۇپ بىر مەزگىل قوقاننىڭ بىردىن بىر ئېكسپورت بۇيۇمى بولۇپ قالغان ئىدى. 1876 - يىلى سىمىرچىنسكىگە 12 مىڭ سوملۇق (500 فۇنت ستېرلىڭلىق) ماشرۇپ چىقىرىلغان. يېقىندىن بۇيان ئۇلار ماشرۇپنى تاشقىرى، يەنە ئەتلەس، بەقسەم، شايى قاتارلىق يىپەك رەختلەرنىمۇ توقۇشقا باشلىغان.

قوقان يىپىگى سۈپەت جەھەتتە قەشقەرىيەنىڭكىدىن ياخشى. بۇنداق يىپەكنى بۇ دولەتنىڭ بارلىق بازارلىرىدا تاپقىلى بولىدۇ.

ئېكسپورت قىلىنىدىغان باشقا ماللار ئىچىدە تون چاپان قاتارلىق كىيىم - كېچەكلەر كوزگە كورۇنەرلىك ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئېكسپورت قىلىنىش قىممىتى 47 مىڭ سومغا (5875 فۇنت ستېرلىڭغا) يېتىدۇ. تون چا-

چان ئاساسەن قىرغىزلارغا سېتىلىدۇ. ھەر خىل تون چا-پاننىڭ باھاسى 3 سوم (تەخمىنەن 7 شىللىڭ 6 پېنىس) دىن ئاشمايدۇ.

ئۇنىڭدىن قالسا، يەنە تەڭلىمات بىلەن خوتەن گىلە-مىمۇ بار. خوتەن گىلىمى ناھايىتى كوركەم، لېكىن باھا-سى قىممەترەك. بىر گىلەمنىڭ باھاسى 80 سوم (11 فۇنت ستېرلىڭ) ئىكەن. ئاقسۇ رايونىدىن پەرغانىگە يەنە زەمچە ئېكسپورت قىلىنىدۇ.

قالغان ماللار ئىچىدە، خوتەننىڭ قوي يۇڭىنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇ قوي يۇڭى ھازىر ئېكسپورت قىلى-نىشقا باشلىدى. تەجرىبىلىك كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇنداق قوي يۇڭى قەشقەردىيە بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدىكى سودى-دا ئۇزۇنغا قالماي ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتۇشى مۇمكىن.

توۋەندىكىلەر 1876-يىلى قەشقەردىيەدىن روسىيە تېررىتورىيىسىگە ئېكسپورت قىلىنغان ماللارنىڭ ئىگەللىگەن نىسبىتى:

| | |
|---|---|
| بوز رەخت | 81% |
| خام يىپەك | 5% |
| تون چاپان | 4% |
| تەڭلىمات | 2% |
| زەمچە | 1% |
| گىلەم | 1% |
| ماشرۇپ | 1% |
| ھەر خىل مال | 5% |
| جەمى | 100% |

توۋەندىكىلەر بىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تېررىتورىيىمىزدىكى رايونلار ئارقىلىق توشۇلغان ماللارنىڭ ئىگەللىگەن نىسبىتى:

| | |
|---|---|
| توقماق ئارقىلىق | 85.5% |
| ئوش ئارقىلىق | 10.75% |
| قارا كول ئارقىلىق | 3,75% |
| جەمى | 100% |

بىزنىڭ قولىمىزدا قەشقەرىيە بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدىكى سودا ـ سېتىققا دائىر ماتېرىيال يوق دىيەرلىك.

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 1873 ـ يىلدىن 1874 ـ يىلدىغىچە ئارىلىقتا، ھىندىستاندىن يەركەنگە 800 مىڭ سوم (100 مىڭ فۇنت ستېرلىڭ) قىممىتىدە مال كىرگۈزۈلگەن، لېكىن بۇ ماللار ئاساسەن سېتىلمىغان، ئۇلارنىڭ كوپ قىسمى ھازىرغىچە يەركەننىڭ كارۋان سارايلىرىدا ساقلىنىۋېتىپتۇ.

بىر يۇقۇرىدا ئېزاھلاپ ئوتكەندەك، ئىنگلىز چىتلىرىنىڭ باھاسى ئومۇمەن روسىيىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن ئاسانلا رەڭگى ئوڭۇپ كېتىدىغان بولغاچقا بازىرى ئىتتىك ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق چىت يۇمشاق ھەم چىدامسىز ئىكەن.

ھىندىستاندىن قەشقەرىيەگە توشۇپ كېلىنگەن باشقا ماللار ئىچىدە قارا شېكەرنىڭمۇ بازىرى كاسات ئىكەن. يەنە يۇڭ توقۇلمىلار (ئوخشاشلا بازىرى كاسات) ۋە رەختلەر (ئاياللارنىڭ قىزىل رەڭلىك جىلىتلىكىلىرى)مۇ بار ئىكەن. پەقەت ئەڭ ئاخىرقى بىر خىل مالنىڭلا بازىرىنى يامان ئەمەس دىيىشكە بولىدۇ. رەختلەردىن پەقەت سىيامبۇنىڭلا

بازىرى ئىتتىك ئىكەن.

خوتەننىڭ يىپىگى، يەركەننىڭ نەشىسى، قەشقەر ۋە ئاقسۇنىڭ ئوشكە تېرىسى ھىندىستاندىن كىرگەن ماللارغا ئالماشتۇرۇلىدىكەن. كېلىسىنكوۋ ئەپەندى ئېنىق ھېساپلاپ چىققان سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، قەشقەرىيەدىن ھىندىستانغا ئېكسپورت قىلىنغان ھەر خىل ماللارنىڭ قىممىتى تۆۋەندىكىچە:

يىپەك 2.800 پۇت؛ ئايرىم باھاسى 20 دۇكات؛ سوممىسى 56.000 دۇكات. ئوشكە تېرىسى 1.600 پۇت؛ ئايرىم باھاسى 3 دۇكات؛ سوممىسى 4.800 دۇكات.

نەشە 700 ئۇلاق؛ ئايرىم باھاسى 18 دۇكات؛ سوممىسى 12.600 دۇكات.

ئومۇمى جەمى: 173.400 دۇكات.

بۇ، 200.279 سومغا ياكى 25.034 فۇنت ستېرلىڭغا باراۋەر كېلىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، يەنە قەشقەرىيەنىڭ كۆپ مىقداردىكى ئالتۇن - كۈمۈشلىرى ھىندىستانغا چىقىۋاتقىدەك دەپ ئاڭلىدۇق.

ھىندىستان بىلەن بولۇۋاتقان سودا ئىشلىرى، مۇشۇ دۆلەتتىكى يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ قولىدا ئىكەن. لېكىن 1876 - يىلى يەركەندە ئىنگلىز سودىگەرلىرى تۇرغان ئىكەن.

# تونىنچى باپ①

قەشقەرىيە ھەققىدە تارىخىي قىسسە (مىلاددىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە ئائىت)، ئۇيغۇرلار، جۇڭگو-لۇقلارنىڭ قەشقەرىيەنى تۇنجى قېتىم بويسۇندۇرۇشى، ئەرەپلەرنىڭ ھوكۇمرانلىقى، موڭغۇللارنىڭ ھوكۇم-رانلىقى، چىڭگىزخان (Chingiz khan) ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى، تومۇرلەڭ (Tamer Lane)، سۇلتان سەئىدى (Sultan Said)، خوجىلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى. ئاپپاق غوجا (Appak Khodja)، تۇڭگانلارنىڭ ھوكۇمرانلىقى، ئامور سەنا (Amoor Sana)، 1760 - يىلى جۇڭگولۇقلارنىڭ قەشقەرىيەنى ئوزىگە بويسۇندۇرۇشى، جاۋخۇي (Tchjao - Hoi)، جۇڭگولۇقلارنىڭ مەمۇرى باشقۇرۇش تۈزۈملىرى، بۇ دولەتنىڭ 1760 - يىلىدىن 1825 - يىلىغىچە ئارىلىقتىكى ئەھۋالى.

---

① مەن بۇ باپنىڭ دەسلەپكى بىر قانچە بەتلىرىنى، قولۇمدا بەزى ئاپتورلارنىڭ ئاسىيا تارىخى ھەققىدە يازغان قىسمەن ئەسەرلىرىدىن باشقا ھېچقانداق پايدىلانغىدەك ماتىرىيال يوق شارائىتتا يازغان ئىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ يەردە يازغانلىرىم پەقەت قەشقەرىيەنىڭ تارىخى ھەققىدىكى كىرىش سوز-دىنلا ئىبارەت. مېنىڭچە، بۇنىڭ ئىلمىي جەھەتتە باشقا ھېچ-قانداق ئالاھىدە ئەھمىيىتى يوق. ــ ئاپتوردىن.

هازىرقى زامان ئاپتورلىرىنىڭ پىكرىگە قارىغاندا، هازىر "شەرقىي تۈركىستان" دىگەن نام بىلەن تونۇلغان بۇ دولەتنىڭ خەلقى ئەسلىدە ئارىيانلار نەسلىدىن كېلىپ چىققان ئىكەن. شەرقىي تۈركىستاننى جەنۇپ ۋە غەرپ تەرەپلەردىن ھەيۋەتلىك تاغلار قورشاپ تۇرسىمۇ، لېكىن بۇ دولەتنىڭ شەرقىي شىمال قىسمى ئوچۇق بولغاچقا، ئۇ ئاسىيانىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇغىدا ئولتۇراقلاشقان موڭغۇل كوچ-مەنلىرىنىڭ توختاۋسىز ھۇجۇملىرىغا ئۇچراپ تۇراتتى. فرانسۇز مىسسىئونېرى كۇك① (Huc) بىلەن دوختۇر بېللوۋ② (Dr. Bellew)نىڭ پىكرىگە قارىغاندا، جۇڭگو تارىخشۇ-ناسلىرى ھەممىدىن بۇرۇن تىلغا ئالغان ھونلار دەل مۇشۇ ئادەملەرنى كۆرسىتەتتى. بۇ ئۇرۇشقاق كوچمەن قەبىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ غەرپ تەرىپىدىكى خوشنىلىرى بولغان كوچمەن-لەرگە ۋە تەڭرىقوت زىمىنىغا ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، موڭغۇلىيەنىڭ غەربىي ۋە شەرقىي قى-سىملىرىنىمۇ قەدەممۇ قەدەم ئىگەللىۋالغان ئىدى.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 134 - يىلى ھونلار چوڭ خاقانىنىڭ (Lao - Khan) باشلامچىلىقىدا، موڭغۇل نەس-لىدىن بولغان يۇرتچىلارغا ھۇجۇم قىلغان ئىدى. يۇرتچىلار

---

① كۇك ئەپەندى 1860 - يىلى پارىژدا ئېلان قىلغان «1844 -، 1845 -، 1846 - يىللىرى تاتارلارغا ۋە تىبەتكە قىلىنغان ساياھەتنىڭ خاتىرىسى» ناملىق كىتابىنىڭ 384 - بېتىگە قارالسۇن. — ئاپتوردىن.

② بېللوۋ يازغان «كەشمىر ۋە قەشقەر» دىگەن كىتاپقا قارالسۇن. — ئاپتوردىن.

هازىرقى شەنشى ئۆلكىسى تەۋەسىدە ئولتۇراقلاشقان ئىدى.
چوڭ خاقان دەھشەتلىك قانلىق جەڭدىن كېيىن، قارشى
تەرەپنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇۋالغان ۋە ئۇلارنىڭ ئاقساقاللىنى
ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ باش سوڭىكىنى جام ئورنىدا ئىشلەتكەن
ئىدى، چوڭ خاقان بۇ جامنى ھەممىشە بېلىگە ئېسىۋېلىپ،
ھامان ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرەتتى. يۇرتچىلار ياكى
چوڭ يۇرتچىلار چوڭ خاقانغا بويسۇنۇشنى خالىمىغانلىقتىن،
ئۆزلىرىگە يېڭى ماكان ئىزلەپ يولغا چىققان، ئۇلار ئىككىگە
بۆلۈنۈپ ماڭغان. بىرىنچى قىسمى شەرقىي شىمالغا قاراپ
مېڭىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاھالىسى بولغان ساك
(سالچۇقى)لار بىلەن توقۇنۇشقان، توقۇنۇشتا ساكلار تەرد-
پەدىن يېڭىلىپ قوغلانغان. ئۇلار ئاخىر تىيانشان تاغلىرد-
دىن ئۆتۈپ ئىلى ۋادىسىغا كۆچۈپ كىرگەن. چوڭ يۇرتچد-
لارنىڭ يەنە بىر قىسمى جەنۇپقا قاراپ مېڭىپ، قارلىق
تاغلاردىن ئېشىپ، ھىندى دەرياسى ۋادىسىغا كىرگەن ۋە
ماكېدونىيىلىك ئالېكساندىر① (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن)

① كۆك ئەپەندى ئۆزىنىڭ «تاتارلارغا ۋە تىبەتكە قىلىنغان
ساياھەتنىڭ خاتىرىسى» دىگەن كىتاۋىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:
چوڭ يۇرتچىلار تىيانشاندىن (ئۇ بۇ تاغنى "مۇسۇر" دەپ ئاتىد-
غان) ئۆتكەندىن كېيىن، ئىلى دەريا ۋادىسىغا كېلىپ ئولتۇراق-
لاشقان. كۆك ئۇلارنى تورغاتلار دەپ ئاتىغان. ھازىرقى تورغاتلار
قالماق قەبىلىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ تونۇلماقتا. ئۇلار ئىلى
دەرياسى ۋادىسىدا چارۋا باقىدىغان كوچمەنلەر بولسىمۇ، لېكىن
ئەمىلىيەتتە ئاساسەن كۆنەس بىلەن يۇلتۇز ۋادىلىرىدا ئولتۇراق-
لاشقان ئىدى. كۆك ئەپەندى ھىندى دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈپ
كەتكەن يەنە بىر تۈركۈم يۇرتچىلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

نىڭ ھىندىستاندا قوغان پادىشالىغىنى ھالاك قىلغان.

شەرقىي تۈركىستانغا بېسىپ كىرگەن يۈرتچىلار ساكلار ياكى ياتلار بىلەن مەلۇم دەرىجىدە بىرلەشكەن. لېكىن ئۇلار بۇ خەلقنىڭ كۆپ قىسمىنى جەنۇپ ۋە غەرپ تەرەپلەرگە قوغلىۋەتكەن.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، موڭغۇلىيىنىڭ خوجايىنى بولۇپ قالغان ھونلار ئۆز ئىچىدىكى زىددىيەتلەر تۈپەيلىدىن جەنۇبىي ھون ۋە شىمالىي ھون دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. جۇڭگولۇقلار خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، ھونلارنىڭ ئىچكى پارچىلىنىشىدىن پايدىلىنىپ، شىمالىي ھونلارنى مەغلۇپ قىلغان. ھەمدە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە بېقىنىپ ياشاشقا مەجبۇر قىلغان. بۇ شىمالىي ھونلار ئاخىر ئۆزلىرىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئىزىدىن غەرپكە مېڭىپ شەرقىي تۈركىستانىنى كېسىپ ئۆتكەن ۋە داۋاملىق ئىلگىرىلەپ ئاخىر كاسپىي دېڭىزى بويىغا يېتىپ كەلگەن ھەم ۋولگا دەرياسى ۋادىسىغا تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان ئىدى. ھونلار شەرقىي تۈركىستانغا بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، بۇ يەردىكى يۈرتچىلار ۋە ساكلارنىڭ قالدۇق قىسمى يەنە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى غەرپ تەرەپكە قاراپ ماڭغان، يەنە بىر قىسمى جەنۇپ تەرەپكە كابۇل ۋە كەشمىرگە① قاراپ

يۈرتچىلار بۇ يەردە باكتىرىيانلار (توخارلار) بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇلار بىلەن ئۇرۇشقان. ئۇرۇشتىن كېيىن، ئۇلار توخارىستاندا ماكانلاشقان. بۇلار كېيىنچە، گرېكلار تەرىپىدىن ھىندىلار دەپ ئاتالدى. — ئاپتوردىن.

① بېلىۋ ئەپەندى ئۆزىنىڭ 1875-يىلى يازغان «كەشمىر ۋە قەشقەر» دېگەن كىتاۋىدا بۇ كوزقاراشنى ناھا-

ماڭغان.

قالدۇق ساكلار يۇرتچىلار بىلەن ئارىلىشىپ شەرقىي تۈركىستان ئاھالىسىنى شەكىللەندۇرگەن. ھۇنلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا، ئەرەپ ئىستىلاچىلىرى بىللە كەلگەن باشقا مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇزى ئارقىسىدا مەلۇم دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتكەن.

---

يىتى چۈشىنىشلىك قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇغان ۋە "ھۇنلار ياكى ئۇيغۇرلار بۇ يەردىكى ساكلارنى ۋە ئۇلاردىن كېيىن يۇرتچىلارنى شەرقىي تۈركىستاندىن قوغلاپ چىقارغان. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى غەرپكە قاراپ مېڭىپ ياۋروپاغا كىرگەن. يەنە بىر قىسمى جەنۇپقا مېڭىپ كابۇل، كەشمىر ۋە ھىندىستانغا كىرگەن" دەپ تەھقىقلەشتۈرگەن ئىدى. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: بەزى ئاتالغۇلاردىن ياۋروپاغا كىرگەن بۇ مىللەتلەرنىڭ ئىزىنى ھېلىمۇ ئۇچرىتىش مۇمكىن. مەسىلەن: ساكسونىيە، يۇرتلاندىيە ۋە گوللاندىيە؛ ئۇلار قەشقەرىيەدە تاشلاپ چىققان يەرلەرنىڭناملىرى جەنۇپتا يەنە ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان، مەسىلەن: قازى ياكى بەرناس (قازىگەر، قەشقەر) قارى ياكى ھىرات (قارىكەن، يەركەن)، كۇچا (قاچار)، كورلا (كەل يا)، قىتان (بۇنىڭ ئىزى خوتەننىڭ ئىسمى بىلەن تونۇلغان). بېللوۋ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: "ھازىرقى قەشقەرىيە دېگەن نام بىلەن ھەممىگە تونۇلغان بۇ دولەت تىمۇر (Timur) دەۋرىدە يەتتە ئۇلۇس دەپ ئاتىلاتتى." ئەڭ ئاخىرىدا بېللوۋ مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويغان: ھازىر پەنجاپتا ياشاۋاتقان يەتتە ئۇلۇسلار ياكى جاتلار قەبىلىسى، ئەسلىدىكى قەشقەرىيەدىن قوغلاپ چىقىرىلغانلارنىڭ پۇشتىدۇر. بۇلارنىڭ ئاتا بوۋىلىرى قەشقەرىيە "يەتتە ئۇلۇس" دەپ ئاتالغان چاغلاردا بۇ دولەتتىن كېتىپ قالغان. — ئاپتوردىن.

روسىيە تۈركولوگلىرىنىڭ پىكرىگە قارىغاندا، ئارىيان نەسلىنىڭ قالدۇغىنى ھازىر پەقەت يەتتە شەھەرنىڭ غەربىدىكى قاتمۇ قات تاغلار ئىچىدىلا تېپىش مۇمكىن ئىكەن.

ھونلار غەرپكە سۈرۈلگەندە، ئۇششاق كوچمەن قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ ماڭغان ھەمدە بۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن، 4 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا رىم ئىمپىرىيىسىگە باستۇرۇپ كىرگەن. 5 - ئەسىرگە كەلگەندە، ئۇلار گېرمانلار① زېمىنىغا باستۇرۇپ كىرگەن. بۇ ھونلار ئۇيغۇر، ئۇگرا، ھۇنگىرا دىگەن ناملار بىلەن ياۋروپاغا يېتىپ بارغان. ھازىر ۋېنگىرلار ياكى ۋېنگىرىيىلىكلەر دەپ ئاتالغانلار دەل شۇلارنىڭ پۇشتىدۇر.

شۇنداق قىلىپ، ھونلار ياكى كېيىنچە "ئۇيغۇر" دەپ ئاتالغانلار مىلادىيىنىڭ بېشىدىلا شەرقىي تۈركىستاندا ماكانلاشقان ۋە باشقا ئىرقلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن②. ئۇي-

---

① كۆك مۇنداق دەپ يازىدۇ: "ھونلار مىلادى 376 - يىلى رىم ئىمپىرىيىسىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە، ئالدى بىلەن ئالان رايونىدا چارۋا بېقىپ يۈرگەن كوچمەنلەرنى ئىزلىرىگە بويسۇندۇرغان. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى كاۋكاز تاغلىرىغا قاچقان، يەنە بىر قىسمى دوناي دەرياسى ۋادىسىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ھونلار ياكى ئۇيغۇرلار داۋاملىق غەرپكە ئىلگىرىلەش جەريانىدا ئۇچراتقان ساكلارنى، گوتلارنى، گېپىرلارنى ۋە ۋاندانلارنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ ماڭغان ۋە 5 - ئەسىرنىڭ بېشىدا گېرمانىيىگە كىرگەن." — ئاپتوردىن.

② بىللوۋنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇيغۇرلار مىلادىدىن ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستاندا 2 ئەسىر داۋام قىلغان مۇستەقىل خاقانلىق قۇرغان ئىكەن. — ئاپتوردىن.

غۇلار ئەسىرلەر داۋامىدا بۇ دۆلەتنىڭ تاغلىق جايلىرىنى، ۋادىلىرىنى ۋە چۆل - باياۋانلىرىنى ئاستا - ئاستا ئۆزلەشتۈرۈپ گۈللەندۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن، قەشقەرىيەنىڭ قەدىمقى تارىخىدا، تۈنجى قېتىم ئۆزلىرى ئولتۇراقلىشىپ قالغان شەھەر ياكى جايلارنىڭ نامىنى ئۆز نامى بىلەن ئاتايدىغان خەلق مەيدانغا چىققان. شۇڭا بىز بۇ مەملىكەتتە قەشقەر - لىقلەر، خوتەنلىكلەر، يەركەنلىكلەر، ئاقسۇلۇقلار ۋە كۇچالىق - لار دەپ ئاتالغان خەلقنىڭ نامىنى ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولدۇق. بۇ شەھەرلەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئاھالە باشقا مىللەتلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەنلىكتىن، ئۆزلىرىنىڭ چىرا - يىدىكى موڭغۇللارغا خاس ئالاھىدىلىكنى تەدرىجى يوقاتقان.

شەرقىي تۈركىستان بىلەن چېگرىداش تاغلىق رايون - لار بىلەن تىيانشاننىڭ شىمالىي ۋە غەربىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلار تا ھازىرغىچە ئۆزلىرىنىڭ كوچمەن مىللەتكە خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلاپ قالغان. بىز قەشقەرىيەنىڭ بۇرۇنقى تارىخىدا ئۇلارنىڭ جۇڭغارلار (قالماقلار) ۋە بۇلۇتلار (قارا قىرغىزلار ياكى قوقمانلار) دەپ ئاتالغانلى - غىنى ئۇچراتتۇق. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنچى خىلدىكى - لەر① موڭغۇل تىپىغا خاس چىراي شەكلى ۋە ئالاھىدىلىك -

① «روسىيە پادىشالىق جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ژۇر - نىلى» 1861 - يىللىق 1 - سانىنىڭ 194 - بېتىدە ۋە لىخانوۋ - نىڭ مۇشۇ ئەسىرىنىڭ بېشىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەر توغرىسىدا بەرگەن قىزىقارلىق بىر ئىزاھاتىدا مۇنداق دېيىلگەن: "تارىخچىلار، جۇڭگونىڭ خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئولتۇراقلاشقان خەلقلەر ئىچىدە كوزلىرى كوك،

لەرنى تولۇق ساقلاپ قالغان. قەشقەرىيە — ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستاندا قۇرغان بىر خانلىق دۆلەت بولۇپ، ئۇنىڭ مۇستەقىللىقى ئۇزاق داۋام قىلالمىغان ئىدى. ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، جۇڭگو بىلەن ئارقا-ئارقىدىن بىر قانچە قېتىم ئۇرۇش قىلدى. بۇ ئۇرۇش-ماجىرالار مىلادى 94-يىلى جۇڭگو تەڭرىقۇتى قەشقەرىيەنى يوقىتىۋېلىپ، ئۆز زېمىنىغا قوشۇۋالغاندىن كېيىنلا ئاخىرلاشتى.

چاچلىرى قىزغۇچ كەلگەن 6 خەلق بار دەپ كۆرسىتىدۇ." كلاپائوتنىڭ (Klappath) «ئاسىيا تارىخىغا ئائىت ھوججەتلەر» دېگەن كىتاۋىنىڭ 82-بېتىدە ۋە ئابىل رومىيۇزاتنىڭ (Abel Remuzat) «تاتار تىلى ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن كىتاۋىنىڭ 1-توم 306-بېتىدە: ئوتتۇرا ئاسىيادا ئولتۇراقلاشقان بۇ خەلق ئەسلىدە ھىندى، ئارىيانلاردۇر، دېيىلگەن بىر خىل قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغان. كلاپائوت: "ئۇلار ئالان-گوتلاردۇر" دەيدۇ. ئابىل رومىيۇزات بولسا ئۇلارنى "گوت-ھىندى-سكىتلار" دەپ ئاتايدۇ. باشقا مىللەتلەردىن بۇ مىللەتلەر سىپىتىمىسىغا كىرىدىغان خاكاسلار، چاراكسەلەرنىڭ پۇشتى بولغان قىرغىز ۋە ئۇيسۇن قاتارلىق مىللەتلەرمۇ بار ئىكەن. ئۇلار قىياپەت جەھەتتە چەتئەللىكلەرگە ئوخشايدىغان بولۇپ، جۇڭگولۇقلار بىلەن زادىلا سىغىشالمايدىكەن.

ۋەلىخانوۋنىڭ قارىشىچە، ھازىر جۇڭغارىيىدە مۇنداق ئىككى مىللەت ئولتۇراقلاشقان: ئۇلار بۇلۇتلار ياكى ھازىرقى قىرغىزلار (بىز قارا قىرغىز دەپ ئاتايدىغانلار) بىلەن ئۆزلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۇيسۇنلار دەپ ئاتايدىغان چوڭ يۈز قىرغىز-قازاقلىرىدۇر. ۋەلىخانوۋ ئۇلارنى بۇلۇتلاردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، بۇ قىرغىز-قازاقلارنى ياكى ئۇيسۇنلارنى قازاقلار دەپ ئاتىغان، بۇلۇتلارنى

جۇڭگولۇقلارنىڭ زۇلۇم - ئاسارىتى تاكى مىلادى 8 - ئەسىرگىچە داۋاملاشقان ئىدى. بۇ ئۇزاق تارىخىي دەۋردە، قەشقەرىيە ئاھالىسى جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، ھەمىشە قوزغىلاڭ كوتىرەتتى ۋە بىر مەزگىل مۇستەقىل بولاتتى. جۇڭگولۇقلار ئوزلىرىنىڭ ئىچىدىكى دۇشمەنلىرىنى تارمار قىلغاندىن كېيىنلا قەشقەرىيە ئاھالىسىنى يېڭىۋاشتىن ئوز ھوكۇمرانلىغى ئاستىغا ئالاتتى. جۇڭگولۇقلار

---

بولسا قىرغىزلار دەپ ئاتىغان.

يەرلىك شۋلەرنى ياخشى بىلمىگەن ۋە 1877 - يىلى مۇشۇ مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان جايلارنى ئوزى بىۋاستە ساياھەت قىلغان سونارگولوۋ ئىسپاتلىغان ماتىرىياللارغا قارىغاندا، تىيانشان تاغلىرى ئەتراپىدا، يەنى ئىسسىق كول، ئاقساي، كوكشال قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلاشقان كوچمەنلەر ئوزلىرىنى قارا قىرغىز دەپ ئاتىماي، قىرغىز دەپ ئاتايدىكەن. بۇ كوچمەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ۋەلىخانوۋ ئوز ئەسىرىدە تىلغا ئالغان "ئۇلى جۇز"، "ئورتا جۇز"، "كىچى جۇز" دىگەنلەر دەل قازاقلارنىڭ ئوزى ئىكەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، قازاقلارنىڭ قېنى بۇلارنىڭكىدىنمۇ ساپ ئىكەن. بۇنىڭ سىرتىدا، ۋەلىخانوۋ يەنە مۇنداق دەيدۇ: "ئۇيسۇنلار ئىچىدە يەنە قىزىل ئۇيسۇنلار (سار ئۇيسۇن) دەپ ئاتىلىدىغان بىر مىللەت بار. ئۇلار ئوزلىرىنى ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك مىللەتنىڭ پۇشتى، دەپ ئاتىشىدۇ.

كوك ئوزىنىڭ «تاتارلارغا ۋە تىبەتكە قىلىنغان ساياھەتنىڭ خاتىرىسى» دىگەن ئەسىرىنىڭ 4 - بابىدا، موڭغۇللارنىڭ "خالخې" دىگەن بىر قەبىلىسىنى تىلغا ئالغان ئىدى. بۇ پاكىت بىزنى ئىختىيارسىز ھالدا، "بۇلار ۋەلىخانوۋ تىلغا ئالغان قىرغىزلارنىڭ ئەجداتلىرىمۇ - يە، ئۇلار جۇڭغارىيىدىكى خالخىلار بىلەن بىر

بىلەن قەشقەرىيەلىكلەر ئۇتتۇرىسىدا بولغان كۈرەش قەشقە-
رىيەنىڭ ئەسلىدىكى رايونلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. نەتىجىدە،
قەشقەرىيە بىربىرىسىدىن مەلۇم دەرىجىدە مۇستەقىل بولغان
ئۆلكىلەرگە (قەشقەر، يەركەن، خوتەن، ئاقسۇ ۋە باشقىلارغا)
بۆلۈنۈپ كەتتى. مۇستەقىل بولۇۋالغان بۇ ئۆلكىلەر بىر
بىرىسىدىن ئۈستۈنلۈك تالىشىپ ئۆزئارا جىدەل-ماجىرا
قىلىشاتتى.

جۇڭگو ئاپتورلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، قەشقەرىيە خەلقى
تاكى 8-ئەسىرگىچە بۇددىزىمغا ئېتىقات قىلغان. بۇددىزىم-
نىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قاچان سىڭىپ كىرگەنلىكى توغ-
رىسىدا بىر نەرسە دېيىش قىيىن. ئەمما خەن سۇلالىسى
دەۋرىدىلا يەنى مىلادى 2-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا، بۇددى-
زىمنىڭ قەشقەرىيەدە مەۋجۇت ئىكەنلىكى بىزگە ئايان.
جۇڭگولۇق خۇۋك خەن (Hooen-Hang) 629-يىلى
يەنى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قەشقەرىيەگە زىيارەتكە بار-
غان. ئۇ پۈتۈن قەشقەرىيەدە بۇددىزىمنىڭ ناھايىتى

---

ئىرقتا تەۋەممۇر" دېگەن ئويغا سالىدۇ. بۇنىڭ قىزىق يېرى
شۇكى، ۋەلىخانوۋ ئۇزاق ۋاقىتنى سەرپ قىلىپ، قىرغىزلارنىڭ
چۆچەكلىرى، رىۋايەتلىرى، نەزمىلىرى ۋە فولكلورىنى يىغىش
جەريانىدا، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق نەرسىلىرى بىلەن ياۋروپادىكى
قانداش مىللەتلەرنىڭ بولۇپمۇ سىلاۋيانلارنىڭ ئاساسلىق نەر-
سىلىرى بىر بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىدىن ئەجەپلەنگەن.
ئەمدى بۇ ھىكايىلەرنىڭ مەزمۇنىغا كەلسەك، ۋەلىخانوۋ ئەپەندى
ئافاناسيېۋنىڭ توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن 6 ھىكايىنىڭ ئۆزى يىق-
قان قىرغىز خەلق شېئىر-قوشاق، ھىكايىلىرى توپلىمىدا يوق
ئىكەنلىكىنى بايقىغان. — ئاپتوردىن.

تەرەققى قىلىغانلىقىنى، نۇرغۇن ئىبادەتخانىلار بارلىقىنى، شەيخ ۋە زاھىدلارنى ئۇچراتقانلىقىنى ئېيتقان ئىدى.

مىلادى 8 - ئەسىردە، ئىسلام دىنى ئەرەپ سودىگەرلىرى بىلەن بىللە شەرقىي تۈركىستانغا سىڭىپ كىرىشكە باشلىغان. شەھەر ئاھالىسى تۇنجى قېتىم بۇ يەرگە كەلگەن ئىسلام دىنى تارقاتقۇچىلارنى قارشى ئالمىغان. ئىسلام دىنى تارقاتقۇچىلارنىڭ تۇنجى مۇرىتلىرى بۇ دۆلەتتىكى كۆچمەنلەر ئارىسىدىن چىققان① ئىدى.

ئەرەپ سودىگەرلىرى شەرقىي تۈركىستانغا كەلگىنىدىن كېيىنلا ئەرەپ ئىستىلاچىلىرىمۇ يېتىپ كەلگەن. بۇ ئىستىلاچىلار قوللىرىغا زۇلپىقار ئېلىپ، ئۇيغۇرلارنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىشقا زورلىغان. جۇڭگو تارىخچىلىرى ئەرەپلەرنىڭ 8 - ئەسىردە بولغان بىر قېتىملىق قانلىق جەڭدىن كېيىنلا بۇ دۆلەتتە پەيدا بولغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

مىلادى 712 - يىلى غالىپ ۋەلىد قۇتەيبە (The Cahliph Walid Kootaiba) دېگەن ئەرەپ ئاتامانى قوقاننى ئىگىلىگەندىن كېيىن، قەشقەردىن تارتىپ تۇرپانغىچە بولغان يەرلەرنى، ھەتتا جۇڭگوغىچە ئارىلىقتىكى ھەممە جايلارنى چاقماق تېزلىكىدە بېسىۋالغان. ئەرەپلەر مۇشۇ قېتىمقى ئوشتۇمتۇت جەڭدىن كېيىن، قەشقەردىيەنى ئۇز ھوكۇمرانلىقى ئاستىغا ئالغان②. شۇنىڭدىن ئېيتىۋارەن، بۇ

① ۋەلىخانوۋ: «روسسىيە پادىشالىقى جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ماقالىلار توپلىمى»نىڭ 1861 - يىللىق 3 - توپلام، 33 - بېتىگە قارالسۇن. — ئاپتوردىن.

② بېللوۋ مۇنداق دەيدۇ: "ئەرەپ ئاتامانى قۇتەيبەنىڭ شۇ قېتىمقى ھەربى يۈرۈشىدىن كېيىن، قەشقەردىيەنىڭ غەربىي قىس-

يەرلەردە ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى تارقىلىشقا باشلىغان، خوتەن ئاھالىسى ئىسلام دىنىغا قارشى ناھايىتى قەيسەرلىك بىلەن كۈرەشكەن. ئىسلامىيەتكە بەيئەت قىلىشتىن باش تارتىپ، 25 يىلغىچە قانلىق كۈرەش ئېلىپ بارغان. بىلىۋۇ مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئۇرۇش جەريانىدا، نۇرغۇنلىغان مەشھۇر ئەرەپ قەھرىمانلىرى ئۆزلىرىنىڭ دىني ئېتىقادى يولىدا شېھىت بولغان. ئۇلارنىڭ نامى ئىسلام چارىيالىرىنىڭ نامى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان.

تاكى مۇشۇ كەملەرگىچە خوتەن شەھىرىدە، قەشقەر بىلەن يەركەن ئارىلىغىدا ۋە شۇنىڭدەك ئاقسۇ شەھىرىنىڭ يېنىدىكى "شەھىدان" ("شېھىتلىك" دىگەن مەنىدە — ت) دەپ ئاتى-

---

مىنى ئەرەپلەر بېسىۋالىدى، خرىستىيان ۋە مەجۇسى (magi) تەلىماتلىرىغا قاخشاتقۇچ زەربە بەردى. بىرىنچى تۈركۈمدە ئىسلامى-يەتكە بەيئەت قىلغان بەلخلىق شامان (Shaman) دىگەن بىر ئاتەشپەرەسنىڭ ئوغۇللىرى ھىرات، سەمەرقەنت، پەرغانە، تاشكەنت قاتارلىق ئولكىلەرگە ۋالى بولىدى. شامانىنىڭ نەۋرىسى نەزەر پەرغانىگە ۋالى بولغان ئىدى. ئۇ غالىپ (قۇتەيبە)نىڭ ئاجىزلى-غىدىن پايدىلىنىپ، بۇخارا بىلەن تۈركىستانىنى قولغا كىرگۈزۈ-ۋېلىپ، شامانىلار پادىشالىغى ئۈچۈن ئاساس سالدى. ئۇنىڭ ئىنىسى ۋە ئىز باسارى بولغان ئىسمائىل (Ismail) بۇ پادىشالىقىنىڭ ھوكۇمرانلىغىنى مۇستەھكەملىدى ۋە راۋاجلاندۇردى، ئۇ ئولۇش ۋاقتىدا، ئۇنىڭ دولىتىنىڭ زىمىنى ئىسپاھاندىن تارتىپ تۇرپان-غىچە، جەنۇپتا پېرسىيە قولتۇغىدىن تارتىپ شىمالىدىكى قۇملۇق دەشت — گوبىغىچە جايلارنى ئوز ئىچىگە ئالغان، شامانىلار پادى-شالىغىنىڭ ھوكۇمرانلىغى 150 يىل داۋاملاشقان ئىدى. — ئاپتوردىن.

لىدىغان چوڭ - چوڭ مازارلار بار، بۇلار ئىسلامىيەت ئۈچۈن شېھىت بولغانلارنىڭ بۇزۇرگاھلىرىدۇر.

بۇ يەردە بۇددىزىم ۋە خرىستىيان دىنلىرى دۇچ - كەلگەن ئەھۋال بىر بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ، بۇ دىنلار بەزى جايلاردا ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلانغان.

ئەرەپلەرنىڭ ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ زەئىپلىشىشىگە ئەگىشىپ، شەرقىي تۈركىستاندا يەر كۆلىمى ناھايىتى كەڭ بولغان ۋە ئاجايىپ گۈللەپ ياشنىغان بىر ئۇيغۇر خانلىقى مەيدانغا كەلدى. بۇ دۆلەتتە پىرسىيە (پارس) ئەدەبىياتى كەڭ ئەۋج ئالغان ئىدى. كىشىلەر سۈننى (Sunni) مەزھىپىنىڭ ساپ تەلىماتىنى قوبۇل قىلغانلىقتىن، بۇ يەردە مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرى مۇقىم ئورۇنغا ئىگە بولدى. 11 - ئەسىردە، ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىن ئىگىدارلىق ھوقۇقى كاسپىي دېڭىزىدىن قۇملۇق دەشت — گوبىغىچە كېڭەيگەن ئىدى. ئەمما 12 - ئەسىرگە كەلگەندە، بۇ دۆلەت ئىچكى قىسمىدىكى ئىتتىپاقسىزلىق تۈپەيلىدىن پارچىلىنىپ كەتتى. گورخان رەھبەرلىكىدىكى قىتان - موڭغۇل قەبىلىسى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئاجىزلاشتۇردى. قارا قىتانلار ھۆكۈمرانلىقى شەرقىي تۈركىستاندا بىر ئەسىردەك ھۆكۈم سۈردى. ئۇلار ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تاكى خىۋەگىچە كېڭەيتكەن ئىدى. ئىچكى ئىناقسىزلىق پەقەت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭلا ھالاك بولۇشىدىكى مۇھىم سەۋەپ بولۇپ قالماي، بەلكى قارا قىتانلار ھاكىمىيىتىنىڭمۇ گۇمران بولۇشىدىكى بىردىن بىر سەۋەپ ئىدى.

شەرقىي شىمال تەرەپتىن ياستۇرۇپ كەلگەن يېڭى

موڭغۇل قەبىلىسى قارا قىتانلارنىڭ يېڭى رەقىپلىرى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى. مەشھۇر چىڭگىزخان مۇشۇ يېڭى موڭغۇل قەبىلىسىنىڭ يولباشچىسى ئىدى. چىڭگىزخانىنىڭ ئارمىيىسى گويا توسۇۋالغىلى بولمايدىغان كەلكۈندەك، ھەش-پەش دېگىچە جۇڭگو، تۈركىستان، ھىندىستانغا، پېرسىيە ۋە سۈرىيەگە بېسىپ كىردى. ئۇلار يەنە روسىيىنى ۋە پولشىنىڭ بىر قىسمىنى ئىشغال قىلغىنىدىن كېيىن، ۋېنگرىيە بىلەن ئاۋىستىرىيىگە كىردى.

1220-يىلى، چىڭگىزخان قەشقەرىيەنى پۈتۈنلەي ئۆز پادىشالىقىغا قوشۇۋالدى. بۇ جەرياندا قەشقەرىيەدە ئىلگىرى موڭغۇللار، خەنزۇلار، ئەرەبلەر ۋە قارا قىتانلار تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىكىدەك ئېغىر بۇزغۇنچىلىق ۋە قانلىق ۋەقەلەر كۆرۈلمىدى.

موڭغۇل سەلتەنىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، قەشقەرىيەدە ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇزاق يىللارغىچە بولمايدىغان گۈللەپ ياشناش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. ئەپۇچانلىق ئىسلامىيەتنىڭ قاتتىق قائىدە-تۈزۈملىرىنىڭ ئورنىنى ئالدى. بۇ، شۇ چاغدا خوتۇن-قىزلارنىڭ ناھايىتى كەڭ ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. خرىستىيان دىنى بىلەن بۇددا دىنى بۇ دۆلەتتە قايتىدىن باش كۆتەردى. مېچىتلەرنىڭ يېنىغا ئىبادەتخانىلار ۋە بۇتخانا مۇنارلىرى ياسالدى. جۇڭگو بىلەن غەربىي تۈركىستان ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان سودا مۇناسىۋىتى ئورنىتىلغانلىقتىن، قەشقەرىيەنىڭ نۇرغۇن شەھەرلىرى سودا-سېتىق ئىشلىرىدا زور شان-شۆھرەت قازاندى.

چىڭگىزخان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كەڭ تېرىتو-
رىيىسى چىڭگىزخاننىڭ ئوغۇللىرى تەرىپىدىن پارچە-پارچە
بولۇۋېلىندى. قەشقەرىيە دەسلەپتە چاغاتاي (Chagatai)
خانىغا تەئەللۇق ئىدى. كېيىن چىڭگىزخاننىڭ پەرزەنت-
لىرىنىڭ قولىدىن پەرزەنتلىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى. شۇنىڭ
بىلەن، قەشقەرىيە بىرقانچە قىسىم بولۇنۇپ، پۈتمەس-
تۈگىمەس جىدەل-ماجرا مەيدانىغا ئايلىنىپ قالدى. 14-
ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، چاغاتاي ئەۋلادىدىن
تۇغلۇق تۆمۈرخان (Tooglook - Timur - Khan) قەشقە-
رىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش بىلەنلا قالماي، ئۇنىڭ چېگ-
رىسىنى شىمالدا ئىلى دەرياسىدىن تارتىپ كۇئىنلۇن تاغ-
لىرىغىچە كېڭەيتتى. تۇغلۇق تۆمۈرخان دانا سىياسەت قول-
لانغانلىقتىن، چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆز ئارا يېغىلىقلىرى-
دىن ۋەيران بولغان بۇ دۆلەت ناھايىتى تېزلا ئۆزىنى ئوڭ-
شىۋالدى. تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قەشقەرىيە تارىخىدا مەشھۇر
شەخس بولۇپ قېلىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەۋى شۇكى،
بۇ ھۆكۈمران 14-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا (ھىجرىيە 754-
يىلى) سەئىد راشىدىن (Said Rashedin)، شەيخ سەئىد—
(مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى) نىڭ قولىدا ئىمان
ئېيتىپ ئىسلام دىنىغا كىردى. نۇرغۇنلىغان موڭغۇل كۆچ-
مەنلىرىمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئىسلامىيەتكە بەيئەت قىلدى.
شۇنىڭدىن كېيىن، ئىسلام دىنى پۈتۈن شەرقى تۈركىستاندا①

① ۋەلىخانوۋنىڭ ئېيتىشىچە، ئىسلام دىنى گەرچە شەرقى
تۈركىستاندا مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىگەن بولسىمۇ، لېكىن
بۇددىزىم 16-ئەسىردىلا بۇ دۆلەتتىن سىقىپ چىقىرىلدى.
«روسىيە پادىشالىغى جۇغراپىيە ئىلمىي جەمىيىتىنىڭ ژورنىلى»
1861-يىللىق 3-توپلام 34-بەت — ئاپتوردىن.

مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىدى.

تۇغلۇق تومۇر ئۆز پايتەختىنى ئاقسۇدىن قەشقەرگە يۆتكىدى. ئۇ يازلىقى ئىسسىق كۆلنىڭ بويىدىكى يەتتە موڭغۇل دىگەن يەردە تۇراتتى. تۇغلۇق تومۇر ئۆز ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، بۇخارانىڭ ئىچكى يېغىلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئۆز ھوكۇمرانلىقى دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋالدى ھەمدە ئۆز ئوغلىنى سەمەرقەنتكە ھوكۇمران قىلدى. بۇ دانا پادىشا ئۆلگەندىن كېيىن، بۇرۇنقى جەڭ-جېدەللەر يېڭىۋاشتىن يۈز بەردى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئۇنىڭدەك قابىلىيەتلىك، شان-شوھرەتلىك بولمىغانلىقتىن، ۋەزىيىتى ئەمدىلا تۇراقلاشقان بۇ دولەت يېڭىۋاشتىن مالىمانچىلىقتا قالدى. تۇغلۇقنىڭ ئوغلى سەمەرقەنتىكى تومۇر تەرىپىدىن (مەشھۇر تومۇرلەڭنىڭ قۇترىتىشى ئارقىسىدا) ئاغدۇرۇلدى. قەشقەرىيەنىڭ ھوكۇمرانلىق ھوقۇقى تۇغلۇقنىڭ جەمەتىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆلتۈرگەن قەمەرىددىن(Kamar Eddin) تەرىپىدىن تارتىۋېلىندى. بۇنىڭدىن بۇ يېڭى ھوكۇمراننىڭ كۈچى ئانچە زور ئەمەسلىگىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ھۆكۈم سۈرگەن دەۋردە، تىيانشان تاغلىرىنىڭ ئىچىدە ئولتۇراقلاشقان كوچمە قەبىلىلەر ھەمىشە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، قەشقەرىيەنى پاراكەندە قىلىپ تۇرغان، ھەتتا تىيانشان تاغلىرىنىڭ شىمالىدىن ئېشىپ ئۆتۈپ، كۈچلۈك تومۇرلەڭ تارخانلىقىنى تالان-تاراج قىلغان. تومۇرلەڭ بۇ كوچمەنلەرنى جازالاش يۈزىسىدىن ئارقا-ئارقىدىن 4 قېتىم ھەربى ھۇجۇم قوزغىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۇرۇنۇشلارنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولغان. 1489-يىلىغا كەلگەندە، تومۇرلەڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق

چوڭ جازالاش يۇرۇشىگە ئاتلانغان. ئۇ ئۆز قوشۇنلىرىنى 5 قىسىمغا بولۇپ، شىمال تەرەپتە زايسان كۆلىگىچە، جەنۇپ تەرەپتە قەشقەرىيەگىچە ئارىلىقتىكى تاغلاردا ياشايدىغان ئاھالىنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلاشنى پىلانلاپ، يۇلتۇز ۋادىسى (قارا شەھەرنىڭ غەربىدىكى جاي) نى پۈتۈن ئارمىيىنىڭ ئۇچرىشىش جايى قىلىپ بەلگىلىگەن. تومۇرلەڭ قوشۇنلىرى قانلىق جەڭلەر ئارقىلىق، ئۇرۇش پىلانىنى ئۇنۇملۇك ئورۇنلىغان. شۇنىڭ بىلەن، قەشقەرىيە تۈزلەڭلىكىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر پارچە زېمىن ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە ۋەيران بولغان. نۇرغۇن ئاھالە قىرىپ تاشلانغان①.

رىتتېر (Ritter) ئاشۇ ئالاھىدە دەۋردە ئۆتكەن پېرسىيە تارىخچىلىرىدىن تۆۋەنكى تەسىرلىك جۈملىلەرنى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق، تومۇرلەڭنىڭ ھەر قايسى يونۇلۇش قوشۇنلىرىنىڭ يۇلتۇز ② ۋادىسىدا ئۇچراشقاندىن كې-

---

① ۋايىدى رىتتېر (Vide Ritter) يازغان. «شەرق تەرەپ ياكى چىنى تۈركىستان» دىگەن كىتاپنىڭ 1869 - يىل نەشرى، 166 - بەت. — ئاپتوردىن.

② گىرىگورىيېۋ (V .V .Grigorieff) ئەپەندىنىڭ 1861 - يىلى نەشر قىلىنغان «مىرزا شەمسى بۇخارا (Mirze. Shemsa. Bokhara) نىڭ ئەسلىمىلىرى» دىگەن كىتاۋىنىڭ 33 - بېتىدە مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ. مەخدۇم ئەزەم (Makhodoom-Azem) قەشقەر، يەركەن، ئاقسۇ ۋە خوتەننىڭ مۇتلەق كوپ قىسىم يەرلىرىنى زىيارەت قىلغاندا، ئاق تاغلىقلار ۋە قارا تاغلىقلار دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى بارماق ئوزبېك ئاھالىسىنى ئۇچراتقان. بۇ يەردە ھۆرمەتلىك مىرزىنىڭ خاتا قىلغانلىقى ناھايىتى ئېنىق.

يىنكى غەلىبىسىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن ئىدى: يۇلتۇز ۋا-دىسى ناھايىتى گۈزەل مەنزىرىلىك بىر يەردۇر. بۇ يەرنىڭ ياپ يېشىل گۈزەل يايلىغى ۋە ساپ ھاۋاسى بار. بىر بۇ گۈزەل تاغلىق رايوننى تەسۋىرلەۋاتقان چېغىمىزدا، ئۇنىڭ ھەممە يېرىگە چېدىر - بارگاھلار قۇرۇلغان ۋە ئاقسۇڭەكلەر ئۈچۈن ھەشەمەتلىك سايىۋەنلەر تىكىلگەن. سايىۋەنلەرنىڭ ئاستىغا گىلەم ۋە كىمخاپ توشەكلەر سې-لىنغان ئىدى. شاھ چېدىر تىكىلگەندىن كېيىن، دۇنيادا ئۇزىنىڭ ياۋۇزلۇغى بىلەن داڭق چىقارغان سەلتەنەت ئىگىسى پارقىراپ تۇرغان ياقۇت - گۆھەرلەر بىلەن بېزەل-گەن مەرمەر تەختتە ئولتۇراتتى. پادىشا ئۇز ئەتراپىغا توپلانغان بارلىق ئەسكەرلەر ۋە بارلاسلارغا ئۇزى دەسسەپ تۇرغان گىلەمنى سۆيۈشكە ئىجازەت بەردى. ئۇ يەنە باش-لىرىغا تاج كىيىپ، قوللىرىدا سەۋلىجان (ھوقۇق تايىغى) تۇتقان خان - پادىشالارغا، شاھزادىلەرگە، ئەمىر - ئەشرەپ-

ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار ياكى ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار تاكى ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان دىنىي مەزھەپلەرنىڭ نامى بولۇپ، ھەرگىزمۇ بىرەر مىللەتنىڭ نامى ئەمەس. ۋاختەن (Wahtens) ئەپەندىمۇ دەل مۇشۇ خاتالىقنى سادىر قىلغان. ئۇ مەككە مەدى-نىدىن ھەج قىلىپ قايتقان ھاجىلاردىن ئۇققان ئەھۋاللارنى ئىزاھلاپ كېلىپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەرلىك ئاھالىسى ئىككى خىل ئۆزبېكلەردىن، يەنى قارا تاغلىقلار ۋە ئاق تاغلىقلاردىن تەركىپ تاپقان، دىگەن (ۋاختەن: «جوڭگو تاتارلىرى ۋە خوتەن ھەققىدە ئەسلىمىلەر»، «بېنگال ئاسىيا جەمىيىتى ئىلمىي ژورنىلى» 1035-يىل 4 - توپلام 661 - بەت) — ئاپتوردىن.

لەرگە ۋە باشقا بارلىق ئالى مەنسەپدارلارغا، سەركەردىلەرگە ھەرقايسىسىنىڭ تۆھپىسىگە قاراپ شان - شەۋكەت تونلىرىنى ھەمدە ھەرخىل ئېسىل جاۋاھىراتلار ئورنىتىلغان كەمەرلەرنى ئىنئام قىلدى. ياش - نوبەر نازىنىنلارنى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىگە ئالتۇن قەدەھلەردە شاراپ تۇتۇشقا بۇيرۇدى. شۇ يەردە ھازىر بولغان بارلىق ئارمىيە ئۆز ھوكۇمرانىنىڭ بۇ مېھىر - شەپقىتىدىن قاتتىق تەسىرلەندى ۋە ئۇنىڭ غەلىبىسىنى بىرنەچچە كۈنلەرگىچە تەبرىكلىدى“.

تۆمۈرلەڭ قەشقەرىيەدىن قەمەرىددىننى قوغلاپ چىقار-غاندىن كېيىن، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ بىر نەۋرىسىنى قەشقەرىيەگە پادىشا قىلىپ تەيىنلىدى. ئۆزى بولسا مۇشۇ پادىشانىڭ قىزىنى ئۆز ئەمرىگە ئالغىنىدىن كېيىن سەمەرقەنتكە قايتىپ كەتتى، ئەمما ئۇ قەشقەرىيەنى نەپسى قانغىچە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، شۇ قەدەر كەمبەغەل - ۋەيرانە ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدىكى، بۇ دۆلەت تا ھازىرغىچە ئۆزىنى ئوڭ-شىۋالالمىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا ئۆتكەن ئەڭ مەشھۇر ئىككى شەخسى — چىڭگىزخان بىلەن تۆمۈرلەڭ قەشقەرىيەنىڭ تەقدىرىگە تۈپتىن قارىمۇ قارشى نەتىجە بېرىدىغان ناھايىتى چوڭ تەسىر كورسەتتى. چىڭگىزخان ھېچبىر قان تۆكمەستىن بۇ دۆلەتنى ئىگەللىگەن ۋە دىنىي ئېتىقاتقا كەڭچىلىك قىلىش ئارقىلىق سودىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ھۈنەر - سەنئەت ۋە ئىلىم - پەننى راۋاجلاندۇرغان. قەشقەرىيەنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە گۈللەپ ياشناپ قۇدرەت تېپىشىغا ئاساس سالغان ئىدى. كېيىنكىسى بولسا، تالان - تاراج ھەم ۋەيران قىلىشنى كەڭ يولغا قويۇپ، چىڭگىزخان

ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى 170 يىل داۋامىدا بەرپا قىلغان غەلىبە مېۋىلىرىنى بىرنەچچە ئاي ئىچىدىلا پۈتۈنلەي نابۇت قىلىۋەتتى.

بىز قەشقەرىيەنىڭ دەسلەپكى تارىخىنى بايان قىلغان چېغىمىزدا، بۇ دۆلەت شۇ قېتىمقى ئېغىر بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كەلگەن بارلىق بەختسىزلىكلەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەنىنىڭ سىرتىدا، يەنە بىر مۇنچە مۇسۇلمان ئەۋلىيالىرى، كارامەتچى تېجىمەللەرنىڭمۇ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. بۇ ئادەملەرنىڭ تەلۋىلەرچە دىنىي ئەسەبىيلىكى، ساختىپەزلىكى ۋە مەزھەپچىلىكى بۇ دۆلەتتە تاكى بۈگۈنگىچە داۋاملىشىۋاتقان يېڭى بەختسىزلىكلەرنىڭ تۈپ نېگىزىدۇر.

قەشقەرىيەنىڭ 15 - ئەسىردىن 18 - ئەسىرگىچە تارىخىغا ئىككى دىنىي مەزھەپ ئوتتۇرىسىدا ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كەلگەن جېدەللەر خاتىرىلەنگەن. بۇ جېدەللەردىن بىر مەھەل جۇڭگولۇقلار، يەنە بىر مەھەل كوچمەن قەبىلىلەر پايدىلىنىپ، بۇ دۆلەتنى ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان. ئاخىرىدا 19 - ئەسىرنىڭ تارىخى بىزگە بۇ جەڭ يېغىلىقلار قەشقەرىيەنىڭ جۇڭگودىن مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىش يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى بىلەن ئاياقلاشقانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. قەشقەرىيە غەربىي تۈركىستانلىق تەۋەككۈلچىلەرنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن بىر قانچە قېتىم ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن ۋە جۇڭگونىڭ بۇ دۆلەتتە تۇرغۇزغان ئەسكەرلىرىنى ھەم خەنزۇلارنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىغان، لېكىن ھەر قېتىملىق كۈرەشتە جۇڭگولۇقلار ئۆزلىرىنىڭ قەيسەرلىكى بىلەن يېڭىۋاشتىن غەلىبە قىلغان. شۇنىڭدەك دارغا ئېسىش ۋە ئېغىر ئالۋان - ياساق سېلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ

يەنە هوقۇق تۈتۈۋاتقانلىغىنى ئەمەلدە كورسەتكەن①.

15 - ۋە 16 - ئەسرلەردە، تۇغىلۇق تومۇرخانىنىڭ ئۇرغۇن ئەۋلاتلىرى قەشقەرىيەگە هوكۇمرانلىق قىلغان. ئۇلار بۇ جاينىڭ ئەڭ ئالى هوكۇمرانلىغىنى تالىشىپ، ئۇزاققىچە جەڭ - جىدەل قىلىشقانلىغى بىلەن دۇنياغا تونۇلغان ئىدى. قەشقەرىيە بىر قانچە قېتىملاپ مۇستەقىل ئىككى دولەتكە بولۇنۇپ كەتكەن ۋە ئۇلار ئايرىم - ئايرىم هالدا قەشقەر ۋە ئاقسۇدا ئوز مەركەزلىرىنى قۇرغان. ئەمما مۇڭغۇل نەس-

① بىز دەل مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقان چېغىمىزدا (1877 - يىل 1 - ئاينىڭ 21 - كۇنىدىن 2 - ئاينىڭ 2 - كۇنىگىچە قارا شەهەر قورغىنىدىن تەخمىنەن 120 چاقىرىم يىراقلىقتىكى كورلا شەهرىدە)، بۇ يەرگە بىر قانچە يۇز چاقىرىم كېلىدىغان توخسۇن بىلەن ئۇرۇمچىنىڭ ئارىلىغىدا جۇڭگو ۋە قەشقەرىيە قوشۇنلىرى بىربىرىگە قارشى سەپ تۈزۈپ تەييار تۇرۇۋاتاتتى. جۇڭگو قوشۇنلىرى بىر قانچە قېتىم غەلىبە قازانغان ئىدى. بۇ چاغدا ماناس ۋە ئۇرۇمچى شەهرى ئالىقاچان قولدىن كەتكەن بولۇپ، بۇ يەرنىڭ نەچچە ئونىڭ ئاهالىسى قىرىپ تاشلاندى. باهار كىرىشى بىلەنلا تۇرپان، كورلا، كۇچا قاتارلىق بەزى شەهەر-لەرنىڭمۇ يۇقۇرقىدەك تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلالماسلىغى كورۇنۇپ تۇرۇپتۇ. "بە دولەت"نىڭ ئاجىز قوشۇنى چىڭ خاندانلىغىنىڭ بىر نەچچە ئونمىڭلىغان ئەسكەرلىرىگە قارشى تۇرالمايدۇ. روسىيە ئەگەر بۇ قېتىمقى قانلىق توقۇنۇشقا ئارىلىشىپ ئۇنىڭغا خاتىمە بەرمەيدىغان بولسا، ئېهتىمال، بۇنىڭدىن 12 يىل ئىلگىرىكى قانلىق قىرغىنىنىڭ چوچەك ۋە غۇلجىدا نەچچە يۇزمىڭ ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولغانلىغىنى كورگىنىمىزدەك، قەشقەرىيەدىمۇ مىليونلىغان ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولۇشىنى كورۇشىمىز مۇمكىن. — ئاپتوردىن.

ىلدىن بولغان بۇ خانلار ئۇزبېك خانلىرىغا بېقىندى بولغاچقا ئۇزاق هوكۇم سۈرەلمىگەن ئىدى. مۇشۇ مەزگىللەردە ئۇزبېك خانلىرى بۇخارا، سەمەرقەنت، قوقان ۋە تاشكەنتلەرگە هوكۇمرانلىق قىلاتتى. غەربىي تۈركىستاندىكى (ماۋرائۇننەهىردىكى) ئۇزبېك خانلىرىنىڭ كۈچىنىڭ زورىيىشى شەرقىي تۈركىستاندىكى موڭغۇل خانلىرىنىڭ كۈچىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. تىيانشان تاغلىرى ئەتراپىدا ئولتۇرۇشلۇق كوچمەنلەر پۈرسەتنى قولدىن بەرمەي موڭغۇل خانلىرى ئىچىدە پارتلىغان زىددىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىچكى ئۇرۇشلىرىغا ئارىلىشاتتى ياكى بىر دەم بۇ پادىشانى قوللىسا، بىر دەم يەنە بىر پادىشانى قوللايتتى. بۇ كوچمەنلەر قەشقەرىيەنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي، بەلكى داۋاملىق تۇردە يەنە قوقان ۋە تاشكەنتلەرگىچە تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلىپ كىرەتتى. بۇ پاكىتلار ئۇزبېكلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قول تىقىشىغا بانا - سەۋەپ بولۇپ بېرەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇزبېك خانلىرى كوچمەن موڭغۇللارنى جازالاش نامى بىلەن سەمەرقەنتتىن قەشقەرىيەگە ئەسكەر كىرگۈزۈپ، ئۇنى بېسىۋالدى.

15 -، 16 - ئەسىرلەرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەشقەرىيەگە هوكۇمرانلىق قىلغان چىڭگىزخان ئەۋلاتلىرى ئىچىدە سۇلتان سەئىد (Sultan Səid) ئەڭ مەشهۇر ئىدى. ئۇ تيانشاننىڭ شىمالىدىكى كوچمەنلەرنى بويسۇندۇرۇپلا قالماي، بەلكى ئۇزىنىڭ چېگرىسىنى جەنۇپ ۋە غەرپ تەرەپتىكى كەشمىر ۋە بەدەخشانغىچە كېڭەيتتى. بۇنىڭ سىرتىدا، ئۇ يەنە 1531 -، 1533 - يىللىرى 5000 ئەسكەرنى باشلاپ

تىبەتكە قارشى جازا يۈرۈشى قىلغان ئىدى. قىش كىرىپ قالغانلىقتىن، ئۇز قوشۇنلىرىنىڭ تەمىنات مەسىلىسىنى ھەل قىلالماي، ھەربى يۈرۈشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇز ئوغلى ئىسكەندەر (Iskəndər) نى 4000 ئەسكەر بىلەن كەشمىردىكى بىر قىشلاقتا ئەۋەتىپ، ئۇز يېنىدىكى 1000 ئەسكەر بىلەن بالتىنىڭ يېنىدا قىشلاپ قالدى. ياز كىرىشى بىلەن تەگلا سۇلتان سەئىد ئۇز قوشۇنلىرىنى يېغىۋاشتىن يىغىپ، لىخاساغا داۋاملىق يۈرۈش قىلدى ۋە بۇ شەھەرنى بېسىۋالدى. سۇلتان سەئىد قايتىپ كېلىۋېتىپ، قارا قۇرۇم تاغ ئېغىزىغا يېقىن بىر يەردە ئىگىز تاغ رىئاكسىيەسى بىلەن قازا قىلىپ كەتتى①. بۇ غەيرى دىندىكىلەر ئۈستىگە قىلىنغان بىر قېتىملىق غازات يۈرۈشى ئىدى. قەشقەردىكى خوجىلار ياكى ئىككى مەزھەپنىڭ كاتىۋاشلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پۈتمەس - تۈگۈمەس جەڭ - ماجىرالار شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن باشلانغان ئىدى.

14 -، 15 - ئەسىرلەردە، بۇخارا بىلەن سەمەرقەنت نۇرغۇنلىغان تالىپلارنىڭ ئىسلام دىنىي ئەقىدىلىرىنى ئۈگىنىدىغان ۋە قوبۇل قىلىدىغان مەركىزىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ تالىپلار ئەۋلىيا ۋە كارامەتچى دىگەن ئاتاقنا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئىسلامىيەتنى تەشۋىق قىلاتتى، 15 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، مۇشۇ مەركەزدە راۋاجلاندۇرۇلغان بۇ تەلۋىلەرچە ئەسەبىلىك ۋە ساختىپەزلىكلەر قەشقەرىيەگىمۇ

① بېللوۋ : سۇلتان سەئىد ھوكۇم سۈرگەن دەۋردە مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر (Mirrza Mahommed Goodar) قەشقەرىيەدىكى موگغۇل خانلىرىنىڭ تارىخىنى يازغان. ئۇ بۇنى «تارىخ رەشىدىيە» دەپ ئاتىغان. — ئاپتوردىن.

تارقالدى.

مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرى 8 - ئەسىردىلا شەرقىي تۈركىستانغا كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پەقەت ئەرەپ ئىستىلاسى مەزگىلىدىكى بىر خىل ۋاقىتلىق قىزغىنلىقتىنلا ئىبارەت ئىدى. كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە بولۇپمۇ موڭغۇل خانلىرى شەرقىي تۈركىستانغا ھوكۇمرانلىق قىلغان دەۋردە، بۇ دولەتتە يۈرگۈزۈلگەن دىنىي كەڭچىلىك رۇبىرۇكۋىست (1254 Rubrukvist)①، ماركوپولو (1280 .Marco Polo)، خۇگىس(1604 .Hughes) قاتارلىق ياۋرۇپا ساياھەتچىلىرىنى ناھايىتى ھەيران قالدۇرغان. كېيىنكى ئىككى كىشى ناھايىتى ئىرادىلىك مىسسىئونىرلاردىن بولۇپ، ئۇلار قەشقەرىيە ئاھالىسى ئىچىدە قائىدە - يوسۇنلارنىڭ بوششىپ كەتكەنلىكىنى كورۇپ ناھايىتى ئېچىنغان.

بۇ ئۈچ ساياھەتچىنىڭ بىرىنچىسى مۇشۇ دولەتتىكى لوپنور كولىنىڭ شىمالىدىن قارا شەھەرگىچە بولغان يەرلەرنى زىيارەت قىلغان. ئۇنىڭ يازغان خاتىرىسىگە قارىغاندا، شۇ چاغلاردا بۇ يەردە موڭغۇللارنىڭ ھوكۇمرانلىقى ئاستىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار بار بولۇپ، بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارمۇ بۇددىستلار ئىكەن. لېكىن ئۇلارنىڭ شەھەرلىرىدە نېستۇرىيان مەزھىپىدىكى خىرىستىيانلار سارتلار (مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ئېتىقاتچىلىرى) بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئىكەن.

---

① گرىگورىيېۋ ئەپەندى (ئۇزىنىڭ رىتتېر يازغان «شەرقى تەرەپ ياكى چىنى تۈركىستان» ناملىق ئەسەر، ئۈچۈن يازغان ئىزاھاتىنىڭ 428 - بېتىدە): رۇبىرۇكۇۋىستىنىڭ ئەسلى ئىسمى رۇئىسبىرۇك (Ruisbirük) دەپ كورسىتىدۇ — ئاپتوردىن.

نېستورىيانلار ئۇزلىرىنىڭ چېركاۋلىرىدا ① ئۇيغۇر يېزىغىنى قوللانغان ئىكەن. رۇبرۇكۋىست بىزگە يەنە ئۇزىنىڭ نېستورىيانلار كەنتىنى زىيارەت قىلىش ئەھۋالىنى بايان قىلىپ كېلىپ، ئۇ ھىلىقى ساياھەتچى ھەمراھلىرى بىلەن بىللە چېركاۋلارغا كىرگەنلىكى ۋە خوشاللىقىدىن "سالۋۇدۇۋنا" (خىرىستىيانلارنىڭ دىنىي مەدھىيىسى)نى ئۇنلۇك ئوقۇغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ساياھەتچى ماركوپولومۇ بۇ دولەتتە بۇددىزىم، ئىسلام دىنى ۋە خىرىستىيان دىنىدىن ② ئىبارەت ئۈچ دىنىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا تەڭ قوللىنىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ ھەتتا ئۇزىنىڭ يەركەنىنى زىيارەت قىلغان چېغىدا، كاتولىك دىنىنىڭ ئېپىسكوپى (باش روھانىسى) بىلەن بىللە تۇرغانلىقىنى يازىدۇ③، بىر تومۇرلەڭنىڭ ئوغلى شاھروھ (Shahrok) ھوقوق تۇتقان مەزگىلدە جۇڭگوغا بارغان بىر چەتئەللىك ئەلچىنىڭ يازغان خاتىرىسىدىن شۇ ۋاقىتلاردا يۇرگۇزۇلگەن دىنىي ھورىيەتكە ئائىت بەزى دەلىل - ئىسپاتلارنى تاپتۇق.

بۇ چەتئەللىك ئەلچى 1420 - يىلى قۇمۇل شەھرىدە غەيرى دىندىكىلەرنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ④ بىلەن بىر

---

① رىتتېرنىڭ «شەرقىي تەرەپ ياكى چىنى تۈركىستان» دىگەن كىتاۋىنىڭ 161 - بېتىگە قاراڭ. — ئاپتوردىن.

② رىتتېر يازغان «شەرقىي تەرەپ ۋە چىنى تۈركىستان» دىگەن كىتاپىنىڭ 164 - بېتىگە قاراڭ. — ئاپتوردىن.

③ بېللوۋ. — ئاپتوردىن.

④ ۋەلىخانوۋ: «روسىيە پادىشالىق جۇغراپىيە ئىلمىي جەمىيىتىنىڭ ژورنىلى»، 1861 - يىل، 3 - توپلام، 34 - بەت. — ئاپتوردىن.

قانچە ياسىداق مىچىتلەرنىڭ بىر قاتاردا تۇرغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى يازىدۇ.

15 - ئەسىردە، ئىسلام دىنىي مەزھەپلىرىنىڭ مەشھۇر ئۆلىمالىرى ۋە بىشارەتچىلىرى غەرپتىكى جايلاردىن شەرقىي تۈركىستانغا كىرىشكە باشلىدى. ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن تەڭلا، دىنىي جەھەتتىكى تار بىر تەرەپلىمىلىك قاراشلار بىلەن قاتتىق قوللۇق دىنىي جەھەتتىكى كەڭچىلىكنىڭ ئورنىغا ئۆتتى، قانلىق ئۇرۇشلار ئارقىمۇ ئارقىدىن يۈز بېرىشكە باشلىدى. قەشقەرىيە بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىقتىسادىي پالەچلىك ھالىتى قەشقەرىيەنى ھازىرقى بىچارىلىك ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

15 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ پۇشتى، بۇخارالىق روھانى سەئىد مەختۇم ئەزەم خوجا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاساسلىق شەھەرلىرىنى① زىيارەت قىلغىنىدا، قەشقەرىيە خانىنىڭ ھىمايىسىگە ۋە نۇرغۇن ماددى ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ، بىردىنلا بېيىپ كەتتى ۋە يەرلىك ئاھالە ئىچىدە زور ئابروي قازاندى، بولۇپمۇ مەختۇم ئەزەمنىڭ ئىمام كالان خوجا (Imam kalya)، ئىساق ۋەلىيۇللا خوجا (Isakwali Khadja) دېگەن ئىككى ئوغلى قەشقەرىيەخانىنىڭ ۋە ئاھالىسىنىڭ ئېتىقادىنى ئۇزلا

① گرىگورىيېۋ: «مىرزا شەمس بۇخارانىڭ يىلنامىسى»، 1861 - يىل نەشرى، 34 - بەت. ۋەلىخانوۋنىڭ: «روسىيە پادىشالىق جۇغراپىيە ئىلمىي جەمىيىتىنىڭ ژۇرنىلى»، 1861 - يىللىق 3 - سانىنىڭ 34 - بېتىدىكى ماقالىسىدىن پايدىلىنىڭ. — ئاپتوردىن.

رىگە قارىتىپ، بۇ يەردە مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ھامىسى بولۇپ قالدى، ئۇلار خوجىلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كەلگۈسى مۇھىم ئورنى ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەردى.
ئۇلارنىڭ كەينىدە بىر توپ سوپىلار (غايىپلار)، دەرۋىشلەر ۋە تەقۋادار مۇرىتلار ئەگىشىپ يۈرەتتى. بۇ ئاكا-ئۇكا ئىككەيلەننىڭ دىنىي تەشەببۇسلىرىدىكى پەرق ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار كېيىنچە ئىككى دىنىي مەزھەپ بولۇپ شەكىللەندى. ئىمام كالانىغا ئەگەشكۈچىلەر ئۆزلىرىنى ئىشاقىيا دەپ ئاتىدى. ئىسھاق ۋەلىيۇللا خوجا تەرەپتىكىلەر بولسا ئۆزلىرىنى ئىساقىيا دەپ ئاتىدى. كېيىنكى ۋاقىتتا بۇ ئىككى مەزھەپنىڭ ئالدىنقىسى "ئاق تاغلىقلار" (ئاق تاغلىقلار)"، كېيىنكىسى "قارا تاغلىقلار" (قارا تاغلىقلار) دەپ ئاتالدى. بۇ ئىككى مەزھەپ ھازىرغىچە مەۋجۇت، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى مۇھىم رولىنى ئاللىقاچان يوقاتقان ئىدى.
بۇ ئىككى مەزھەپنىڭ باشلىقلىرى ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى تەسىر كۈچىگە ئانچە قانائەت قىلماي، سىياسى جەھەتتىمۇ ھوقۇق تۇتۇشنى ئارزۇ قىلىپ قالدى. مۇشۇ مەقسەتتە ئۇلار بىر پۈتۈن دۆلەتنى بىر بىرىگە زىت ئىككى لاگېرغا بولۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ شەخسى مۇددىئاسىنى كۆزلەپ، بۇ دۆلەتكە ئاۋال جۇڭغارلارنى، ئاندىن كېيىن خەنزۇلارنى باشلاپ كەلدى.
ئاپپاق خوجا ئاق تاغلىقلار گۇرۇھىنىڭ باشلىقى بولغان چاغدىن باشلاپ، خوجىلار ئوتتۇرىسىدا ئەڭ ئالى سىياسى ھوكۇمرانلىقنى تالىشىش يۈزىسىدىن ئۆزئارا سۈئىە-

قەستلىك كۈرەشلەر باشلانغان ئىدى.

ئاپپاق خوجا ئۆزىنىڭ دىنىي ئۇلىمالىق ۋە ئىشانلىق كاتتا نامى بىلەن پەقەت شەرقىي تۈركىستاندىكى ياشلارنىلا ئەمەس، بەلكى غەربىي تۈركىستاندىكى ياشلارنىمۇ ئۆزىگە قارىتىۋالدى. ھەتتا ماۋرائىننەھرىدىن كەلگەن ھوكۈمرانلار قاتىلىمىدىكى بەزى ئادەملەرنىمۇ ئۆزىگە مۇرىت قىلىۋالدى. ئاپپاق خوجا ئۆزىنىڭ شەيخۇلئىسلاملىق ئابرويى بىلەن ھازىرمۇ قەشقەرىيەلىكلەرنىڭ تاۋاپ قىلىشىغا ئېرىشمەكتە. ئۇنىڭ قەۋرىسىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن، خېلى يىراق يەرلەردىن ھەر يىلى نۇرغۇن كىشى قەشقەرگە كېلىشىدۇ.

ئاپپاق خوجىنىڭ دىنىي ئابرويى قەشقەرىيەدە ئەڭ يۇقۇرى پەللىگە يەتكەن چاغدا، چىڭگىزخاننىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەۋلادىدىن ئىسمائىلخان (Khan Ismail) مۇشۇ دولەتتە ھوكۈمران ئىدى. بۇ يېڭى ھوكۈمران قارا تاغلىقلار گۇرۇھىنىڭ كەسكىن ئەزاسى بولغاچقا، ئاپپاق خوجىنىڭ ئۈنچىۋالا ئاتاقتا ئىگە بولۇشىغا زادىلا چىداپ تۇرالمايتتى، شۇڭا ئۇ ھەر خىل چارە ـ تەدبىرلەر بىلەن ئاپپاق خوجىنى قەشقەرىيەدىن قوغلاپ چىقىرىشقا تىرىشاتتى. تەقىپكە ئۇچرىغان ئاپپاق خوجا ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، قولىدىن كېلىشىچە ھەر خىل چارىلەرنى قوللاندى. ئۇ تىبەتكە بېرىپ دالاي لاما① بىلەن كورۇشۇپ، ئۇنىڭدىن ياردەم سورىدى ۋە ئىسلامىيەتنىڭ ھەقىقى دۇشمىنى بولغان دالاي لامانىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ئاپپاق خوجا بۇنىڭ سىرتىدا

---

① 6 ـ ئەۋلات دالاي لاما ئەينى زاماندا شىزاڭنىڭ مەركىزى لىخاسادا تۇرىدىغان بولۇپ، ئۇ پۈتكۈل ئاسىيادىكى بۇددىستلارنىڭ مەنىۋى داھىسى ھىساپلىناتتى. ــ تەرجىماندىن.

يەنە ئۆزىنىڭ شەخسى مۇددىئاسىنى كوزلەپ، ئۇز ۋەتىنىنى جۇڭغارلارنىڭ ئاياق - ئاستى قىلىشىغا تاشلاپ بەردى. 1678 - يىلى جۇڭغارلار قەشقەرىيەنى بىسىۋالدى ۋە تاكى خەنزۇلار بۇ دولەتنىڭ هوقۇقىنى تارتىۋالغانغا قەدەر 78 يىل هوكۇمرانلىق قىلدى. خەنزۇلارمۇ ئاق تاغلىقلار گۇرۇھىنىڭ يەنە بىر شەخسى مۇددىئاسىنى كوزلەيدىغان قارا نىيەت باشلىغى بۇرھانىددىن خوجا(Boor Khan Eddin) تەرىپىدىن تەكلىپ قىلىپ كەلتۇرۇلگەن ئىدى (بۇ يەردە بىز شۇنى ئەستە تۇتۇشىمىز كېرەككى، جۇڭغارلار ياكى قالماقلار ئۇزلىرىنى موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ بىرسى دەپ ئاتايتتى. ئۇلار ئىلى، تېكەس، كۇنەس ۋە چوڭ - كىچىك يۇلتۇز ۋادىلىرىدا ئولتۇراقلاشقان ئىدى).

17 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، جۇڭغارلار جۇڭگودا موڭغۇللار تەرىپىدىن قۇرۇلغان يۇەن سۇلالىسى هالاك بولغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇيۇشتى ۋە چوروس قەبىلىسىنىڭ خانى غالدان بوشۇكتۇ (Haldan Bokoshata)①نى ئۇزلىرىنىڭ رەھبىرى قىلىپ سايلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن جۇڭغارلار بىر مەزگىل ئۇزلىرىنى"ئۇلۇتلار" (ئۇلۇت) دەپ ئۇز بەگلىرىنى بولسا "ئورت" (ort) دەپ ئاتاشتى.

غالدان بوشۇكتۇخان هوكۇمرانلىق قىلغان دەۋردە جۇڭغارلارنىڭ زېمىنى ناهايىتى كەڭ بولۇپ، ئۇلارنىڭ چېگرىسى شىمالدا سىبىرىيەگىچە، شەرقتە موڭغۇلخان هوكۇمرانلىغىدىكى خالخې موڭغۇللىرىنىڭ يەرلىرىگىچە، غەرىپتە قىرغىز دالاسىدىن تارتىپ، بالقاش كولىگىچە، جەنۇپتا

① "بوشۇكتۇ" موڭغۇلچە سوز بولۇپ، "تەڭرى ئىرادىسى بىلەن هوقۇق تۇتقۇچى" دىگەن مەنىدە. — تەرجىماندىن.

شەرقىي تۈركىستانغىچە (كۇچا، قارا شەھەر، تۇرپان قاتارلىق يەرلەرگىچە) بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ مەزگىلدە، جۇڭغارلار (قالماقلار) چوروسلار، تورغاتلار، خوشۇتلار ۋە دوربۇت مۇڭغۇللىرىدىن ئىبارەت 4 قەبىلىگە بولۇنەتتى. ئۇلار ھازىرمۇ مۇشۇ ناملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەربىر قەبىلىنىڭ ئۆز ئالدىغا ھوكۇمرانلىق قىلىدىغان خانى بولىسمۇ، لېكىن بۇ خانلارنىڭ ھەممىسى چوروس خانىغا بويسۇناتتى.

جۇڭغارلار مۇستەقىل ھوكۇمرانلىق قىلغان چېغىدا جۇڭگولۇقلار بىلەن توختىماي ئۇرۇش قىلىپ تۇردى. ئەمما بۇ ئۇرۇشلار جۇڭغارلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان بىلەن تىبەتنى ئۆز تېررىتورىيىسىگە ① قوشۇۋېلىشىغا ھېچقانداق توسقۇنلۇق قىلالمىغان ئىدى.

كېيىنكى چاغلاردا، جۇڭگولۇقلار قالماقلارنىڭ ئاقساقىلى ئامۇرسەنا (Amoor Sana) نىڭ خائىنلىق قىلىشىدىن ۋە جۇڭغارلارنىڭ ئۆز ئىچىدىكى جېدەل ماجرالاردىن پايدىلىنىپ، يۇقۇرىدىكى دولەتلەرنى ھېچقانداق بەدەلسىزلا بېسىۋالدى.

جۇڭغارىيە چوروس خانلىرى ھوكۇمرانلىق قىلغان ۋە غالدان بوشۇكتۇ ھوكۇمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە ئاجايىپ روناق تاپقان. تىيانشاننىڭ شەرق تەرىپىدىكى ۋادىلار تىمەن تۈگمىلەر، ئىگىز ئاتلار ۋە سېمىز قوي پادىلىرى بىلەن تول-

---

① گولوبېۋ: «ئىلىنىڭ سىرتىدىكى يەرلەر»، «روسىيە پادشالىق جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ژورنىلى»، 1861 - يىلىلىق 3 - توپلام، 106 - بەتكە قارالسۇن. — ئاپتوردىن.

غان ئىدى. بۇ چاغدا دولەتنىڭ مەركىزى ئىلى بولۇپ، خان ئۇ يەردە ئۆزىنىڭ نۇرغۇنلىغان كوچمەن چارۋىچى ئاھالىسىنى باشقۇراتتى①.

ئاپپاق خوجا دالاي لامانىڭ مەسلىھىتى بويىچە غالداندىن بوشۇكتۇدىن ئۆزىنىڭ رەقىبى — قەشقەردىكى ئىسمائىلغانغا قارشى تۇرۇشقا ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. غالدان بۇنى پايدىلىق پۇرسەت دەپ بىلىپلا، قەشقەرىيىنىڭ ئىچكى ئىشىغا قول تىقتى ۋە بۇ يەرنى 1678 - يىلى بېسىۋالدى. ئۇ ئاپپاقنى ئۆزىنىڭ ۋەكىلى قىلىپ تەيىنلىدى، قەشقەرنىڭ سابىق خانى ئىسمائىلنىڭ ئائىلە - تاۋابىاتلىرىنى ئەسىرگە ئېلىپ ئىلىغا قايتتى.

بىر غالداننىڭ قەشقەرىيەنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قىلچە قول تەككۈزمەي، قەشقەرىيەدىن ئۇنىڭغا ھەر ئايدا تاپشۇرۇلىدىغان 400.000 سەر تەڭگە (500.000 رۇبلى ياكى 62.500 فۇنت ستېرلىڭ) بىلەنلا قانائەتلەنگەنلىگىدىن، ئۇنىڭ سىياسى تاكتىكىسىنىڭ نىمە ئىكەنلىگىنى چۈشىنىۋالالايمىز. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئاپپاق خوجا ئۆزىنىڭ ۋەتىنىگە ساتقىنلىق قىلغان بەتنامىنى يۇيۇش ئۈچۈن، ھاكىمىيەت ئىشلىرىدىن قول ئۈزۈپ، ئىسمائىلخاننىڭ ئىنىسى مۇھەممەت ئەمىرنى ئۇچتۇرپاندىن تەكلىپ قىلىپ كېلىپ، قەشقەرنىڭ خانى دەپ ئېلان قىلدى ھەمدە مۇھەممەت ئەمىرخاننى ۋەتەننى جۇڭغارلارنىڭ ئاسارىتىدىن ئازات قىلىشقا دەۋەت قىلدى. ئاپپاق خوجا

① كوچمەن چارۋىچى قالماقلار ئۇلۇسلار ياكى قەبىلىلەرگە بولۇنىدۇ. ئۇلارنىڭ يازلىق ۋە قىشلىق تۇرار جايلىرى ستۇيبىشا (چارۋىچىلار لاگېرى) دەپ ئاتىلىدۇ. — ئاپتوردىن.

پىلانلىغان بۇ ئاخىرقى ھەركەت دولەتكە ئۇنىڭ تۈنجى قېتىملىق ئاسىيلىغىدىنمۇ يامان ئاقىۋەت ئېلىپ كېلەتتى.

ئەمىرخان (Kihan Emir) ھەققەتەنمۇ جۇڭغارلارغا قارشى قوزغىغان بىر قېتىملىق ھۇجۇمدا غەلىبە قىلغان. شۇ قېتىمقى غەلىبە بىلەن 30.000 دەك ئەر-ئايال ئەسىر، نۇرغۇن مال-چارۋا ۋە بايلىقلارنى ئېلىپ قايتقان ئىدى. ئەمما كېيىن قالماقلارنىڭ ھىيلە-مىكىرىسىدىن قورقۇپ تاقىقا قېچىپ بارغىنىدا، ئۇز ئادەملىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەرىيە يېڭىۋاشتىن خوجىلارنىڭ ئۇزئارا قانلىق جەڭ قىلىدىغان سەھنىسىگە ئايلىنىپ قالدى. جۇڭگولۇقلار بۇ دولەتنى بېسىۋالغاندىن كېيىنلا(1825-يىلىغا كەلگەندە) بۇ ئىچكى ئۇرۇشلار ۋاقتىنچە توختىدى.

ئەمىرخان ئۆلگەندىن كېيىن، ئاپپاق خوجا ئالى سىياسى ھوقۇقنى يېڭىۋاشتىن قولغا كىرگۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇزاق ھوكۇم سۈرەلمىدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن① ھوقۇقنى ئۇنىڭ خوتۇنى خېنىم پاشا② (Khanuin-Padsha) قولغا كىرگۈزۈۋالدى. خېنىم پاشا ئۇز ئەتراپىدىكى بىر تۇركۇم دەرۋىشلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئاپپاق خوجىنىڭ چوڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ، ئائىلە ھوكۇمرانلىق ھوقۇقنى ئۇز ئوغلى مەھدى (Mehdi) گە تارتىپ ئېلىپ بەردى. ئەمما ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، خېنىم پاشا ئۆزى پىلانلىغان سۇيىقەستىنىڭ قۇربانى بولۇپ، ھىلىقى دەۋرىشلەرنىڭ پىچىقى ئاستىدا

① «ئاپپاق خوجا تەزكىرىسى» دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرۈلگەن. — تەرجىماندىن.

② ئۇچتۇرپانلىق ئېيزىم پاشا خېنىم بولسا كېرەك. — تەرجىماندىن.

ئۇلدى. مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن، يەركەن ۋە قەشقەر ئايرىم-ئايرىم ھالدا قارا تاغلىقلار مەزھىپىدىكى دانىيال خوجا ۋە ئاق تاغلىقلار مەزھىپىدىكى ئەخمەت خوجىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. بۇ ئىككى خوجا يەنە ئۆزئارا قانلىق جەڭ باشلىۋەتتى. دانىيال خوجا دەسلەپتە يەركەندىكى قىرغىزلارنى ياردەمگە چاقىردى. بۇ قىرغىزلارنىڭ سەركەردىسى سۇلتان ھاشىم (Sultan Ashem) دىگەن كىشى بولۇپ، بىر مەزگىل يەركەنگە خان بولغان ئىدى. لېكىن دانىيال خوجا جۇڭغارلارنىڭ ئەمىرخاندىن ئىنتىقام ئېلىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ياۋغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن، قەشقەرگە يۈرۈش قىلىپ كېلىۋاتقان قالماقلار قوشۇنىغا قوشۇلدى. دانىيال خوجا يېڭى ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن بىرلىكتە قەشقەرلىقلەر بىلەن بىرنەچچە مەيدان ئېلىشتى. ئاخىر قەشقەر تەرەپ مەغلۇپ بولۇپ، سېپىلنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. جۇڭغارلار بۇ قېتىممۇ ناھايىتى كەڭ قوساقلىق قىلدى. جۇڭغارلارنىڭ بۇلاڭ-تالاڭ قىلغانلىقى ياكى ئۆز دۈشمەنلىرىنى قىرغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق خاتىرىنى كورمىدۇق، ئۇلار قەشقەر شەھرىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، پۇقرا تەرىپىدىن سايلانغان بىر ئادەمنى بۇ يەرگە ھوكۇمران قىلىپ تەيىنلەپ، ئەخمەت خوجىنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋاباتلىرىنى ھەم ئۇنىڭ چوڭ تەسىر كۆچكە ئىگە مۇخلىسلىرىنى، شۇنىڭدەك دانىيال خوجىنى ئېلىپلا ئۆز دولىتىگە قايتتى.

1720-يىلى غالدان بوشۇكتۇ ئۆلگەندىن كېيىن، سېۋىن ئاربىدە دىگەن بىر كىشى جۇڭغارىيە تەختىگە چىقتى. بۇ يېڭى ھوكۇمران دانىيال خوجىغا قەشقەرىيەدىكى

ئالته شەھەرنى باشقۇرۇشنى تاپشۇردى. دانىيال خوجا يەر-كەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ يەرنى ئۆزىنىڭ مەر-كىزى قىلىپ بەلگىلىدى ۋە ھەر قايسى شەھەرلەرگە ئۆزى تاللىغان ھاكىملارنى تەيىنلىدى. ئېھتىمال، "ئالته شەھەر" دىگەن نام مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن. قەشقەرىيە دەل ئالته شەھەرنىڭ نامى بىلەن تونۇلغان. بۇ ئالته شەھەر قەشقەر، يېڭىسار، يەركەن، خوتەن، ئاقسۇ ۋە كۇچار① لارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. دانىيال خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى جۇڭغارلار ئوردىسىدا گۆرۈگە تۇتۇپ قېلىنغاندى.

غالدان سېرىن (Haldan S'erin) جۇڭغارىيىگە پادىشا بولغاندىن كېيىنمۇ دانىيال خوجا ھۆكۈمران بولۇپ تۇ-رىۋەردى. نەتىجىدە قارا تاغلىقلار قەشقەرىيىدە ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى تۇرغۇزۇۋالدى. دانىيال خوجا ۋاپات بولغان-دىن كېيىن، غالدان سېرىن ئۆزىنىڭ 4 ئوغلىنى بىردىن شەھەرگە خان قىلىش پەرمانىنى چۈشۈرۈپ، چوڭ ئوغلىغا يەركەننى، ئىككىنچى ئوغلىغا قەشقەرنى، ئۈچىنچى ئوغلىغا ئاقسۇنى، تۆتىنچى ئوغلى يۇنۇس خوجىغا (Yunus Khodja) خوتەننى بەردى. دىمەك، ئۇ قەشقەرىيەدىن ئۆزىگە كېلىدىغان تەھدىتنى ئازايتىش ئۈچۈن، قەشقەرىيەنى بولۇپ ئىدارە قىلىش چارىسىنى قوللانغان ئىدى.

يۇنۇس خوجا — بۇ تۇت ئاكا - ئۇكا ئىچىدە قەلبى جۇشقۇنلۇقى ۋە ئۇلۇغ ئارزۇ - ئىستەكلەرگە تولغان كىشى ئىدى. يۇنۇس خوجا جۇڭغارلارنىڭ ئاجىزلىقىنى سەزگەندىن

① كېيىن ياقۇپ بەگ بۇ ئالته شەھەرگە يەنە قارا شەھەرنىمۇ قوشقان. شۇنىڭ بىلەن قەشقەرىيە يەتتە شەھەر دەپ ئاتىلىدىغان بولغان. — ئاپتوردىن.

كېيىن، قەشقەرىيەنىڭ مۇستەقىللىغىنى قولغا كەلتۈرۈشكە بەل باغلىدى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ مەقسىدىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن جىددى چارە ئىزلەشكە كىرىشتى. ئاقسۇ ۋە ئۈچتۇرپانىنىڭ ھاكىملىرى جۇڭغارىيە ھوكۇمىتىگە يۇنۇسنىڭ ئەھۋالىنى چېقىپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن جوڭغارلار ئۆزىنىڭ ئىچكى جىدەل ماجرالىرى بىلەن بەنت بولۇپ كەتكەچكە، يۇنۇسنىڭ پىلانىنى تارمار قىلىشقا ئۇلارنىڭ قۇدرىتى يەتمەيدىغانلىغىنى سېزىپ قالدى.

غالدان سېرىن ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ جەمەتلىرى ئوتتۇرىسىدا تەخت تالىشىش كۈرىشى پارتلىدى. بۇ كۈرەش بىر بىرىگە قارشى تەرەپنىڭ تەخت ۋارىسلىرىنى ئاغدۇرۇش①

---

① غالداننىڭ ئۇرۇق جەمەتلىرىنىڭ تەخت تالىشىش كۈرىشى داۋامىدا قىلغان رەزىللىكلىرىنىڭ تىپىك مىسالى سۈپىتىدە، سىز تۆۋەندە ئابراموۋ (Abramoff) ئەپەندىنىڭ «روسىيە پادىشالىق جۇغراپىيە ئىلمىي جەمىيىتىنىڭ ژورنىلى»، 1861 - يىللىق مەجمۇئەسىنىڭ 160 - بېتىگە بېسىلغان ماقالىسىدىن نەقىل كەلتۈرىمىز. بۇ نەقىللەر جۇڭگولۇقلار يازغان «غەربىي يۇرتتا كورگەن - بىلگەنلىرىمىز» (جۇڭگونىڭ غەربىي رايونلىرىغا يېقىن جايلارنىڭ يىلنامىسى) دىن ئېلىنغان. "1745 - يىلى 9 - ئايدا، غالدان سېرىن خان ئۆلدى. خاننىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئۇنىڭ 2 - ئوغلى سېۋىن دورجى ئاجەنامجىل (Isaran - Dorizi-Atchja - namjyal) تەختكە ئولتۇردى. ئۇ ئاردىن ئۇزاق ئوتمەي ئوز ئىنىسى سېۋىن جايىل (Isaran - Djail) نى ئولتۈرۈۋەتتى. غالدان سېرىننىڭ چوڭ ئوغلى لامادارجا (Lama - Dardja) ئۆزىنىڭمۇ كىچىك ئىنىسىگە ئوخشاش بامان ئاقىۋەتكە قېلىشىدىن قورقۇپ، خاننىڭ بۇ ۋارىسىنى ئولتۈرۈپلا

بىلەن ئاخىرلاشتى. غالدانىڭ يىراق تۇققىنى، قالماقلار قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئامۇرسەنا مۇشۇ غەلىياندىن پايدىلىنىپ خانلىق تەختىنى تارتىۋېلىش نىيىتىگە كەلدى-دە، ئۆزىگە يېقىن بەزى كىشىلەرنىڭ تەلىپىنى سىناپ كورمەكچى بولدى. ئەمما ئىش ئۇنىڭ ئويلىغان يېرىدىن چىقماي قالغانلىقتىن، 1847-يىلى ئۆز قەبىلىسى بىلەن بىللە جۇڭگو پۇقرالىقىنى قوبۇل قىلدى. چىڭ خاندانلىقى ئۆز قولىغا كەلگەن بۇ چوڭ ئامەتنى ھەرگىز قولدىن بەرمەيتتى. شۇڭا دەرھال بۇ دولەتكە ئەسكەر چىقاردى. جۇڭگو قوشۇنلىرىغا ھەمرا بولۇپ بارغان ئامۇرسەنا قالماقلارنىڭ ئاقساقاللىرىنى قارشىلىقسىز جۇڭگو تەرەپكە ئۆتۈشكە قايىل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، جۇڭگو-

---

دولەتنىڭ چوڭ ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا ئالدى. لامادارجىنىڭ ئاچىسى ئولان باير (Dolan-Bayr) ۋە ئۇنىڭ ئېرى ئىسيان كوتەرگەنلىگى ئۈچۈن بۇلارمۇ ئولتۇرۇلدى. بىز يۇقۇرىدا ئېيتىلغان بارلىق قىرغىنلارنىڭ پەقەت بىر نەچچە يىل ئىچىدىلا يۈز بەرگەنلىگىنى ئۇنتۇپ قالماسلىغىمىز لازىم. 1754-يىلى خاننىڭ ئىككى تۇققىنى داۋاچ (Tavatsi) بىلەن ئامۇرسەنا ئۇنىڭغا قارشى قوزغالدى. ئامۇرسەنا 1,500 ئادەم بىلەن ئىلىغا كېچىسى كېلىپ، لامادارجىنى ئوردىنىڭ ئىچىدىلا ئولتۇردى. جۇڭغارلار داۋاچنى دەرھال خانلىققا سايلىدى. داۋاچ ئەسلىدە ئولاگۇچى لامادارجىنىڭ ئەڭ يېقىن تۇققىنى بولۇپ، ئامۇرسەنا ئۆزىنىڭ تەختتىن قۇرۇق قالغانلىغى ئۈچۈن قاتتىق غەزەپلەندى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بىزنىڭ بۇ كىتابىتا كېيىنچە بايان قىلغىنىمىزدەك، جۇڭگولۇقلارغا تىز پۈكتى ۋە ئۆز دولىتىنى ئولارغا ساتتى“. — ئاپتوردىن.

لۇقلار جۇڭغارىيىنى ناھايىتى تېزلا ئىشغال قىلىۋالدى. جۇڭ-غارلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خاقانى بولغان داۋاچ ئۆلەرمەن بىر ئادەم بولغاچقا، ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمەستىن، ئۇچتۇرپانغا قېچىپ كەتتى. ئۇ ئۇچتۇرپان ھاكىمىدىن باش-پانالىق تىلەپ، ئۇچتۇرپانغا قېچىپ بارغان ئىدى. ھالبۇ-كى، ئۇچتۇرپاندىكى بۇ كىشى داۋاچ تەرىپىدىن يېقىندىنلا ھاكىملىققا تەيىنلەنگەن ئىدى. ئەپسۇسكى، ۋاپادارلىق دې-گەن بۇ ئالىجاپ پەزىلەت مۇشۇ كىتاۋىمىزدا تەسۋىرلەنگەن دەۋردىكى سىياسى ئەرتىسلەر ئىچىدە دائىم ئۇچرىتىقىلى بولىدىغان پەزىلەت ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇچتۇرپاننىڭ ھې-لىقى ھاكىمى داۋاچنى مەس قىلىپ قويغاندىن كېيىن، جۇڭ-گو قوشۇنلىرىنىڭ باشلىقىغا تاپشۇرۇپ بەردى. بۇ چاغدا، جۇڭغارىيىدىكى جۇڭگو قوشۇنىدا خىزمەت ئۆتەۋاتقان ئامۇرسەنا قەشقەرىيەنى بويسۇندۇرۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. ئۇ ھەربى قوشۇن ئىشلەتمەستىن، ئاق تاغلىق خوجىلار بىلەن قارا تاغلىق خوجىلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ بۇ مەقسەتكە يېتىشنى قارار قىلدى.

يۇقۇرىدا بىز جۇڭغارىيىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خاقانى قارا تاغلىقلار گۇرۇھىنىڭ تەسىر كۈچىنى تىكلىگەنلىكىنى سۆز-لەپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئامۇرسەنا ئۆز غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇ-رۇشقا ھەركەت قىلىۋاتقان چاغدا، قارا تاغلىق خوجىلار يەركەن بىلەن قەشقەرگە ھوكۇمرانلىق قىلىۋاتاتتى. ئۇلار يۈنۈس خوجىنىڭ پاشاخان (Padsha Khan) ۋە جاھان خو-جا (Djagan — Khodja) دىگەن ئوغۇللىرى ئىدى. ئامۇر-سەنا قەشقەرىيەلىكلەرنىڭ ئاق تاغلىق خوجىلارغا مايىل ئىكەنلىگىنى سەزگەندىن كېيىن، ئاق تاغلىقلار گۇرۇھىدىن

ھىر ئادەمنى تاللىۋېلىپ، شۇنىڭ ياردىمى بىلەن قەشقەرىيەنى بېسىۋالماقچى بولدى. ئۇ جۇڭگو قوشۇنلىرى باشلىغىنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن، قەشقەرىيەنىڭ بۇرۇنقى ھوكۇمرانى ئەخمەت خوجا (مەخمۇت خوجا) نىڭ ئوغۇللىرى بۇرھانىدىن (چوڭ خوجا) بىلەن خوجا جاھان (Khodja Khan كىچىك خوجا) نى ئاشۇ مەقسەتتە غۇلجىغا تەكلىپ قىلدى.

بۇرھانىدىن ئۆز ئىنىسى خۇجا جاھاننى ئىلىدا گۆرەگە قويۇپ، ئۆزى قالماقلار، ئاز ساندىكى خەنزۇلار ۋە شەرقىي تۈركىستانلىق مۇساپىرلاردىن تەشكىل قىلىنغان كىچىك بىر ھەربىي قوشۇننى باشلاپ ئاقسۇغا يۈرۈش قىلدى. ئاقسۇ خەلقى قىلچە قارشىلىق كۆرسەتمەستىن تەسلىم بولدى. بۇرھانىدىن خوجا بۇ شەھەردە ئۆز قوشۇننى كېڭەيتكەندىن كېيىنلا ئۇچتۇرپانغا يۈرۈش قىلدى. ئۇچتۇرپان خەلقىمۇ بۇلارنى قىزغىن كۈتىۋالدى، ئەسلىدە ئىلىدىن ئاقسۇغا بارىدىغان ئىككى يول بار بولۇپ، بىرسى مۇزارت داۋىنىدىن ئۆتىدىغان تۈز يول، يەنە بىرسى ئىسسىق كولنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپى بىلەن ئۇچتۇرپان ئارقىلىق ئاقسۇغا① كىرىدىغان ئەگرى يول ئىدى. بۇ يەردە بۇرھانىدىن خوجىنىڭ

1 - يول بىلەن، يەنى مۇزارت داۋان ئېغىزى ئارقىلىق ئاقسۇغا يېتىپ بارغانلىقىنى مولچەرلەش مۇمكىن. ئەپسۇسكى، بىردە بۇ ئىشنىڭ قاچان يۈز بەرگەنلىكىگە دائىر ماتېرىيال يوق. يەركەن خوجىلىرى بىلەن خوتەن خوجىلىرى ئۆزلە-

① ھازىر دولەتنىڭ پەرمانى بىلەن مۇزارت داۋان ئېغىزىدىن ئۆتىدىغان يول توسۇپ تاشلاندى. ئاقسۇ بىلەن غۇلجا ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئىشلىرى پەقەت يەنە بىر يول ئارقىلىقلا ئېلىپ بېرىلىدۇ. — ئاپتوردىن.

رىنىڭ رەقىپلىرى بولغان ئاق تاغلىقلار گۇرۇھىدىكى بۇر-ھانىدىن خوجىنىڭ ئاقسۇنى ئىگەللىگەنلىكىنى ئاڭلىشى بىلەنلا، ئاقسۇغا بىر چوڭ قوشۇن ماڭدۇردى. يول ئۇستىدە بۇلارغا قەشقەردىكى خوجىلار ۋە بۇرھانىدىنغا قارشى تۇرۇشقا چاقى-رىلغان بىر تۇركۇم قىرغىزلارمۇ قوشۇلدى. بۇرھانىدىن خو-جا قارا تاغلىقلار گۇرۇھىدىكى خوجىلارنىڭ تەييارلىق ئەھ-ۋالىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇچتۇرپاننى چىڭ ساقلاپ، ئىل-گىرىلىمەي تۇرۇۋالدى. بۇرھانىدىن خوجىنىڭ قوشۇنى يەركەن، قەشقەر، خوتەن خوجىلىرى بىلەن قارا قىرغىزلارنىڭ بىر-لەشمە قوشۇنىغا ھەققەتەنمۇ تەڭ كېلەلمەيتتى، ئۇنىڭ قو-شۇنى كۇچالىق، ئاقسۇلۇق ۋە تۇرپانلىق 5،000 مۇسۇلمان ۋە دولانلاردىن، 1،000 قالماق ۋە 400 خەنزۇدىن① تەركىب تاپقان ئىدى. قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ قوشۇنى ئۇچتۇرپانغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، شەھەرنى② قور-

① ۋەلىخانوۋ ئەسىرى 3-توم، 41-بەتكە قارالسۇن. بىز بۇ يەردە تۇنجى قېتىم دولانلارنى ئۇچراتتۇق. ئۇلار ھازىر مارالۋېشى قورغىنى ئەتراپىغا ئولتۇراقلاشقان. — ئاپتوردىن.

② ۋەلىخانوۋنىڭ ئەسىرىدە بۇ قوشۇننىڭ قەشقەردىن چىققاندىن كېيىن ئاقسۇ ۋە كوكشالدىن ئوتۇپ، ئۇچتۇرپانغا قاراپ ماڭغانلىقى تىلغا ئېلىنغان، ئەمەلىيەتتە، ئىش ئۇنداق ئەمەستەك قى-لىدۇ. چۈنكى بۇ قوشۇن ماڭماقچى بولغان يول كوكشال ئارقى-لىق ئاتۇش ۋە كەلپىندىن ئوتىدىغان تاغلىق يولدۇر. يېقىنقى كۈنلەردە ۋەلىخانوۋ يەنە مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ پەرىزىمچە، خو-تەن ۋە يەركەن قوشۇنلىرى يېڭىسارغا كەلگەندە، بۇ شەھەردىكى بىر قىسىم ئادەملەر ئۇلارغا قوشۇلغان. ئاندىن ئۇلار ئاتۇش، ئۇچتۇرپان يولىنى بويلاپ ئىلگىرىلىگەن. — ئاپتوردىن.

شىۋالدى. قارا تاغلىق خوجىلار سېپىلگە ھوجۇم باشلاشتىن ئىلگىرى بۇرھانىددىن خوجىغا ئەلچى كىرگۈزۈپ، ئىشنى مەسلىھەت بىلەن ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار ئاقسۇ، كۇچانى ۋە قەشقەر شەھىرىنى بۇرھانىددىن خوجىغا بېرىپ، يەركەن ۋە خوتەننى ئۆزلىرى باشقۇرماقچى بولغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلار بۇرھانىددىن خوجا بىلەن ئىچكى ئۇرۇش قىلماي، ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز قوشۇنلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىلىغا بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما بۇ سوھبەت ھېچقانداق ئۈنۈم بەرمىگەنلىكتىن، شەھەرگە ھۇجۇم باشلاندى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، قورشاۋچىلار ئىچىدە، بىرمۇنچە كىشىلەر ئاق تاغلىقلارنىڭ قەشقەرىيەگە قايتىشىنى قوللاپ چىقتى. ھامان كۆپرەك پايدا - مەنپەئەت كېلىدىغان تەرەپ ئۇچۇن كەتمەن چېپىپ كەلگەن قىرغىزلار ئەھتىمال بۇرھانىددىنغا سېتىلىپ كەتكەن بولسا كېرەك. شۇنىڭ ئۇچۇن، بىرىنچى قېتىملىق ئېلىشىشتا قىرغىزلار بىلەن كۆپ ساندىكى بەگلەر قوشۇنلىرىنى باشلاپ، قورشاۋدا قالغان بۇرھانىددىن خوجا تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. قارا تاغلىقلارنىڭ سەركەردىلىرى قالغان قوشۇنلىرىنى ئېلىپ قېچىشقا ئاران - ئاران ئۈلگۈردى. بۇرھانىددىن خوجا غەلىبىنىڭ مۇنداق ئاسان قولغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپلا تېخىمۇ ئىلھاملىنىپ، قەشقەرگە يۈرۈش قىلىدى ۋە ھېچقانداق قارشىلىقسىزلا بۇ شەھەرنى ئىگىللىدى①.

① ۋەلىخانوۋنىڭ ئېيتىشىچە، ئاق تاغلىقلار گۇرۇھىنىڭ خوجىسى قەشقەرگە كىرگەندە ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىمايلا قالماستىن، بەلكى قىزغىن قارشى ئېلىشقا مۇيەسسەر بولغان. پۇقرالار شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇرۇپ، داقا - دۇمباق چېلىپ ئۇلارنى قارشى ئالغان — ئاپتوردىن.

بۇ چاغدا قارا تاغلىقلارنىڭ سەركەردىلىرى ئالىقاچان قويرۇغنى خادا قىلىپ تىكىۋەتكەن ئىدى. بۇرھانىدىن قەشقەردە قىسقا ۋاقىت تۇرغاندىن كېيىن، قىرغىزلاردىن ئابىد (Kabid) دىگەننى بۇ شەھەرگە ھوكۇمران قىلىپ قويدى، ئاندىن يەركەنگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. بۇ چاغدا بۇرھانىدىننىڭ قولىدا يەنە 600 قالماق، 200 خەنزۇ ئەسكەر بار ئىدى. بۇ چاغدا قارا تاغلىقلار گورۇھىدىن خوجا جاھان دىگەن كىشى يەركەننىڭ ھوكۇمرانى ئىدى. بۇ زات ئىنتايىن مېھىر-شەپقەتلىك ۋە ئىسىل پەزىلەتلىك كىشى بولغانلىقتىن① ئۆز خەلقىنىڭ يۈكسەك ئىززەت-ھۆرمىتىگە ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشكەن ئىدى. يەركەن ئاھالىسى دىنىي ئېتىقات نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى بۇ ھوكۇمرانغا چوڭقۇر سەمىمى مېھىر-مۇھەببەت باغلىغانلىغى ئۈچۈن، دۈشمەنگە قەھرىمانلارچە قارشىلىق كۆرسىتىشكە بەل باغلىدى.

بۇرھانىدىن خوجا بىر تەرەپتىن خوجا جاھانغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئامۇرسەنا بىلەن بوغدىخان (Bogdwi Khan)② نىڭ نامىدىن ئۇنىڭ جۇڭگوغا تەسلىم بولۇشىنى ۋە جۇڭگو پۇقرالىغىنى ئېتىراپ قىلىشىنى تەلەپ قىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ يەركەنگە يېقىنلى-

① خوجا جاھان ھوكۇمرانلىق قىلغان دەۋردە ياشىغان بىر يازغۇچى. خوجا جاھاننى ئىلىم-پەننى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىلھام بەرگەن ئىدى، دەپ تەسۋىرلىگەن ھەمدە ئۇ ھوكۇم سۈرگەن دەۋرنى مىرزا ھۈسەيىن بايقارا (Mirza — Hoossein) نىڭ دەۋرىگە ئوخشاتقان ئىدى. — ئاپتوردىن.

② جۇڭگولۇقلارنىڭ پادىشاسىغا بېرىلگەن بىر خىل ئاتاق. — ئىنگلىزچە تەرجىماندىن

شىپ كېلىشكە باشلىدى. ئەلچىلەر خوجا جاھانغا كورۈنۈش قىلىش ئۈچۈن، ئوردا ئىشىكى ئالدىدا سەجدە قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

خوجا جاھان ئۇلارغا: مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ھوكۇمرانى بولۇش سۈپىتىم بىلەن دەھرىلەر ئۈستىدىن غازات قىلماي تۇرالمايمەن①، دەپ جاۋاپ بەردى. بۇ چاغدا قايسى تەرەپنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقى تېخى روشەنلەشمىگەن بولسىمۇ، لېكىن قورشاۋدا قالغانلار ئۈستۈنلۈكتە تۇراتتى. شۇڭا بۇرھانىدىن ئوزىنىڭ ئۈچتۇرپاندا ئىشلەتكەن پارا بېرىش نەيرىڭىنى قايتا ئىشلەتتى. خان ئوردىسىدىكى مەنسەپدارلاردىن ئىشىك ئاغىسى نىياز (Ishik — Aga — Niaz) بىلەن ھوشۇر قازى بەگ (Ashoor Kazi Bek) لەرنى سېتىۋالدى. سېپىل ئىچىدىكىلەر 40 مىڭ ئەسكەر بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك قايتۇرما ھۇجۇمغا ئوتۇپ قورشاۋچىلارنى چېكىندۇردى. بۇ چاغدا دۈشمەنگە شېرىك بولغان ھىلىقى

---

① بۇ، غازات ياكى كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇش دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. "غازى" (بۇزغۇچى دېگەن مەنىنى بېرىدۇ) بىر خىل نام بولۇپ، پەقەت يات دىندىكىلەر (كاپىرلار) بىلەن ئۇرۇش قىلغان ئادەملەرگىلا شۇنداق نام بېرىلىدۇ (1870 - يىللىق «روسىيە پادىشالىق جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ژۇرنىلى»، 11 - جىلد، 73 - بەتتىكى ئىزاھاتىدىن ئېلىندى). غازاتنىڭ ماھىيىتى دىنىي خاراكتېردىكى بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشىدۇر. بۇ ئىبارىنى ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىي ۋادىسى ۋە تىيانشان تاغلىرىدا ئولتۇراقلاشقان ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقى قوللىنىدۇ. مايور ج.م تروتتىر يازغان «شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە خاتىرىلەر» گە قارالسۇن. — ئىنگلىزچە تەرجىمانىدىن.

سوئىقەستچىلەر تۇيۇقسىزلا تۇغ - ئەلەملىرىنى تاشلاپ ئار-قىسىغا قېچىۋىدى، پاتىپاراقچىلىق يۈز بەردى. ئارقىدىنلا يەركەنلىكلەرنىڭ قوشۇنى تېرى - پىرەڭ بولۇپ قاچقىلى تۇردى. بىر چەتتە قاراپ تۇرغان قىرغىزلار تېرى - پىرەڭ بولۇپ قاچقانلارغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتى. پاتىپاراقچىلىقتا ھەممەيلەن شەھەر دەرۋازىسىغا قىسىلىپ كىرىشكە باشلىدى. تۇرغۇن كىشىلەر مۇشۇ پاتىپاراقچىلىقتا ئۆلۈپ كەتتى. خوجا جاھان شۇ كېچىسى بۇ شەھەرنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەن ئىدى. شەھەر ئاھالىسى ئەتىسى بۇرھانىدىنغا شەھەر دەر-ۋازىسىنى ئېچىپ بەردى. قورشاۋدىكى پاتىپاراقچىلىقتىن ئامان قېلىپ قاچقانلارنى قوغلاشقا قوشۇن ماڭدۇرۇلدى. ئىككى تەرەپ بىر دەم ئېلىشقاندىن كېيىن قارشى تەرەپ يېڭىلىپ ئەسىرگە ئېلىندى ۋە يەركەنگە ئېلىپ بېرىلىپ ئۆلتۈرۈلدى.

خەنزۇلارغا سادىق بولغان ئاق تاغلىق خوجىلار مۇشۇ قانلىق جەڭ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ قەشقەرىيەدىكى ھوكۇمە-رانلىقىنى يېڭىۋاشتىن تىكلىدى. نەتىجىدە، خەنزۇلار بىر قانچە يىل ئىچىدىلا ھېچقانداق كۈچ سەرپ قىلماستىن جۇڭغارىيە ۋە قەشقەرىيەدىن ئىبارەت ئىككى دولەتنى ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزدى.

ھالبۇكى، جۇڭگو ھوكۇمىتى بۇ دولەتلەردە مۇۋاپىق ساندا قوشۇن تۇرغۇزمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ جۇڭغارىيە ۋە قەشقەرىيەدىكى ئورنى تولىمۇ ئىشەنچسىز ئىدى. 1757 - يىلىغا كەلگەندە، جۇڭغارىيەدىكى ئامۇرسەنا بىلەن قەشقە-رىيەدىكى بۇرھانىدىن خوجا ئۇنىڭغا قارشى قوزغىلاڭ كوتەردى. ئامۇرسەنانىڭ بىر مەھەل ئۆز دولىتىنى خەن-

زۇلارغا ساتقانلىغى پەقەت ئۇنىڭ بۇ دولەتتە هاكىمىيەت هوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزۈۋېلىش ئۈچۈنلا قوللانغان بىر خىل تەدبىرى ئىدى، خالاس. شۇڭا ئۇ ئۆز يۇرتىنى خەنزۇلار-نىڭ بويۇنتۇرۇغىدىن ئازات قىلىش يولىدا هەر قانداق بىر پۇرسەتتىن پايدىلىنىشقا دائىم تەييار ئىدى. ئامۇرسەنا جۇڭغولۇقلار كوپچىلىك قوشۇنىنى قايتۇرۇپ كەتكەن پۇر-سەتتىن پايدىلاندى-دە، ئۆزى باشلاپ كىرگەن دۇشمەنگە قارشى ئىسيان كوتىرىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن، ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلدى. ئۇرۇشتا 500 چە خەنزۇ ئۆز باشلىقلىرى بىلەن بىللە ئامۇرسەنا تەرىپىدىن يوقىتىلدى. قالماقلار ئامۇرسەنانى خان دەپ ئېتىراپ قىلدى. ئەمما ئىككىنچى يىلى خەنزۇلار بۇ يېڭى خانغا قارشى يېڭىۋاش-تىن قوشۇن ئەۋەتكەندە، ئامۇرسەنا ئۆزىنىڭ خەنزۇلارغا تاقابىل تۇرالمايدىغانلىغىنى سېزىپلا قىرغىز دالاسى ئارقى-لىق سىبىرىيىگە قېچىپ كەتتى، ئاردىن بىر يىل ئوتەر-ئوتمەي شۇ يەردە ياۋا چېچەك كېسەللىگى بىلەن ئاغرىپ ئولدى①. جۇڭغولۇقلارنىڭ قوشۇنى جۇڭغارىيىيى ئىككىنچى

---

① گولوبېۋ (Golobeff) ئۆزىنىڭ «تاشقى غۇلجىنىڭ چېگرا رايونلىرى هەققىدە ئومۇمى بايان» دىگەن ئەسىرىنىڭ 3-تومىدا توۋەندىكىلەرنى شەرھلەيدۇ: بىر مۇنچە تورغات قالماقلىرى مەندىن، "بىزنىڭ ئامۇرسەنامىز پات يېقىندا قايتىپ كېلەرمۇ؟ ئۇ ئاق پادىشادىن بىزنىڭ خەنزۇلارغا زەربە بېرد-شىمىزگە ياردەم تەلەپ قىلىپ كەتكەن ئىدى"، دەپ سورىغان ئىدى. دىمەك، ئۆز ۋەتىنىنى ساتقان ۋە مىليونلىغان قېرىنداش-لىرىنىڭ هالاك بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان مۇشۇ ئامۇرسەنا يەنىلا خەلقىنىڭ قەلبىدە، بىزنى كەلگۈسىدە ئاسارەتتىن قۇتۇلا-

قېتىم ھېچبىر توسالغۇسىزلا بېسىۋالدى. ئۇلار، ئېھتىمال، ئۇزلىرىنىڭ بۇ يەردىكى ھوكۇمرانلىق ئورنىنىڭ ئانچە مۇستەھكەم بولمايۋاتقانلىقىنى بۇ دولەتنى قان توكمەستىنلا بېسىۋالغانلىقتىن بولدى، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك. شۇڭا، 1758 - يىلى بوغدىخان تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغان ئۇ يەر - بۇيەردىكى قىسمەن قوزغىلاڭلارنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ، جاۋخۇي ۋە فۇدېنىڭ قوماندانلىقىدا جۇڭغارلارنى قاتتىق باستۇرۇشقا قوشۇن ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، قالماقلار ئارىسىدا ئەر - ئايال، ياش - قېرى دىمەي ئومۇميۈزلۈك چوك قىرغىن باشلىنىپ كەتتى. ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان بۇ قىرغىندا 1.000.000 ئادەمنىڭ بېشى ئېلىندى① (يۈز يىلدىن كېيىن، بۇ دولەتتە يۈز بەرگەن تۇڭگان يېغىلىقىدا 500.000 خەنزۇ، سولۇن، شىۋە ۋە قالماق ئولتۇرۇلدى).

شۇنىڭ بىلەن، جۇڭغارىيە دىگەن بۇ دولەت پۈتۈنلەي يوقىتىلدى. بىر مەھەل گۈللەپ ياشنىغان بۇ دولەتنىڭ ئاھالىسىدىن قالماق قەبىلىسىدىكى ئاز بىر تۇركۇم دوربوتلارنىڭ بەختكە يارىشا ئامان قالغانلىقىنى ۋە قىرغىنز دالاسىغا قېچىپ كەتكەن ئاز ساندىكى كىشلەرنى ھىساپقا

دۇرغۇچى قەھرىمان، دەپ ساقلىنىپ قالغان. بۇ پاكىتتىن بىز، ئېپتىدائى ئادەملەرنىڭ ئۇزىنىڭ شەپقەتچىسى دەپ قارىغان ئادەملەرگە گودەكلەرچە ئىشىنىدىغان خۇسۇسىيىتىنى كورۇۋالالايمىز. — ئاپتوردىن.

① ئابراموۋ: «روسىيە پادىشالىق جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ژورنىلى»، 1861 - يىللىق 1 - جىلد، 122 - بەتكە قارالسۇن. — ئاپتوردىن.

قالمىغاندا، ھەممە ئاھالىسى قىرىلىپ تۈگىدى.
سۇلتان تەيجى سېرېن (Sultan - Taish - Seren)
10.000 تۈتۈندەك قىپچاقنى باشلاپ ۋولگا دەرياسى بويىدىكى روسىيە قالماقلىرى ئارىسىغا قېچىپ كەتكەنلىكتىن، بۇ چوڭ قىرغىندىن ساقلىنىپ قالغان ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، جۇڭغارىيە 7 رايونغا بولۇپ تاشلاندى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىلى، تارباغاتاي، شىخو بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئىلى ئۆلكىسىنى تەشكىل قىلدى. باركول بىلەن ئۈرۈمچى گەنسۇ ئۆلكىسىگە قوشۇۋېتىلدى. قوبدۇ بىلەن ئۇلاستاي ئايرىم-ئايرىم ھالدا مۇستەقىل ھوقۇقلۇق ئىككى رايون بولۇپ شەكىللەندى①. خەنزۇلار ئىلگىرى جۇڭغارىيە خانى تۇرغان جايغا غۇلجا شەھىرىنى بىنا قىلدى ھەمدە بۇ يەرگە موڭغۇل قەبىلىسىدىن بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ھەربىيلەرنى يەنى مانجۇرىيە چېگرىسىدىكى كوك تۇغلۇق چېرىكلەرنى، شۆلەرنى، سولۇنلارنى ۋە داغۇرلارنى كۆپلەپ يوتكەپ كەلدى. شۇنىڭدەك يەنە جىنايەتچىلەرنى ۋە جۇڭگودا يەر-زېمىنسىز قالغان سەرگەردانلارنىمۇ بۇ يەرگە يوتكەپ كەلدى. خەنزۇلار تۇڭگان② دىگەن نام بىلەن ئاتالغان مۇسۇلمانلارنى ئۆزلىـ

---

① گولوبېيېۋ: «تاشقى غۇلجا چېگرا رايونلىرى»، «روسىيە پادىشالىق جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ژورنىلى»، 1861 - يىللىق 3 - جىلد، 107 - بەتكە قارالسۇن. — ئاپتوردىن.

② «تۈركىستان ھەققىدە ئومۇمى بايان» دىگەن كىتاپنىڭ 1867 - يىلى نەشر قىلىنغان 5 - جىلدىغا خېينىس (Heins) ئەپەندىنىڭ «جۇڭگونىڭ غەربىدىكى تۇڭگان يېغىلىقى» دىگەن قىزىقارلىق بىر ماقالىسى بېسىلغان. ئاپتور بۇ ماقالىسـ

رىنىڭ غەربىي ئۆلكىلىرىدىن يەنى گەنسۇ ۋە شەنشىدىن جۇڭغارىيىگە قوغلانغان ۋەقە چوقۇم مۇشۇ مەزگىلدە يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ سىرتىدا، 17 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خورلۇكخان (Hhan-Hoorlook) بىلەن روسىيىگە

دا، ئۇيغۇرلار ياكى ئوغۇزلار شەرقىي تۈركىستاندا قەدىمدىن ياشاپ كەلگەن تۈركلەرنىڭ بىر تارمىقى، دەپ قارىغان ۋە بۇلارنى تۇڭگانلارنىڭ دەل ئۆزى دەپ قەيت قىلغان. خەينىسنىڭ بايان قىلىشىچە، ئۇلارنىڭ نوپۇسى 30.000.000 غا يېتىدىكەن. ئۇلار قاراشەھەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردا ئۆز پايتەختلىرىنى قۇرغان. خەنزۇلار 7 - ئەسىردىكى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش قوزغىغان ۋە 8 - ئەسىرگە كەلگەندە خوتەننى ئىستېلا قىلىپ، ئۇنى يوقاتقان. كېيىن، يەنى 8 - 9 - ئەسىرلەردە 1000.000 غا يېقىن ئۇيغۇرلار گەنسۇ ۋە شەنشى ئۆلكىلىرىدىن جۇڭغارىيىگە قوغلانغان. ئۇيغۇرلار دەسلەپتە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان جاھىل بۇددىستلاردىن بولۇپ، 14 - ئەسىرگە كەلگەندە شەرقىي تۈركىستاندىن كىرگەن ئىسلام دىنىنى پەيدىن - پەي قوبۇل قىلغان.

خەينىس ئەپەندىنىڭ، تۇڭگانلار بىلەن ئۇيغۇرلار — بىر ئىرقتىكى مىللەتلەر، دېگەن پەرىزى قىلچىمۇ ئاساسقا ئىگە ئەمەس. بۇ مەسىلىنىڭ ھازىرقى زامان تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن ئاللىقاچان ھەل قىلىنغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەن خەنزۇلارنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنى ئۆزلىرىنىڭ غەربىي ئۆلكىلىرىگە ھەيدەپ كەتكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن تەڭ يەنە شۇنى پەرەز قىلىمەنكى، "تۇڭگان" دېگەن بۇ نام پەقەت ئاشۇ قوغلانغان ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇلار بىلەن نىكاھلانغانلىقىنىڭ مەھسۇلى، خالاس. "تۇڭگان" دېگەن بۇ نام ھەر-

چىقىپ كەتكەن. قالماقلارنىڭ كۆپچىلىگى 1771-يىلى يەنە قەشقەرىيەگە قايتىپ كەلگەن ئىدى①. خەنزۇلار شەرقىي تۈركىستانلىقلار بىلەن بىر قېتىم ئېلىشقاندىن كېيىن، بۇ يەردىكى بىر قىسىم ئاھالىنى جۇڭغارىيىگە سۈرگۈن

---

گىزمۇ شەرقىي تۈركىستاندا تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنى كۆرسەتمەيدۇ. ھازىر قەشقەرىيەنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدە چىراي-شەكلى بىر-بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئادەملەر ئومۇمى يۈزلۈك مەۋجۇت. بۇ ئادەملەر موڭغۇللار بىلەن تۈركلەر ياكى تۈرك قان سىستېمىسى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىگەن تۈرك، ھىندى — گېرمان قېنىدىن بولغان شالغۇتلاردۇر. قەشقەرلىكلەر بىلەن خوتەنلىكلەرنى، خوتەنلىكلەر بىلەن ئاقسۇلۇقلارنى بىر بىرىدىن ئانچە پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ. ئاقسۇلۇقلاردا موڭغۇللارنىڭ ئالاھىدىلىگى بىرقەدەر ئېنىق ئىكەن. تۇڭگانلار پەقەت ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىلا خەنزۇلار بىلەن بىللە قەشقەرگە كەلگەنلىگى ئۈچۈن، ئۇلار يەرلىك ئاھالىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. تۇڭگانلاردا خەنزۇ قان سىستېمىسىنىڭ ئالاھىدىلىگى ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەيدۇ. شۇڭا بىرنەچچە يۈز ئادەمنىڭ ئىچىدە بىر تۇڭگاننى خاتاسىز تونۇۋېلىش مۇمكىن — ئاپتوردىن.

① 17-ئەسىردە قالماقلارنىڭ بىر قىسمى بولغان تۇرغات قەبىلىسى ئۆزلىرىنىڭ باشلىغى ھورلۇكخان بىلەن بىللە روسىيەنىڭ ئورال ۋە ۋولگا ۋادىلىرىغا كېچىپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان (گولوبىيېۋنىڭ «تاشقى غۇلجا چېگرا رايونلىرى» دىگەن ئەسىرىدىن) ۋە روسىيە پۇقرالىغىغا ئۆتكەن ئىدى. كېيىنكى چاغلاردا ئۇلار روسىيە قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە قىرىم تاتارلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشتى. بۇ قالماقلار ئۆزلىرىنىڭ جۇڭغارىيىدىكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزمىگەن ئىدى.

قىلدى. ئۇلار "تارانچىلار"① دەپ ئاتالدى. خەنزۇلار جۇڭغارىيىنى ئىستىلا قىلغاندىن كېيىنلا، قەشقەرىيەدىكى قوزغىلاڭنى باستۇرۇش، توغرىسىنى ئېيتقاندا، قەشقەرىيەنى بېسىۋېلىش مەقسىدىدە، قوشۇن يۆتكەپ قەشقەرىيەگە ھۇجۇم

---

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا تۇپرىغىدىكى كەڭ ۋە گۈزەل يايلاقلىرىنى ئەسلەيتتى. ھەتتا جۇڭغارىيىگە قايتىپ كېتىشنىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. خەنزۇلار جۇڭغارىيىدىكى قالماقلارنى قىرىۋاتقاندا، ئەسلىدە جۇڭغارىيىدىن قېچىپ چىققان بىر بەگزادە ئۇلارنى روسىيىدىن ئۆز يۇرتىغا قايتىشقا رىغبەتلەندۈردى. نەتىجىدە، 1771 - يىلى ۋولگا ۋادىسىدىكى كوپچىلىك قالماقلار خان ئوباش (Khan - Oobashi) نىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆز يۇرتىغا قايتىش سەپىرىگە ئاتلاندى. روسىيە ھۆكۈمىتى بۇلارنى قوغلاپ تۇتۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن مەغلۇپ بولدى. قالماقلار ئۆزىنىڭ ئەسلى يۇرتىغا ئامان - ئېسەن يېتىۋالدى. لېكىن ئۇلار يول ئۈستىدە يەنە بىر يېڭى دۈشمەنگە — ئارقىدىن قوغلاپ كەلگۈچى قىرغىزلارغا دۇچ كەلدى. قىرغىزلار بالقاش كولىغا كەلگەندە قالماقلارنى قوغلاپ يېتىپ، ئۇلارنى تىرى - پىرەڭ قىلىۋەتتى. نەتىجىدە قالماقلارنىڭ پەقەت ئۈچتىن بىر قىسمىلا جۇڭغارىيىگە يېتىپ كېلەلىدى. قالغان قىسمى يولدا ئۆلۈپ تۈگىدى. ئۇلار ئارزۇ قىلغان ئەركىنلىك بۇ چاغدا كۆپۈككە ئايلانغان ئىدى. ئۇلار ئۆز ۋەتىنىنىڭ چېگرىسىغا كىرىشى بىلەنلا خەنزۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. — ئاپتوردىن.

① ۋەلىخانوۋنىڭ ئۆز ئەسىرىدە ئېيتىشىچە، خەنزۇلار بۇ دۆلەتنىڭ يېرىنى تېرىتقۇزۇشقا 7000 مۇسۇلماننى كۆچۈرۈپ كەلگەن. — ئاپتوردىن.

باشلىدى. چۈنكى بۇرھانىددىن بىر نەچچە يۈز خەنزۇ ۋە قالماق بىلەن قەشقەردىكى قوزغىلاڭنى باستۇرماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇيەردىكى ئاھالىغا ئۆزلىرى تارىختىن بۇيان ئۆچ كۆرىدىغان خەنزۇلارنىڭ ھوكۇمرانلىقىنى زادىلا ئېتىراپ قىلدۇرالمىغان ئىدى.

ئىلى ئۇلكىسىنىڭ ھوكۇمرانى جاۋخۇي قەشقەرسىيەدە قوزغىلاڭ كوتىرىلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىشى بىلەنلا ئىلى كۈرەسىدىن قالماق، مانجۇ ۋە شەرقىي تۈركىستانلىقلاردىن تەركىپ تاپقان 2000 كىشىلىك بىر قوشۇننى باشلاپ، مۇزارت داۋان ئارقىلىق كۇچاغا چۈشتى. كۇچانىڭ تەييار - لىقى پۇختا بولغاچقا، ئىلىدىن چىققان بۇ كىچىك قوشۇن غەلىبە قىلالماي قايتىپ كەتتى. جاۋخۇي ئۆز تەقدىرىگە تەن بەرمەي، ئىلىدىن يەنە مانجۇ، خەنزۇلاردىن تەركىپ تاپقان 10.000 كىشىلىك بىر قوشۇننى تۇرپان ئارقىلىق كۇچاغا يوتكەپ كەلدى. يەركەنلىك غوجىلار ئۆزلىرىنىڭ 10.000 كىشىلىك خىل قوشۇننى① كۇچالىقلارغا ياردەمگە

① رىتتېر (ئۆزىنىڭ «شەرق تەرەپ ياكى چىنى تۈركىستان» دىگەن ئەسىرىنىڭ 25 - بېتىدە): "يەركەنلىك بۇرھانىددىن خوجا 10.000 كىشىلىك خىل قوشۇننى كۇچاغا ياردەمگە ئەۋەتكەن ئىدى. بۇ قوشۇن ئەڭ تېز ۋە قىسقا يول ئارقىلىق ئاقسۇ دالاسىنى كېسىپ ئوتۇپ كۇچاغا يېتىپ كەلدى" دىگەن ئىدى. گرىگورىيېۋ (يۇقۇرقى كىتاپنىڭ 516 - بېتىگە قاراڭ) ئۆزىنىڭ يازغان تەقرىزىدە مۇنداق دەيدۇ: كۇچا بىلەن ئاقسۇ ئارىلىقىدا ئىككى يول بار: بۇلار ئىچىدە ئېغىل ئامان كەنتىدىن ئوتىدىغان يول ئەڭ يېقىن ھىساپلىنىدۇ، بۇنىڭدا چوڭ يولنى توغرا كېسىپ ئوتىدىغان بىرلا كىچىك ئېقىن بار. يەنە بىرسى، قىزىل قۇملۇغى

ئەۋەتكەن ئىدى. خەنزۇلار يەركەندىن ياردەمگە كەلگەن بۇ قوشۇننى چېكىندۇرگەندىن كېيىن، كۇچانى قورشىۋالدى. ئۇلار شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، سېپىلدىن بىر چاقىرىم يىراق يەردىن لەخمە كولاپ شەھەرگە كىرىشكە ئۇرۇنغان ئىدى. بۇ چاغدا شەھەر ئىچىگە قورشىلىپ قالغانلار لەخمىگە توساتتىن سۇ قويۇپ بېرىپ، خەنزۇ قوشۇنىدىن 10 دەك ئوفىتسېر ۋە 600 چېرىكنى سۇغا باستۇرۇپ ئۆلتۈردى. قورشاۋ قىلغۇچىلار بۇ چاغدا ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ ئارسالدى بولۇپ قالغان ئىدى. ئەمما خوجىنىڭ كۇچادىن قېچىپ كېتىشى ئۇلارغا زور ياردەم بولدى. خوجا قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسى ئانچە قارشىلىق كورسەتمەيلا خەنزۇلارغا دەرۋازىنى ئېچىپ بەردى. شەھەردىكىلەر ئۆزلۈگىدىن تەسلىم بولغان بولسىمۇ، لېكىن غالىپلار شەھەرگە كىرىدۋېلىپلا كۇچالىق 1000 ئەسكەرنىڭ كاللىسىنى ئالدى.

---

نى كېسىپ ئۆتىدىغان ئاساسىي يولدۇر (كلاپروسنىڭ «كېرچى چوللۇكى» دىگەن ئەسىرىگە قارالسۇن). بۇ يول بىلەن ماڭغاندا باي ئارقىلىق ماڭماي مۇمكىن ئەمەس.

بىز بۇ ئىككى يولنىڭ ئىچىدە بىرىنچى يولغا مۇناسىۋەتلىك ئېنىق ئاخباراتلارنى تولۇق يىغالمىدۇق. كىشىلەر بىزگە كۇچادىن يەركەنگە ئاتلىق بىۋاستە بارغىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئەگەر ئاتلىق مېڭىشقا توغرا كەلسە، چوقۇم ئاقسۇدىن مارالۋېشىغا چۈشۈپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى، مارالۋېشىدىن يەركەن ۋە خوتەنگە بارىدىغان ئىككى يول بارلىقىنى ئېيتىپ بەردى. بىز ئىگەللىگەن ئاخباراتقا قارىغاندا، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئىككىنچى يولدىن گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ. — ئاپتوردىن.

جۇڭگو پادىشاسى چيەن لۇڭ خەنزۇ قوماندانىنىڭ جىنايەتچى خوجىنى قاچۇرۇپ قويغانلىغى ھەمدە تەسلىم بولغان بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرگەنلىگى توغرىسىدىكى مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋېلىشى بىلەنلا بۇ قوماندانىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىلىنىڭ ھوكۇمرانى جاۋخۇي ۋە ئۇ-نىڭ خىزمەتدىشى فۇدېغا قەشقەرىيەگە ھۇجۇم قىلىشنى بۇيرۇدى. خەنزۇلارنىڭ ھەربى كۈچى يېتەرسىز، ئۇرۇش پىلانى تېخى پۈتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ناھايىتى تېز يۈرۈش قىلدى. جاۋخۇي ئاقسۇنى ئىگەللىگەندىن كېيىن، مانجۇلار بىلەن سولۇنلاردىن تەركىپ تاپقان 2000 كىشى-لىك تاللانغان ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ يەركەنگە① قاراپ ئىلگىرىلىدى ۋە ھەمراسى فۇدېغا پىيادە ئەسكەرلەرنى باشلاپ ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ بېرىشنى بۇيرۇدى. خوجا يەركەندىن 10.000 ئادەمنى باشلاپ چىقىپ خەنزۇ-لارنى يەڭدى ۋە ئاقسۇغا قاچۇردى. ئۇلار ئاقسۇدا قىشلاپ قالدى. ياردەمگە كەلگەن خەنزۇ قوشۇنلىرى جاۋخۇينىڭ قوشۇنى بىلەن قوشۇلۇپ، ئىككىنچى يىلى يەركەنگە يېڭىۋاش-تىن ھۇجۇم باشلىدى ھەمدە ھېچقانداق ئۇرۇش قىلمايلا يەركەننى بېسىۋالدى. يەركەنلىك خوجىلار قول ئاستىدىكىلە-رىنىڭ ھەمرالىغىدا خوتەنگە قېچىپ كەتتى. جاۋخۇي ئۆزى-نىڭ بۇغدىخانغا يوللىغان مەلۇماتىدا: "يەركەن ئاھالىسى خەنزۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى، ئۇلار ھەتتا چاي، نان بىلەن ئالدىمىزغا چىقتى. مەن كېتىۋاتقان كوچىلارنىڭ ئىككى قاسنىغى يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان ئادەملەرگە تولغان

① ئېھتىمال، مارالۋېشى ئورغىنى ئارقىلىق ماڭغان بولسا كېرەك. — ئاپتوردىن.

ئىدى. مەن ئۇلاردىن ھال سورىدىم ۋە ئۇلارنىڭ ئاللىرى-
نىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا سادىق بولسىلا، پۈتمەس - تۈگىمەس
بەخت - سائادەتكە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈردۈم.
شۇنىڭدەك يەنە ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەت ۋە دىنىي ئېتىقا-
دىغا قىلچە تەگمەيدىغانلىقىمىزنى بىلدۈردۈم" دەپ يازىدۇ
(جاۋخۇينىڭ بۇ يەردىكى ئاھالە جۇڭگو قوشۇنلىرىنى خۇشال-
خورام قارشى ئالدى، دېگەنلىگى كىشىنى پۈتۈنلەي گۇمان-
لاندۇرىدۇ. ئاھالىنىڭ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ جۇڭگو قوشۇنلىرى-
نى كۈتۈۋالغانلىقىدىن، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭمۇ جۇڭغارىيە
ياكى كۆچا ئاھالىسىنىڭكىدەك ئاقىۋەتكە قېلىشىدىن قاتتىق
ئەندىشە قىلغانلىقىنى چۈشىنىۋېلىش قىيىن ئەمەس. ئاھالە
ئىستىلاچىلارنى پەقەت مەمنۇن قىلىش يۈزىسىدىنلا يۈكۈنۈپ
ئولتۇرۇپ كۈتۈۋالغان. شۇڭا جاۋخۇيمۇ ئۇلاردىن ھال -
ئەھۋال سوراپ قويغان بولسا كېرەك).

جاۋخۇي يەركەندىن خوتەنگە باستۇرۇپ كەلدى.
خوتەندىكى خوجا جاھان ئۇنى ئۇرۇش بىلەن قارشى ئالغان
بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، يېڭىلىپ قېچىشقا مەجبۇر بولدى. جاۋخۇي
قاتتىق جەڭ قىلمايلا خوتەن شەھىرىنى بېسىۋالدى. جاۋخۇي
فۇدېغا بەدەخشانغا قاچقان خوجىلارنى قوغلاپ تۇتۇشنى
بۇيرۇپ قويۇپلا، قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى، بۇ شەھەرنىمۇ
قارشىلىقسىز بېسىۋالدى، فۇدې خوجىلارغا يېتىشىۋالغاندىن
كېيىن، ئۇلارنى سۆرۈپ - توقاي قىلىپ ئەبجىغىنى چىقاردى.
ئۇرۇشتا بۇرھانىدىن خوجىنىڭ سامساق دېگەن ئوغلى قېچىپ
قۇتۇلغانىنىڭ سىرتىدا، 4 خوجا ئۆلتۈرۈلدى، 2 خوجا
تىرىك تۇتۇلدى.

شۇنداق قىلىپ، خەنزۇلار قەشقەرىيەنى 1758 - يىلى

ئىستىلا قىلدى. بۇ جەرياندا خەنزۇلارنىڭ يەرلىك ئاھالىنىڭ ھىچقانچە قارشىلىقىغا ئۇچرىمىغانلىقىغا قاراپلا، قەشقەرىيە ئاھالىسىدا، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ۋە قەھرىمانلىقنىڭ نەقەدەر ئاجىزلىقىنى، شۇنىڭدەك يەرلىك ئاھالىنىڭ خوجىلار ھوكۇمرانلىقىغا نەقەدەر نارازى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز. بىز يەنە بۇ يەردىكى خەلقنىڭ بىرمۇنچە چوڭ شەھەرلەرنى ھىچبىر قارشىلىقسىزلا ئۆز دۈشمەنلىرىگە تارتقۇزۇپ قويغانلىقىدىن، ئۇلارنىڭ تىنچ ئامان تۇرمۇشنى دەپ، ئۆزلىرى نەپرەتلىنىدىغان يات مىللەتنىڭ ھوكۇمرانلىقىغا شۈكرى - قانائەت قىلغانلىقىنىمۇ چۈشىنىۋالالايمىز.

تەلىيى كاج بۇ دولەتنىڭ بەختىگە يارىشا، جۇڭگو ھۆماندانى جاۋخۇي موتىدىل، دانا سىياسەت قوللىنىپ، يات مىللەت ھوكۇمرانلىرى تەرىپىدىن بۇ يەردىكى خەلقنىڭ گەدىنىگە يۈكلەنگەن ئېغىر سېلىقلارنى يېنىكلەتتى. جاۋخۇينىڭ 1757 - يىلى 13 - سېنتەبىردە قەشقەرىيەدىكى قارارگاھىدىن چيەنلۇڭ خانغا يوللىغان مەلۇماتى بۇنىڭ ئۆلگىلىك مىسالىدۇر. بۇ مەلۇماتنىڭ كوچۈرۈلمىسى ئەينى زاماندا پۈتۈن جۇڭگو ئوفىتسېرلىرىنىڭ ئۆز ئىشىغا يېتەكچى قىلىشى ئۈچۈن تارقىتىپ بېرىلگەن ئىدى. بۇ ئاجايىپ ھوججەتتە، جۇڭگولۇقلار قەشقەرىيەدە ئۇچراتقان ئەھۋاللار تەسۋىرلەنگەن. بۇ يەردە بىز ئۇنىڭ بىر قىسمىنى نەقىل كەلتۈردۇق①.

مەزكۇر مەلۇماتتىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ رايوندا قەشقەر، يەركەن، خوتەن، يېڭىسار، ئاقسۇ ۋە كۇچادىن

---

① رىتتېرنىڭ «شەرق تەرەپ ياكى چىنى تۈركىستان» دىگەن ئەسىرىنىڭ 263 - بېتىدىن 269 - بېتىگىچە ۋە 521 - بېتىدىن 225 - بېتىگىچە قارالسۇن. — ئاپتوردىن.

ئىبارەت ئالتە شەھەردىن باشقا، يەنە 13 كىچىك شەھەر ۋە 16,000 كەنت ۋە قىشلاقمۇ بار ئىكەن.

جۇڭگو ئەمەلدارلىرى ئىنقىلاپ چىققان قەشقەرىيە توپىلىسى ھەققىدىكى مەلۇماتتىن، غوجىلار بىلەن قىپچاق كەتكەن ۋە ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان 12.000 ئادەمنى چىقىرىۋەتسەك، قەشقەرىيەدە يەنە تەخمىنەن 50.000 دىن 60.000 غىچە تۈتۈن بار ئىكەن①.

---

① رىتتېرنىڭ «شەرق تەرەپ ياكى چىنى تۈركىستان» دىگەن ئەسىرىدە ۋە گرىگورىيېۋ ئەپەندىنىڭ بۇ ئەسەرگە قوشقان ئىزاھاتىدا، بىز توۋەندىكى مەلۇماتلارنى ئۇچراتتۇق. بۇ مەلۇمات-لاردىن قەشقەرىيە ئاھالىسى ۋە ئۇلاردىن ئېلىنىدىغان باج-سېلىقلارغا دائىر سانلارنى بىر قەدەر چۈشىنىۋالالايمىز:

1. 1778 - يىلى نەشر قىلىنغان «غەربىي يۇرتتا كورگەن-بىلگەنلىرىمىز» (تىمكوۋسكى — Timkoviski تەرجىمىسى) گە قارىغاندا، قەشقەر رايونىدا باج تولەيدىغان ئادەم 16.000، يەركەن رايونىدا باج تولەيدىغان ئادەم 32.000 ئىكەن. دىمەك، جەمى 81.000 تۈتۈن ياكى 400.000 ئادەم ئىچىدىن 48.000 ئادەم باج تولەيدىكەن.

قەشقەر رايونى باج ئۈچۈن 36.000 سەر كۈمۈش، 14.000 تاغار ئاشلىق، 10.000 توپ ماتا تاپشۇرىدىكەن. يەركەن رايونى يۇقۇرىغا 35370 ئۇنسىيە (ئېنىگىلىزچە سەر) كۈمۈش، 30 ئۇنسىيە ئالتۇن، سودا بېجى ئۈچۈن 1649 ئۇنسىيە كۈمۈش، 57.569 توپ ماتا، 15.000 جىڭ ياكى 1.432 تاغار ئاشلىق، 1.297 تال تانا، 3.000 جىڭ مىس تاپشۇرىدىكەن (تىمكوۋسكىنىڭ قارىشىچە، قەشقەر بىلەن يەركەندىن يىغىۋېلىنغان نەق پۇل ھەربى قوشۇننىڭ تەمىناتىغا سەرپ قىلىنىدىكەن).

قەشقەر رايوندا 16.000 تۈتۈن، 100.000 ئادەم بار ئىكەن. پۈتۈن قەشقەرىيەنىڭ نوپۇسى 375.000 غا يېتىدىكەن. قەشقەر شەھرى ئۆز ئەتراپىدىكى 10 چاقىرىمدەك ناھايىتى كەمبەغەل، چۆل - سەھراسى بىلەن قوشۇلۇپ ئاران 2.500 تۈتۈنگە ئىگە ئىكەن. قەشقەرنىڭ شەرقىدىكى ئاقسۇ ۋە ئۇچتۇرپان تەرەپتە پەيزىۋات، پاياپ ۋە ئاتۇش-

2. تىمكوۋسكىنىڭ ئىگەللىگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، قەشقەردە 10.000 ئەسكەر، ئاقسۇدا 3.000 ئەسكەر بار ئىكەن.

1812 - يىلى بۇ دولەتنى زىيارەت قىلغان مىرزا ئىززەتۇللا (Mir-Oozet-Oollah) نىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، يەركەندە 40.000 ئادەم باج تاپشۇرىدىكەن. قەشقەر ھەر ئايدا يۇقۇرىغا 6.000 تەڭگە باج تاپشۇرىدىكەن. ئۇنىڭ خاتىرىسىدە يەنە قەشقەردە 5.000 دىن 6.000 غىچە ئەسكەر، يەركەندە 2.000 ئەسكەر تۇرىدىغانلىقىمۇ ئېيتىلغان.

3. بىزنىڭ بەزى ھاجىلاردىن ئىگەللىگەن ماتىرىياللىرىمىزغا قارىغاندا (بۇنداق ماتىرىياللارغا ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەك، ئەلۋەتتە)، قەشقەر شەھرىدە 16.000 ئادەم، يەركەن شەھرىدە 30.000 تۈتۈن، 200.000 ئادەم؛ خوتەن شەھرىدە 700,000 ئادەم بار ئىكەن. پۈتۈن دولەتنىڭ ئاھالىسى 2.500.000 ئادەم ئىكەن. قەشقەرىيەنىڭ قوقان دولىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئانچە ياخشى بولمىغاچقا، قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرنىڭ سانى 8,000 غا يەتكۈزۈلگەن. يەركەندە تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرنىڭ سانى 2,000 غا يەتكۈزۈلگەن. ھەپتە كۈنلىرى بازارغا 20,000 ئادەم كىرىدىكەن. خوتەن رايونى يەركەندىنمۇ كوپ باج تاپشۇرىدىكەن.

تىن ئىبارەت 3 يۇرت ۋە يەنە پورسىرغا، يېڭىساۋات دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى مەھەللىسى بار. بۇ يۇرت - مەھەللىلەرنىڭ ئومۇمى نوپۇسى 6.000 غا يېتىدۇ.

قەشقەرنىڭ غەربىي تەرىپىدە ئەنجانلىق بولۇت قەبىلىسى (ياۋا قىرغىزلار) ئولتۇراقلاشقان. ئەنجان تەرەپكە

---

4. جۇڭگونىڭ قەدىمقى ھوجىجەتلىرىگە قارىغاندا، مىلاددىن ئىلگىرىكى 30 - يىللاردا قەشقەرىيەدە 1,510 تۈتۈن ياكى 18,647 ئادەم ياشايدىكەن (باشقا بەزى ماتېرىياللاردا 100,000 ئادەم ياشىغان دېيىلىدۇ). قەشقەر ئۇ چاغلاردا "سۇلې" ("سۇلۇق") دەپ ئاتىلىدىكەن.

(ھازىرقى قەشقەر يېڭى شەھىرى سۇلې يەنى "سۇلۇق" دەپ ئاتالغان. — ئىنگلىزچە - ئۇيغۇرچە تەرجىماندىن).

مىلاددىن ئىلگىرىكى 1 - ئەسىردە، خوتەن شەھىرىدە 3,300 تۈتۈن ياكى 83,000 ئادەم ياشىغان. خوتەندە 2,400 كىشىلىك قوشۇن تۇرغۇزۇلغان ئىكەن (باشقا ھوجىجەتلەردە، 30,000 ئەسكەر بار ئىدى دېيىلىدۇ). قەشقەردە تۇرۇشلۇق قىسىمدا 2,000 ئادەم بار ئىكەن.

5. باشقا ھوجىجەتلەرگە قارىغاندا، ئاقسۇدا 20,000 تۈتۈن، ئۇچتۇرپاندا 10,000 تۈتۈن، تۇرپاندا 3,000 تۈتۈن ياكى 20,000 ئادەم بولغان ئىكەن. بۇگۇردە دەسلەپتە 20,00 تۈتۈن بار بولۇپ، 1778 - يىلىغا كەلگەندە ئازىيىپ، 500 تۈتۈنگە چۈشۈپ قالغان ئىكەن. كۇچادا 1,000 تۈتۈن، شاياردا 700 تۈتۈن، بايدا 500 تۈتۈن بولغان ئىكەن. يەنە شۇ ھوجىجەتكە قارىغاندا، كۇچا ئاھالىسى باج ئۈچۈن 200 تاغار ئاشلىق، 1,080 جىڭ مىس، 200 جىڭ سىلىترا ۋە 300 جىڭ گۈڭگۈرت تاپشۇرىدىكەن. — ئاپتوردىن.

يېقىن يەردە ئۇستۇن ئاتۇش، ئوپال، تاشمىلىق، سەمەن ۋە توقفۇزاق كەنتلىرى بار. قەشقەرنىڭ جەنۇبى تەرىپىدە ۋە يەركەنگە بارىدىغان يول ئۇستىدە يېڭىسار، قارغىلىق كەنتلىرى ۋە توخسۇن، قاراقال مەھەللىلىرى بار. بۇ جايلارنىڭ ھەممىسىدە جەمى 4.000 دىن 4.100 گىچە تۇتۇن بار.

قەشقەرنىڭ شىمال تەرىپىگە قىرغىزلارنىڭ بۇلۇت قەبىلىسى ئولتۇراقلاشقان. ئۇلارنىڭ مەھەللىلىرىگە بېرىش ئۇچۇن جەزمەن ئاغۇ، قوغان كەنتلىرىدىن ئوتۇش كېرەك. بۇ يەردە 800 تۇتۇن بار.

جاۋخۇينىڭ قارىشىچە، توختىماستىن يۈز بېرىپ تۇرغان يېغىلىقلار قەشقەرىيەنى ئىنتايىن نامرات ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان، شۇڭا ئەڭ ئاخىرقى خوجا ھوكۇمرانلىق قىلغان دەۋردە قەشقەرىيە جۇڭغارلارغا باج ئۇچۇن ئاران 20.000 ئۇنسىيە كۈمۈش، 2,564 پاتمان ئاشلىق تاپشۇرغان①. جاۋخۇي يەنە قەشقەرىيە تۇپرىقىنىڭ ئانچە مۇنبەت ئەمەسلىكىنىمۇ سەزگەن. بۇ يەردە يېلىبويى ئېلىنغان ھوسۇل كوزلەنگەن مەھسۇلاتنىڭ 4 تىن 1 ىگە ياكى 5 تىن 1 ىگە يەتسە، ياخشى ھوسۇل ھېساپلىنىدىكەن. ئېلىنغان ھوسۇل كوزلەنگەن مەھسۇلاتنىڭ 2 دىن 1 ىگە يەتسە، مول ھوسۇل ھېساپلىنىدىكەن. ئۇنىڭ ئەكسىچە، 8 دىن 1 ىگە ياكى 6 دىن 1 ىگە چۈشۈپ قالسا، ناچار ھوسۇل ھېساپلىنىدىكەن.

چيەنلۇڭخان ئۇرۇشنىڭ تاماملانغانلىقىنى ھەققىدىكى

---

① جۇڭغارلارغا تاپشۇرۇلغان باجنىڭ ئازىيىشىنى جۇڭغارلارنىڭ قەشقەرىيەدە يۈرگۈزگەن ھوكۇمرانلىقىنىڭ ئاجىزلىقىدىن دەپ قاراش كېرەك. — ئاپتوردىن.

مەلۇماتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بۇ ئىش توغرىسىدا بىر نەزمە يازدى ۋە بۇ نەزمىنى ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى ئەمەلدارلارغا تارقىتىپ بەردى. ئولتۇرۇلگەن ئىسيانچى خوجىلارنىڭ كاللىلىرى بېيجىڭغا ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، تومۇر قەپەزلەرگە سېلىنىپ كۆرگەزمە قىلىندى.

ئۇرۇشقا قاتناشقانلارغا كاتتا ئىنئاملار بېرىلدى. جاۋ-خۇي خۇنئالىق ياكى 5-دەرىجىلىك تۇرسىلىك ئۇنۋانى بىلەن تارتۇقلاندى ۋە خان جەمەتىدىكى بەھرىمەن بولىدىغان ھەممە ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن قىلىندى. فۇدېمۇ ئالاھىدە مۇكاپاتلاندى، شۇ قاتاردا ئۇنىڭ خان ئوردىسىغا ئاتلىق كىرىشكە رۇخسەت قىلىندى. بۇ مۇكاپاتلار 1760-يىلى تارقىتىلغان بولۇپ، توھپىدارلار ئۆز توھپىلىرىگە مۇناسىپ مۇكاپاتلاندى. خەنزۇلار بۇ دولەتنى 1765-يىلى ئۇچتۇرپاندا قوزغىلاڭ يۈز بەرگەنگە قەدەر 5 يىلغىچە تېچلىق بىلەن باشقۇرۇپ كەلدى. خەنزۇلارنىڭ ئۇچتۇرپاندا قويغان ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەددىدىن زىيادە زورلۇق-زومبۇلۇقى ۋە ئەيش-ئىشرەت، كەيپ-ساپاغا بېرىلىپ چېكىدىن ئاشقانلىقى يەرلىك پۇقرانىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغاپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە سەۋەپ بولغان ئىدى. ئۇچتۇرپاننىڭ ھاكىمى قۇمۇللۇق بىر مۇسۇلمان بولۇپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ تىغ ئۇچى ئالدى بىلەن مۇشۇ ھاكىمغا، ئۇنىڭدىن قالسا خەنزۇ ھەربىلىرى ۋە ئەمەلدارلىرىغا قارىتىلغان ئىدى. ئۇچتۇرپان ھاكىمى پۇقرانى ھەددىدىن زىيادە قاقتى-سوقتى قىلغان ئىدى؛ خەنزۇ ھەربىلىرى بولسا پۇقرالارنىڭ خوتۇن-قىزلىرىنى خالىغانچە ئاياق-ئاستى قىلاتتى.

ئۇچتۇرپان ئاھالىسى بۇنىڭغا تاقەت قىلىپ تۇرالماي

قوللىرىغا قورال ئېلىپلا ھاكىمنى ئۆلتۈردى ۋە بۇ شەھەر- دە تۇرۇشلۇق خەنزۇ قوشۇنلىرىنى بىر يولىلا يىغىشتۇردى. ئۇچتۇرپانغا ئەڭ يېقىن جاي — ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق خەنزۇ قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى بېيەن تاخەي ئۇچتۇرپان قوزغىلاڭ- چىلىرىنى باستۇرۇشقا قوشۇن باشلاپ كەلگەن بولسىمۇ، قوزغىلاڭچىلار ئۇنى تېرى- پىرەڭ قىلىپ چېكىندۈردى. كۇچادا تۇرۇشلۇق خەنزۇ قوشۇنلىرى ئالدىراپ- تېنەپ ئاقسۇغا ياردەمگە كېلىشىدى. ئۇلارمۇ يۇقۇرقىدەك ئاقىۋەتكە قېلىپ، مەغلۇپ بولۇپ قاچتى.

خەنزۇلارنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى ناشتۇڭ ئۇچتۇرپاندا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئىلىغا قاراپ يولغا چىقتى. ناشتۇڭ ئىلى- دىن مانجۇ ۋە خەنزۇلاردىن تەركىب تاپقان 10.000 كىشىلىك ئىككى قوشۇنى باشلاپ، مۇزارت داۋان ئارقىلىق ئۇچتۇرپانغا يېتىپ كەلدى ۋە بۇ شەھەرنى قورشىۋالدى. شەھەر ئاھالىسى جان تىكىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ شەھەر ئۈچ ئايلىق قامالدىن كېيىن ئاخىر قول- دىن كەتتى. ئۇچتۇرپان ئاھالىسى خانىڭ پەرمانى بويىچە پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلاندى. خەنزۇلار بۇ ئادەمسىز چۆلدە- رەپ قالغان شەھەرگە باشقا يەرلەردىن ئاھالە يۆتكەپ كېلىپ ماكانلاشتۇردى.

خەنزۇلار ۋەقەنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، قاتتىق چارە- تەدبىر قوللاندى. ئۇچتۇرپان ئاھالىسىدىن، كىمنىڭ گۇناھكار ياكى بىگۇنا ئىكەنلىكىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە بىردەك قاتتىق چارە كۆرۈلدى. شۇ ئارقىلىق باشقا جايلاردىكى مۇشۇ ئارزۇدا

بولۇۋاتقان ئاھالىغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلدى. ئەمما بۇنداق باستۇرۇش پۇقرالاردا ئىستىلاچىلارغا قارشى كۈچلۈك قىساس ئوتىنى تۇتاشتۇرۇش رولىنى ئوينىدى (گەرچە پۇقرالار بۇ خىل قىساس ئوتىنى ئۇزاققىچە قەلبىدە ساقلاشقا مەجبۇر بولغان بولسىمۇ).

دەرۋەقە، خەنزۇلار ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىدىن كېيىن بۇ دۆلەتنى 60 يىلغىچە بىخۇرامان سوراپ كەلدى. ئۇلار شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ئۆزلىرىنىڭ بۇ دۆلەتتىكى ئورنىنى مۇقىم دەپ خاتا چوت سوققان ئىدى. لېكىن 1825 - يىلىغا كەلگەندە، قەشقەرىيەدە جاھانگىر خوجا مەيدانغا چىقتى. ئۇ خەنزۇلارنىڭ 60 يىل ئىچىدە قولغا كەلتۈرگەن بارلىق نەتىجىلىرىنى بىر قىسىم ئادەملەر بىلەن قىسقىغىنا بىر ئاي ئىچىدىلا پاچاقلاپ، يەر بىلەن يەكسان قىلدى. جاھانگىر خوجا خەنزۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئىستىلا قىلىۋالغان بۇ دۆلەتتە يۈرگۈزۈۋاتقان بىر تۇتاش باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنىڭ چىرىك ھەقىقىي ئەپتى - بەشىرىسىنى ۋە بۇ دۆلەتتىكى پۇقرالارنىڭ خەنزۇلارغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى تولۇق ئاشكارە قىلىۋەتتى.

بىر ئاسىيادا ئىستىلا قىلىۋېلىنغان مەلۇم بىر دۆلەتتە تۇرغۇزۇلغان مەمۇرى باشقۇرۇش تۈزۈملىرى مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىپ، خەنزۇلارنىڭ بۇ مەسىلىنى قەشقەرىيەدە قانچىلىك دەرىجىدە ھەل قىلغانلىقىنى ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە كۆزىتىپ چىقايلى.

بىر يەنە شۇنى قايتا ئىزھار قىلىمىزكى، جاۋخۇينىڭ ئىستىلا قىلغان قەشقەرىيەدە قوللانغان سىياسىتى ئەسلىدە ياخشى ئۈلگە دەپ قارالسا ئوبدان بولاتتى. ئۇنىڭ قوللانغان سىياسىتى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: ئۇ ئالدى بىلەن

پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ۋە ئۆرپ - ئادىتىگە ئارىلاشـ
ماسلىققا ۋەدە بەرگەن ئىدى. بۇنىڭ ئارقىسىدىنلا جىنايەت -
چىلەرنى جازالىدى. قولغا ئېلىنغان خوجىلارنى يۇرەكلىك
باستۇردى. ئەڭ ئاخىرقى قوزغىلاڭنىڭ باش جىنايەتچىلىـ
رىدىن قولغا ئېلىنغان 12.500 ئادەمنى سىياسى مەھبۇسلار
قاتارىدا ئىلىغا سۈرگۈن قىلدى. خوجىلارنىڭ ۋە بۇ
12.500 ① ئادەمنىڭ نۇرغۇن مال - مۈلكىنى مۇسادىرە
قىلدى.
خەنزۇلار ئاخىرقى ئىككى تەدبىر ئارقىلىق بىرلا ۋاـ
قىتتا مۇنداق ئىككى مەقسەتكە يەتتى: (1) پۇقرالار ئىچىـ
دىكى گەدەنكەشلەرنى ياقا يۇرتلارغا سۈرگۈن قىلىۋەتتى.
(2) خەنزۇلار نۇرغۇن مىقداردىكى يەر ۋە باشقا مال - مۈـ
لۈكلەرگە ئىگە بولۇۋالدى. بۇ يەرلەر ئۇلارنىڭ مۇستەملىكـ
چىلىك پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلدى. دەسـ
لەپتە، بۇ يەرلەر بەزى شەخسلەرگە مەھسۇلاتنىڭ يېرىمىنى
دۆلەتكە تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن ئىجارىگە بېرىلدى.
جاۋخۇي ئىستىلا قىلىۋېلىنغان بۇ دۆلەتنى ئۆز قولىدا
چىڭ تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، ھەممە جايدا قوشۇن تۇرـ
غۇزدى. لېكىن جاي - جايلاردا تۇرغۇزۇلغان ھەربى قوشۇنـ
نىڭ سانى دەسلەپتە ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. مەسىلەن:
قەشقەر رايونىدا ئاران 450 مانجۇ بىلەن 900 خەنزۇ
ئەسكەر تۇرغۇزۇلدى. بەزى ئانچە مۇھىم بولمىغان جايلاردا
پەقەت 100 دەك خەنزۇ ئەسكەر تۇرغۇزۇلدى. جۇڭگودىن
ياردەمگە چىققان يېڭى قوشۇن يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، جاي-

① سۈرگۈن قىلىنغان كىشىلەر 375.000 ئاھالە ئىچىدىـ
كى بارلىق ئەرلەرنىڭ 15% نى تەشكىل قىلىدىكەن. — ئاپتوردىن.

جايلاردا تۈرۈشلۈك ھەربى قىسىملارنى زور دەرىجىدە كۆچەيتتى. ئاھالە ھەربىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى تەمىنلەشكە مەجبۇر قىلىندى. پۇقرالارنىڭ يەتكۈزۈپ بەرگەن نەرسىلەرى ئۈچۈن ئۇلارغا دولەت تەرىپىدىن بازار باھاسىدا ھەق تولەندى.

باشقۇرۇشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، پۈتۈن دولەت بىرقانچە رايونغا بولۇندى. بۇ رايونلارنىڭ ھەرقايسىسىدا دەسلەپتە خوجىلار دەۋرىدىكى ئەمەلدارلار داۋاملىق مەنسەپ تۇتتى. يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى جاۋخۇي يەرلىكلەر ئىچىدىن بەلگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن شەھەر ھاكىملىرى بېيجىڭ ھوكۇمىتى تەرىپىدىن تەيىنلەندى.

باج، غەللە - پاراق ئىشلىرى مەيلى سان جەھەتتە بولسۇن ياكى يىغىۋېلىش ئۇسۇلى جەھەتتە بولسۇن، خوجىلار دەۋرىدىكىدىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيتتى. لېكىن ھىلىقى جۇڭگولۇق باش قوماندان بۇ دولەتنىڭ باج ئېلىش چارىسى ھەققىدە ئوزىنىڭ خانغا يوللىغان مەلۇماتىدا قەشقەرىيەنىڭ نوپۇسى ئازىيىپ كەتكەنلىكى ۋە ئاھالىنىڭ خېلىلا نامرات بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاھالىدىن ئېلىنىدىغان باج مىقدارىنى ئازايتساق، دەپ ئىلتىماس قىلغان ئىدى.

جاۋخۇي ناھايىتى زەئىپلىشىپ كەتكەن سودا ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بىر يۈرۈش چارە - تەدبىر قوللاندى. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرسى مۇشۇ دولەتنىڭ ئاقچا تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش تەدبىرى ئىدى. قەشقەرىيەدە ئېقىۋاتقان ئاقچا يەنىلا خوجىلار دەۋرىدىكى ئاقچا ئىدى. بۇ ئاقچا جۇڭگونىڭ 2 مىس داچىنىگە باراۋەر كېلىدىغان مىس پۇلىنى (تومپۇرنى) ئوز ئىچىگە ئالاتتى. غالدان

سىرىن ھوكۇمرانلىق قىلغان دەۋردە بۇ مىس پۇلنىڭ بىر يۈزىگە مۇشۇ ھوكۇمراننىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، يەنە بىر يۈزىگە قۇرئاندىن بىر جۈملە ئايەت ئويۇلغان ئىدى. جاۋ-خۇي قەشقەرىيەدە قولغا چۈشۈرۈلگەن توپ-زەمبىرەكلەرنى ئېرىتىپ 7.000 قاداق مېتال چىقىرىۋالدى ۋە بۇ مېتالدىن 500.000 دانە چاقا قۇيدۇردى. بۇنداق چاقا پۇلنىڭ بىر يۈزىگە "چيەن لۇڭ تومپۇرى" (خانلىق پۇل) دىگەن خەت ئويۇلغان؛ يەنە بىر يۈزىگە ئەرەپ يېزىقى ۋە مانجۇ يېزىقى بىلەن "كاشغەر" دىگەن خەت ئويۇلغان ئىدى. بېيجىڭ ھوكۇمىتى جاۋخۇينىڭ پىلانىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە بۇ چاقا پۇلنى پۈتۈن قەشقەرىيەدە ئاقىدىغان قىلىپ بەل-گىلىدى.

خەنزۇلار بۇ رايوندا يولغا قويىغان مەمۇرى تۈزۈمە-لەرنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىگى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

(1) دىنىي ئېتىقاتقا ۋە ئورپ-ئادەتكە ئارىلاشماسلىق؛

(2) باج، غەللە-پاراق تەقسىم قىلىش-يىغىۋېلىشقا، يەرلىك ئادەملەر ئارىسىدىكى دەۋا-سوراق ئىشلىرىغا يەرلىك ئادەملەرنى قويۇش، شىك-شۈبھىسىزكى، ئىشقا قويۇلغان بۇنداق يەرلىك ئادەملەر خەنزۇ ئەمەلدارلارغا سوزسىز بوي سۇنۇشى شەرت؛

(3) جۇڭغارلار ھوكۇمرانلىق قىلغان دەۋردىكى باج، غەللە-پاراق ئېلىش ئولچىمىنى ئوزگەرتمەسلىك؛

(4) بۇ دولەتتىن يىغىۋېلىنىغان باجنى پەقەت ھەربى قىسىملار ۋە يەرلىك مەمۇرى باشقۇرۇش خىراجىتى ئۇچۇنلا سەرپ قىلىش.

ئەمدى خەنزۇلارنىڭ يۇقۇرىدىكى پروگىراممىلارنى

قانداق ئىجرا قىلغانلىقىغا نەزەر سېلىپ باقايلى:

شەرقىي تۈركىستان جۇڭگونىڭ غەربىتىكى بىر چوڭ رايوننى تەشكىل قىلىدىغان جۇڭغارىيە ۋە قەشقەرىيەدىن ئىبارەت ئىككى ئۆلكىگە ئايرىلىدى. بۇ بىرلەشمە ئۆلكىنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر باش ھەربى ۋالى — "ئىلى جاڭجۈنى" قويۇلدى. قەشقەرىيە يەنە يەركەن، قەشقەر، يېڭىسار، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان ۋە كۇچادىن ئىبارەت 6 رايونغا بولۇندى. بۇ 6 رايون بىر چوڭ ۋىلايەت بولۇپ، بۇ ۋىلايەتكە ئىلى جاڭجۇنگە قارايدىغان بىر مەسلىھەتچى ئامبال باشچىلىق قىلاتتى. ھەربىر رايوندا مەسلىھەتچى ئامبالغا قارايدىغان بىر نەپەر ئىش بېجىرگۈچى ئامبال بولاتتى.

مەيلى بۇيەردىكى پۇقرالار ياكى ھەربى قىسىملار بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىش بېجىرگۈچى ئامبالغا ئىتائەت قىلىدىكەن، جۈنتەي ئامبال ئىش بېجىرگۈچى ئامبالنىڭ ھەربى ئىشلار مۇشاۋىرى بولۇپ، قوشۇنلارغا بىۋاستە قوماندانلىق قىلىدىكەن.

ھەر بىر جاينىڭ ئەمەلىي باشقۇرۇش ھوقۇقى مەسلىھەتچى ئامبال يەرلىك كىشىلەر ئىچىدىن تاللىغان ھاكىم بەگلەرنىڭ قولىدا ئىكەن، ھاكىملارنى خىزمەتكە تەيىنلىگەندە ئورغۇنلىغان قۇرۇق رەسمىيەتلەرنى ئۆتەشكە توغرا كېلىدىكەن. مەسلىھەتچى ئامبال پەقەت ھاكىملىققا نامزات كۆرسىتەلەيدىكەن. ئاندىن باش ھەربى ۋالى بۇ نامزاتنى پايتەختكە ئوردىغا مەلۇم قىلىدىكەن. ئوردا بۇ نامزاتنى يەنە باش ۋەزىرگە يوللايدىكەن. ئەڭ ئاخىرىدا، 12 كىشىدىن تەركىب تاپقان قارام خەلقلەر مەھكىمىسىگە يوللىنىدىكەن. قارام خەلقلەر مەھكىمىسى بۇ نامزاتنى ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ

تەستىقلايدىكەن ياكى رەت قىلىدىكەن.

ھەربىر ھاكىمنىڭ "شاغاۋۇلبەگ" دىگەن بىر ياردەمچىسى بولىدىكەن. ھەربىر رايون يەنە بىر قانچە كىچىك رايونلارغا بولۇنىدىكەن. ھەربىر كىچىك رايوندا بىردىن مىراپبەگ بولىدىكەن. ھاكىمبەگ مىراپبەگلىككە بىر ئادەمنى نامزات قىلىپ كورسىتىدىكەن. مەسلىھەتچى ئامبال بۇنى ئىلى جاڭجۇنىگە يوللاپ ئەنگە ئالدۇرغاندىن كېيىن، رەسمى مەنسەپكە تەيىنلەيدىكەن.

ھەربىر مىراپبەگنىڭ بىردىن مىڭبېگى دىگەن ياردەمچىسى بولىدىكەن. پۈتۈن قەشقەر رايونى 16 كىچىك رايونغا بولۇنگەن بولۇپ، ھەربىر كىچىك رايونغا بىردىن مىراپبەگ قويۇلغان ئىكەن. ھەربىر رايون بىر ياكى بىر قانچە كەنتنى ۋە ئۇنىڭ دائىرىسىدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنى باشقۇرىدىكەن.

بۇ رايونلار مۇش، سەمەن، قورغان، قارا قىر، توققۇزاق، تازغۇن، خانئېرىق، قىزىلبوي، پەيزى ئاۋات، يېڭىئاۋات، ئوپال، تاشمىلىق، ئاغۇ، ئۇستۈن ئاتۇش، ئاستىن ئاتۇش ۋە بەشكېرەمدىن ئىبارەت.

ھەربىر رايونغا شۇ رايوننىڭ يەر دائىرىسىگە قاراپ بىر ياكى بىرقانچە يۈز بېشى تەيىنلىنىدىكەن. "يۈز بېشى" لار روسىيە تۈركىستانىدىكى "ئاقساقال" لارغا باراۋەر كېلىدۇ. بەزىبىر رايونلاردا يۈز بېشىلارنىڭ سانى كوپ دىگەندە 50 كە يېتىدىكەن. مىراپبەگ يۈز بېشىلىققا نامزات كورسىتىدىكەن، بۇنى ھاكىمبەگ تەستىقلايدىكەن. يۈز بېشىلارنىڭ ئون بېشى دىگەن ياردەمچىسى بولىدىكەن. ئۇلارنىمۇ ھاكىمبەگ تەستىقلايدىكەن، "ئاغلاقچى" ئەڭ توۋەن دەرىجىلىك

مەنسەپدار بولۇپ، ئۇلار خەت ـ ئالاقە يەتكۈزىدىغان خەۋەر ـ
چىلەر ئىكەن.
يۇقۇرقى خادىملار يەرلىك ئاھالە ئىچىدىن تاللىۋېلىن ـ
غانلار ئىكەن، ھەربىر رايونغا يۇقۇرقىدەك مەنسەپدارلار
تەيىنلەنگەننىڭ سىرتىدا، يەنە تۆۋەندىكىدەك ۋەزىپىلەرنىمۇ
مۇسۇلمانلار ئۆز ئۈستىگە ئالىدىكەن:
ھاكىمبەگنىڭ قول ئاستىدا يەنە ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇپ
نايىپبەگ، دىۋانبەگ دىگەن مەنسەپدارلارمۇ ئىشلەيدىكەن.
بۇ مەنسەپدارلار يۇقۇرىدا ئېيتىلغان پانساتتىن① يۇقۇرى
بولىدىكەن. بۇلار ئىشكىبېگىنىڭ لاياقەتلىك نامزاتلىرى
ھىساپلىنىدىكەن.
قازى دەپ ئاتالغانلار سوتچىلار ئىكەن، مۇپتىلار بول ـ
سا دىنىي قائىدە ـ نىزاملارنى چۈشەندۈرگۈچىلەر ئىكەن.
ھەربىر مىراپبەگنىڭ قول ئاستىدا بىردىن قازى، بىر ـ
دىن مۇپتى، بىردىن رەئىس ياكى بىردىن موتسىپ ۋە بىر
نەچچىدىن مۇدەررىس بولىدىكەن. مۇدەررىسلەر بولسا مەك ـ
تەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىكەن.
پاششاپ (تۈن پادىشاسى) كېچىلىرى كوچا ئايلىنىپ
يۈرۈپ قاراۋۇللۇق قىلىدىغان ساقچىلارنىڭ باشلىقى ئىكەن②،
موتسىپ③ ياكى رەئىس ــ مېچىت ـ مەدرىسلەردە ۋە

---

① پانسات دىيىلگىنى بىر خىل ھەربى ئۇنۋان بولۇپ، ئۇ 500 ئەسكەرنى باشقۇرىدىغان باتالىيون كوماندىرىغا تەڭ. ــ ئاپتوردىن.

② قوقاندا بۇنداق مەنسەپتىكى ئادەم مىرشاپ دەپ ئاتىلىدۇ. ــ ئاپتوردىن.

③ بۇلارنىڭ ۋەزىپىسى بۇخارادىكى رەئىسلەرنىڭكى بىلەن ئوخشاش. ــ ئاپتوردىن.

ئاممۋى سورۇنلاردا ئىجتىمائى ئەخلاقنى نازارەت قىلغۇچى ۋە قوغدىغۇچىلاردۇر. ئۇلار قوللىرىغا دەررە ئالغاچ كوچىلارنى ئايلىنىپ يۈرۈشىدىكەن. ئۇلار شەرىئەتكە خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى ئۇچرىتىپلا قالسا، ئۇلارنى مەيلى ئەر ياكى ئايال، مەيلى چوڭ ئادەم ياكى كىچىك بالا دەپ ئايرىماي دەررە بىلەن ئۇرىدىكەن.

موتەۋەللىبەگ مېچىت ياكى مەدرىسلەرنىڭ ۋە شەرىئەت ئورۇنلىرىنىڭ ۋەقپىلىرىنى باشقۇرۇدىكەن.

"بەدەلبېگى"① — ھەرخىل ماللاردىن باج ئالغۇچى خادىملار ئىكەن.

"قاراق بېگى"② — چەتئەل ماللىرىنى تەكشۈرگۈچى خادىملار ئىكەن.

مەپلەر③گە، مىنىلىدىغان ئاتلارغا ھەم ھەربىلەر ۋە ھوكۇمەت خادىملىرىنى توشۇيدىغان قاتناش قوراللىرىغا مەسئۇل خادىملار "ئەرباپبەگ" دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇلار ئاھالىدىن لازىمەتلىك نەرسىلەرنى يىغىش ھەمدە بۇ نەرسىلەرنى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە مەسئۇل ئىكەن. ئەرباپبەگنىڭ ئۈستىدە شاغاۋۇلبەگ بولۇپ، ئۇلارمۇ يۇقۇرقىدەك ئىشلارغا مەسئۇل ئىكەن.

---

① باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، زاكات يىغقۇچىلار. — ئاپتوردىن.

② مەن قەشقەردە تۇرغاندا، كىشىلەر ماڭا ئۇلارنى ئادەتلاشتۇرۇپلا، چەتئەل ماللىرى ئىچىدىن ئامبال ئۈچۈن مال تاللىغۇچىلار، دەپ چۈشەندۈرگەن ئىدى. — ئاپتوردىن.

③ ياكى ئۈستى يېپىقلىق ھارۋىلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ. — ئىنگلىزچە تەرجىماندىن.

دولەتنىڭ گۈلزارلىغىغا ياكى ئۈزۈملۈكلىرىگە مەسئۇل خادىملار "باغمەنبەگ" دەپ ئاتىلىدىكەن.

يەر سۇغىرىش ئىشلىرىغا مەسئۇل خادىملار "كوكبېشى"، "باغۋېشى" ياكى "داققالچى" دەپ ئاتىلىدىكەن.

كېيىن، خەنزۇلار "شاڭبېگى"، "ساڭ بىېگى" دىگەن ئىككى خىل مەنسەپنى تەسىس قىلغان ئىكەن. "شاڭ بېگى"، "ساڭ بېگى" دىگەن ئىككى خىل مەنسەپنىڭ ۋەزىپىسى مۇنداق: "شاڭبېگى"① — ھاكىملارنىڭ ئىككىنچى ياردەمچىسى ئىكەن. ساڭ بېگى② پۇقرالاردىن ئاشلىق يىغىشقا مەسئۇل ئىكەن.

خەنزۇلار قەشقەرىيەلىكلەرنىڭ جۇڭغارىيىگە تاپشۇرۇپ كەلگەن باج مىقدارىنى ئۆزگەرتمەپتۇ، ئۇلار باج تولىگۈچىلەرنىڭ رويخېتىنى تۈزۈشكە قاتناشمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ھوقۇقىنى ساقلاپ قالغان ئىكەن.

مىراپبەگ ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى بولغان مىڭبېگى، يۈز بېشىلار باج تاپشۇرىدىغانلارنىڭ رويخېتىنى تۈزۈش، باج يىغىش ۋە باجنى دولەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇشقا ئوخشاش ئىشلارنى بېجىرىدىكەن.

تاغلىق جايلاردىكى كوچمەنلەر ھاكىمبەگنىڭ باشقۇرۇشىدا بولماستىن، بەلكى "بىي" لارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، بىيلار خەلقتىن يىغىۋالغان باجلارنى ئامباللارغا بىۋاستە تاپشۇرىدىكەن.

---

① ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى تاشكەنتتىكى مىراپلارنىڭكى بىلەن باراۋەر. — ئاپتوردىن.

② قوقان دولىتىدە ئامبار بەگ دەپ ئاتىلىدۇ. —ئاپتوردىن.

بۇ ئالاھىدە دەۋردە خەنزۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان-
دىكى ھوكۇمرانلىقىغا دائىر بىر ئىگەللىگەن ماتېرىياللارغا
قارىغاندا، قەشقەرىيە ئاھالىسىنىڭ ئەينەن سانى ياكى ئۇلار
تاپشۇرغان باجلارنىڭ ئومۇمى مىقدارىنى خەنزۇلار ئىگەللى-
گەن ماتېرىياللاردىن ئېنىقلاپ چىقىش قىيىن.

شۇڭا بىز نەشر قىلىنغان پارچە-پۇرات ماتېرىياللار
بىلەن ئۆزىمىز ئىگەللىگەن ئاخباراتلارنى بىرلەشتۈرۈپ،
ھەرقايسى رايونلارنىڭ نوپۇسىنى ۋە ئۇلار تاپشۇرغان باج،
غەللە-پاراقنىڭ مىقدارىنى تۆۋەندىكىچە رەتلەپ چىقتۇق.
بۇلار پەقەت تەقرىبى سان بولۇپ، ئەمەلىيەتتىكى ساندىن
خېلىلا تۆۋەن. 1760-يىلدىن 1825-يىلغىچە بولغان
مەزگىلدە قەشقەرىيەنىڭ نوپۇسى تۆۋەندىكىچە:

قەشقەر رايونىدا 100.000 دىن 150.000 غىچە
ئادەم.

يەركەن رايونىدا 200.000 دىن 400.000 غىچە،
خوتەن رايونىدا 100.000 دىن 700.000 غىچە،
ئاقسۇ رايونىدا 150.000 دىن 200.000 غىچە،
كۇچا رايونىدا 25.000 دىن 50.000 غىچە.
جەمى 575.000 دىن 1.500.000 غىچە ئادەم ياشى-
غان.

يۇقۇرقى مەزگىلدە ئاھالىنىڭ ھەر يىلى تاپشۇرىدىغان
باج مىقدارى تۆۋەندىكىچە: قەشقەر رايونى 72.000 سوم
(9.000 فۇنت ستېرلىڭ)، 170.000 پۇت (6.126.000
قاداق) ئاشلىق؛ 10.000 توپ ماتا؛ يەركەن رايونى
80.000 سوم (10.000 فۇنت ستېرلىڭ)، 60.000 توپ
ماتا؛ 1.400 دانە قىل تاغار؛ 1.300 تال ئاغامچا؛ 3.000

جىڭ (110 پۇت ياكى 3.960 قاداق) مىس؛ 15.000 جىڭ پاختا؛ كۇچا رايونى 24.000 پۇت ئاشلىق؛ 1.080 جىڭ (27 پۇت ياكى 972 قاداق) مىس، 200 جىڭ ($7\frac{1}{2}$ پۇت ياكى 270 قاداق) سىلىترا، 300 جىڭ (11 پۇت ياكى 396 قاداق) گۈڭگۈرت.

بۇ مەھسۇلاتلارنى پۇلغا① سۇندۇرساق، قەشقەر رايونى بىلەن يەركەن رايونىنىڭ تاپشۇرغان ئومۇمى بېجى 190.000 سوم (27.250 فۇنت ستېرلىڭ) بولىدۇ، ئۇنىڭغا يەنە ئاقسۇ، خوتەن، كۇچا قاتارلىق رايونلار باجغا تاپشۇرغان 210.000 سوم (26.250 فۇنت ستېرلىڭ) نى قوشساق جەمى 400.000 سوم (50.000 فۇنت ستېرلىڭ) بولىدۇ ياكى باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، 300.000 سوم (37.500 فۇنت ستېرلىڭ) نەق پۇل ۋە 100.000 سوم (12.500 فۇنت ستېرلىڭ) قىممىتىدىكى ماددى نەرسە باجغا تاپشۇرۇلغان بولىدۇ.

جۇڭگولۇقلار باجدىن كىرگەن كىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئارمىيىنى قامداش ۋە بۇ دولەتنى باشقۇرۇشقا سەرپ قىلىدىكەن.

ئۇلار قەشقەردىيەدىن ئىلىغا پەقەت ماتا، مىس، گۈڭگۈرت ۋە سىلىترا! يوتكەيدىكەن②.

---

① مەن تۆۋەندىكى ئولچەم بويىچە ھىساپلىدىم: بىر توپ ماتانىڭ باھاسى 30 تىيىن، بىر پۇت (36 قاداق) ئاشلىقنىڭ باھاسى 10 تىيىن، بىر جىڭ (تەخمىنەن 2.5 قاداق) پاختىنىڭ باھاسى 10 تىيىن، بىر جىڭ مىس 30 تىيىن. — ئاپتوردىن.

② ئىگەللىگەن باشقا ئاخباراتلاردىن قارىغاندا. ئۇلار قەشقەردىيەدىن باشقا يەرلەرگە يەنە ئالتۇن ۋە قاشتېشى يوتكەيدىكەن. — ئاپتوردىن.

بىز خەنزۇلاردىن قەشقەرىيەدە تۇرغان قوشۇننىڭ ئومۇمى سانى ھەققىدە پەقەت تەقرىبى سانىنىلا ئوتتۇرىغا قويالايمىز. قەشقەرىيەنىڭ بىرقانچە شەھەر قورغانلىرىدا تۇرۇشلۇق ئەسكەر سانى تۆۋەندىكىچە:

قەشقەردە 6.000 دىن 10.000 غىچە،
يەركەندە 2.000 دىن 3.000 غىچە،
خوتەندە 2.000 دىن 3.000 غىچە،
ئاقسۇدا 3.000 دىن 4.000 غىچە،
باشقا يەرلەردە 4.000 دىن 5.000 غىچە،
جەمى: 17.000 دىن 25.000 غىچە.

جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇ يەردە تۇرغۇزغان قىسىملىرىدا خەنزۇلار بىلەن مانجۇلاردىن باشقا يەنە 10.000 دىن 15.000 غىچە تۇڭگان ئەسكەرمۇ بار.

دېمەك، جۇڭگولۇقلارنىڭ قەشقەرىيەدە تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ ئومۇمى سانى 27.000 دىن 40.000 غا يېتىدۇ.

جۇڭگو قىسىملىرى ئاساسەن ئوقيا ـ قىلىچلار بىلەن قوراللانغان ئاتلىق ئەسكەرلەردىن ۋە چاقماقلىق مىلتىق بىلەن قوراللانغان پىيادە ئەسكەرلەردىن تەشكىل قىلىنغان.

قەشقەرىيەدىكى مەمۇرى خادىملار ئىچىدە پەقەت جۇڭگو ئەمەلدارلىرىلا مائاشلىق. يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئىش ھەققى ھاكىمبەگلەر تەرىپىدىن بېرىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن نەق پۇل ھىساۋىدا ئاشلىق بېرىلىدۇ ياكى ئۇلارنىڭ يەرلىرى ھەقسىز تېرىپ بېرىلىدۇ.

خەنزۇلار دىنىي جەھەتتە كەڭ قوساقلىق بولۇش پوزىتسىيىسىنى قوللانغان. ئۇلار بېسىۋالغان شەھەرلەردە مېچىتلەر بىلەن بۇددىزم ئىبادەتخانىلىرىنىڭ بىللە مەۋجۇت

تۇرۇشىغا يول قويىغان. خەنزۇلار موللىلارنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشمىغان، ھەتتا يەرلىكلەرنى تولۇق ھوقۇقلۇق قىلىپ قويىغان ئىدى.

خەنزۇلار خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ-ئادەتلىرىگىمۇ ئارىلاشمايتتى. ئۇلار قەشقەرىيەلىكلەرنىڭ شەرىئەتنى ساقلاپ قېلىشىغا يول قويىغان ئىدى، قازى ياكى مۇپتىلارنى تاللاش ئىشلىرىغا ئارىلاشمايتتى. لېكىن ئۇلار ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ مەنپەئەتىنىڭ زىيانىغا ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن، شەرىئەتكە ئۇلارنىڭ قانۇن شەرھىلىگۈچى خادىملىرىنى ئەۋەتىش ھوقۇقىنى ساقلاپ قالغان ئىدى.

خەنزۇلار پۇقرالارنىڭلا ئۆز مىللى كىيىملىرىنى كىيىشىگە يول قوياتتى. ئەمەلدارلارنىڭ بولسا ئۇزۇن چاچ قويۇشلىرى ۋە خەنزۇچە كىيىم كىيىشلىرى شەرت ئىدى. ئەمەلدارلار ئىچىدە پەقەت موللىلار بىلەن قازىلارلا بۇ بەلگىلىمىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي ئۆز مىللى كىيىملىرىنى كىيەلەيتتى.

خەنزۇلار يەرلىك ئەمەلدارلارنى ئۇلارغا پىداكارلىق بىلەن خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى ۋاقىتلىقچا ۋە بەيزىلىكتە ئۇستۇرەتتى. ۋاڭنىڭ ئوتىغات-تەلپىگە بىر تال توز پېيى بىلەن گوھەر ئورنىتىلغان ئۇچ توشۇكلۇك مۇنچاق قادىلاتتى. بارلىق ئەمەلدارلارنىڭ ئوتىغاتلىرىغىمۇ مۇشۇنداق مۇنچاق قادىلاتتى. لېكىن مۇنچاقلار مەنسەپ دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىگە قاراپ خىلمۇ خىل بولاتتى. مۇنچاقلار 7 خىل بولۇپ، بىرىنچى خىلدىكى ئوتىغاتقا قىزىل ياقۇت بېكىتىلەتتى. ئىككىنچى خىل ئوتىغاتقا مارجان بېكىتىلەتتى، ئۇچىنچى خىل ئوتىغاتقا پىروزا بېكىتىلەتتى، تۆتىنچى خىل

ئۆتىغاتقا كوك شىشە بېكىتىلەتتى، بەشىنچى ئۆتىغاتقا يېشىل شىشە بېكىتىلەتتى، ئالتىنچى خىل ئۆتىغاتقا قاشتېشى بېكىتىلەتتى، يەتتىنچى خىل ئۆتىغاتقا كۈمۈش بېكىتىلەتتى.

مۇسۇلمانلار كوچىدا بىرەر خەنزۇ ئەمەلدارغا دۇچ-كېلىپ قالسا، ئاتتىن چۈشۈشى شەرت ئىدى.

ئامبال شەھەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە چىققاندا، پۇق-رالار تاكى ئامبال ئۆتۈپ كەتكەنگە قەدەر يەردە تىزلىنىپ ئولتۇرۇشلىرى شەرت ئىدى.

مۇبادا ئامبال بىرەر خانىقاغا بېرىپ قالغان بولسا، بارلىق مۇسۇلمان ئەمەلدارلار دەرۋازىنىڭ ئىككى چېتىدە قوللىرىنى ئارقىسىغا ئېلىپ، يەردە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشى شەرت، ھاكىمبەگمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. مەمەدانە خەنزۇلار بۇنى: سىلەر ئامبالغا ئەمەس، بەلكى بۇغ-داخانىڭ نايىبىغا تازىم قىلىۋاتىسىلەر، دەپ چۈشەندۈرەتتى. بۇنچىلىك كۆڭۈل ياساش ھەرگىز كۇپايە قىلمايتتى. خەنزۇ ئە-مەلدارنىڭ مۇسۇلمانلارغا زورلاپ تاڭغان بۇ ئىزا-ئاھانەتلىرى ئاخىرى ئۇلارنىڭ مەمۇرى باشقۇرۇشتا كۆرسەتكەن بەزىبىر گۈزەل ئەخلاق پەزىلەتلىرىنى ئاستا-ئاستا يوققا چىقاردى.

ئولۇم جازاسىغا ھوكۇم قىلىش جەھەتتە، تېپىلىق شارائىتتا خەنزۇلار ھەرگىزمۇ تۇرغۇن يازغۇچىلار تەسۋىرلى-گەندەك ئۇنداق قاتتىق قول ئەمەس ئىكەن. ئولۇم جازاسى بېرىلىدىغان ئەھۋال ناھايىتى ئاز ئىكەن. ئولۇم جازاسى ھوكۇم قىلىشقا توغرا كەلگەندىمۇ ئەستايىدىل ئويلىنىپ ئىش كۆرۈلىدىكەن. مەسلىھەتچى ئامبال مەنسەپدارلاردىن باشقا، ھەرقانداق بىر پۇقرانى جازالاشقا ھوقۇقلۇق ئىكەن. ئامبال پەقەت سىياسى مەھبۇسلارغىلا ئولۇم جازاسى بېرەلەيدىكەن.

ئەگەر مەنسەپدارلاردىن بىرەر كىشى ئۆلۈمگە لايىق جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولسا، ئامبال بۇنى مەسلىھەتچى ئامبالغا مەلۇم قىلىدىكەن. مەسلىھەتچى ئامبال ئىلى جاڭجۇنىگە يوللايدى- كەن. پەقەت ئىلى جاڭجۇنىلا بىرەر مەنسەپدارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق بېرەلەيدىكەن.

لېكىن ھىلىگەر خەنزۇلار ئۆزلىرىنى قانۇنى تەرتىپتىن قاچۇرۇشنىڭ بىر خىل يولىنى تېپىۋاپتۇ. مەسلىھەتچى ئام- بال بىلەن ئامباللار يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلاردىن باشقا ھەر قانداق بىرەر ئەمەلدارنى مەنسۇپدىن قالدۇرا- لايدىكەن. شۇڭا ئەمەلدار ئەگەر بىرەر جىنايەت ئۆتكۈزسە، ئۇ ئاۋال مەنسۇپدىن قالدۇرۇلىدىكەن، ئاندىن ئادەتتىكى ئۆلتۈرۈش ئۇسۇلى بويىچە ئۆلتۈرۈلىدىكەن.

ئۆلۈم جازاسى بىر يۈرۈش ناھايىتى مۇرەككەپ مۇراسىم بىلەن ئىجرا قىلىنىدىكەن.

جىنايەتچى مەيلى شەرىئەت تەرىپىدىن ياكى مەسلى- ھەتچى ئامبال تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسىغا ھوكۇم قىلىنغان بولسۇن، چېرىكلەر ۋە ئاھالە تەرىپىدىن شەھەر مەيدانىغا ئېلىپ كېلىنىدىكەن. جىنايەتچىنىڭ قوللىرى كەينىگە باغلى- نىپ، ئاھالە ئالدىدا ئورە تۇرغۇزۇلىدىكەن. بۇ چاغدا جاللاتلاردىن بىرسى مەھبۇسنىڭ كۆز ئالدىدىلا قىلىچنى بىلەشكە باشلايدىكەن. بۇ ئادەت، ئېھتىمال، ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىشتا ئىلگىرىدىن تارتىپلا قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان بولسا كېرەك. جىنايەتچى ئۆز ئالدىدا تۇرغان جاللاتقا قاراپ قالغان چاغدىلا قولىغا ئايپالتا ئالغان يەنە بىر جاللات جىنايەتچىنىڭ ئارقىسىدىن ئاستا كېلىپ ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالىدىكەن.

بۇنىڭدىن سىرت، خەنزۇلار يەنە بەزى جىنايەتچىلەر-نى يۇقىرالىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىدىكەن. ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى، جىنايەتچى ھەرخىل مۇراسىملاردىن كېيىن بىر تۈپ دەرەخكە يولەپ تۇرغۇزۇلىدىكەن. جىنايەتچىنىڭ دە-رەخكە چۈشكەن سايىسى ئويۇپ ئېلىنىدىكەن. ئاندىن جى-نايەتچى ئۆز ئۇرۇق-تۇققانلىرى تەرىپىدىن ئويىگە ئېلىپ كېتىلىدىكەن. شۇ كۈندىن باشلاپ، بۇ كىشىنىڭ باشقىلارغا كورۇنمەسلىكى شەرت ئىكەن. بۇ جازادىن كېيىن، باشقىلار ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سورىغاندا، جىنايەتچىنىڭ ئۇرۇق-تۇققان-لىرى، ئۇ پالانچى كۈنى ئولگەن، دەپ جاۋاپ بېرىدىكەن.

خەنزۇلار ھوكۇمرانلىق قىلغان دەۋردە ياشىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشىغا دائىر ئەھۋاللاردىن ئىگەللىگەنلىرىمىز ناھايىتى ئاز. 1818 - يىلى بۇ يەرگە زىيارەت قىلغان مۇسۇلمان ساياھەتچى مىر ئىززەتۇللا① توۋەندىكىلەرنى بايان قىلىدۇ:

"يەركەن ئاھالىسى ئىنتايىن ئىشچان كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ كوپچىلىكى سودىگەرلەر، دۇكان خوجايىنلىرى ۋە ئۇششاق ئېلىپ ساتارلار ئىكەن. ئۇلار ئارىسىدا قۇل-چورى بولۇپ كەتكەنلەر ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ. بىر پوقاقلارنى ناھايىتى كوپ ئۇچراتتۇق. ئۇلار ھەمىشە نوگايىدا سۇ ئىچكەنلىكىدىن شۇنداق بولغان بولسا كېرەك. خوتۇن-قىزلار مەيلى يۇقۇرى ياكى توۋەن تەبىقىدىن بولسۇن، ھەممىسى دىگۇدەك شەرق ئادىتى بويىچە چۇمبەت تارتىشمايدىكەن".

---

① رىتتېر يازغان «شەرق تەرەپ ياكى چىنى تۈركىستان» دىگەن كىتاپنىڭ 101 - بېتىگە قاراڭ. — ئاپتوردىن.

قەشقەرىيە بىلەن باشقا مۇسۇلمان دولەتلىرىنى سىلىشتۇرغاندا، قەشقەرىيە خوتۇن - قىزلىرى ئۇ يەرلەر - دىكىدىن كوپىرەك ئەركىنلىككە ئىگە ئىكەن. ئۇ كورگەن تارىخى كىتاپلاردا خاتىرىلىنىشىچە، خوتەنلىك خوتۇن - قىزلار 5 - 6 - ئەسىرلەردە ئەرلەر بىلەن بىللە ھەر خىل ئىجتىمائى پائالىيەتلەرگە قاتنىشالايدىكەن. ھەتتا بۇنداق سورۇنلارغا ناتونۇش ئادەملەر كىرىپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئۇزلىرىنى چەتكە ئالمايدىكەن. شۇنىڭدەك باشقا تارىخي كىتاپلاردىمۇ، خوتەنلىكلەر ناھايىتى قائىدە - يوسۇنلۇق كېلىدۇ، بىر بىرىسىگە ئۇچراشقاندا ئېگىلىپ ئۇزئارا تازىم قىلىشىدۇ، دېيىلگەن.

توۋەندە بىر 1778 - يىلى بېيجىڭدا نەشر قىلىنغان «غەربى يۇرتتا كورگەن - بىلگەنلىرىمىز» دىگەن كىتاپتىكى بەزىبىر قىزىقارلىق خاتىرىلەرنى نەقىل كەلتۇرىمىز. بۇ ماتىرىياللاردا جۇڭگو كۇزەتكۇچىلىرى ئۇچراتقان يەرلىك ئاھالىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بايان قىلىنغان①.

"يەرلىك ئاھالە تولىمۇ ئېھتىياتچان ئىكەن، ئۇلار جۇڭگولۇقلارنى بەكمۇ ھەرمەتلەيدىكەن. كاتتىلارنى بەكمۇ ئىززەتلەيدىكەن. ئۇلار بەكمۇ يۇۋاش - مۇلايىم كىشىلەر ئىكەن، ئەمما چىۋەر، مېھماندوست كېلىدىكەن. خوتۇن - قىزلىرى ناخشا - ئۇسۇلغا ماھىر ئىكەن، ئۇلار ئارىسىدا موللاق ئېتىش، مىس ئاغامچا تارتىلغان دارغا چىقىپ ئويناشتەك كورۇشكە ئەرزىيدىغان خىلمۇ خىل ئويۇنلار كوپ ئىكەن. بۇ

① رىتتېرنىڭ «شەرقىي تەرەپ ياكى چىنى تۇركستان» دىگەن كىتاۋىنىڭ 61 - بېتىدىن 116 - بېتىگىچە قارالسۇن. — ئاپتوردىن.

دولەتتە مۇشتۇمزورلار يەرلىك خەلقنى بوزەك قىلىدىغان ئادەت بار ئىكەن. بەگلەر تولىمۇ ئاچكوز، زومىگەر كېلىدىكەن. ئەگەر كەمبەغەل مۇسۇلمانلاردىن بىرەرسى ئازراق پۇل يىغىپ باي بولماقچى بولسا، بەگلەر ئۇنى شوراپ قۇرۇتىۋېتىدىكەن، شۇڭا شەھەردە ئاھالە ناھايىتى زىچ ئولتۇراقلاشقان بولسىمۇ، ئەمما بايلار ئاز، كەمبە-غەللەر كوپ ئىكەن. بۇ يەردىكى ئادەملەر شەھۋەتپە-رەسلىك ھەتتا بەچچىۋازلىقتەك پەسقى-پۇجۇر ئىشلارغا بېرىلگەن ئىكەن. بۇ تەرىپى فۇجەنلىك ۋە گۇاڭدۇڭ-لۇقلارغا ئوخشاپ كېتىدىكەن".

ھورمەتكە لايىق جۇڭگولۇق بۇ جۇغراپىيەشۇناس خەنزۇلارنىڭ ئوزى بېسىۋالغان بۇ زېمىندا يۇرگوزگەن باشقۇرۇش تۇزۇمگە — ئەمەلدارلارنىڭ ھېچبىر تەپتارتى-ماستىن پۇقرالارنى تالان-تاراج قىلىشىغا يول قويىدىغان تۇزۇمگە قارشى بىلەر-بىلمەستىن جازا يۇرۇشى ئېلان قىلىدىغان ئەيىپنامە يازغانلىقىنى ئوزىمۇ سەزمەي قالغان.

تۆۋەندە بىر بۇنداق قاقتى-سوقتى قىلىشلارنىڭ يەنە قانداقسىگە باشقا سەۋەبلەر بىلەن قوشۇلۇپ، خەنزۇ-لارنىڭ بۇ دولەتتىكى ھوكۇمرانلىقىنىڭ تۇراقسىزلىق ۋەزىيىتىنى پەيدا قىلغانلىقىنى ئىزاھلايمىز.

باشقا بىر نوپۇزلۇق خەنزۇنىڭ يازغانلىرىدىن قارىغاندا، شايارلىقلار (كۇچا شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا) نا-ھايىتى بېخىل، دوت ۋە ئورۇشقاق كېلىدىكەن، خوتۇن-قىزلىرى، گوزەللىكى بىلەن مەشھۇر بولۇپ، چىرايى

تېگى ـ تېگىدىن ئاق ۋە رەڭدار كېلىدىكەن①.

خەنزۇلار قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيىنى ئىستىلا قىلىغاندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ غەربىي چېگرىسىنىڭ ئامانلىقى كاپالەتكە ئىگە بولدى. لېكىن تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى شۇكى، جۇڭگو ماللىرى ئۈچۈن، بولۇپمۇ چاي ئۈچۈن كەڭ بازار ئېچىلدى.

جۇڭگو چېيى بۇ ئىستىلا قىلىنغان شەھەرلەردىكى ئاھالىسىنىڭ كۈندىلىك ئىستىمال بۇيۇمىغا ئايلىنىش بىلەنلا قالماي، بەلكى يەنە قەشقەر ئارقىلىق قوقان، بۇخارا ھەتتا ئافغانىستان قاتارلىق ئەللەرگىمۇ كوپلەپ ئېكسپورت قىلىنىشقا باشلىدى.

ئەڭ مۇھىمى، خەنزۇلار قەشقەرىيەنىڭ قىممەتلىك مەدەن بايلىقىنى قېزىش ئىشلىرىنى تامامەن مونوپول قىلىۋالدى. مەسىلەن، كېرىيىدىكى (خوتەننىڭ شەرقىدە) ھوكۇمەت ئىگىلىگىدىكى كاندا ھەر كۈنى 300 ئادەم ياللىنىپ ئىشلەيدىغان بولدى.

قەشقەرىيەدە ئەمىنلىك ئورنىغانلىقتىن، سودا ـ سېتىق ئىشلىرى راۋاجلىنىپلا قالماي، بەلكى سانائەتمۇ تەرەققى قىلدى. بىر يۈقۇرىدا تىلغا ئېلىنىپ ئۆتكەن ھىلىقى خەنزۇ جۇغراپىيەشۇناس يەركەن بازىرىنى قىزغىن تەسۋىرلەپ مۇنداق دىگەن ئىدى: "بازاردىكى ماللار خۇددى تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن، بازارغا كەلگەن ئادەمنىڭ جىقلىقىدىن، ھەتتا دەسسىگىدەك يەر تاپقىلىمۇ بولمايدۇ".

بىرگە مۇشۇ يەرلىك بىر مۇسۇلمان سودىگەر: مۇشۇ 20

① رىتتېرنىڭ «شەرق تەرەپ ياكى چىنى تۈركىستان» دىگەن كىتاۋىنىڭ 173 ـ بېتىگە قاراڭسۇن. ــ ئاپتوردىن.

يىلدىن بۇيان خىتايلار ئۇرۇش - يېغىلىقلارنى توختىتىپ تىنچلىق ئورناتقانلىقتىن، سودا - سېتىق ئىشلىرىمىز تازا بەرىسكە تاپتى، دەپ سوزلەپ بەردى. يەركەنىنىڭ سودا ئىشلىرى ناھايىتى راۋاجلانغان بولۇپ، كولىمى قەشقەرنىڭكىدىن خېلىلا چوڭ. خەنزۇلار شەھەرنىڭ ئاساسلىق رەستىلىرىدە ناھايىتى كاتتا دۇكانلارنى ئاچقان. يەنە ساياھەتچىلەر چۈشىدىغان نۇرغۇن كارۋان سارايلىرىمۇ سېلىنغان. شەھەردە مۇسۇلمانلارنىڭ 10 نەچچە مەدرىسە ياكى مەكتەپلىرى بار بولۇپ، بۇ مەكتەپلەر نۇرغۇن ۋەقپە مۇلۇكلەرگە ئىگە ئىكەن. بۇ شەھەردە شەھەر ئاھالىسىدىن باشقا، يەنە بەدەخشان ۋە كاپىرىستانلىقلار بىلەن سودا قىلىشىدىغان ئەرەپ سودىگەرلىرىمۇ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئىكەن.

خەنزۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خوشنا ئەللەر بىلەن سودا - سېتىق قىلغاندا ناھايىتى چوڭ مەنپەئەت كور - گىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەنلىكتىن، ئىلگىرىكىدەك چەتئەللەر بىلەن ئالاقە قىلىشماسلىق سىياسىتىنىڭ ئەكسىچە ئىش كورۇپ، خوشنا دولەتلەر بىلەن بولغان سودىنى يولغا قويىدى. بۇنىڭ سىرتىدا، ئۇلار بۇ يېڭى ئولكىدە چارۋا مالنىڭ ئاز ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئەزەلدىن ئۆز ئۆزىگە خوجا بولۇپ كەلگەن قارا قىرغىزلارنى ئۆز چارۋىلىرىنى ھەيدەپ جۇڭگوغا كېلىشكە رىغبەتلەندۇردى.

ئۇلار بارلىق چەتئەللىكلەرنى، ھەتتا قەشقەرىيە شەھەر - لىرىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان چەتئەللىكلەرنى مۇھاجىرلار ياكى ساياھەتچىلەر دەپ قاراپ، ئۇلاردىن ھېچقانداق باج ئالمايدىكەن.

سوغا ـ سالام ئۈچۈن تەييارلانغان ياكى چەتئەل ـ لىكلەر سوغا قىلغان ماللاردىنمۇ ھېچقانداق باج ئېلىن ـ مايدىكەن.

چەتئەللىكلەر ھەيدەپ كەلگەن چارۋىلار (قارا قىر ـ غىزلار ھەيدەپ كىرگەن چارۋىلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئۈچۈن 30 دىن بىر ئۆلۈش باج ئېلىنىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭگو ئاھالىسىنىڭ چارۋىلىرى ئۈچۈن 20 دىن بىر ئۆلۈش باج ئېلىنىدىكەن. ئىچكى جايلار ئارا سودىدىن ھېچقانداق باج ئېلىنمايدىكەن.

سودىگەرلەر ئىچىدە جىدەل يۈز بەرگەندە، سودىگەر ـ لەردىن تەشكىل قىلىنغان سوراقچىلار ئۈمگى تەرىپىدىن سوراپ بىر تەرەپ قىلىنىدىكەن.

قىرغىزلار بىرنەچچە قەبىلىگە بۆلۈنىدىكەن. ھەر بىر قەبىلىنىڭ ئاقساقىلى ھاكىمبەگ تەرىپىدىن تەيىنلىنىدىكەن.

ئۇ چاغلاردا قەشقەرىيەدە جۇڭگو ئاقچىلىرى ئاقىدىكەن.

"يارماق" ياكى "چاقا" شۇ چاغلاردا بازاردا ئېقىـ ۋاتقان ئەڭ كىچىك پۇللاردۇر. بەش چاقا بىر پۇل ياكى بىر قارا پۇلغا، ئىككى چاقا بىر داچەنگە تەڭ ئىكەن①.

① يېقىندىن بېرى ياقۇپبەگ كۈمۈش تەڭگە قۇيدۇرۇشقا باشلىغان، بىر كۈمۈش تەڭگە 50 تومۇرغا ياكى 25 دا ـ چەنگە باراۋەر. ئىككى قەشقەر تەڭگىسى بىر قوقان تەڭگىسىگە تەڭ، يەنى بۇخارا، خىۋە ۋە روسىيىگە قارايدىغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدە ئىشلىتىلىۋاتقان بىر مىتال ئاقچىغا باراۋەر. بىر قەشقەر تەڭگىسى يەنە 20 قوقان چاقىسىغا ياكى 30

ئەللىك پۇل بىر تەڭگىگە تەڭ. ئەمەلىيەتتە، بۇ پۇل مەۋجۇت ئەمەس ياكى بىر قارا پۇل 5 تىن بىر تيىنغا تەڭ. بىر تەڭگە 10 تيىنغا تەڭ. جۇڭگولۇقلار باج ھىساپلاشتا، پۇل ياكى سەرنى ئۆلچەم قىلىدىكەن. ئەگەر پۇل مىقدارى كوپ بولسا، يامبۇنى ئۆلچەم قىلىدىكەن.

بىرسەر بىر ئۇنسىيە كۈمۈشكە تەڭ. يامبۇ — جوڭلۇغى ھەرخىل كەلگەن كۈمۈش پارچىسى بولۇپ، يامبۇنىڭ ئەڭ چوڭى 4.75 قاداق كېلىدىكەن.

كۈمۈشنىڭ باھاسى دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جۇڭگو كۈمۈشنىڭ كۆرسى ناھايىتى كوپ تۆۋەنلەپ كەتكەن. ئالتۇن ئۆلچەشتە سەر ياكى زولۇتنىك (بىر زولۇتنىك 2 گىرامغا باراۋەر) ئۆلچەم قىلىنىدىكەن.

جۇڭگولۇقلار جىڭنى ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىگى قىلىدۇ، بىر جىڭ 1.5 قاداققا تەڭ، ئاشلىقلار تاغار ياكى پاتمان (بىر پاتمان 12 پۇت ياكى 432 قاداققا تەڭ بىر خىل ئۆلچەم) بىلەن ۋە ياكى چارەك بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بۇ ئۆلچەم بىرلىكلىرىنىڭ ھازىر ئىشلىتىلىدىغان ياكى ئىشلىتىلمەيدىغانلىقىنى تېخى ئېنىقلاپ چىقالمىدىم. بىر پاتمان ياكى بىر تاغار ئاشلىق 20 پۇتقا تەڭ. بىر چارەك ئاشلىق 1.5 پۇت① (54 قاداق) كېلىدۇ.

---

تاشكەنت چاقىسىغا تەڭ. 4.75 قاداق ئېغىرلىقتىكى بىر يامبۇ 1.000 ياكى 1.100 تەڭگىگە تەڭ. — ئاپتوردىن.

① ھازىر قەشقەرىيەدە قۇرۇق ماللارنى ئۆلچەشتە "چارەك" بىرلىك قىلىنىدىكەن. بىر چارەك بۇغداي 24 قاداق، بىر چارەك قوناق 26 قاداق، بىر چارەك ئارپا 25 قاداق

كېلىدىكەن، ھول ماللارنى ئۆلچەشتە "جىڭ" بىرلىك قىلىنىدىكەن. ئۇزۇنلۇق ئۆلچەشتە تاش بىرلىك قىلىنىدىكەن. بىر تاش 12 قەدەمگە تەڭ. لېكىن ئېگىزلىكنى ئۆلچەشتە، ھېسابلىغۇچىنىڭ ئوي - پىكرىدىكە قاراپ "تاش" مۇ ھەر خىل ھېسابلىنىدىكەن. پاختا، مىس، گۈڭگۈرت ۋە سېلىترالار "جىڭ" بىلەن ئۆلچىنىدىكەن. ئارىلىقنى ئۆلچەشتە بولسا، "چاقىرىم" بىرلىك قىلىنىدىكەن. بىر چاقىرىم 200 ساژىنغا تەڭ كېلىدىكەن. — ئاپتوردىن.

## بەشىنچى باپ

### 1825 - يىلىدىكى جوڭگولۇقلارغا قارشى قوزغىلاڭ، جاھانگىر تورە، 1830 - يىلىدىكى قوقەن يېغىلىقى، مەتيۇسۇپ خوجا، يەتتە خوجا (كاتتا تورە) يېغىلىقى، 1857 - يىلىدىكى قوزغىلاڭ، ۋەلىخان تورە.

شۇنداق قىلىپ، جوڭگولۇقلار جوڭغارىيە بىلەن قەشقەرىيەنى ئوڭايلا بېسىۋالغاندىن كېيىن، تېخىمۇ ئۇرۇشقاق بولۇپ كەتتى. جوڭگولۇقلارنىڭ ئارمىيىسى 1756 -، 1758- ۋە 1760 - يىللىرى قازاق دالاسىدىكى ئورتا جۈز (ئوتتۇرا يۈز) گە بېسىپ كىرىپ، ئورتا جۈز خانلىرىنى جوڭگولۇقلارنىڭ ئالىي ھوكۇمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، كىچىك جۈز (كىچىك يۈز) خانلىرى بىلەن قارا قىرغىزلارنىڭ بۇلۇت ئولۇسىنىڭ ئاقساقاللىرىمۇ ئورتا جۈزگە ئەگىشىپ، جوڭگولۇقلارنىڭ ئەڭ يۇقۇرى ھوكۇمرانلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلدى. شۇنداق قىلىپ، بۇلار ھەر يىلى ھەر يۈز تۇياق ئات، كالىدىن بىردىن ئات ۋە بىردىن كالىنى، ھەر مىڭ تۇياق قويىدىن بىردىن قوينى باجغا تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. جوڭگولۇقلار باج يىغىۋېلىش ۋە ئۇزلىرىنىڭ بۇ قىرغىزلار رايونىدىكى ئەسىرىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ھەر يىلى ئۇ يەرلەرگە 4 ئەترەت ئەسكەر ئەۋەتەتتى.

بۇ توت ئەترەتتىن ئىككىسى ئىلىدىن، بىرسى تارباغاتايدىن، يەنە بىرسى بولسا قەشقەردىن ئەۋەتىل-لەتتى. تارباغاتايدىن ئەۋەتىلگەن ئەترەت بىلەن ئىلىدىن ئەۋەتىلگەن ئىككى ئەترەتنىڭ بىرسى ئاياغقوز جىلغىسىدا (قوپال بىلەن سىبىرىنقولنىڭ ئوتتۇرىسىدا) ئۇچرىشاتتى. ئىلىدىن ئەۋەتىلگەن ئەترەتنىڭ يەنە بىرسى نارىن جىلغىسىدا قەشقەرىيەدىن چىققان ئەترەت بىلەن ئۇچرىشاتتى.

ئۇلار تەمتەكلىرنى ئوزئارا ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، يەنە ئوز ئورۇنلىرىغا قايتىپ كېتىشەتتى①. خەنزۇ سو-دىگەرلىرى ماللىرىنى چارۋىغا تېگىشىش ئۈچۈن، ئومۇمەن ئاشۇ جۇڭگو ئارمىيىسىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ بۇ يەر-لەرگە كېلەتتى. ئۇلار بۇ يەدىۋى قىرغىزلاردىن پايدا ئېلىش نىيىتىدە بولمىسا، ھەرگىزمۇ ئۇنداق قىلمايتتى، ئەلۋەتتە.

قىرغىز خانلىرىدىن كېيىن، قوقەن ھوكۈمرانى ئېردانەبەگ ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى ناربوتابەگمۇ بۇغدا-خاننى ئوزلىرىگە "پۇشتىپانا" دەپ ئېلان قىلدى. جۇڭگو-لۇقلارنىڭ بۇنداق تېز غەلىبە قىلىشى كىشىلەردە "خەنزۇلار يېڭىلمەس" دىگەن قاراشنى پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ نامى پۇتۇن ئوتتۇرا ئاسىيادا دەھشەتلىك ئاسارەتنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالدى.

شۇنىڭ بىلەن، خەنزۇلار بارغانسېرى ئوزلىرىنى

---

① قەشقەردىن ئەۋەتىلمىدىغان ئەترەت تېرەك داۋاندىن ئوتكەندىن كېيىن، ئاقساي ئارقىلىق ئاتباش ۋادىسىغا كىرىپ، ئاندىن نارىن ۋادىسىغا باراتتى. — ئاپتوردىن.

قالىتىس ھساپلاپ، بۇخارا، سەمەرقەنت ۋە تاشكەنت قاتارلىق جايلارنى ئىستىلا قىلماقچى بولدى. جۇڭگولۇق-لارنىڭ باستۇنچىلىق ئۇرۇشىغا تەييارلىنىۋاتقانلىقىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا خانلىرى ناھايىتى تېز خەۋەردار بولدى. ئۇلار ئورتاق دۈشمەنگە دۇچكېلىۋاتقان شارائىتتا، ئۆز ئىچىدىكى تالاش-تارتىش ۋە ماجىرالارنى ئۇنتۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار دەرھال ئافغانىستان ھوكۇمرانى ئەھمەت شاھنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئىسلام ئىتتى-پاقى تۈزدى. ئۇلار يەنە ئىسلام ئەللىرىنىڭ شاھلىرىغا مۇراجەتنامە ئەۋەتىپ، ئۇلارنى كاپىرلارغا قارشى غازاتقا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلدى. 1763 - يىلى، ئىسلام ئىتتىپاقى رەسمىي قۇرۇلدى. شۇ يىلى ئافغانىستان قوشۇنلىرى خوجەنتكە يېتىپ كەلدى.

ئەمما بۇ ئىتتىپاق ئۇزۇن ئۆتمەيلا چاك-چېكىدىن بۇسۇلۇپ كەتتى. ئافغانلار ئۆز دۆلىتىگە قايتىشقا مەجبۇر بولدى. قالغان كاتتىۋاشلار بولسا ئۆزلىرىنىڭ خەنزۇ-لارغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ھىس قىلدى. پەقەت ئۆچتۇرپانلىقلار بىلەن بەدەخشانلىقلارلا ئاخىرغىچە بەر-داشلىق بەرمەكچى بولدى.

ئۆچتۇرپانلىقلار باشقىلارنىڭ ياردەم بېرىمىز دىگەن ۋەدىسىگە ئىشىنىپ قوزغىلاڭ كوتەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىر يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، خەنزۇلار تەرىپىدىن قىرغىن قىلىندى. بەدەخشانلىقلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ بۇ گۈزەل دۆلىتى ئافغانىستان قوشۇنى تە-رىپىدىن يەر بىلەن يەكسان قىلىندى. بەدەخشاننىڭ ھوكۇمرانى سۇلتان شاھ ئولتۇرۇلدى. چۈنكى سۇلتان

شاھ خەنزۇلار (1758 - يىلى) خوتەنگە ھۇجۇم قىلغانـدا، قەشقەردىن قىچىپ چىققان چوڭ - كىچىك خوجىلارغا باشپانا بولۇش ئۈمىدىدە ئۈياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئۇلارنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ، باشلىرىنى بېيجىڭغا ئاپىرىپ بەرگەن ئىدى.

خەنزۇلار ئوتتۇرا ئاسىيا ھوكۇمرانلىرىنىڭ ئاجىز - لىقىنى كورۇپلا كورەڭلەپ قىن - قىنىغا پاتماي كېتىشتى. ئۇلار ئوزلىرى ئىستىلا قىلىۋالغان جايلاردا ئىلگىرى يولغا قويغان دانا سىياسەتلىرىنى ۋە جاۋخويىنىڭ بۇ دولەتتە ئورناتقان بىر يۈرۈش باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى پەيدىن پەي بىر چەتكە قايرىپ قويۇشتى. ئۇلار يەنە مۇنداق خاتالىقلارنىمۇ ئوتكۈزدى: قەشقەرىيەنىڭ ھاكىم بەگلىكىگە ۋە باشقا مەنسەپلىرىگە شەرقىي تۈركىستاننىڭ غەربىدىكى ئولكىلەردىن ئادەم يوتكەپ كېلىپ ئىشلەتتى. شۇنىڭدەك قەشقەرىيە خەلقىنى زورلاپ، بۇ دولەتنىڭ جاي - جايلىرىدا تۇرۇشلۇق خەنزۇ قوشۇنلىرى ئۈچۈن "گۇلباغ"① دەپ ئاتىلىدىغان ھەيۋەتلىك قورغانلارنى سالدۇردى.

جۇڭگونىڭ غەربى ئولكىلىرىدىن، قومۇل ۋە تۇرپان - دىن يوتكەپ كېلىنگەن ئەمەلدارلار پەقەت پۇل تېپىش

---

① "گۇلباغ" دىگەنلىك قىزىل گۇللۈك باغ دىگەنلىك - تۇر. لېكىن بۇ نام خەنزۇلارنىڭ بۇ دولەتتىكى ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ يېقىن ئەتراپلىرىغا ئوز ئەمەلدارلىرى ۋە ھەز - بىلىرى ئۈچۈن ياساتقان مۇستەھكەم قورغانلارنى كورسىتىدۇ. بۇ قورغانلاردا تۇرۇشلۇق قىسىملار يېتەرلىك ئوزۇق - تۈلۈك بولسىلا، ياردەمچى قوشۇن يېتىپ كەلگىچە ئۇزاق مۇددەتلىك قورشاپ ھۇجۇم قىلىشلارغا بەرداشلىق بېرەلەيتتى. — ئاپتوردىن.

ۋە كەيىپ - ساپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈشىنىڭلا كويىدا بولاتتى. ئۇلار بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، قوللىرىدىن كەلگەنلىكى ئىشنىڭ ھەممىسىنى قىلاتتى. ھاكىم بەگلەر - دىن تارتىپ تۆۋەن قاتلام ئەمەلدارلارغىچە ھەممىسى پۇقرانى كالدەك سېغىپ ئىچىپ ھېچ ھالىنى قويمايتتى. جۇڭگو ھوكۇمىتى ھاكىم - بەگلەرنىڭ زورلۇق - زومبۇ - لۇق قىلمىشلىرىغا كۆز يۇمۇپ، بەزىدە ئۇلارنى قوللاپ، جىنايەتلىرىگە شېرىك بولۇۋاتاتتى. ئەمما ئۆلكىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى يولنىڭ ئۇزاقلىقى، ئالاقىنىڭ قىيىنلىقى تۈپەيلىدىن بۇ ئىشلار ھەقىقىي تەكشۈرۈلمەيتتى. ئۇلار مەركىزى ھۆكۈمەتكە قاراپ ئىش قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئۇلارغا ۋاقىت ھەم بېرىپ ئولتۇرۇشىنى پەقەتلا كۆزدىن ئۆتكۈزەتتى. ئۇلار پۇقرالارنىڭ ھەرقانداق قارشىلىقىنى پەقەت ئۆلۈم جازاسى بىلەنلا باستۇراتتى. لېكىن بۇنداق قىلىش پۇقرالارنىڭ قەلبىدىكى قىساس ئېلىش ئوتىنى تېخىمۇ ئۇلغايتاتتى، ئەلۋەتتە. پۇقرالار ئىچىدىكى سەل جەسۇرراق ئادەملەر قوقان، بۇخارا ۋە تاشكەنتلەرگە قېچىپ كېتەتتى ۋە ئۇ يەرلەردە خەنزۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زوراۋانلىقلىرى ئۈستىدە ئەرز - شىكايەت قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئۆز ۋەتىنىگە بولغان ھېسداشلىقىنى قوزغايتتى.

باشتا بىر خەنزۇلار قەشقەرىيەنى ئىستىلا قىلغان چاغدىكى ئەھۋاللار ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا، ئاق تاغ - لىقلار گۇرۇھىدىكى ساماق خوجىنىڭ خوتەندىن قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتقان ئىدۇق. ساماق خوجا بۇ جايلاردا ئۇزۇن مۇددەت سەرگەردان بولۇپ يۈرگىنىدىن كېيىن، ئاخىر قوقاندا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئىدى. ئۇ شۇ يەردە

قەشقەرىيەدىن پانا ئىزلەپ قېچىپ كەلگەن مۇساپىرلارنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاپ، ئۆز ۋەتىنى — قەشقەرىيەنى خەنزۇلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇش يولىدا ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ باردى. ئۆز ۋەتەنداشلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى تەشۋىق قىلىپ ئۇلارنى توپلاش ئۈچۈن، غەربىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىگە ئادەم ئەۋەتتى. قەشقەرىيەلىكلەر قوقانلىق سوداگەرلەردىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سامساق خوجىنى ئۆزلىرىنىڭ نىجات يۇلتۇزى دەپ بىلىپ، ئۇنىڭ كېلىشىنى تەشنالىق بىلەن كۈتتى. ئەمما جۇڭگولۇقلار تېخى بۇنىڭدىن خەۋەرسىز ئىدى. 1816 - يىلى، يەنى جۇڭگولۇقلار قەشقەرىيەنى تىپ تېچ 50 يىل سورىغاندىن كېيىن، قارا تاغلىقلار مەزھىپىدىكى زىياۋۇدۇن دىگەن ئادەم پۇقرالارنى قوزغاش ئۈچۈن تاغقا قېچىپ بېرىپ، ئادەم توپلاپ خەنزۇلارغا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى، زىياۋۇدۇننىڭ قوشۇنى تارمار قىلىندى، زىياۋۇدۇننىڭ ئۆزى بولسا ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ بوۋاق ئوغلى بېيجىڭغا ئەۋەتىلىپ، ئۇ يەردە ئۇسۇپ چوڭ بولغاندىن كېيىن ئولۇمگە بۇيرۇلدى.

خەنزۇلار مۇشۇ ساۋاقتىن كېيىن، ئۆزلىرىگە قارشى خەۋپىنىڭ قوقان تەرەپتىن ۋە قەشقەرىيەنىڭ قانۇنلۇق ھوكۇمرانى دەپ قارالغان سامساق خوجىدىن كېلىدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق ھىس قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار قوقان خانى ئۇمەر بىلەن، قوقان تەرەپ ئەگەر خوجىلارنى قاتتىق نەزەرەت قىلسا، جۇڭگو تەرەپ قوقان تەرەپكە بۇنىڭ ھىساۋىغا ھەريىلى 200 يامبۇ

(20.000 سوم) بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا توختام تۈزۈشتى.

مۇشۇ چاغلاردا ساماساق خوجىنىڭ مەتيۇسۇپ خوجا، باۋۇدۇن خوجا ۋە جاھانگىر خوجا دېگەن ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. بۇ ئۈچ ئوغۇل ئىچىدىكى كەنجىسىنىڭ زىممىسىگە قەشقەرىيە تارىخىدا زور ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ھەمدە بۇ تارىخقا قىزىل قان بىلەن يېزىلغان يېڭى بىر سەھىپە قوشۇش ۋەزىپىسى يۈكلەنگەن ئىدى.

1820 - يىلى قوقان خانى ئۆمەر ۋاپات بولدى، شۇ يىل ئىچىدە ساماساق خوجىمۇ ۋاپات بولۇپ كەتتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئىچىدە جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان جاھانگىر خوجا ئىش تەۋرىتىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ قوقاندىن تىيانشان تاغلىرى ئارىسىدا ئولتۇراقلاشقان قارا قىرغىزلار ئارىسىغا كېلىپ، ئۇلارنى جۇڭگولۇقلارغا ھۇجۇم قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى. ئۇنىڭ تۇنجى ھەركىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىقمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قىلچە مەيۈسلەنمىدى. ئۇ تىيانشان تاغلىرى ئارىسىدىكى پەرغانە ۋادىسىدىن ناردىن ئىگىزلىكىگە يۆتكەلدى. ئۇ جاي-جايلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، بارلىق مۇسۇلمانلارنى ئاپپاق خوجا تۇغى ئاستىغا توپلىنىپ، ئادالەت يولىدا پىدائى بولۇشقا چاقىردى. بۇ قېتىمقى ۋەزىيەت جاھانگىر خوجا ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق ئىدى. خەنزۇلار ئەسلىدە جاھانگىر خوجىغا تۇيۇقسىز زەربە بېرىپ، ئۇنىڭ دۈشمەنلىك تەشۋىقاتىنى بىر يولىلا يىغىشتۇرۇۋېتىش كويىدا بولغان ئىدى. شۇڭا خەنزۇلار 500 ئەسكەردىن تەركىپ تاپقان بىر قوشۇننى نارىنغا ئەۋەتتى. جاھانگىر خوجا بۇ ئىشنى سېزىپ قېلىپ ئۆزىنى دەرھال دالدىغا ئالدى

ۋە ئادەملىرىنى جىددىي تەشكىللىدى. جاھانگىر خوجا نارىننىڭ ئەپلىك يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، خەنزۇلار - نىڭ چېكىنىش يولىنى كېسىپ تاشلىدى ھەمدە ئۇلارنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىدى. جاھانگىر خوجىنىڭ بۇ قېتىمقى غەلىبىسى ئاسىيالىقلارنىڭ ئادىتى بويىچە چەكسىز ماختىلىپ كوككە كوتىرىلدى. تەرەپ - تەرەپتىن تۈركۈم - تۈركۈم پىدائىلار كېلىپ، جاھانگىر خوجىنىڭ توغى ئاستىغا ئۇيۇشتى.

1826 - يىلى باھاردا، ئەيسا دادخا (ئەنجاننىڭ سابىق قوشبېگى) بىلەن جاھانگىر خوجا قەشقەرىيە مۇساپىرلىرى، قوقان تورىلىرى، ئۆزبېكلەر، قىپچاقلار، قارا قىرغىزلار ۋە قارا تېكەنلىق تاجىكلاردىن تەركىپ تاپقان چوڭ بىر قوشۇننى باشلاپ قەشقەرىيەگە باستۇرۇپ كەلدى. بۇ چاغدا ئىلى جاڭجۇنى قوماندانلىقىدىكى جۇڭگو قوشۇنلىرى جەڭگە قاتناشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار قاتتىق يېڭىلدى. خەنزۇلار قەشقەر شەھىرىدىن چېكىنىپ چىقىپ "گۇلباغ" قا بېكىنىۋالدى.

جاھانگىر خوجا ئالىمانىنىڭ ياڭراق ئالقىش ساداسى ئىچىدە قەشقەر شەھىرىگە كىردى ۋە بۇ يەردە سەئىدى جاھانگىر سۇلتان دىگەن نامنى قوبۇل قىلدى.

جاھانگىر خوجا قەشقەر بېگىدىن باشقا ھەممە بەگ - لەرنىڭ ئەسلىدىكى ۋەزىپىلىرىنى ساقلاپ قېلىشىغا يول قويدى. قەشقەرنىڭ بېگى قۇمۇللۇق كىشى ئىدى. ئۇ پۇقرانى قاتتى - سوقتى قىلىپ زار قاخشاتقانلىقى ئۈچۈن، شەرىئەت تەرىپىدىن ئولۈمگە بۇيرۇلدى.

جاھانگىر خوجا موتىدىل سىياسەت يۈرگۈزۈش

ئارقىلىق، ئەسلىدە خەنزۇ پەرەس بولغانلارنىڭ ھەممىسنى ئۆزىگە مايىل قىلىپ، پۇقرانىڭ ھىسداشلىقىغا ئېرىشتى.

يېڭىسار، يەركەن، خوتەن قاتارلىق شەھەرلەردىكى پۇقرالارمۇ جاھانگىر خوجىنىڭ قەشقەرنى ئالغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئارقا ئارقىدىن قوزغىلاڭ كوتىرىپ، شۇ جايلاردا تۇرۇشلۇق خەنزۇ قوشۇنلىرىنى ئولتۈردى. ئۇلارنىڭ قورغانلىرىنى تۈزلىۋەتتى ۋە قەشقەردىكى گۈلباغ قورغىنىنى قورشىۋالغان جاھانگىر خوجىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن قوشۇن ئەۋەتتى.

شۇ يىلى (1826 - يىلى) 6 - ئايدا قوقان خانى 15.000 كىشىلىك بىر قوشۇن باشلاپ جاھانگىر خوجىغا ياردەمگە كەلدى. ياردەمگە كەلگەن بۇ قوشۇن تېگىشلىك رول ئوينىيالماي، بۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى بىر بىرىگە ئورا كولاش ۋەقەسىنى پەيدا قىلدى. قوقان خانى ئىككى قېتىملىق ھۇجۇمدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغاندىن كېيىن (ئۇ قەشقەردە جەمئى 12 كۈن تۇرغان)، قوقانغا قايتىپ كەتتى ۋە ئۇستىگە "غازى" دىگەن خەتلەر ئويۇلغان تەڭگىلەرنى قۇيدۇرۇشقا باشلىدى.

70 كۈنلۈك قورشاۋدىن كېيىن، قەشقەر قورغىنى — "گۈلباغ" دىكىلەر تەسلىم بولدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ يەردىكى يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ئۆزلىرىنى ئولتۈرىۋالدى. 8.000 دىن 10.000 غىچە ئەسكەر ئېچىدىكى 400 تۇڭگاندىن ۋە ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغان خەنزۇلاردىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئولتۈرۈلدى.

جاھانگىر خوجا قەشقەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، قوقان خانلىقىنى تەقلىت قىلىپ، بىر يۈرۈش تۈزۈملەرنى

يولغا قويدى. ئۇ جۇڭغۇچە كېيىم - كېچەكلەرنى ۋە جۇڭغۇلۇقلارنىڭ خىلمۇ خىل قائىدە - نىزاملىرىنى بىكار قىلدى. ئەپسۇسكى، ئۇ پۇقرانىڭ ئۆزىگە كۆرسەتكەن ئىززەت - ھۆرمىتىدىن ۋە قولىغا ئۆتكەن مول مالىيە كۈچىدىن قانداق پايدىلىنىشنى بىلمىدى. بەلكى ئۆزلىرىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن كۆرەش قىلغان خەلققە زىيانكەشلىك قىلدى.

جۇڭغۇلۇقلار جاھانگىر خوجىنىڭ كورەڭلەپ كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، 1827 - يىلى 2 - ئايدا ئاقسۇدا خېلى زور قوشۇن توپلىۋېلىشقا ۋە بۇ قوشۇن بىلەن قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. جاھانگىر خوجا ئۆزىنىڭ سانى كۆپ ئەمما قورال - ياراقلىرى ناچار قوشۇنى① بىلەن جۇڭغۇلۇقلارغا قارشى جەڭگە ئاتلاندى. جاھانگىر خوجىنىڭ قوشۇنى ھېچقانداق ئىنتىزامنى بىلمەيدىغان خىلمۇخىل ئادەملەردىن تەشكىللەنگەن بولغاچقا، جۇڭغۇ قوشۇنى جەڭگىۋار سەپ بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئۇلارغا شىددەت بىلەن ئوت ئاچتى. دەسلەپكى جەڭدە، جاھانگىر خوجىنىڭ قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ تەۋرىنىشكە باشلىدى. دەسلەپتە قوقانلىق پىدائىلار بىلەن خىلمۇ خىل تەۋەككۈلچىلار قېچىشقا باشلىدى،

① ۋەلىخانوۋنىڭ ئېيتىشىچە، جۇڭغۇ قوشۇنىدىكى ئەسكەرلەر 70.000 غا يەتكەن، جاھانگىر خوجىنىڭ ئەسكەرلىرى 200.000 غا يەتكەن. بۇ سانلىق مەلۇماتنىڭ مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەنلىكى ناھايىتى روشەن. رىتتېر يازغان كىتابنىڭ 283 - بېتىدە، جۇڭغۇلۇقلارنىڭ قوشۇنىدا 60.000 ئادەم بار ئىدى، دېيىلىدۇ. — ئاپتوردىن.

ئۇلاردىن كېيىن باشقا ئەسكەرلەرمۇ قېچىشقا باشلىدى. جاھانگىر خوجا ئەسىر چۈشۈپ قېلىشقا تاس قېلىپ، تاغقا قېچىپ كېتىشكە ئاران ئۈلگۈردى. ئۇنىڭ ھوكۇمەرانلىقى پەقەت و ئاي داۋام قىلدى.

بېيجىڭ ھوكۇمىتى جاھانگىر خوجا مەيلى نەگە قاچقان بولسۇن، ئۇنى قەتئىي تىرىك تۇتۇشنى، ھەتتا قوقان ياكى بۇخاراغا قېچىپ كەتكەن بولسىمۇ تۇتۇپ كېلىشنى تاپشۇرۇپ قاتتىق بۇيرۇق چۈشۈردى. جۇڭگو قوشۇنلىرى بۇيرۇققا بىنائەن جاھانگىر خوجا يوشۇرۇنغان ئالاي تېغىنى ئاختۇرۇشقا ئاتلاندى.

خاتىرىلەرگە قارىغاندا، شۇ قېتىمقى ئاختۇرۇشقا جۇڭگو ئەسكەرلىرىدىن 20.000 ئادەم قاتناشقان ئىدى. ئۇلار ئىككى يونۇلۇش بويىچە يولغا چىقتى. قوشۇنلارنىڭ بىر قىسمى ئۇلۇغچاتقا باردى، ئاندىن تۇنمورى ئېغىزىدىن ئۆتۈپ ئالاي تېغىغا كىردى. يەنە بىر قىسمى قەشقەردىن ئوپالغا بېرىپ ساركولدىن ئۆتتى، ئاندىن قىزىل ئات ئېغىزى ئارقىلىق ئالاي تېغىغا كىردى. بۇ قېتىمقى ئاختۇرۇش كۈز پەسلىدە بولغان. ئاختۇرۇشقا قاتناشقان جۇڭگو قوشۇنلىرى پۈتۈنلەي كىچىك زەمبىرەكلەرنى ئېلىپ ماڭغان ئىدى. جۇڭگو قوشۇنلىرىنىڭ كەينىدىن سودىگەرلەر توپ-توپ چارۋا ماللارنى ھەيدەپ ماڭغان. جۇڭگو قوشۇنلىرى ھەر بىر قونالغۇغا يېتىپ كېلىشى بىلەنلا كېچىسى تۇيۇقسىز زەربىگە ئۇچراشتىن قورقۇپ، قونالغۇ ئەتراپىغا ھالقىسىمان مۇداپىئە ئاكوپلىرىنى قېزىپ قويغان. بۇ ئاكوپلارنىڭ ئىزلىرىنى ھېلىمۇ ئۇچ-

رىتىش مۇمكىن①. جۇڭگو قوشۇنلىرى ئالاي تېغىدا 20 كۈن تۇردى. ئۇلار جاھانگىر خوجىنىڭ موكۇنىگەن جايىنى تېپىش ئۈچۈن، ھەر تەرەپكە كىچىك ـ كىچىك ئەترەتلەرنى ئەۋەتتى. جۇڭگولۇقلارنىڭ يېتىپ كەلگەن ـ لىكىنى كورگەن قوقان ھوكۇمرانى مەمەدەلىخان ئەنجان ھاكىمى ئەيسا دادخاغا قەشقەردىن ئوشقا بارىدىغان كارۋان يولى ئۈستىگە ئىككى قورغان سېلىشنى بۇيرۇدى. بۇ قورغانلارنىڭ بىرسى سوپى قورغان، يەنە بىرسى قىزىل قورغان دەپ ئاتىلاتتى. ئەيسا دادخا بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىپ، قورغان ياكى قاراۋۇلخانىلارنى قۇردى. مۇشۇ قورغانلارنىڭ ئىزلىرىنى ھازىرمۇ ئۇچرىتىش مۇمكىن.

جۇڭگو قوشۇنلىرى ئالاي تېغىدا ھە دەپ جاھانگىر خوجىنى ئاختۇرۇۋاتقاندا، جاھانگىر خوجا بۇ يەردىن تويۇن ئىگىزلىكگە قېچىپ بېرىۋالغان ئىدى. جۇڭگو قوشۇنلىرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىشى بىلەنلا ئالاي تېغىدىن چېكىنىپ چىقتى ـ دە، ئۇلۇغچات ئارقىلىق قەشقەرگە قايتتى. ئۇلار بىرئاز تەييارلىق قىلىۋېلىپلا يەنە تويۇن ئىگىزلىكگە قاراپ ماڭدى. جاھانگىر خوجىنىڭ ئادەملىرى خەنزۇلارنىڭ بېسىپ كەلگەنلىكىنى كورۇپلا ھولۇقۇپ قالدى ۋە قېچىشقا باشلىدى. بىر كۈنى جاھانگىر خوجا ئۇخلاۋاتاتتى، ئۇنىڭ دوستى ـــ ئوپالنىڭ بېگى مەممەت ئۇنى باغلاپ خەنزۇلارغا تاپشۇرۇپ بەردى. خەنزۇلار

---

① بىز تېرەك داۋاننىڭ جەنۇبىي ئېغىزىغا تەخمىنەن 70 چاقىرىم كېلىدىغان قىشلاق دېگەن يەردە ئەينى زاماندا جۇڭگولۇقلار قازغان ئاكوپنى كوردۇق. ـــ ئاپتوردىن.

بولسا، مەمەت بەگنى خوتەنگە بەگ قىلىپ تارتۇقلىدى.

جاھانگىر خوجا دەرھال بېيجىڭغا ئەۋەتىلدى. فىرانسىيىلىك پوپ كۇك ئەپەندى ئۆز ئەسەرىدە① "جاھانگىر خوجا بېيجىڭغا ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن، خۇددى يىرتقۇچ ھايۋاندەك، تومۇر قەپەزگە سولاندى ۋە سازايىسى قىلىندى" دەپ تەسۋىرلەيدۇ. دەل شۇ پەيتتە، جۇڭگو خانى بۇ تۇتقۇننى كورۇپ باقماقچى بولغان ئىدى، بۇ ئىش ئوردىنىڭ ئاكابىر - ئەشرەپلىرىنى قاتتىق چوچۇتىۋەتتى. چۈنكى جاھانگىر خوجا ئەگەر شۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ ھەقىقى سىرى ۋە سەۋەپلىرىنى، شۇنىڭدەك خەنزۇلارنىڭ ياۋۇزلۇقلىرىنى خانغا ئېيتىپ قويسا، ئۇلارنىڭ ھەرگىز ياخشى ئاقىۋەتكە قالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، لېكىن خاننىڭ تەلىۋىنى ئورۇنلىماسلىققا بولمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئاكابىر - ئەشرەپلەر مۇشۇ قېتىم ئوتكەلدىن بىخەتەر ئوتۇۋېلىش ئۈچۈن، جاھانگىر خوجىغا ئوغا بېرىپ، ئۇنى پۇتۇنلەي گاچا ۋە مەتۇ قىلىپ قويدى.

جاھانگىر خوجا خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنگەن چاغدا، ئاغزىدىن شالىسنى ئېقىتىپ، كىشىنىڭ ئىچى سىيرىلگۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالغان. بۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ سورالغان سوئاللارغا زادىلا جاۋاپ بېرەلمەيتتى. سوراقچىلار ئۇنى ئولۇمگە بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ بەدەنلىرى تارام - تارام شىلىنىپ، ئىتقا تاشلاپ بېرىلدى.

خەنزۇلار جاھانگىر خوجىنى ئولتۇرگەندىن كېيىن،

---

① كۇك: «تاتارىستانغا ساياھەت» دىن. — ئاپتوردىن.

باشقا تۇتقۇنلارنىمۇ شۇنداق جازالىدى. بەزى تۇتقۇنلارنىڭ ھېچقانچە گۇناسى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئەڭ ۋەھشىيانە جازالار بىلەن ئېغىر جازالاندى. شۇنىڭ بىلەن، شەرقىي تۈركىستاندا بىر مەزگىل قالايمىقان قىيناش، ئولتۇرۇش، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش ئەسە- بىلىكى ئەۋج ئالدى.

جۇڭگولۇقلار يۇقۇرقى پاكىتلارغا ئاساسەن، قوقاند - لىقلارنى قەشقەردىيەدە يۈز بەرگەن قوزغىلاڭنىڭ ئاساسلىق سەۋەبچىسى دەپ قاراپ، ئۈچ ئېيلىش يۈزىسىدىن قەشقەرىيەدىكى قوقانلىك سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسىنى قولغا ئالدى ھەمدە قوقاندىن كىرگۈزۈلىدىغان ماللارنىڭ ھەممىسىدىن ھەسسىلەپ باج ئېلىشقا باشلىدى. ئۇلار يەنە قوقاننى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، بۇخارا ۋە قۇندۇزنىڭ ھوكۇمرانلىرى بىلەن بۇخارا ۋە ئافغانىستانغا جۇڭگو چېيىنى بىۋاستە ئېكسپورت قىلىش توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالىدى.

ھەممىدىن قىزىقارلىقى شۇكى، چارۋا ماللارغا تولىمۇ ئېھتىياجلىق بولغان خەنزۇلار ئۇرۇشتا جاھانگىر خوجا تەرەپكە ئوتتۇۋالغان ۋە جاھانگىر خوجا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا باشپانا بولغان قارا قىرغىزلارغا ھىچ - قانداق جازالاش تەدبىرى قوللانمىدى.

جۇڭگولۇقلارنىڭ قوقاننى ئىقتىسادىي جەھەتتىن قامال قىلغانلىقى ئۇلارغا زور ئۇنۇم بەردى ۋە بۇ ئىم - پېرىيىنىڭ يۇقرالىرى ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلدى.

بۇ چاغدا قوقانغا مەمەدەلى خان ھوكۇمرانلىق

قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ گەرچە ھېچبىر ئالاھىدىلىكى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يېنىدا بىر قىسىم ئىقتىدارلىق، جەسۇر ئادەملەر بار ئىدى. ئۇنىڭ ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى ھەققۇللا ۋە لەشكىرى قوش بېگى مۇشۇنداق ئادەملەر ئىدى. ئالدىنقىسى ئۆزبېك، كېيىنكىسى بولسا پىرسىيىلىك قۇل① ئىدى. مەمەدەلىخان ھۆكۈم سۈرگەن دەۋر مۇشۇنداق قابىل ياردەمچىلەرگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈنلا قوقان تارىخىدا پارلاق دەۋرگە ئايلانغان ئىدى. شۇ چاغلاردا، قارا قىرغىزلار ۋە ئۇلۇي جۈز (ئۇلۇغ يۈز) قىرغىزلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قوقاننى ئۆزلىرىنىڭ ھامىيسى دەپ ئېتىراپ قىلغان. قارا تېگىننىڭ تاغلىق رايونلىرى، دارۋاز ۋە قولياپلارنىڭ ھەممىسى دىپلوماتىك ئۇسۇللار ياكى قورال كۈچى ئارقىلىق قوقانغا قوشۇۋېلىنغان ئىدى.

مەمەدەلىخان قوقان بىلەن قەشقەرىيە ئوتتۇرىسىدىكى سودا - سېتىقنىڭ جۇڭگولۇقلار تەرىپىدىن قامال قىلىنغانلىقى ھەققىدە خەۋەر تاپتى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ ئىچىنى پۇشۇرىدىغان ئىش ئىدى. ئۇ بۇنداق ھالەتنى ئوڭشاش ئۈچۈن، جۇڭگوغا ئۇرۇش ئېلان قىلماقچىمۇ بولدى②. مەمەدەلىخان خەلقىنىڭ خوجىلارغا ھېسداشلىق

---

① ئۇ نايىپ بەگنىڭ مەھرىمى بولغان، ئۇنىڭ لەشكەرى قوش بېگىلىك ئۇنۋانى بار ئىدى. — ئاپتوردىن.

② مەمەدەلىخان شۇ قېتىملىق غەلىبىلىك جەڭدىن كېيىن، سودا جەھەتتىلا پايدا ئېلىپ قالماستىن، بەلكى كاپىرلار ئۈستىدىن غازات قىلغان غازى دېگەن شەرەپلىك نامغىمۇ ئىگە بولدى. — ئاپتوردىن.

قىلىدىغانلىقىنى سەزگەندىن كېيىن، جاھانگىر خوجىنىڭ بۇخارادىكى ئاكىسى مەتيۇسۇپ خوجىنى ئۆز يېنىغا ئالدۇردى. ئۇنىڭ مەتيۇسۇپ خوجىنى ئۆز يېنىغا ئالدۇرۇپ كېلىشتىكى مەقسىدى، مۇسۇلمانلارنى كاپىرلارنىڭ ئاسارىتىدىن ئازات قىلىش ۋە مەتيۇسۇپ خوجىنى ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ تەختىگە يېڭىۋاشتىن ۋارىسلىق قىلدۇرۇش ئىدى.

مەمەدەلىخان بۇ قېتىمقى ھەربىي ھەركەت ئۈچۈن بىر قوشۇن تەشكىللىدى. بۇ قوشۇندا 20.000 قوقانلىق، 15.000 تاشكەنتلىك، 2.000 قارا تېگىنلىك تاجىك ۋە بىر قانچە مىڭ قەشقەرلىك كوچمەنلىرى بار ئىدى. ئۇ جەمئىي 40.000 كىشىلىك قوشۇننى تاغ-داۋانلاردىن ئېلىپ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، توگىلەرگە ئارتىلغان 10 دانە كىچىك زەمبىرەك تەييارلىدى.

بۇ قوشۇن ھەققۇللانىڭ ئالىي قوماندانلىقىدا 1830-يىلى سېنتەبىردە قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى. شۇ مەزگىلدە خەنزۇلارنىڭ بۇلارغا تاقابىل تۇرالىغىدەك ئاران 3.000 كىشىلىكلا كىچىك قوشۇنى بار ئىدى. خەنزۇ قوشۇنى قەشقەردىن تەخمىنەن 90 چاقىرىم كېلىدىغان مىڭيول دېگەن يەردە پۈتۈنلەي تارمار قىلىندى①. نەتىجىدە قەشقەر شەھىرى قولدىن كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، مەتيۇسۇپ قەشقەردە تەختكە ئولتۇردى. بۇ چاغدا قورغان ئىچىگە بېكىنىۋالغان خەنزۇ قوشۇنىغا ھەققۇللا تېگىش قىلىغىلى تۇردى. لەشكىرىي قوشبېگى بولسا

① كېيىن "بەدۆلەت" بۇ يەردە بىر كىچىك قورغان ياساتقان. — ئاپتوردىن.

قەشقەرىيەنىڭ باشقا جايلىرىنى ئىلىشقا ماڭدى. ئۇنىڭ ھەركىتى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ، ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا يېڭىسار، يەركەن، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى مەتىيۇسۇپنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، خەلقىنىڭ ھىمايىسىدىن مەھرۇم قالغان ۋە بۇ ھاكىمىيەتنىڭ تۇراقسىزلىقى ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. 1830 - يىلى 11 - ئايدا، بۇخارا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ يامانلىشىشى تۈپەيلىدىن، قوقان قىسملىرى قايتۇرۇپ كېتىلدى. خەنزۇلارغا تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن مەتيۇسۇپمۇ قوقانلىقلار بىلەن بىللە كەتتى. ئۇ قەشقەرىيەنى پەقەت 90 كۈنلا قولىدا تۇتۇپ تۇرالىدى. بۇ قېتىم، خەنزۇلار ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تۇراقسىزلىقى جاھانگىر خوجا قوزغىلىڭى يۈز بەرگەن مەزگىلدىكىدىنمۇ بەكرەك ئاشكارىلىنىپ قالدى. جاھانگىر خوجا قوزغىلىڭىنىڭ ئاقىۋىتىدە، بىرنەچچە مىڭ قەشقەرلىق قوقان زېمىنىغا كۆچۈپ كەتكەن ئىدى.

1831 - يىلى باھاردا، مەمەدەلىخان قارا قىرغىزلارغا قارشى يېڭى ھۇجۇم قوزغىدى. ئۇنىڭ قوشۇنى نارىن ئېگىزلىكىگە ھەتتا ئىلى ئۆلكىسىگىچە بېسىپ كىردى. ئىككىنچى يىلى، قوقانلىقلار نارىندا قۇرتقا قورغىنى ۋە پامىرنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدە تاشقۇرغان قەلئەسىنى ياسىدى. شۇنداق قىلىپ، قەشقەرىيە قوقان تەۋەلىكىدىكى يەرلەرنىڭ قورشاۋىدا قالدى. خەنزۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دائىم خوجىلارنىڭ ھۇجۇم قىلىشىغا ياكى

قارا قىرغىزلارنىڭ تۇيۇقسىز زەربە بېرىش تەھدىتىگە ئۇچراپ تۇردى.

خەنزۇلار ئەمدى ئۇزلىرىنىڭ قوقانلىقلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا كۇچى يەتمەيدىغانلىقىنى ھىس قىلىپ، ئۇزلىرىنىڭ قوقانغا قاراتقان سىياسىتىنى ئۇزگەرتىشكە مەجبۇر بولدى. شۇڭا 1831 - يىلى قوقاندىكى خان ئوردىسىدا، تېچلىق تەلەپ قىلىپ بارغان ئەلچىلەر پەيدا بولۇپ قالدى. بۇنىڭغا جاۋابەن مەمەدەلىخاننىڭ بېيجىڭغا زىيارەتكە ئەۋەتكەن ئالىم پاشا (Alum Padsha) باشچىلىغىدىكى ئەلچىلىرى ۋەزىيىتىنى غەلىبىلىك ئورۇنلاپ، قوقان تەرەپكە پايدىلىق بىر كېلىشىم ئىمزالىدى.

ئالىم پاشا ئىمزا قويغان بۇ كېلىشىمنىڭ تۇۋەندىكى ماددىلىرى خەنزۇلارنىڭ خوجىلاردىن نەقەدەر قورقىدىغانلىقىنى چۇشەندۇرىدۇ:

"1. چەتئەللىكلەرنىڭ شەرقىي تۇركىستاننىڭ ئالتە شەھرىگە يەنى ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، قەشقەر، يېڭىسار، يەركەن ۋە خوتەنگە كىرگۇزگەن ماللىرى ئۇچۇن ئېلىنىدىغان باج پۇلىنىڭ ھەممىسى قوقانلىقلارنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ.

"2. بۇ باجلارنى يىغىۋېلىش ئۇچۇن، قوقانلىقلار يۇقۇرىدىكى شەھەرلەردە بىردىن سودا مۇپەتتىشى ياكى ئاقساقال تۇرغۇزىدۇ. بۇ ئادەم بىر نەپەر قەشقەرىيە مۇپەتتىشىگە بېقىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەرقايىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۇز ھوكۇمرانلىرىنىڭ سىياسى ۋەكىلىدۇر.

"3. يۇقۇرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئالتە شەھەرنى زىيارەت قىلغان بارلىق چەتئەللىكلەر، مەمۇرى ۋە سىياسى مەسىلىلەردە قوقان ئەمەلدارلىرىنىڭ بۇيرۇغىغا

بويسۇنىدۇ.

"4. قوقان تەرەپ خوجىلارنى باشقۇرۇشى، ئۇلارنىڭ قوقەن زېمىنىدىن ئاتلاپ چىقىپ كېتىشىگە يول قويماسلىقى لازىم. ئەگەر خوجىلار قېچىپ بارسا، قوقانلىقلار ئۇلارنى قوبۇل قىلماسلىقى كېرەك."

1832 - يىلى بېيجىڭغا ۋەكىل بولۇپ بارغان ئالىم پاشا مۇشۇ كېلىشىمگە بىنائەن، قەشقەرىيەگە تۇنجى ئاقسال بولۇپ تەيىنلەندى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، قوقانلىقلارنىڭ قەشقەرىيەدە بەھرىمەن بولىدىغان ئىمتىيازلىرىنىڭ دائىرىسى بارغانسېرى كېڭىيىپ باردى.

كېلىشىمدە ئىمزالانغان شەرتلەر گەرچە خەنزۇلارغا پايدىسىز بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار شۇنىڭلىق بىلەن قەشقەرىيەنى 15 يىلغىچە، يەنى 1847 - يىلىغىچە تېچ باشقۇرالىدى. قوقانلىقلار قەشقەرىيەدە شۇنچىۋالا كەڭ تەسىرگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، خوجىلارنىڭ تەشەببۇسىنى قوللاۋېرىشنى ئۆزلىرىگە پايدىسىز دەپ قارىدى. شۇڭا ئۇلار تاكى 1845 - يىلغا قەدەر، يەنى تېخى ياش قۇرامىغا يەتمىگەن خۇدايارخان قوقاندا تەختكە چىققانغا قەدەر خوجىلارنىڭ ھەركىتىنى تەقىپ قىلىپ كەلدى. 1845 - يىلغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ بۇنداق تەقىبى بوشىشىپ قالدى. بۇ چاغدا قوقاندا غەلىيان يۈز بېرىپ، قوقان بىلەن قەشقەرىيەنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتتى. قوقان ھۆكۈمىتىنىڭ ئاجىزلىشىشى بىلەن تەڭلا قارا قىرغىزلار قەشقەرىيەگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىشكە باشلىدى. ئۇلارنى چەكلەشكە مەسئۇل بولغان نامەتىخان ئاقسال ئۇلارنىڭ پارىسىنى يېگەنلىكتىن،

بۇ ئىش بىلەن كارى بولمىدى. نەتىجىدە، قوقاندا يۈز بەرگەن غەلىيان خوجىلارغا پايدىلىق بولدى.

1847 - يىلى ئەتىيازدا، يەتتە خوجا ئۆزلىرىنىڭ بىر قانچە مۇرىتلىرى بىلەن قوقاندىن تاغلىق جايلارغا قېچىپ بېرىۋالدى. ئۇلار بۇ جايلاردا ياخشى ئاتلار بىلەن تەمىنلەنگەن 1.000 كىشىلىك بىر ئاتلىق قوشۇن تەشكىللەپ، قەشقەرىيەدە مۇشۇ قوشۇن بىلەن ھەركەت قوزغىماقچى بولدى. كاتتا تورە (خوجا تورە دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دىگەن كىشى مۇشۇ خوجىلارنىڭ باشلىقى بولۇپ قالغان ئالتە خوجىنىڭ بىرسى بولغان كىچىك خان كاتتا تورىنىڭ ئۇكىسى، قالغانلىرى ۋەلىخان تورە، تەۋەككۇل تورە، سابىرخان تورە، ئاق تاجىخان تورە ۋە ئىشانخان تورە دەپ ئاتالغان بىر نەۋرە ئىنىلىرى ئىدى①. بۇلارنىڭ قوشۇنىدىكىلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپ - رەكىنى قىرغىزلار، قالغان قىسمىنى قىپچاقلار ۋە سارتلار تەشكىل قىلاتتى.

ئۇلار يۇرۇشكە قولايلىق بولسۇن دەپ، چېدىر ياكى باشقا قاتناش قوراللىرىنى ئالماستىنلا يولغا چىقتى. بۇ قوشۇن ئوش شەھىرىدىن چىقىپ، 8 - كۈنى جۇڭگولۇقلارنىڭ چېگرىدىكى بىرىنچى قاراۋۇلخانىسى② مىڭيولغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار

---

① ئىشانخان تورە 1865 - يىلى پولاتخان ھۆكۈم سۈرگەن دەۋردە مۇھىم رول ئوينىغان. كېيىن 1876 - يىلىدىكى قوزغىلاڭدا، روسىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئالاي تېغىغا يۈرۈش قىلغانلىقىنى ئاڭلاپلا ئابدۇللا بەگ بىلەن بىللە قېچىپ كەتكەن ئىدى. — ئاپتوردىن.

② بۇ چاغدا قوقاننىڭ چېگرا سىزىقى قوغۇشۇن كانىغا

بۇ قاراۋۇلخانىدىكى يۈزدەك خەنزۇ چېرىكنى ئۆلتۈرۈپ، قاراۋۇلخانىنى بۇزۇپ تاشلىدى. كاتتا تورە ئۆز قوشۇنىنى يول بويى تولۇقلاپ ماڭدى ۋە شۇ كۈنىلا قەشقەر شەھرىگە يېتىپ كەلدى. خەنزۇلارنىڭ 3.000 ئادەمدىن تەركىب تاپقان قوشۇنى ئاۋالقىدەكلا قورغان ئىچىگە بېكىنىۋالغان ئىدى، ئۇلار قورشاۋنى بوسۇپ چىقىشقا بىر-نەچچە قېتىم ئۇرۇنۇپ كورگەن بولسىمۇ، لېكىن بوسۇپ چىقالماي يېڭىلىپ چېكىندى. شەھەر ئاھالىسى ئىلگىرىكى ئاچچىق ساۋاقنى قوبۇل قىلغانلىقتىن، كاتتا تورە قورغاننى ئالغانغا قەدەر، ئۇنىڭغا ئالدىراپ شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەرمىدى.

شەھەردىكى قوقان سودىگەرلىرى بۇ خوجىلارغا ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلدى. كاتتا تورە كەلگەندىن كېيىنكى 8 - كۈنى كېچىسى قوقانلىق ئاقساقال نامەتخان ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرى شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىۋەتتى. خوجىلار شەھەرگە كىرىپلا ئالدى بىلەن بارلىق خەنزۇ سودىگەرلىرىنى قىرىپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى تالان - تاراج قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرىنى ئىگەللىۋالدى.

كاتتا تورە قەشقەرىيەنىڭ ھوكۇمرانى بولدى. قالغان خوجىلار خوشنا كەنتلەرنىڭ بەگلىكىگە تەيىنلەندى.

قوقانلىقلارنىڭ قولتۇغىغا كىرىۋېلىپ چۇشكۈنلەشكەن

---

يېتىپ كېلەتتى. قوقان قىسىملىرى تېخى ئۇلۇغچاتنى بېسىۋالالمىغان. سۇپى قورغان — ئۇلارنىڭ بىرىنچى قاراۋۇلخانىسى ئىدى. — ئاپتوردىن.

خوجىلار خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلمىدى، شۇنىڭدەك تەھدىت بىلەنمۇ يەرلىك خەلقنى ئىدارە قىلالمىدى. ئۇلار دولەتنى ئىدارە قىلىشقا كوڭۇل بولمەي، قول ئاستىدىكى كىشىلەردىن ئوزلىرى ئۇچۇن ئىمكانىيەتنىڭ بىرىچە كوپرەك مال - مۇلۇك توپلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، ئەمما ئۇلار بۇ مال - مۇلۇكلەرنىڭ نەدىن كېلىشى بىلەن كارى بولمىدى.

خوجىلارنىڭ قەشقەرىيەدە ئومۇمۇمىيۇزلۇك قوزغىلاڭ كوتىرىش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىدى. خوجىلاردىن تەۋەككۇل تورە ئاقسۇغا، كاتتا تورە يەركەنگە قاراپ يۇرۇش قىلدى. بۇ چاغدا مانجۇ دائىرىلىرىنىڭ غۇلجا، ئۇرۇمچى ۋە قارا شەھەردىن توپلىغان 200.000 كىشىلىك قوشۇنى ئاقسۇغا يېتىپ كەلگەن ۋە قەشقەرگە قاراپ يولغا چىققان ئىدى. ئۇلار مارالۋېشىغا يېتىپ كېلىپلا، يۇرۇشنى توختىتىپ، شۇ يەردە قىشلاپ قالدى. ئەمما خوجىلارنىڭ توخۇ يۇرەكلىكى مەسىلىنى خەنزۇلارغا پايدىلىق تۇردە ناھايىتى تېزلا ھەل قىلىۋەتتى. ئىشنىڭ بۇنداق بولۇپ چىقىشىنى خەنزۇلار ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى.

خەنزۇلارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان كاتتا تورە دەرھال يەركەندىن قەشقەرگە قايتقان ئىدى. ھەددى ھىساپسىز ئالۋاڭ - ياساقلاردىن ۋە ئەنجانلىقلاردىن جاق تويغان قەشقەرلىقلەر كاتتا تورىنى شەھەرگە كىرگۇزمىدى. كاتتا تورىنىڭ ئۇيەر - بۇيەرلىك ئالىمانلارنى تېرىشتۇرۇپ تەشكىللىگەن 18.000 كىشىلىك قوشۇنى بار ئىدى. خەنزۇلارنىڭ ئالدىنىئالا ئەۋەتىلگەن

6 مىڭ كىشىلىك تۇرشاۋۇل قوشۇنى كاتتا تورىنىڭ قوشۇنىنى پۈتۈنلەي تارمار قىلالايتتى. خوجىلار ئۆزلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغدا، پۇقرالاردىن يىغىۋالغان ناھايىتى كۆپ مال - مۈلۈكلەرنى يوتكەپ بولۇپلا شە - ھەردىن قېچىپ كەتتى. قوشۇنىمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ كېتىپ قالدى. مۇنداق ئاسان قولغا كەلگەن غەلبىدىن قانائەتلىنىپ قالغان خەنزۇلار قاچقۇنلارنى ئارقىسىدىن قوغلاپ بارمىدى.

جۇڭغولۇقلار بۇ ۋەقەنى "خوجىلار يىغىلىغى" دەپ ئاتايدۇ. بۇ ۋەقەنىڭ نەتىجىسىدە، 20.000 تۈتۈن يەنى 100.000 كىشى خەنزۇلارنىڭ ئوچ ئېلىشىدىن قورقىنىدىن، قەشقەر، يەركەن ۋە ئاقسۇلاردىكى يۇرت - ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ، خوجىلارنىڭ كەينىدىن تاققا چىقىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىگى قەشقەردىن چىققان يېتى تېرەك داۋان ئارقىلىق قوقانغا ئەڭ يېقىن جايدىكى ئوشقا قاراپ يولغا چىققان ئىدى. بۇ قېتىمقى قاچ - قاچ 1 - ئايدا يۈز بەردى. شۇ كۈنلەردە شىۋىرغان ئارىلاش قاتتىق قار يېغىۋاتقان بولۇپ، بۇ ئاچ - يالىڭاچ كەمبەغەللەرنىڭ كۆپچىلىگى ئىز - دېرەكسىز يوقالغان. ئۇلار ئۇچرىغان ئېچىنىشلىق پاجىئەنى ئۆز كوزى بىلەن كورگەنلەر بىزگە سوزلەپ بەرگەن ئىدى.

ئاتنىڭ ياخشىسىنى مىنگەن، قىلىن كىيىنگەن ۋە ئوزۇق - تۈلۈگى مول بولغان كاتتا تورە ۋە ئۇنىڭ 2000 دەك ئەگەشكۈچىلىرى سەپنىڭ ئالدىدا ماڭغان. ئۇلار قەشقەرنى تالان - تاراج قىلىپ يىققان ئالتۇن - كۈ - مۈشلىرىنى 16 توگىگە ئارتىۋالغان. كاتتا تورە تېرەك

داۋانـغا 210 چاقىرىم، ئۇشقا 840 چاقىرىم كېلىدىغان سوپى قورغان دىگەن يەرگە يېتىپ كېلىپ، شۇ يەرنى قونالغۇ قىلغان ۋە بۇلاپ كەلگەن ئالتۇن ـ كۇمۇشلەرنى شېرىكلىرى بىلەن تەقسىم قىلىشقا كىرىشكەن. ئۇلار ئولجىنى ئەمدىلا بولۇشۇپ بولغاندا، قوقاندىن بىر قىپچاق سەركار يېتىپ كېلىپ، بۇ ئولجىلارنى يېغىۋېلىشتىن روپىخەتكە ئالغان، ئاندىن كاتتا تورە ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنى قورالسىزلاندۇرغان. كاتتا تورىنى تۇتقۇن قىلىپ قوقانغا ئېلىپ كەتكەن. شېرىكلىرىنى ئۆز يۇرتلىرىغا تارقىتىۋەتكەن.

كاتتا تورە سوپى قورغانغا كېلىپ 30 كۈندىن كېيىن، بىر تۈركۈم يېلىك ـ يالىڭاچ ئەر ـ ئاياللار ۋە ئۇششاق باللار ئازغىنا نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئالغاچ بەزىلىرى ئاتلىق، قالغانلىرى پىيادا يۈرۈپ بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن.

بۇ كەمبەغەللەر قەشقەرىيەدىن چىقىپ 10 ـ كۈنلا تېرەك داۋاندىن ئۆتۈپ كەتكەچكە ئانچە قىينىلىپ كەتمىگەن. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كوپچىلىگى ئۇشقا ئامان ـ ئېسەن يېتىپ كېلەلىگەن. ئەمما كېيىنچە توساتتىن قار چۈشۈپ كەتكەچكە، بۇ بىچارىلەر قار كېچىپ يۈرۈپ نۇرغۇن جاپا چەككەن بولسىمۇ، چىشىنى چىشلەپ سەپەرنى داۋاملاشتۇرىۋەرگەن. سوغاقتا ماداردىن كەتكەنلىرى شۇ زامان توڭلاپ ئۆلگەن، لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان قار ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى كومۇپ تاشلىغان. كېيىنلەپ ماڭغانلىرى قاراڭغۇدا يولدىن ئادىشىپ، قار دۆۋىلىرى ئىچىگە كومۇلۈپ كەتكەن. تاغنىڭ بەزى جايلىرىغا ھەتتا پۈتۈن بىر كارۋاننى ئات ـ ئۇلاغلىرى بىلەن كومۇۋەتكىدەك قېلىن قار دۆۋىلىرى توپلىنىپ قالغان.

سوغاقتا توڭلاپ ئۆلەي دەپ قالغان بۇ بىچارىلەرنى ئاچارچىلىق تېخىمۇ قاتتىق ئازاپلىغان.

چىدىغۇسىز ئاچارچىلىق دەستىدىن كىشىلەر ئۆچىسىدىكى چاپانلىرىنى سېلىپ بىر پارچە نانغا ياكى بىر قاچا ئۇماچقا تېگىشىشكە مەجبۇر بولغان. مۇشۇ پەيتتە، يەنە تېخى بۇ نىمجان بولۇپ يىقىلغانلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى سالدۇرۇۋېلىپ ئۇقەت قىلىدىغان كىپەن ئوغرىلىرىمۇ ئوتتۇرىغا چىققان. مىڭلىغان مۇساپىرلارنىڭ ئۆلۈكلىرى تېرەك داۋاندا ۋە يولنىڭ چەتلىرىدە قېلىپ، قاغا - قوزغۇنلارغا يەم بولغان. بۇ ۋەقەدىن 30 يىل ئوتكەن بولغۇنكى كۇندىمۇ، بۇ بەختسىز مۇساپىرلارنىڭ ئۇستىخانلىرىنى شۇ جايلاردا يەنىلا ئۇچرىتىش مۇمكىن①.

قوقان هوكۇمىتى بۇ بىچارىلەرنىڭ تەقدىرىگە ئانچە كوڭۇل بولۇپ كەتمىدى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەقسىدى كاتتا تورە يوشۇرۇپ ئۆلگۈرگەن بايلىقلارنى ئىزلەپ تېپىش ئىدى. بۇ هوكۇمەت ئولۇكى قاردا كومۇلۇپ قالغانلارنىڭ يېنىدىكى بايلىقلارنى ساقلاش ئۇچۇن بىر ئوفىتسېرنىڭ باشچىلىقىدا 30 پىيادە ئەسكەر ئەۋەتتى.

بۇ مۇساپىرلارغا پەقەت مەرغىلان بېگى ئوتەمباي قوشبېگىلا هەقىقى ياردەم قولىنى سۇندى. بۇ ئادەم ئوز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ، ئوش شەهرىدىن بۇ يەرگە 300

---

① 10 - ۋە 3 - ئايلاردا بىز تېرەك داۋاندىن ئوتكەنىمىزدە تېخى قار كەتمىگەن ئىكەن. تاغ ئېغىزىنىڭ سەل نېرىسىدىكى داۋاز دىگەن يەرنىڭ بىر ئوڭكۇرىدە ئەر - ئايال ۋە بالىلارنىڭ جەمى 15 جەسىدىنى كوردۇق. بۇ جەسەتلەرنىڭ كىيىملىرى ئاللىقاچان چىرىپ كېتىپتۇ. باشقا يەرلەردىمۇ خېلى نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئىسكىلىتلىرى چېچىلىپ يېتىپتۇ. — ئاپتوردىن.

ئات ئەۋەتتى ۋە بىر ئاتقا ئىككىدىن ئادەم مىندۈرۈپ، جەمى 600 ئادەمنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالدى.

قوقان ھوكۇمىتى باھار يېتىپ كېلىشى بىلەنلا بۇ يەرگە تۈركۈم-تۈركۈم مەدىكار ئەۋەتىپ، ساقچىلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا خىلمۇخىل بىرەك بۇيۇملىرى، نۈرغۇل پۇل، بولۇپمۇ نۇرغۇن مىس پۇللارنى قازدۇرۇۋالدى. ئۇلار ئۆلۈكلەرنىمۇ ئاختۇرۇپ كوردى، ئەمما شۇ پېتىچىلا تاشلىۋەتتى. قوقان ھوكۇمىتىنىڭ پەرمانىدا پەقەت ئۆلگەنلەرنىڭ بايلىقىنىلا يىغىۋېلىش بۇيرۇلغانلىقتىن، ئاختۇرۇلغان ئۆلۈكلەرنىڭ بىرسىمۇ كومۇپ قويۇلمىدى.

لېكىن ئارىدىن كوپ ئۆتمەيلا قوقان ھوكۇمىتى ئۆزىنىڭ نۇرغۇن بايلىق تېپىۋېلىش ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى سەزدى. چۈنكى ئۆلگەنلەرنىڭ ھەممىسى نامرات بولغانلىقتىن، ئۇلاردا چاقا پۇلدىن باشقا كۇمۇشمۇ، ئالتۇنمۇ يوق ئىدى، قول-ئىلىكىدە سەللا پۇلى بارلار قەشقەردە قالغان ياكى قاچ-قاچنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدىلا ئوش شەھىرىگە بېرىۋالغان. قاچقانلار ئىچىدە ئەڭ ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلار بولسا كەمبەغەللەر ئىدى.

قوقان مەمۇرلىرىنىڭ پەرمانىنى ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ ئېيتىشى ئۇ چاغدا شۇ قەدەر قىزىپ كەتكەنكى، ئۇلار ھەتتا ئۆلۈپ قالغان ئات-ئۇلاقلارنىڭ تېرىلىرىنىمۇ چالا قويماي سويۇۋالغان ئىدى①. جۇڭگولۇقلار قەشقەرىيەدىكى ھوكۇمرانلىقىنى

① سوپى قورغاندا تۇرۇۋاتقىنىمىزدا، قارا قىرغىزلاردىن مۇسۇلمان بىي، سارتلار قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ۋە بۇ ئىشلارنى ئۆز كوزى بىلەن كورگەنلەر مېنى ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىدىن تولۇق خەۋەردار قىلغان ئىدى، تېرەك دەرياسى چىرىگەن جەسەتلەر

يېڭىۋاشتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، خوجىلار تەرىپىدىن ئارقا ئارقىدىن 3 قېتىم مالىماتاڭ قىلىۋېتىلگەن ئىش- تەرتىپلىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن يەنە بىر قېتىم رەتكە سالدى. يۇقرالار بولسا ھىلىقى قورقۇنچاق، چۈشكۈنلەشكەن بەدنىيەت خوجىلارنىڭ ئەسكىلىكلىرى ئۈچۈن ئىككى قولىغا ۋە مال-مۈلكىگە تايىنىپ يەنە بىر قېتىم بەدەل تۆلەشكە مەجبۇر بولدى.

جۇڭگولۇقلار ئۇزلىرىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن خوشىنىسى قوقانلىقلارنىڭ مەنپەئەتىنى زادىلا ماسلاشتۇرالمىدى. شۇڭا قوقاندا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە قارىماستىن، 1831-يىلى ئۇلار بىلەن ئىمزالاشقان شەرتنامىدىكى شەرتلەرگە يېڭى- ۋاشتىن ئەمەل قىلىشىمىز لازىم، دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن، جۇڭگولۇقلار ئۇزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئاشكارىلاپ، قوقانلىقلارنىڭ خورىكىنى ئۇستۇرۇپ قويدى. ئۇلار خوجى- لارغا قەشقەر شەھرىنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەرگەن نامەت- خاننى قەشقەر شەھرىگە ئاقساقال قىلىپ تەيىنلىدى. خوجى- لارنى ئاستىرىتتىن قوللىدى. ھالبۇكى، 1855-، 1856- يىللىرى ۋەلىخان تورە ۋە كىچىك خانغا ئەگەشكەنلەر ھېچقانداق مەنپەئەت ئالالمىغان ئىدى.

كېيىنچە، 1857-يىل 4-ئايغا كەلگەندە، ۋەلىخان تورە ئۆزىنىڭ تەكرار تىرىشىشى بىلەن تولۇق غەلىبىگە

---

بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكتىن، تېرەك داۋان ئەتراپىدا چارۋىچىلىق قىلىدىغان سارتلار 3 يىلغىچە تېرەك دەرياسىدىن سۇ ئىچەلمە- گەن. مۇسۇلمان بىي ئوزى تۇرغان چېدىر ئەتراپىدا 300 جەسەتنى كۆمۈۋەتكەن، ئۇنىڭ ئىنىسىمۇ قولانقا تۇقاي ئەتراپىدا 200 دىن ئارتۇق جەسەتنى كۆمۈۋەتكەن. — ئاپتوردىن.

ئېردشتى. شۇ قېتىمقى ۋەقەدە، جۇڭگو قاراۋۇلخانىلىرىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ خوجىلار تەرەپكە قېچىپ ئۆتكەنلىرىدىن باشقىلىرى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلانغان ئىدى.

خەنزۇلار ھولۇقۇپ كەتكەنلىكتىن قەشقەر قورغىنىغا ئارانلا كىرىۋالغان. شۇ كۈنى كېچىسى ۋەلىخان تۆرە شەھەرگە بوسۇپ كىرگەن. ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى كوچىلاردا "ياشىسۇن بۇزرۇكخان تۆرە!" دەپ شۇئار تۇۋلاشقان①. شەھەر ئاھالىسى قوزغىلىپ، شەھەردىكى مانجۇ مەمۇرلىرىنى ۋە سودىگەرلەرنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىغان. ۋەلىخان تۆرە ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلغان، ئەتراپتىكى كەنتلەر ئۆز ۋەكىللىرىنى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ خانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان ئىدى.

جاي - جايلاردىن كەلگەن خىلمۇخىل ئامما ۋەلىخان تۆرىنىڭ بايرىقى ئاستىغا ئۇيۇشقان. ۋەلىخان تۆرە ناھايىتى چىۋەرلىك بىلەن ئۇلاردىن بىر قوشۇن تەشكىللىگەن. بۇ قوشۇن پىيادە ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، باشقا - باشقا قىسىملارغا بۆلۈنگەن ئىدى. ھەر بىر قىسىمنىڭ بايراقلىرىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايتتى. ھەر بىر قىسىمدا 500 دىن ئەسكەر بولۇپ، ئۇلارغا بىردىن پانسات باشچىلىق قىلاتتى.

---

① بۇزرۇكخان تۆرە جاھانگىر خوجىنىڭ بار دۇنيالىق بىرلا ئوغلى ئىدى. ئۇ مېھرىۋان ۋە مۇلايىم بولغاچقا، يۇقۇرى ئابرويغا ئىگە بولغان. ۋەلىخان تۆرە شۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، بۇ شەھەرنى ئاسانلا قولغا كىرگۈزۈۋالغان ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە ياقۇپبەگمۇ ئۆز مەقسىدىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، قورال سۆپىتىدە بۇزرۇكخاننىڭ نامىدىن پايدىلانغان. — ئاپتوردىن.

ئەمما ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي كىشىلەر بۇ يېڭى خوجىنىڭ ھوكۇمرانلىقى زالىملىقتا خەنزۇلاردىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغانلىقىنى تېزلا بايقىۋالدى.

قوقانلىقلار ھىمايە قىلىپ تۇرغان ۋەلىخان تورە يەرلىك ئاھالىنى ناھايىتى پەس كورەتتى. ئۇ يەرلىك ئاھالىنىڭ زىممىسىگە مىسلى كورۈلمىگەن ئېغىر ئالۋاڭ - ياساقلارنى يۈكلىدى. خەلق بەلگىلىك مىقداردا نەق پۇل ۋە ئاشلىق تاپشۇرغانلىقى سىرتىدا، يەنە ھاشارغا چىقىشقىمۇ مەجبۇر ئىدى. قىزىل دەرياسىنىڭ سۈيىنى توساپ، خەنزۇلار ئىشغالىيىتىدىكى يېڭىشەھەرنى سۇغا باستۇرۇش ئۈچۈن، نۇرغۇن ئادەم ھەر كۈنلۈگى دىگۇدەك كەتمەنلىرىنى كوتىرىشىپ چىقىپ، دەرياغا توسما سالاتتى.

شەھەر ئاھالىسى ۋە بارلىق چەتئەل سودىگەرلىرى بۇ قوشۇننى مىس قاچا - قۇچا ۋە ئاتلار بىلەن تەمىنلەشكە مەجبۇر ئىدى. بارلىق كارخانىلار قورال ئىشلەپچىقىرىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى. مەخسۇس چوڭ زەمبىرەك قۇيىدىغان بىر زاۋۇتنى بىر ئاۋغان باشقۇراتتى. ئاڭلىشىمىزچە، بۇ زاۋۇت ئاران 8 دانە سۈپەتسىز چوڭ زەمبىرەك ئىشلەپچىقارغانمىش.

يەرلىك خەلقنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھورمەت قىلماسلىقمۇ ئېغىر ئالۋاڭ - ياساقلارغا ئوخشاشلا خەلقنىڭ نەپرىتىنى قوزغىغان. ئاياللارنىڭ چۈمبەلسىز ياكى يالاڭباش كوچىلارغا چىقىشى چەكلەنگەن. بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ چاچلىرى مەخسۇس بەلگىلەنگەن ساقچىلار تەرىپىدىن كېسىۋېتىلگەن. 6 ياشتىن يۇقۇرى بارلىق ئەرلەر باشلىرىغا سەللە ئوراشقا ۋە كۈنىگە بەش قېتىم مەچىتكە بېرىپ ناماز ئوقۇشقا مەجبۇر قىلىنغان. بۇ مەسىلىدە ۋەلىخان ئىن-

تايىن رەھىمسىزلىك قىلغان. بۇ تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلدىڭ دەپ ھەركۈنى دىڭگۈدەك بىرنەچچە ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ تۇرغان. ئۇنىڭ مۇشۇ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە، قىزىل دەرياسى بويىدا خەنزۇلارنىڭ ۋە يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىرىدىن بىنا بولغان ئادەم بېشى مۇنارسى (پىرامىدا) بارغانسېرى ئېگىزلەۋەرگەن. گۇناھكارلارنىڭ باشلىرىنى ئۆز قولى بىلەن چېپىۋېتىش — ۋەلىخان تورە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر خىل ئەرمەك ئىدى. ھالبۇكى، بۇنداق پۇرسەت ئۇنىڭغا ھەمىشە تەييار تۇراتتى. بۇ مۇستەبىتنىڭ ئالدىدا بىرەر ئورۇنسىز ھەركەت ياكى سوز قىلىپ قويغان، ھەتتا ئەسنىگەن بەختسىز ئادەم ئۆزىنى ئەمدى تۈگەشتىم دەپ ھېساپلىسا بولىۋېرەتتى. گېرمانىيىلىك ئالىم ئادولفۇس شلاگىنتۋېيت دەل ئۇنىڭ قولىدا ئەنە شۇنداق زىيادىكەشلىككە ئۇچرىغانلارنىڭ بىرسىدۇر. ئۇنىڭ بېشىمۇ ھېلىقى مۇنارنى بىنا قىلىشقا ئىشلىتىلگەن ئىدى. ئىككى يىلدىن كېيىن قەشقەرگە بارغان روسىيە ساياھەتچىسى ۋەلىخانوۋنىڭ سوزلەپ بېرىشىچە، شلاگىنتۋېيت بومبايدىن قوقان خانىغا ئېلىپ كېتىۋاتقان ئاخباراتنى بۇ خوجىغا بېرىشكە ئۇنىمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن ئىكەن.

قالغان شەھەرلەر ۋەلىخان تورىنىڭ ھوكۇمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتقان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋەلىخان تورە ئاقسۇ، يەركەن، يېڭىسار ۋە خوتەنگە قوشۇن ئەۋەتتى. ئەمما ئۇنىڭ قوشۇنى پەقەت يېڭىسارنىلا ئالالىدى.

بەختكە يارىشا ۋەلىخان تورىنىڭ ھوكۇمرانلىقى ئۇزاق داۋام قىلالمىدى. 1857 - يىل 8 - ئايدا (ئۇ قەشقەرگە كىرىپ 4 ئاي ئۆتكەندە) جۇڭگو قوشۇنلىرى خەلق ئاممىسىنىڭ

ئالقىش سادالىرى ئىچىدە قەشقەرغە كىردى. ۋەلىخان تورد-
نىڭ قوشۇنى قېچىپ كەتتى. بۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ۋەلىخان
تورىنىڭ ئۆزىمۇ قاچتى. بۇ قېتىم 15·000 ئادەم بۇ خوجى-
نىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ قوقانغا كەتتى. جۇڭگولۇقلار قەش-
قەرنى يەنە بېسىۋالدى. لېكىن ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا
خەلقنىڭ خوشاللىقى گويا سۇنىڭ يۈزىدىكى كوپۈكتەك
يوقالدى. جۇڭگو قوشۇنلىرى بۇ دولەتنى بېسىۋالغان مەزگىل
ئىچىدە رەھىمسىزلىكنى تۈنجى قېتىم ۋەلىخان تورىدىنمۇ
ئاشۇرۇۋېتىشكە ئۆرۈندى. ئۇلار خەلقنىڭ مال - چارۋىلىرى،
ئاشلىقلىرى، ئوت - سامانلىرىنى بۇلاپ - تالىدى. مېچىتلىرىنى
ئوت قويۇپ كويدۇردى، خوجىلارنىڭ گورىنى ئېچىپ كۇلىنى
كوككە سورۇدى. بۇ خىلمۇ خىل ياۋۇز - ۋەھشىيانە قىلى-
مىشلاردا قالماقلار ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭدى. ئۇلار مېچىت-
لەردە ئات - ئولاق باقتى. بىگۇنا خەلقنى يولسىزلىق بىلەن
ئولتۇردى، خەلقنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنىڭ ئىپپەت - نومۇسىغا
تەگدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەنزۇلار ئۆزلىرىگە قارشى
قوزغىلاڭغا قاتناشقان ئادەملەرنى ناھايىتى قاتتىق قىين -
قىستاققا ئالدى، سەللا گۇمانلىق دەپ قارالغان ئادەملەرنىڭ
ھەممىسىنى ئولتۇردى. ئېغىر قىين - قىستاققا چىدىماي يال-
غان ئىقرار قىلغان نۇرغۇن بىگۇنا ئادەملەرنىمۇ جىنايەتچىلەر
قاتارىدا ئېتىپ تاشلىدى. خەنزۇلار تەرىپىدىن ئولتۇرۇل-
گەنلەرنىڭ سانى ھەرگىزمۇ ۋەلىخان تورىنىڭ پەرمانى
بىلەن ئولتۇرۇلگەنلەردىن ئاز ئەمەس، ئەمما ئۇلار پەقەت
مۇنداق بىر ئىشتىلا پەرقلىنەتتى: خەنزۇلار ئۆزلىرى ئولتۇرگەن
ئادەملەرنىڭ باشلىرىدىن مۇنار ياسىمىدى، بەلكى بۇ باشلارنى
قەپەزلەرگە سېلىپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ چوڭ - چوڭ دەرۋا-

زىلىرىغا باردىغان كوچىلارنىڭ ئىككى قاسنىقىغا قاتار-قاتار تىكىلەنگەن موما ياغاچلارغا ئېسىۋەتتى، بۇ كورۇنۇش كىشىگە بەئەينى خاڭ ئاستىدىكى يوللارنى ئەسلىتەتتى. 1859 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، يەنى خەنزۇلار خوجىلارنى ھەيدەپ چىقىرىپ 2 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، قەشقەرىيەنى زىيارەت قىلغان روسىيە ساياھەتچىلىرىنىڭ بىزگە ئېيتىپ بېرىشىچە، شۇ چاغدىمۇ بۇنداق خاڭ يوللىرى بار ئىكەن①.

بۇ چاغدا، جۇڭگولۇقلار قوقانلىقلارنىڭ خوجىلارنى قەشقەرىيەگە كىرگۈزمەسلىك ھەققىدە بەرگەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغانلىقىنى كورگەنلىكتىن، قوقانلىقلار بىلەن ئۆزلىرىگە پايدىسىز شەرتنامىلەرنى ئىمزالاشقا ئانچە ئالدىراپ كەتمىدى. 1858 - يىلى باھاردا، خۇدايارخان قەشقەرگە ۋەكىللەر ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ يېقىندىن بۇيان يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە ئىنتايىن ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى ۋە كەلگۈسىدىكى ھەرخىل ئىشلارغا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، 1830 - يىلىدىكى شەرتنامىنىڭ داۋامىنى ئىمزالاشنى تەلەپ قىلدى.

جۇڭگولۇقلار يەنە بىر قېتىم قوقانلىقلار بىلەن كېلىشىم ئىمزالىدى. ئۇلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەن نەسىرىدىن سەركار دىگەن كىشى دادخا دىگەن ئۇنۋان بىلەن قوقانلىق-

① «روسىيە پادىشالىق جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ژورنىلى» نىڭ 1861 - يىلى 3 - سانىغا بېسىلغان ۋەلىخانوۋنىڭ بىر پارچە ماقالىسىدا ۋەلىخان تورە ھوكۈمرانلىق قىلغان دەۋرگە ئائىت ماتېرىياللار تولۇق بايان قىلىنغان. بىز بۇ كىتابتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نۇرغۇن ماتېرىياللارنى شۇ ماقالىدىن ئالدۇق. — ئاپتوردىن.

لارنىڭ ئاقساقىلى قىلىپ تەيىنلەندى.

ئەمدى ۋەلىخان تورىگە كەلسەك، ئۇ يەرلىك ئاقسوڭەك بولغانلىقى، شۇنىڭدەك سەئىد يەنى پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى بولغانلىقى ئۈچۈن، شەرەتتە ئۇنىڭغا ئولۇم ھوكۇم قىلىنمايتتى. شۇڭا ئۇ قوقاندا تېچ - ئامان ياشاپ قېلىۋەردى.

خوجىلارنىڭ قەشقەردىيەدە ئۆز ھوكۇمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان 4- قېتىملىق ھەركىتى مۇشۇنداق ئاياقلاشتى. ئۇلارنىڭ بۇ قېتىمقى تىرىشچانلىقى بۇ دولەتكە تېخىمۇ زور زىيان يەتكۈزدى. كوپچىلىكى بىگۇنا بولغان بىر قانچە مىڭ ئادەم ناھەق ئولتۈرۈلدى. شۇ قېتىمقى ۋەقەنىڭ باش جىنايەتچىلىرى ۋە ئاساسلىق قاتناشقۇچىلىرى بولسا ئولجىلىرىنى ئالغاچ قېچىپ كېتىپ خاتىرجەم ياشاۋەردى. ئۇلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەن يەرلىك خەلق بولسا خەنزۇلارنىڭ قولىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى.

# ئالتىنچى باپ

جۇڭگونىڭ شەنشى، گەنسۇ ۋە جۇڭغارىيە ئۆلكىلىرىدىكى تۇڭگانلار قوزغىلىڭى، قەشقەرىيەدىكى ئىسيانلار، راشىدىن خوجا، ھەبىبۇللا خوجا، سىدىقبەگ، بۇزرۇكخان، ياقۇپبەگنىڭ قەشقەرگە كېلىشى، ئۇنىڭ تەرجىمھالى، ياقۇپبەگنىڭ ئاقسۇلۇقلار قوشۇنىنى ۋە يەركەنلىكلەر قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىشى، ئۇنىڭ يېڭىسار شەھرىنى ۋە قەشقەر يېڭىشەھەر قورغىنىنى ئىگەللىشى، قىپچاقلار ئىسيانىنىڭ باستۇرۇلۇشى، يەركەن ۋە خوتەننىڭ ئىشغال قىلىنىشى، ياقۇپبەگنىڭ ئۆزىنى قەشقەرىيەنىڭ ھوكۇمرانى دەپ ئېلان قىلىشى، ئۇنىڭ ئاقسۇ، كۇچا ۋە كورلىغا يۈرۈش قىلىشى، تۇڭگانلارنىڭ كۇچا شەھرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشى، تۇرپانغا قىلىنغان 2 - قېتىملىق ھۇجۇم، ياقۇپبەگنىڭ جۇڭگو قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن تۇرپانغا ئۈچىنچى قېتىم ھوجۇم قىلىشى، مىجۇەزدىكى مەغلۇبىيەت، ياقۇپبەگنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى توغرىسىدا.

جۇڭگولۇقلار 1857 - يىلى ۋەلىخان تورىنى قوغلىۋېتىپ، قەشقەرىيەنى قايتا ئىشغال قىلىۋالغىنىدىن كېيىن، ئۆز غەلىبىسىدىن ئانچە ئۇزاق بەھرىمەن بولالمىدى. جۇڭگونىڭ غەربىي ئۆلكىلىرىدە يەنى شەنشى، گەنسۇلاردا مۇسۇلمانلار

قوزغىلىڭى تېزلىك بىلەن ئۆلغىيىپ، پۈتۈن جۇڭغارىيىگىچە
كېڭەيدى، 1862 -، 1863 - يىللىرىغا كەلگەندە ھەتتا پۈ -
تۈن قەشقەرىيىگىچە كېڭەيدى. خەنزۇلار ھالاكەت گىردا -
ۋىدا قالدى، يۈز مىڭلىغان خەنزۇلار يوقىتىلدى. ئەمما
ئۇلار 13 يىل ئىچىدە غەرپتە چوچەككىچە، جەنۇپتا ماناس
ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىرىگىچە جاي - جايلاردا كۆتىرىلگەن
قوزغىلاڭلارنى بىر بىرلەپ دەھشەتلىك باستۇردى. 1857-
يىلى، جۇڭگو قوشۇنى ئۈرۈمچى شەھىرىنى قورشىۋالدى ۋە
ئالدىنقى 13 يىللىق ۋەزىيەتنى چوگىلەتكەن ئەڭ قابىد -
لىيەتلىك، ئەڭ كۈچلۈك دۈشمىنى بولغان ياقۇپبەككە
قارشى ئۇرۇشلارنى باشلىۋەتتى.

جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى شەنشى ۋە گەنسۇ ئۆلكىلىرىگە
توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ نوپۇسى
①5.000.000 غا يېتەتتى. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ كېلىپ
چىقىش تارىخىغا ئائىت خاتىرىلەر بىردەك ئەمەس، بەزى
خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئۇلار 8 - ۋە 9 - ئەسىرلەردىن
باشلاپ جۇڭگونىڭ بەزى ئۆلكىلىرىگە كېلىپ ئولتۇراقلاش -
قان. ئۇ چاغدا خەنزۇلار ئۇيغۇر دۆلىتىنى بويسۇندۇرغاند -
دىن كېيىن، 1 مىليوندەك ئۇيغۇرنى ئۆزلىرىنىڭ غەرپىتىكى
قاقاس ئۆلكىلىرىگە قوغلىۋەتكەن ئىدى. ئىسلام دىنىغا
ئېتىقات قىلىدىغان بۇ ئۇيغۇرلار ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن
خەنزۇ ئاياللىرىغا ئۆيلەنگەنلىكتىن ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى
چىراي - شەكلىنى يوقاتقان. ھازىر بۇ ئۇيغۇرلار ئۆزلىرد -

① «ھەربى ژورنال» نىڭ 1876 - يىللىق 10 - سانىغا
بېسىلغان سوسنوۋسكى (Sosnovski)نىڭ ماقالىسىغا قاراڭ. —
ئاپتوردىن.

نىڭ قەشقەرىيەدىكى ئۇرۇق - تۇققانلىرىغا زادىلا ئوخشىمايدۇ. جۇڭگونىڭ غەربىي ئۆلكىلىرىدە ئولتۇراقلاشقان مۇشۇ مۇسۇلمانلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا جۇڭغارىيە نوپۇسىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلىپ، چۆچەك، غۇلجا، ماناس، ئۈرۈمچى، تۇرپان، باركۆل ۋە قۇمۇلدا ئولتۇراقلىشىپ قالدى. قارا شەھەر قورغىنىنىڭ ۋە كورلا شەھرىنىڭ غەربىدىكى جايلاردىن باشلاپ ئولتۇراقلاشقان قەشقەرىيە خەلقى بۇ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىغا تۈپتىن ئوخشىمايتتى. شۇڭا كىشىلەر ئۇلارنى ئۆزلىرى ئولتۇراقلىشىپ قالغان يەرلەرنىڭ نامى بىلەن قارا شەھەرلىكلەر، كۇچالىقلار، ئاقسۇلۇقلار، قەشقەرلىكلەر، يەركەنلىكلەر ۋە خوتەنلىكلەر دەپ ئاتايدۇ.

جۇڭگولۇقلار ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىكى مۇسۇلمانلارنى خۇي - خۇيلار① دەپ ئاتايدىكەن.

بۇ مۇسۇلمانلار قەشقەرىيەدە تۇڭگانلار دەپ ئاتىلىدىكەن ھەمدە بۇ تۇڭگانلار قوزغىلىڭى "تۇڭگان يېغىلىقى" دەپ ئاتىلىدىكەن. "تۇڭگان" دېگەن سۆزنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ئانچە ئېنىق ئەمەس. قەشقەرىيەدىكى ۋاقتىمدا، كىشىلەردىن مۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلىدىم. بەزىلەر بۇ نام ئالېكساندىر ماكېدونسكى (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ـــ ت) دەۋرىدىلا بار ئىدى دېيىشىدۇ؛ يەنە بەزىلەر، چىڭگىزخان

① خەينىس ئەپەندى «تۈركىستان ژۇرنىلى»نىڭ 1867 - يىلى 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «جۇڭگونىڭ غەربىي ئۆلكىلىرىدىكى تۇڭگان يېغىلىقى» دېگەن ماقالىسىدا، "ئۇيغۇر"دىكى نام ئۇلارنىڭ تىلىدا "خۇي - خۇي" دەپ خاتا قوللىنىلغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلغان. ـــ ئاپتوردىن.

ياكى تومۇرلەڭ (Tamerlane) دەۋرلىرىدە مەيدانغا كەلگەن، دېيىشىدۇ. يەنە بەزى كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، خەلقىنىڭ ئېغىزىدا تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەتلەردىكى قەھرىمانلار توپ - توپ بولۇپ شەرقتىن غەرپكە، غەرپتىن شەرققە يۆتكەلگەن چاغلاردا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن جەڭچىلەر جۇڭغارىيە، شەنشى، گەنسۇ ئۆلكىلىرىدە قېلىپ قالغانلىقتىن تۇرغانلار دېگەن ئاتاقنى ئالغان، بۇنىڭ مەنىسى "ئارقىدا قېلىپ قالغانلار"① دېگەنلىكتۇر.

سوسنوۋسكى ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، "تۇڭگان" دېگەن بۇ نام 1861 - يىلى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى قوزغىلاڭ كۆتەرگەندىن باشلاپ ئوتتۇرىغا چىققان ئىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، قوزغىلاڭ ئەڭ دەسلەپتە شەنشى ئۆلكىسىنىڭ تۇڭگان قورغىنى ئەتراپىدا كۆتۈرۈلگەن. بۇ قورغاننىڭ نامى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى دوكلاتلىرىدا كۆپ تىلغا ئېلىنغان. شۇڭا قوزغىلاڭغا قاتناشقانلارمۇ مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان بولسا كېرەك. لېكىن تۇڭگان دېگەن

① بۇ سۆزنى كۆچادا ئاڭلىغان ئىدىم. تۇڭگانلارنىڭ پەيدا بولۇش تارىخىغا ئائىت ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان مۇنداق ئەھۋاللار بار: چىڭگىزخان بېيجىڭغا يۈرۈش قىلغاندا، ئۇنىڭ قوشۇنىدا شەرقى تۈركىستاندىن كەلگەن نۇرغۇن تۇڭگانلار بار ئىكەن. ئۇ بېيجىڭنى ئىگەللىگەندىن كېيىن، ئوغلى موغۇلنى (قۇبلايىنى — مۇھەررىردىن) جۇڭگو ھۆكۈمرانلىقىغا تەيىنلىگەن ۋە موغۇل بىلەن بىللە نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئىكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ، بۇ مۇسۇلمانلار "تۇرغان" ياكى ھازىرقى "تۇڭگان" دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدىغان بولغان. — ئاپتوردىن.

ئىسىم 1861 - يىلىدىكى قوزغىلاڭدىن بۇرۇنمۇ مەۋجۇت بولغاچقا، ھىلىقى قاراشنىڭ يېتەرلىك ئاساسىي بولمىسا كېرەك.

بىزنىڭ قولىمىزدا "تۇڭگان" دىگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئاساسلاپ ئۇنى تولۇق ۋە ئاخىرقى ھىساپتا خۇلاسىلەيدىغان ماتىرىيال بولمىغان ئىكەن، ئەمدى بۇ مەسىلىنى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەتقىق قىلىشىغا قالدۇرۇپ قويۇپ، قوزغىلاڭنىڭ ئۆزىگە كېلەيلى.

قوزغىلاڭ 1861 - يىلى، يەنى شيەنفېڭ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا (مانجۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى ۋەنزۇڭ دەۋرى — 1851 - يىلدىن 1861 - يىلغىچە) شەنشى ئۆلكىسىدە قوزغالغان. دەسلەپتە گەنسۇغا، ئاندىن جۇڭغارىيىگە كېڭەيگەن ئىدى.

بەزى جايلاردا بارلىق خەنزۇلارنىڭ دەھشەتلىك تۈردە قىرىپ تاشلانغانلىغى بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ ئالاھىدىلىگىدۇر. جۇڭگو ھوكۇمىتىنىڭ دەسلەپتە بۇ قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان چارە - تەدبىرلىرى نەتىجىسىز بولغان ئىدى. جۇڭگو قوشۇنلىرى ئۆز ئوفىتسېرلىرىنىڭ قاقتى - سوقتى قىلىشىغا ئۇچراپ ئۆزلىرىمۇ بىۋاستە ئازاپ چېكىۋاتقانلىغى ئۈچۈن، بەزى ۋاقىتلاردا قوزغىلاڭچىلار تەرىپىگە ئۆتۈپمۇ كېتەتتى. شۇنىڭدەك قوزغىلاڭ كۆتىرىلگەن رايونلاردا تۇرۇشلۇق جۇڭگو قوشۇنلىرى ئۆزلىرىنىڭ بىر بىرلەپ تارمار قىلىنىشىدىن قورقۇپ، ئارقا- ئارقىدىن قورغانلارغا بېكىنىۋېلىشقا مەجبۇر بولاتتى. قوزغىلاڭچىلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بوش قالغان يەرلەرگە باستۇرۇپ كىرەتتى ۋە ھەممىلا يەردە خەنزۇلارنى ئۆلتۈ-

رۇشكە باشلايتتى. سوسنوۋسكىنىڭ ئېيتىشىچە، خەنزۇلارغا بولغان ئۆچمەنلىك شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، مۇسۇلمانلار ئۆز خوتۇن - قىزلىرىنىڭ خەنزۇلار قولىغا چۈشۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. يەنە مۇشۇ ئاپتور بىرگە شۇنى ئېيتىپ بەردىكى، خەنزۇلار كېيىن ئۇلاردىن قاتتىق قىساس ئالغان، ئۆز دۈشمەنلىرىنى رەھىمسىزلەرچە يوقاتقان. جۈڭگو قوشۇنلىرى خېجۇ شەھىرىنى 7 ئاي قورشىۋېلىپ ھۇجۇم بىلەن ئالغاندىن كېيىن، 20 مىڭ ئادەمنى قىلىچ بىلەن چانىۋەتكەن. شىنىڭ ۋىلايىتىدە 9 مىڭ ئادەمنى، جىنجىباۋ دېگەن يەردە 50 مىڭ ئادەمنى قىرىۋەتكەن. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئاھالىسى زىچ، تۇپرىقى مۇنبەت بۇ كەڭ زېمىن چۆل - باياۋانغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، بەزى ئاۋات شەھەرلەرمۇ خارابىلارغا ئايلانغان ئىدى①.

---

① 1870 - يىلى چوچەكنى زىيارەت قىلىۋاتقىنىمدا يەرلىك خەلقنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، پەقەت مۇشۇ ئەتراپتىلا 40 مىڭ ئادەم خەنزۇلارنىڭ قولىدا ئۆلگەن. بۇ شەھەر ئىنىسى - جىن يوق قاقاس بىر خارابىغا ئايلانغان ئىكەن. شۇ قېتىمقى چوڭ قىرغىندىن 6 يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇ شەھەرنىڭ كوچىلىرى ۋە قورغانلارنىڭ ئاكوپلىرىدا دۆۋىلىنىپ ياتقان ئادەم ئۇستىخانلىرىنى كۆرۈش مۇمكىن. رۇسلار سالغان ناھايىتى كاتتا بىر رۇسلار چېركاۋىسىمۇ ۋەيران قىلىنىپتۇ. روسىيە پۇقرالىرى بىر كېچىدىلا روسىيە زېمىنىغا قېچىپ بېرىۋاپتۇ. ئاڭلىشىمچە، روسىيەلىك بىر مىسسىيونېرنىڭ ھامىلدار ئايالى شۇ قاچ - قاچتا كۆزى يورۇپ قېلىپ يول ئۈستىدىلا ئۆلۈپ كەتكەن ئىكەن.— ئاپتوردىن.

1868 - يىلى زوزۇڭتاڭ گەنسۇ، شەنشى ۋە جۇڭغارىيىنىڭ باش ھەربى ۋالىسى بولغاندىن كېيىنلا، خەنزۇلار تېخىمۇ تېز، جەڭگىۋار تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا باشلىدى. خۇددى سوسنوۋسكى ئەپەندى ئېيتىپ بەرگەندەك، زوزۇڭتاڭ بۇ غەلىيانلارنىڭ يۈز بېرىشىگە ئاساسەن قاقتى - سوقتى قىلىش سەۋەبچى بولغانلىغىنى ھېس قىلغاچقا، جەڭچىلىرىنى رازى قىلىش ئۈچۈن، ئىشەنچلىك ئەمەلدارلارنى تاللاپ ئىشقا قويدى. زوزۇڭتاڭ لەنجۇدا يەنە كەينىدىن ئوقلىنىدىغان پولات زەمبىرەك ۋە تۈركىلەنكا مىلتىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئەڭ زامانىۋى زاۋۇتلارنى قۇردى. جۇڭگو قوشۇنلىرى قوزغىلاڭ مەركەزلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن ئىشغال قىلدى. ئىككىنچى يىلى 1 - ئايدا، لەنجۇدىن باشلاپ قۇمۇل، گۈچۈڭ ئارقىلىق چوچەككە بارىدىغان يول ئۈستىدە جۇڭگو قوشۇنلىرىنىڭ قاراۋۇل لېنىيىسى پەيدا بولدى. بۇ چاغدا يەنە داۋاملىق قېچىپ يۈرگەن ئاز ساندىكى تۇڭگانلارنى ھىساپقا ئالمىغاندا، ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى قوزغىلاڭلار ئاللىقاچان باستۇرۇلۇپ بولغان ئىدى.

جۇڭغارىيە، شەنشى، گەنسۇلاردىكى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنلىگى توغرىسىدىكى خەۋەر پات ئارىدىلا قەشقەرىيەگە ئاڭلاندى. نەتىجىدە، بۇ يەردىكى پۇقرالارمۇ دەرھال ھەركەتكە كېلىپ خەنزۇلارغا قارشى تۇردى. بۇ دولەتتە تۇرۇشلۇق جۇڭگو قوشۇنلىرى ئاجىز، شۇنىڭدەك ئۇلار تۇڭگانلاردىن تەشكىللەنگەن بولغاچقا، ئەسكەرلەر ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتەرگەنلىگىنى ئاڭلىغان ھامان قوللىرىغا قورال ئېلىپ، قوراللىرىنى باشلىقلىرىغا قاراتتى. قورغانلارغا موكۇ -

ۋىلىشقا ئۇلگۇرەلمىگەن خەنزۇلارنى يەرلىك ئاھالىنىڭ ياردىمى بىلەن پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىدى. قوزغىلاڭ دەسلەپتە كۇچادا پارتلىدى.

1862 - يىلى، بۇ شەھەردىكى راشىدىن خوجا بىرىنچى بولۇپ "غازات" ئېلان قىلدى ۋە ئاممىنى ئۇيۇشتۇرۇپ بۇ شەھەردىكى خەنزۇ قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلدى. راشىدىن خوجا خەنزۇلارنى قىرىپ تاشلىغاندىن كېيىن، خەنزۇلارغا قارشى غازات قوزغاش ئۈچۈن، قەشقەرسىيەنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىگە ئادەم ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، تۇڭگانلار بۇ قوزغىلاڭغا قاتناشتى ۋە ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن خەنزۇلارنىڭ قارا شەھەر، توقسۇن، تۇرپان شەھەرلىرىدە تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرىنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، پۇقرالار راشىدىن خوجىنىڭ سەلتەنەتىنى دەرھال ئېتىراپ قىلدى ۋە ئۇنى خانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزدى. راشىدىن خوجا ئۆزىنىڭ تۇققىنى ئەيسا خوجىنى يۇقۇردا ئېيتىلغان شەھەرلەرگە ۋالى قىلىپ تەيىنلىدى. راشىدىن خوجىنىڭ باشقا تۇققانلىرىدىن جالالىدىن خوجا بىلەن بۇرھانىدىن خوجا ئاقسۇ، قەشقەر، يەركەن، خوتەنلەرنى راشىدىن خوجىنىڭ سەلتەنىتىگە قوشۇش ئۈچۈن يۈرۈش قىلماقچى بولۇپ تۇرغان ئىدى، ئۇلار يېتىپ كەلگىچە بۇ يەرلەردە قوزغىلاڭ پارتلىدى. جۇڭگونىڭ بۇ شەھەرلەردە تۇرۇشلۇق خەنزۇ قوشۇنلىرى قورغانلار ئىچىگە بېكىنىۋالدى. ئاقسۇلۇقلار راشىدىن خوجىنىڭ سەلتەنىتىنى ھەممىدىن بۇرۇن ئېتىراپ قىلدى. قىپچاقلاردىن كېلىپ چىققان سىدىقبەگ ① بۇ چاغدا قەشقەردە خېلى تەسىرى بار بىر

① باشقا ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، سىدىق بەگ قىرغىز

لەش يۈزىسىدىن، بىرگە بىر تۈركۈم مەخسۇس مۇھاپىزەتچى ئەسكەر ئاجراتقان ئىدى. ئۇلار دەسلەپتە بىرگە ئۆزلىرىنىڭ ھال - كۈنىنى ھەدەپ ماختاپ بەردى. ياقۇپبەگنىڭ ئادىل، كەڭ قوساق ئادەم ئىكەنلىكىنى مەدھىيىلەشتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ مائاشىنىڭ نۇرغۇنلۇغىنى مۇبالىغە قىلىشتى. لېكىن بىر ئۇلار بىلەن تېخىمۇ سىرداش بولۇپ كەتكىنىمىزدىن كېيىنلا بىزگە ئىچ - قارنىنى توكۇۋەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە غەزەپلىنىپ شىكايەت قىلدى، ئۆز ئوفىتسېرلىرىنىڭ ئوسالللىقلىرى ئۈستىدە دەرت توكتى.

بىز قەشقەردىكى ئارمىيىسىنىڭ قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچا ۋە بايدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىنىڭ ھەربى تەلىم - تەربىيە ئەھۋالىنى كوزدىن كەچۇردۇق. كورلىدا تۇرغان چېغىمىزدا ئۇ يەردە ناھايىتى نۇرغۇن ھەربى قىسىم تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ سەپ تۈزۈپ مەشق قىلىشىنى بىر قېتىممۇ كورمىدۇق.

قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەسكەر 5000 دىن ئاشىدىكەن. ئۇلارنىڭ ھەربى تەلىم - تەربىيە ئىشلىرى غەرپنىڭ ئەڭ سىستىمىلىق مۇنتىزىم ئۇسلوبى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىكەن. ھەركۈنى ئەتىگەن سائەت 5 تە بارلىق ھەربىلەر گەزەرمە ئالدىغا سەپ تارتىپ تىزىلىدىكەن. ھەرقايىسى قىسىم بولۇنمىلەر بويىچە ھەپتىسىگە ئىككى قېتىم يېڭى شەھەر ئۇدۇلىدىكى كەڭ مەيدانغا يىغىلىپ، ھەممە بىرلىكتە ھەربى يۈرۈش - تۇرۇشنى مەشق قىلىدىكەن. بارلىق ئەسكەرلەر ھەر ھەپتىدە 4 قېتىم نۇۋەتلىشىپ قارىغا ئېتىشقا قاتنىشىدىكەن. شۇڭا ھەربىر كىچىك بولۇم ياكى دەستىلەر ھەپتىدە بىر قېتىم ياكى ئىككى قېتىم مۇشۇنداق تەلىم - تەربىيىگە قاتنى-

چىلىق قىلمىشقا كىرىشىدۇ. ئاقسۇدىن كەلگەن ئەلچىلەر بۇ يەردە ھېچقانچە ئۇنۇمگە ئېرىشەلمەيدۇ. يەركەنلىكلەر ئابدۇراخمان ھەزرەت دىگەن بىر قېرى موللىنى ئۆزلىرىگە ھوكۇمران قىلىپ سايلايدۇ. ئەسلىدىكى ھاكىمبەگ نىياز-بەگ بولسا يېڭى ھاكىمنىڭ مۇئاۋىنى بولىدۇ. خوتەنلىكلەر-مۇ يەركەنلىكلەرنى دوراپ خەنزۇلارنى ئۆلتۈرىدۇ، ئەككە-دىن يېڭىلا قايتىپ كەلگەن ھەبىبۇللا ھاجىنى ئۆزلىرىگە ھوكۇمران قىلىپ سايلايدۇ. ئۇ كىشى "پاشا" دىگەن نامنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۆز نامىدا پۇل قۇيدۇرۇشقا كىرىشىدۇ.

1863 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، پۈتۈن قەشقەر-يە بويىچە قەشقەر، يېڭىسار ۋە يەركەن قاتارلىق جايلارنىڭ يېڭى شەھەرلىرىلا خەنزۇلارنىڭ قولىدا قالدى. ئاقسۇلۇقلار بىلەن يەركەنلىكلەرنىڭ ئەسكەرلىرى يەركەن يېڭى شەھىرىگە ھۇجۇم باشلىغاندا، تۇڭگانلارمۇ ئۇلارغا ياردەم بەرگەن ئىدى. قورغانغا بېكىنىۋالغان خەنزۇلار تاكى مەغلۇپ بولغانغا قەدەر پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇلارغا قارشىلىق كور-سەتتى. ئاخىردا، خەنزۇ ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى ئەس-كەرلىرى بىلەن بىللە ئۆزىنى پارتلىتىپ ئۆلۈۋالدى.

مۇشۇ قېتىمقى غەلىبىدىن كېيىن، ئاقسۇلۇق خوجىلار يەركەنلىكلەرنىڭ راشىدىن خوجا ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلىشىنى يېڭىۋاشتىن تەلەپ قىلدى. لېكىن بۇ تەلەپ يەركەنلىكلەر تەرىپىدىن رەت قىلىندى. ئۆزاققىچە تالاش-تارتىش قىلىش نەتىجىسىدە، بۇ يەردىكى ھوكۇمەت ئاخىر ئابدۇراخمان تەرەپ ۋە بۇرھانىدىن خوجا تەرەپ بولۇپ، ئىككىگە بولۇندى. ئابدۇراخمان تەرەپ شەھەرنىڭ ئالى

هوقۇقىنى قولىغا ئالدى، بۇرھانىدىن خوجا بولسا قەلئەنىڭ ئالى قوماندانى بولدى. قەلئەدە تۇڭگانلار بىلەن ئاقسۇلۇق-لارنىڭ ئەسكەرلىرى تۇراتتى. بۇ ئەھۋال تاكى ياقۇپبەگ دەۋرىگىچە داۋاملاشتى.

1864 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، قەشقەرىيەنىڭ خوتەن، ئۆلكىسىدىن باشقا يەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى راشىدىن خوجىنى ئېتىراپ قىلدى.

راشىدىن خوجا، ئەينى يىللاردا قەشقەرىيەگە 40 يىل ھوكۇمرانلىق قىلىپ، بۇ دولەتكە زور بالايى ئاپەت كەلتۈرگەن خوجىلار (بۇ يەردە كوزدە تۇتقىنىمىز جاھانگىر خوجا بىلەن ۋەلىخان تورە) نىڭ پۇشتى ئەمەس ئىدى. شۇڭا قەشقەرىيە خەلقى ئارىسىدىن راشىدىن خوجىغا نارازى ئادەملەرنى تېپىش ئاسان ئىدى. بۇ ئادەملەر ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى ئاپپاق خوجىنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن جەمەتلىرىدىن بىرسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئاپپاق خوجى-نىڭ ئەۋلاتلىرى ئىچىدە جاھانگىر خوجىنىڭ ئوغلى بۇز-رۇكخان خوجىنىڭ ئىناۋىتى ئەڭ يۇقىرى ئىدى. ئۇ ئوزد-نىڭ ئالىجاناپلىقى ۋە مېھرىۋانلىقى بىلەن خەلق ئارىسىدا داڭ چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ھەقىقى چۈشىنىدىغان كىشىلەر ئۇنىڭ خاراكتېر جەھەتتىكى ئاجىزلىقى ۋە تاما-مەن قابىلىيەتسىزلىگىنى بىلەتتى. شۇڭا قەشقەرنىڭ ھاكىمى سىدىقبەگ ئوز مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن قورال سۈپىتىدە پايدىلانماقچى بولدى. سىدىقبەگ مۇشۇ مەقسەت بىلەن بۇزرۇكخان تورىنىڭ ئابرويىنى سۇئىستىمال قىلىپ، تاشكەنت ۋە قوقانىنىڭ باش ھەربى ۋالىسى ئالىم قۇلدىن شۇ چاغدا تاشكەنتتە تۇرۇشلۇق بۇزرۇكخانىنى قەش-

قەرىيەگە يولغا سېلىپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلىدى. ئۇ: مەن بۇزرۇكخان تورىگە قەشقەرىيەنى بىردەمدىلا ئېلىپ بېرىمەن، دەپ ۋەدە بەردى. بۇزرۇكخان تورە 50 نەچچە ئادەمنىڭ ھەمراھلىقىدا دەرھال قەشقەرغە قاراپ يولغا چىقتى. بۇ چاغدا بۇزرۇكخان تورە بىلەن بىللە يولغا چىققانلارنىڭ ئارىسىدا كەلگۈسىدە قۇرۇلىدىغان قەشقەرىيە دۆلىتى قوشۇنىنىڭ قوماندانى ياقۇپبەگمۇ بار ئىدى.

بىر قەشقەرىيەدە كېيىن يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ئۈستىدە توختىلىشتىن ئىلگىرى، ياقۇپبەگ ھەققىدە ئۆزىمىز توپلىغان ماتېرىياللارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمىز. شەك-شۈبھىسىزكى، ياقۇپبەگ تارىخىي شەخس، شۇنىڭدەك ئەينى زاماندا ئاسىيادىكى بارلىق مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەرانلىرى ئىچىدە يۈرەكلىك ئوتتۇرىغا چىققان كىشىدۇر.

ياقۇپبەگنىڭ ئاتىسى ئىسمەتۇللا خوجەنتلىك كىشى بولۇپ، كېسەلمەنلەرگە ئايەت ئوقۇپ بېرىپ دۇئاخان (دا-خان) لىق قىلاتتى. ئۇ بىر كۈنى خوجەنتتە كېتىۋېتىپ، تاشكەنتكە تەخمىنەن 100 چاقىرىم كېلىدىغان پىسكەنت دىگەن يەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ قالىدۇ. شۇ مەزگىلدە پىسكەنتلىك بىر ئايالغا نىكاللىنىپ شۇ يەردە تۇرغىنىدا، ياقۇپبەگ دەل مۇشۇ ئايالدىن تۇغۇلىدۇ. مەن ئۇنىڭ تۇغۇلغان يىلى، ئاي، كۈنىنى توغرا ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. 1876-يىلى ياقۇپبەگ بىلەن كۆرۈشكىنىمدە، ئۇنىڭ 50 ياشلار ئۆپچۆرىسىدە ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇنىڭ چېچىغا ئاندا-ساندا ئاق كىرگەن بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ ئۇنى 60 لاردا دىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ياقۇپبەگ تۇغۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى نىكادىن ئاجرىشىپ كەتكەن.

كېيىن ئۇنىڭ ئانىسى پىسكەنتلىك بىر قاسساپقا ياتلىق بولغان، ياقۇپبەگ مۇشۇ ئائىلىدە چوڭ بولغان ئىكەن. شۇڭا كىشىلەر ياقۇپبەگنى قاسساپنىڭ ئوغلى دېيە-شىدىكەن.

بالىلىق دەۋرىدىلا ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلغان بۇ يېتىم بالا تىرىكچىلىك ئۈچۈن، ئاممىۋى سورۇنلاردا ئۇسۇل ئوينايدىغان بەچچە بولغان. شۇ چاغدا پىسكەنتتىن ئوتۇپ كېتىۋاتقان قوقانلىق ئەمەلدار ئۇنى ياقتۇرۇپ قېلىپ، قوقانغا ئېلىپ كەتكەن ئىكەن.

ياقۇپبەگ قوقانغا كېلىپلا كىشىلەرنىڭ قولىدىن قولغا ئوتۇپ "زېرەك، ئەپچىل ئۇسۇلچى" دەپ نام ئالغان. ئۇ ئاخىر مۇھەممەت كېرىم قاشقا دېگەن ئادەمنىڭ ئالدىغا كەلگەن. بۇزات قوقان خانى مەمەدەلىخاننىڭ چىلىمچىسى ئىكەن. كېيىن ئەينى زاماندا مەرغىلاننىڭ سەلتەنەتلىك سورۇنلىرىدا ياقۇپ-بەگنى ئوز كوزى بىلەن كورگەن كىشىلەر بىلەن تاسادىپى پاراڭلىشىپ قالدىم. ئۇلار ماڭا ياقۇپبەگنىڭ ئوز ۋاقتىدا ئۇسۇل ئويناشتا داڭ چىقارغانلىقىنى سوزلەپ بەردى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ياقۇپبەگ ئەينى زاماندا قەددى-قامىتى كېلىش-كەن، قاۋۇل، دوغىلاق، يۇزىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، ھەممە كىشىنىڭ زوقى كېلىدىغان قارا كوز بىر بالا بولسا كېرەك.

مۇشۇ چاغلاردا خاننىڭ چىلىمچىسى كېرىم قاشقا خوجەنتكە ھاكىم بولۇپ تەيىنلىنىدۇ، پەرمانچىلىققا ئۇستۇ-رۇلىدۇ. پەرمانچى بىردە گېنېرال دەرىجىسىگە تەڭ كېلەتتى. ئاسىيا دولەتلىرىنىڭ خانلىرى ئوزىنىڭ قول ئاستىدىكى خادىملارنى پەرمانچى مەنسىۋىگە كوتىرىش ئۈچۈن، ھەمىشە

ئالدى بىلەن ھاكىملىقنى تەيىنلەيتتى. شۇڭا بۇنىڭغا ھېچكىم ئەجەپلىنىپمۇ كەتمەيتتى.

مەمەدەلىخان بۇخارا بىلەن بولغان بىر قېتىملىق جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ ھاياتىدىن ئايرىلدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، قوقان خانلىقىدا گۇرۇھلار كۈرىشى يۈز بەردى. ھەرقايسى گۇرۇھ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئۆز قولىغا ئېلىپ تەختكە چىقىش ئۈچۈن، ئۆز ۋەكىلىنى تەختكە يۆلەپ چىقىرىشقا تىرىشاتتى. ئاخىر قىپچاقلار غەلىبە قىلىپ، مەرتە-ۋىسى ناھايىتى تۆۋەن بولغان شىرئەلىبەگنى① تەختكە ئول-تۇرغۇزدى. ئۇ مۇسۇلمانقۇل دېگەن بىر قىپچاقنى ئۆزىنىڭ ۋەزىرلىكىگە تەيىنلىدى. مۇسۇلمانقۇل كېيىنكى چاغلاردا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان ئىدى.

مۇشۇ مەزگىلدە ئەسلىدىكى ھاكىملارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئالماشتۇرۇلدى ياكى ئۆلتۈرۈلدى. ياقۇپبەگنىڭ خوجايىنى كېرىم قاشقىمۇ مۇشۇ كىشىلەر بىلەن بىللە ئىز-دېرەكسىز يوقالغان ئىدى. ياقۇپبەگ بىر مەھەل بىكار يۈر-گەندىن كېيىن، تاشكەنت ھاكىمى نارمۇھەممەت قۇشبېگى دېگەن بىر قىپچاق ئەمەلدارنىڭ ئويىدە ئۇسۇلچى بولدى.

---

① 18-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ، قوقان خان-لىرىنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىش تەرتىۋى مۇنداق بولغان: نار-بۇتاخان (ئۇنىڭ ئىنىسىنىڭ ئىسمى خوجا بەگ ئىدى؛ ناربۇتا-خاننىڭ ئوغلى ئالىمخان؛ ئىككىنچى ئوغلى ئۆمەرخان؛ ئۆمەرخاننىڭ ئوغلى مەمەدەلىخان؛ ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن قىپچاق شىرئەلىبەك خانلىق تەختكە ئولتۇرغان. كېيىنكى چاغلاردا ئۇ شىرئەلىخان دەپ ئاتالغان. ئۇ خوجا بەگنىڭ ئوغلى ۋە ناربۇتاخاننىڭ قېرىندىشى ئىدى. ــ ئاپتوردىن.

بۇ مەزگىلدە، قوقاندىكى غەلىيان تېخىچە داۋاملىشىۋاتاتتى. شىرئەلىخان ئىككى يىل ھوكۇم سۈرگەندىن كېيىن ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئالىمخاننىڭ ئوغلى مۇرات تەختكە چىقتى، ئۇ توققۇز يىل ھوقۇق تۇتتى.

مۇسۇلمانقۇل — قىپچاقلاردىن رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا ئالغان مۇراتخاننىڭ رىقابەتچىسى ئىدى. ئۇ مۇراتخاننى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، شىرئەلىخاننىڭ قوچاقتىكى ئوغلى خۇدايارخاننى تەختكە يولەپ چىقارغاندىن كېيىن، مەملىكەتتە بىۋاستە ھوقۇق يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. ئۇ خۇدايارخاننىڭ ئاكىلىرىنىڭ خانلىق سەلتەنىتىگە خىرىس قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىرىۋەتكەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت موللىيارخانلا قېچىپ قۇتۇلغان ئىدى. بۇ چاغدا ياقۇپبەگ ئوسۇپ چوڭ بولۇپ قالغانلىقتىن، بۇرۇنقى ئۇسۇلچىلىق كەسپىنى تاشلاشقا مەجبۇر بولدى. ئەگەر ئۇنىڭ تەقدىرى ئوڭدىن كەلمىگەن بولسا، ئۇنىڭ كۈنى ئىنتايىن تەس بولغان بولاتتى. تاشكەنتنىڭ ھاكىمى نارمۇھەممەت قوشبېگى ياقۇپبەگنىڭ كەنجى سىڭلىسى (قاسساپنىڭ قىزى) غا ئۆيلەندى. ياقۇپبەگ نارمۇھەممەت قوشبېگىنىڭ سايىسىدا مەھرەم، پەنجىبېشى، يۈز بېشى ۋە پانساتلىق مەنسەپلىرىگە ئېرىشتى.

شۇ ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ياقۇپبەگ ئاقمېچىت (ھازىرقى قىزىل ئوردا) دىگەن يەرنىڭ بەگلىكىگە تەيىنلەندى. ياقۇپبەگ 1852 - يىلى رۇسلار بىلەن بولغان بىر قېتىملىق جەڭدە مەغلۇپ بولغان ئىدى①. ئۇ تاشكەنتكە قايى-

① مەن «ھەربى ژورنال» دا ئېلان قىلىنغان «قەشقەرىيەنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى» سەرلەۋھىلىك بىرىنچى ماقالامدا، ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمھالىغا ئائىت مەسىلە ئۈستىدە بىر خاتالىققا يول

تىپ كەلگەندىن كېيىن، شۇ مەزگىلدە يۈز بەرگەن ھەر-
كەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئاكتىپ قاتناشتى. ئۇ ناھايىتى قابى-
لىيەتلىك بولغاچقا، كىشىلەر ئارىسىدا مەشھۇر بولۇپ تونۇل-
غان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەللىخان ئىنىسى خۇدايار-
خاننى تەختتىن ھەيدەپ چۈشۈردى ۋە تاكى ئۆزى ئۆل-
تۈرۈلگەنگە قەدەر تەختتە ئولتۇرغان ئىدى. بۇ چاغدا قۇدرەت-
لىك مۇسۇلمانقۇل تاشكەنتنىڭ قوشۇن ئەۋەتىپ بۇ يەردى-
كى غەلىيانىنى بېسىقتۇرۇشقا ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا،
ياقۇپبەگ مۇشۇ قوشۇن بىلەن قوقانغا كەلگەن ئىدى.
بۇ قوشۇن قوقانغا كەلگەندىن كېيىن، مۇسۇلمانقۇلنىڭ ئەم-
رىگە بويسۇنمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى قولغا ئېلىپ،
خۇدايارخانغا تاپشۇرۇپ بەردى. بۇ چاغدا خۇدايارخان
بالاغەتكە يەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۇزاقتىن غوم ساقلاپ
يۈرگەن ئىدى. مۇسۇلمانقۇل خۇدايارخاننى تەختكە يۆلەپ
چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە خۇدا-

---

قويۇپتىمەن، مەن ياقۇپبەگنىڭ ھەمسۆھبەتلىرى يەتكۈزگەن خاتا
ماتېرىياللارغا ئاساسەن، ئۇ ئاقمېچىتتە ھاكىم بولۇپ تۇرغان
مەزگىلدە، رۇسلارنىڭ ھۇجۇمىغا پەقەت ئازغىنا كۈچى بىلەنلا
قارشى تۇرۇپ، ئۇ يەرنى قوغدىغان، دەپ يازغان ئىدىم. بۇ
پۈتۈنلەي خاتا ئىكەن. ئەينى زاماندا ئاقمېچىتنى مۇھاسىرىگە
ئېلىشقا قاتناشقان ھەربى ئىستاتىستىكا ئىلمىي بويىچە پروفېسسور،
گېنېرال ماكشېيېۋ دىگەن كىشى ئورىنبۇرگ رايونىدا ھەربى
مەجبۇرىيەت ئۆتىگەن چېغىدا يىققان نۇرغۇن توغرا ماتېرىياللارنى
ماڭا ئەۋەتىپ بېرىپ، خاتالىقىمنى تۈزەتكەن ئىدى. بۇ خاتىرىلەر
ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بولغاچقا، ئۇنى مۇشۇ باپنىڭ ئاخىرىغا
تەپسىلى كىرگۈزدۈم. — ئاپتوردىن.

يارخان قىلچىمۇ يۈز خاتىرە قىلماستىن مۇسۇلمانقۇلنى ئۆلۈمگە ھوكۇم قىلدى. ئۇلار مۇسۇلمانقۇلنى بىر تېرەككە باغلاپ، ئۇنىڭدىن سەل نېرىدراق يەرگە بىر چوڭ زەمبىرەكنى تىكلىدى، ئاندىن زەمبىرەكنى پاختىۋەن قىلىپ ئېتىۋىدى، مۇسۇلمانقۇل ئىس - تۈتەكتە تۇنجۇقۇپ ئۆلدى①.

مۇسۇلمانقۇل سىياسى سەھنىدىن غايىپ بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇنىڭ ئورنىنى تېخىمۇ تېتىك، جۇشقۇن بىر تەخ-سىكەش—ئالىمقۇل② دىگەن قىپچاق ئىگەللىدى.

ئالىمقۇل خۇدايارخاننى تەختتىن ھەيدەپ چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىدا مەلىخانىنىڭ ئوغلى سەئىد بەگنى تەختكە چىقاردى. بۇ ۋەقە 1862 - يىلى (؟) يۈز بەردى. بۇ چاغدا ئالىمقۇل ئۈچۈن ئېيتقاندا، قوقاندىكى ئۇنىڭغا قارشى ھەممە ئوكتىچىلەردىنمۇ خەۋپلىكرەك بىر دۈشمەن — رۇسلار پەيدا بولدى. رۇسلار بۇ چاغدا چىمكەنت شەھىرىنىڭ قېشىغا كېلىپ قالغان ئىدى. ئالىمقۇل رۇسلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن تاشكەنتكە قاراپ يولغا چىقتى. بۇ چاغدا، ئالىمقۇل-غا قارشى تۇرىدىغانلار تاشكەنتتە كوپ سانلىقنى تەشكىل قى-لاتتى. ياقۇپبەگ مۇشۇ گۇرۇھ ئىچىدە مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى. ياقۇپبەگ چىمكەنت شەھىرىگە يېتىپ كېلىپ، رۇسلارغا قار-شى باتۇرلارچە كۇرەش قىلدى ۋە زور ئابرويغا ئېرىشتى. جۇشقۇن، كىشىلەر بىلەن چىقىشقاق ۋە ئاسانلىقچە تەڭ

① ئۇنىڭ بەدىنى زەمبىرەك ئوقىنىڭ زەربىسىدىن پارچە - پارچە بولۇپ كەتكەنلىگىنى ئېيتىپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز. — ئىنگلىزچە تەرجىماندىن.

② ئاگلىشىمچە، مۇسۇلمانقۇل سارت قىپچاق ئىكەن، ئالىم-قۇل بولسا قىرغىز قىپچاق ئىكەن. — ئاپتوردىن.

كەكملى بولمايدىغان بۇ رەقىپ ئالىمقۇلنى قاتتىق دەككە-دۈككىگە سېلىپ قويدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالىمقۇل ئاسىيالىقلار ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىدىغان ئۇسۇل بىلەن يەنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش چارىسى بىلەن ئۇنى كوزدىن يوقىتىش قارارىغا كېلىپ بولغان ئىدى. دەل شۇ چاغدا كۈتۈلمىگەن بىر ئەھۋال ياقۇپبەگنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئۆز قابىلىيىتى ۋە ئەقىل-پاراسىتىنى ئەمەلدە كۆرسىتىشىگە تېخىمۇ كەڭ شارائىت يارىتىپ بەردى. قەشقەرىيەدىكى سىددىقبەگنىڭ قېشىدىن بۈزرۈكخان تورىنى قەشقەرگە تەكلىپ قىلىپ تاشكەنتكە ۋەكىل كەلدى. ئالىمقۇل بۇ تەلەپنى شۇ ھامان بىجا كەلتۈرۈپ، ياقۇپبەگنى بۈزرۈكخانغا قوشۇپ يولغا سېلىپ قويدى. 1864-يىلى بۈزرۈكخان تورە ياقۇپبەگ ۋە ئالىمقۇلنىڭ تۇققىنى ئالدىراج دادخالار① بىلەن، شۇنىڭدەك 50 ئاتلىق ئەسكەر ھەم بىر قىسىم ھەمرالىرى بىلەن قەشقەر شەھىرىگە يېتىپ كەلدى②.

①قەشقەر شەھىرىنىڭ ھاكىمى تا ھازىرغىچە دادخا دەپ ئاتىلىدىكەن. — ئاپتوردىن.

② باشقا مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ياقۇپبەگ بىلەن پەرغانىدىن 4، 5 يۈز ئاتلىق ئەسكەر بىللە كەلگەن ئىكەن. ياقۇپبەگ قەشقەردە يېڭى ئەسكەر قوبۇل قىلىپ ئۆز قوشۇنىنى 3، 4 مىڭ كىشىگە يەتكۈزگەندىن كېيىن، قەشقەر شەھىرىگە 15 چاقىرىم كېلىدىغان يېڭى شەھەر قورغىنىغا ھۇجۇم قىلغان. بۇ قوشۇنغا بىر قانچە مىڭ خەنزۇ ۋە تۇڭگانلار قارشى چىققان. ياقۇپبەگنىڭ قوشۇنى يېڭى شەھەرگە 2 چاقىرىم كېلىدىغان قىزىل دەرياسىدىن باشلىنىدىغان بىر ئۆستەڭنىڭ ئىككى قېشىدا تۇرۇپ ئۇرۇش قىلغان. ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ پىيادە قىسىملىرىنى ئوتتۇردا قويۇپ،

بۇزرۇكخان تورە ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرى شەھەر ئاھالىسىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. سىدىقبەگ ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى بۇزرۇكخان تورىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى ۋە ئۆزىنىڭ مۇھىم ئورنىغا ئىگە بولۇشىنى ئۈمىت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. لېكىن سىدىق-بەگ ياقۇپبەگنىڭ ئۆزىنىڭ بۇ غەرىزىگە قارشى تۇرىدىغانلىق-ىنى سەزدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككەيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا يوشۇرۇن كۈرەش باشلىنىپ كەتتى. بۇ كۈرەش پەقەت بىر تەرەپنىڭ ھالاك بولۇشى بىلەنلا ئاياقلاشاتتى. ياقۇپبەگ ئالدى بىلەن بىر ئامال قىلىپ بۇزرۇكخان ۋە سىدىقبەگ ئوتتۇرىسىدا تالاش-تارتىش پەيدا قىلدى، ئاندىن سىدىق-بەگنى قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، غە-لىبە قىلغۇچى تەرەپتىن بىر كىشى باتۇر بېشى (باش قوماندان) لىققا، ئەنجانلىق مىربابا دېگەن كىشى ياساۋۇل بېشى (مۇئاۋىن قوماندان) لىققا تەيىنلەندى. بۇ يېڭى باش قوماندان دەس-لەپكى ئالتە ئاي ئىچىدىلا قەشقەر شەھىرىدە ئەسكەر قوبۇل قىلىپ قوشۇن تەشكىللىدى. 400 ئەنجانلىق بۇ قو-شۇننىڭ يادروسى ئىدى. بۇ ئادەملەر ئۆزلىرى بىلەن يەنە بىر مۇنچە ئادەملەرنىمۇ بىللە ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ياقۇپ-بەگ ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىرىنى ناھايىتى ئوبدان باقتى ھەمدە ئەسكەر باشلىقلىرىغا چوڭ ئىنئاملارنى بەردى. ئۇلار-نىڭ قولىغا قەشقەر ئەتراپىدىن ئەسكەرلىككە كىرگەنلەرنى بەردى. بىرىنچى يىلى، ياقۇپبەگ يەرلىك ئاھالىدىن بىر نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەش-

[1] ئاتلىق قىسىملىرىنى يان تەرەپتىن خەنزۇلارغا سالغان. نەتىجىدە خەنزۇلار تىرى-پىرەڭ بولۇپ قاچقان. — ئاپتوردىن.

كىللەپ چىقتى ۋە خەنزۇلار بىكىنىۋېلىپ جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كورسىتىۋاتقان قورغانلارغا كەينى - كەينىدىن ھۇ-جۇم قىلىپ تۇردى. بۇ — ياقۇپبەگ ئۇچۇن يېڭى ئەسكەر-لەرنى تەربىيىلەيدىغان ياخشى بىر ھەربى مەكتەپ بولدى.

قەشقەرلىكلەر بۇزۇرۇكخان تورىنىڭ خانلىق سەلتەنە-تىنى، ئۇنىڭ نەسەبىي خوجا ئىكەنلىكىنى ۋە پۈتۈن قەشقەرد-يەگە ھوكۇمران بولۇش سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلدى. بۇ ئەھ-ۋال راشىدىن خوجىنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى. بۇ چاغدا راشىدىن خوجا ئاقسۇنىڭ شەرقىدىكى ئۆلكىنىڭ ھوكۇم-رانى، ئابدۇراخمان بولسا يەركەننىڭ ھوكۇمرانى ئىدى. ئاقسۇ، كۇچا، يەركەن ۋە خوتەننىڭ ئاھالىسى ئاپ-پاق خوجىنىڭ پۈشتى بولغان جاھانگىر خوجا، كاتتا تورە ھەم ۋەلىخان تورىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە يەتكۈزگەن رىيازەتلىرىنى تېخى ھىلىغىچە ئەسلىرىدە چىڭ ساقلاپ كېلىۋاتاتتى.

ئۇلارنىڭ بۇزرۇكخان خوجىنى قوللاش يۈزىسىدىن بىرەر يېڭى ھەركەت قىلىشنى ئۈمىت قىلىش ناھايىتى قىيىن ئىدى. ئاقسۇلۇقلار بىلەن يەركەنلىكلەر بۇزرۇكخان تورىنى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن، بىرلا ۋاقىتتا دىگۈدەك قەشقەر-غە ھەربى قىسىم ئەۋەتتى. بۇزرۇكخان تورە قىيىن ھالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى، ئۇ پەقەت ياقۇپبەگنىڭ زورى بىلەنلا پۈت تىرەپ قالالىدى. ياقۇپبەگ شەھەر ئىچىدە خىل قو-راللانغان سەرۋازلارنى قالدۇرۇپ قويۇپلا، ئاقسۇدىن كەل-گەن قوشۇنغا زەربە بېرىش ئۈچۈن قالغان قوشۇننى باشلاپ ئالدىنقى سەپكە يېتىپ كەلدى. ئۇ خانئېرىقتا ئاقسۇلۇقلار-نىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنى تاكى يېڭىئاۋاتقىچە سۈرۈپ - توقاي قىلىپ قەشقەرغە قايتىپ كەل-دى. ئۇ يەنە قەشقەردىن بىرقانچە بىكەت يىراقلىقتىكى

ئۇڭگانلارغا ۋە يەركەنلىكلەرگە زەربە بېرىش ئۈچۈن، قەش-
قەرغە 9 تاش كېلىدىغان تازغۇن دېگەن يەردە ئۇلار بىلەن
جەڭ قىلدى. مۇشۇ جەڭنى ئۆز كۆزى بىلەن كورگەنلەرنىڭ
ئېيتىشىچە، قارشى تەرەپتىكىلەرنىڭ ئەسكىرى بىر قانچە مىڭغا
يېتىدىكەن. تۇڭگانلار دەسلەپتە ياقۇپبەگنىڭ قوشۇنىغا ناھا-
يىتى يېقىن كېلىپ ئوت ئاچقانلىقتىن، ياقۇپبەگنى زور تا-
لاپەتكە ئۇچراتقان. ياقۇپبەگ دەرھال بىر نەچچە سوتنە
(تەخمىنەن بىر روتىغا باراۋەر — ت) ئاتلىق ئەسكەرنى
دۈشمەننىڭ يان تەرىپىگە ئەۋەتكەن. ياقۇپبەگنىڭ تاكتىكى-
سى دۈشمەننى خېلى ھولۇقتۇرغان. دەل شۇ پەيتتە ياقۇپ-
بەگ قىسمىغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتۈش ھەققىدە بۇيرۇق
چۈشۈرۈپ، جەڭدە غەلىبە قازانغان.

باشقىلارنىڭ ئېيتىشىچە، ياقۇپبەگ شۇ قېتىملىق جەڭ-
دە 3 يېرىدىن يارىلانغان بولسىمۇ، جەڭچىلەرنىڭ كەيپىيا-
تىغا تەسىر يېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆزىنىڭ يارىلانغانلىقىنى
ئۇرۇش توختىغانغا قەدەر ئاشكارە قىلمىغان. ئۇ دۈشمەننى
يېڭىسارغىچە قوغلاپ بېرىپ، بۇ يەرنى 40 كۈنگىچە قورشى-
ۋالغان. ئاخىر شىددەتلىك ھۇجۇم بىلەن يېڭىسارنى ئىش-
غال قىلغان. بۇ قېتىمقى مۇھاسىرىدە ۋە جەڭدە ئاھالىنىڭ
كوپچىلىگى ھەم قىسمەن يەرلىك ھەربى قىسىم ھالاك
بولغان. تەخمىنەن 200 دەك ئەسكەر، خوتۇن - قىز ۋە
ئۇششاق باللار ئىمان ئېيتىپ، ھاياتىنى ساقلاپ قالغان.
ياقۇپبەگ يېڭىسارنى ئالغاندىن كېيىن، شۇ چاغدا رۇسلار
بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقان ئالىمقۇلنىڭ قېشىغا ۋەكىل ئەۋەتكەن،
ياقۇپبەگنىڭ سوغىسى ئىچىدە 9 نەپەر خەنزۇ قىزىمۇ بار
ئىكەن. ئەمما ۋەكىللەر ئالىمقۇلنى كورۇشكە ئۇلگۇرەلمىدى.

ئۇلارقوقاندا يېتىپ بېرىشتىن ئىلگىرى، ئالىمقۇلنىڭ 1865-
يىلى 5 - ئاينىڭ 9-كۈنى (21 - كۈنى) تاشكەنتتىكى رۇس-
لار بىلەن بولغان بىر قېتىملىق جەڭدە ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە-
دە خەۋەر يېتىپ كەلدى. ئالىمقۇلنىڭ ئۆلۈمى قوقاندا يېڭى
ئىختىلاپ پەيدا قىلدى. بۇ ئىختىلاپلار ياقۇپبەگنىڭ ئۆز
ئورنىنى مۇستەھكەملىشىگە ۋاستىلىق رول ئوينىدى.

يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئالىمقۇل تەرىپىدىن
قوقان تەختىگە يولەپ چىقىرىلغان سەئىدخان رۇسلارنىڭ
تاشكەنتكە يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، تاشكەنتنى مۇ-
داپىئە قىلىشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، بىر قوشۇننى باشلاپ
يولغا چىققان ئىدى. لېكىن ئالىمقۇل قوشۇنىنىڭ مەغلۇپ
بولغانلىقى، ئالىمقۇلنىڭمۇ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن
كېيىن، جىزاق شەھىرىگە قېچىپ كەتتى. ئۇنىڭ قوشۇند-
نىڭ بىر قىسمى قوقانغا قايتىپ بېرىپ، بازاردا بەلۋاغ ۋە رو-
مال ساتىدىغان خۇدايىقۇل دېگەن كىشىكەن بىر يىگىت-
نى خانلىق تەختىگە يولەپ چىقاردى. خەلق بۇ خاننى
"بېلباقچىخان" (بەلۋاقچىخان) دەپ ئاتايتتى. لېكىن بۇ يېڭى
خان ئۇزاق ھوكۇم سۈرەلمىدى. ئالىمقۇل تەرىپىدىن بۇ-
خارا تەۋەسىگە قوغلانغان خۇدايارخان دەل شۇ چاغدا
سەئىدخان تاشكەنتكە يۈرۈش قىلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ،
بۇ دولەتنىڭ بىر قىسىم قوشۇنى بىلەن بىر تۈركۈم تۆرۈك-
مەنلەرنى باشلاپ قوقانغا باستۇرۇپ كەلدى. بېلباقچىخان
خۇدايارخان كېلەر-كەلمەي تۇرۇپلا، 1865 - يىلى 9 -
ئايدا 7000 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر، 30 زەمبىرەكنى ۋە كى-
چىك زەمبىرەكلەر بىلەن قوراللانغان 400 دەك پىيادە
ئەسكەرنى باشلاپ ئالدى بىلەن ئوشقا قېچىپ بېرىۋالدى.

ئاندىن تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىپ ئوتتۇپ غۇلجىغا كىردى. يەنە بۇ يەردىن قىزىل قورغان ئارقىلىق سوپى قورغانغا يېتىپ كەلـ دى. يول مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئىككىگە ئايرىلاتتى: بىر يول تېرەك داۋان ئارقىلىق قەشقەرگە تۇتىشاتتى؛ يەنە بىر يول بولسا سارت داۋىنى ئارقىلىق ئالايغا تۇتىشاتتى. ئۇلارنىڭ تاغ ئىچىدىن ئوتىدىغان يولنى تاللىغانلىقى ئادەمنى ئەجەپلەنـ دۈردى. چۈنكى بۇ قوشۇن ئېغىر قوراللار بىلەن قوراللانغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ پەقەت تۈزلەڭلىكتىكى يولنى بويلاپ مېڭىـ شىغا توغرا كېلەتتى. ئەمما بۇ يولدا ھارۋا ھەرگىزمۇ ما ـ ڭالمايتتى. قوشۇن توپ ـ زەمبىرەكلەرنى ئېلىپ ئۆتۈش ئۈچۈن لەڭـ گەرگىچە تەخمىنەن 60 چاقىرىم ئىلگىرىلىدى، بۇنىڭغا بىر كۈن كەتتى. ئۇلار بۇ يەردە خۇدايارخاننىڭ ئاتلىق چارلىغۇ ـ چىلىرىنىڭ بىر قېتىملىق ھۇجۇمىنى چېكىندۈردى. ئىككىنچى كۈنى بۇ قوشۇندىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر لەڭگەردىن چىقىپ ئۇدۇل غۇلجىغا① بارىدىغان يول بويلاپ تەخمىنەن 66 چاقىرىم يول يۈردى. زەمبىرەكلەر بىلەن مۇھاپىزەتچى قىسىملار بولسا تېخىمۇ يىراق بىر يول بىلەن ئايلىنىپ مېڭىپ چىغىرچاق داۋىنىغا يېتىپ كەلدى ۋە مۇشۇ يەردە قونالغۇ قىلىپ، ئەتىسى غۇلجىغا يېتىپ كەلدى، ئۇلار ئىككى كۈن ئىچىدە ئاران 60 چاقىرىمچە يول ماڭدى. قوشۇن غۇلجىدا 10 كۈن تۇرغاندىن كېيىن، سوپى قورغانغا قاراپ ئىلگىرىـ لىدى. سوپى قورغان بىلەن غۇلجىنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 45 چاقىرىم كېلەتتى. ئاتلىق ئەسكەرلەر بۇ يەرگە شۇ كۈنىلا يېـ تىپ كەلدى. توپچى ئەسكەرلەر 3 ـ كۈنى ئاران يېتىپ

① رۇسلارمۇ بۇ يەردە غۇلجا قورغىنىنى ياسىغان. — ئاپـ توردىن.

كېلەلىدى. ھەربىر زەمبىرەكنى 8 ئاتقا سورەتتى، ھەربىر زەمبىرەك قېشىدا 30 ئەسكەر بىللە ماڭدى. قاپچىغاي يوللارغا كېلىپ قالغاندا زەمبىرەكنى چۇۋۇپ سورەپ ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلەتتى. بەل يول دىگەن يەرنىڭ قېشىغا كەلگەندە، كوۋرۈك سۇنۇپ كېتىپ، ئىككى زەمبىرەك يارغا چۈشۈپ كەتتى. نەتىجىدە ئاران 28 زەمبىرەك سوپى قورغانغا ئېلىپ كېلىندى.

ئارىدىن 20 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، خۇدايارخان 300 دەك تۈرۈكمەن ۋە بىر قىسىم رەتسىز، قالايمىقان قوشۇننى باشلاپ، بېلىباقچىخاننى قوغلاش مەقسىدىدە ئۇشتىن يولغا چىققان ئىدى. خۇدا يارخاننىڭ قوشۇنى 1 - كۈنى تەخمىنەن 81 چاقىرىم يول بىسىپ تامچىق ئېغىزىغا يېتىپ كەلدى. خۇدايارخان ئۆزىنىڭ بار - يوق 4 زەمبىرىگىنى مۇشۇ يەردە قالدۇرۇپ يۈكىنى يەڭگىللەتكەندىن كېيىن، 2 - كۈنى غۇلجىغا، 3 - كۈنى سوپى قورغانغا يېتىپ كەلدى، ھەربىر ئەسكەرىگە يولدا يىيىش ئۈچۈن پەقەت توتتىنلا نان بەرگەن ئىدى.

بېلىباقچىخاننىڭ قوشۇنى قىرغىز، قىپچاق، سارتلاردىن تەشكىللەنگەن ئىدى. پىيادە ئەسكەرلەر بىلەن توپچىلارنىڭ ھەممىسى سارت ئىدى. لېكىن ئۇلاردا ئۆزلىرىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان خۇدايارخان قوشۇنى بىلەن ئېلىشىش روھى كەم ئىدى. ئەمىلىيەتتە بولسا، خۇدايارخاننىڭ قوشۇنىمۇ خۇددى مۇشۇلاردەكلا رەتسىز، چېچىلاڭغۇ بىر توپ ئادەملەر ئىدى. خۇدايارخاننىڭ تۈركمەنلەردىن تەشكىل قىلىنغان ئاتلىق تورشاۋۇللىرى سوپى قورغان ئەتراپىدا كورۈنگەن ھامان، بېلىباقچىخاننىڭ قوشۇنىدا پارچىلىنىش يۈز بەردى. قىپچاقلار تېرەك داۋانىغا قاراپ

قاچتى. قىرغىزلار بولسا بىلباقچىخاننى بىللە ئېلىپ، سارت ئېغىزى ئارقىلىق ئالايغا قاچتى. سارتلار ئۆز ھەمرالىرىنىڭ قېچىشىۋاتقانلىقىنى كورۇپ توختاپ قالدى ۋە قاچقۇنلارغا قارىتىپ بىردەم زەمبىرەك ئاتتى - دە، ئاخىر خۇدايارخان تەرەپكە قوشۇلۇپ كەتتى.

خۇدايارخاننىڭ قوشۇنى قاچقۇنلارنى ئانچە ئۇزاق قوغلىمىدى. ئۇلاردىن 80 ئادەمنى ئەسىرگە ئېلىپ قايتىپ كېتىشتى.

قىپچاقلار بىلەن بىللە قەشقەرگە كەلگەنلەر ئىچىدە، بۇزرۇكخان تورىنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى، خوجىلارنىڭ يېغىلىغى مەزگىلىدە قەشقەرنىڭ ھوكۇمرانى بولغان كاتتا تورە، ئالىمقۇل ئولگەندىن كېيىن تاشكەنت قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلغان يېك مۇھەممەت ۋە تاشكەنتنىڭ بۇرۇنقى ھاكىمى مىرزا ئەخمەت قوشبېگى① قاتارلىق كىشىلەرمۇ بار ئىدى.

قىپچاقلارنىڭ ھەممىسى بۇزرۇكخان خوجىنىڭ قوشۇنىغا كىرگەچكە، ياقۇپبەگنىڭ ئارمىيىسى زور دەرىجىدە كېڭەيدى. بۇنىڭ يېڭى شەھەرنى قورشاش ئۇرۇشىغا زور ياردىمى تەگدى. 1865 - يىلى كۈزدە، جۇڭگو قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى خې بۇيۇن (قۇدالاي) بىلەن، قەلئەنىڭ تەسلىم بولۇش مەسىلىسى ئۈستىدە سوھبەت ئۆتكۈزۈلدى. ياقۇپبەگ، خەنزۇلار ئىمان ئېيتسىلا ھاياتىغا كېپىللىك قىلىمەن، دەپ ۋەدە بەردى. خې بۇيۇن ياقۇپبەگنىڭ شەرتىگە قوشۇلدى ۋە بۇ مۇددىئانى ئۆزى بىلەن بىللە قەلئە ئىچىدە بېكىنىپ

---

① بۇزات ھازىرمۇ قەشقەردە تۇرۇۋاتىدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا تەسىرى بۇرۇنقىدەك چوڭ ئەمەس. — ئاپتوردىن.

تۇرۇۋاتقان قەشقەر ھوكۇمرانى ــ ئىش بېجىرگۈچى ئامبالغا يەتكۈزدى ۋە ئۇنىڭمۇ شۇنداق قىلىشىنى تەۋسىيە قىلدى. ئەمما ئىش بېجىرگۈچى ئامبال ئۆز زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەتنى ۋە دىنىي ئېتىقادىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشىنى رەت قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئۆز مۇخلىسلىرى بىلەن بىللە ئۆزىنى پارتلىتىپ ئۆلتۈرۈۋالدى. ئۇ ئۆزىنى باتۇرلارچە قۇربان قىلىش ئارقىلىق، پۈتۈن قوزغىلاڭ جەريانىدا ئۆزىنىڭ قورقۇنچاقلىق ۋە لىگتاسىملىق قىلغانلىق گۇناھىنى يۇدى. ياقۇپبەگ شىددەتلىك پارتلاش ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا ئۆز قوشۇنلىرىنىڭ قەلئەگە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىشىغا بۇيرۇق بەردى. قەلئە ئىچىگە بېكىنىۋالغان خەنزۇ قىسمىدىن بىر بولىگى يوقىتىلدى. يەنە 300 دەك خەنزۇ ئەسكەر ۋە ئاياللار، ئۇششاق باللار ئىمان ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى. يېڭى شەھەردە 7 كۈنگىچە بۇلاڭ - تالاڭ ئۇكسۇمىدى.

ياقۇپبەگ بۇ قېتىمقى غەلىبىسىدىن كېيىن، قەشقەر ئاھالىسىغا بەرگەن داغدۇغىلىق بىر قانچە توي - زىياپەت سورۇنلىرىدا پەقەت بىرەر دولەتنىڭ ھوكۇمرانىغىلا خاس بولغان شان - شوھرەتكە ئېرىشكەنلىكتىن، بۇزرۇكخان خوجىنىڭ نامى ئانچە كوپ قوللىنىلمايدىغان بولدى①. بۇزرۇكخان ئاجىز ۋە ئىقتىدارسىز بولغاچقا، ئەيش - ئىشرەت،

---

① مۇشۇ قۇتلۇق كۈنلەردە ياقۇپبەگ خې بويۇنىنىڭ قىزىغا ئويلەندى ۋە خې بويۇننى يېڭىدىن ئىمان ئېيتقان خەنزۇلارغا باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇنىڭ قولىغا ئۆزىگە قارشى ئادەملەرنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان چوڭ ھوقۇقنى تۇتقۇزدى. ــ ئاپتوردىن.

ھاۋايى ھەۋەسكە مەس - مۇستەغرەق بولۇپ كەتتى. گەر-
چە ھۇمايۇن قۇشى ئۇنىڭ بېشىدا ئەگىپ يۈرۈۋاتقان، ئۇنىڭ
مۇخلىسلىرى ئۇنىڭغا يەنىلا ئىخلاسمەنلىك قىلىۋاتقان بولا-
سىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ياقۇپبەگ بىلەن قارشىلاشقىدەك ماجا-
لى قالمىغان ئىدى. شۇڭا بۇزرۇكخان دەسلەپتىلا چوڭ
ھوقۇقنى ياقۇپبەككە تاپشۇرۇپ بەردى. لېكىن تەسىركۈچىنگە
ئىگە بىر قىسىم قىپچاقلار ياقۇپبەككە ھەسەت قىلاتتى،
ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ ئۆسۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا نارازى ئىدى.
بىرەر پۇرسەت بولسىلا، ياقۇپبەگنىڭ قولىدىن ھوقۇق تار-
تىۋېلىشنى ئويلايتتى. ئاخىر بۇنداق پۇرسەتمۇ كېلىپ قال-
دى. ياقۇپبەگ يېڭىسارنى ئالغاندىن كېيىن، يەركەنگە يۈ-
رۈش قىلدى. بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى، ئۇنىڭ بىر تار-
ماق قوشۇنى قەشقەر بىلەن ئاقسۇنىڭ ئارىلىقىدىكى مارال-
ۋېشى قورغىنىنى بېسىۋالغان ئىدى. ياقۇپبەگ يەركەننىڭ
ئەتراپىدىكى يېزا - كەنتلەرنىمۇ بېسىۋالغاندىن كېيىن، يەر-
كەن مۇداپىئەچىلىرىگە ئەجەللىك زەربە بېرىشكە تەييارلاندى.
دەل مۇشۇ چاغدا، ئىچكى قىسىمدا قىپچاقلار ئىسيان كۆ-
تەردى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ياقۇپبەككە تەڭ كېلەلمەيدىغان-
لىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، بۇزرۇكخاننى بۇلاپ قېچىپ
قەشقەر شەھىرىگە كەلدى ۋە ياقۇپبەگنىڭ ئاغدۇرۇلغانلىقىنى
جاكالىدى. بۇ چاغدا ياقۇپبەگ ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا
قالغان بولۇپ، پەقەت جېنىنىڭ بىرىچە تىرىشچانلىق كۆر-
سەتكەندىلا ۋەزىيەتنى ئوڭشىيالايتتى. شۇڭا ئۇ بىر مىنۇتنىمۇ
قولدىن بەرمەي، دەرھال يەركەندىن قەشقەرگە قايتتى. ياقۇپ-
بەگنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان قىپچاقلار بۇزرۇكخان-
نى ئېلىپ، يېڭى شەھەر قەلئەسىگە بېكىنىۋېلىشتى. ياقۇپبەگ
يېڭى شەھەرنى قورشاۋغا ئېلىش ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغان-

دىن كېيىن، ئىسيانچى قىپچاقلار بىلەن سوھبەت ئۆتكۈزدى. قىپچاقلارنى ئىسيان كوتىرىشكە قۇتراتقان بىلەك مۇھەممەت ياقۇپبەگدىن قىپچاقلارغا ئۆزلىرى خالىغان تەرەپكە كېتىش ئەركىنلىكىنى بېرىش توغرىسىدا قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ياقۇپبەگ شۇنداق قىلىدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم بەردى. يۇقۇرقى كېلىشىم بويىچە، ئىسيانچىلار قەلئەنىڭ بىر قوۋۇغىدىن چىقىپ كەتتى. ياقۇپبەگنىڭ قوشۇنى يەنە بىر قوۋۇقتىن شەھەرگە كىردى. قىپچاقلار قاچقان چېغىدا بۇزرۇكخاننىمۇ بىللە ئېلىپ قاچقان ئىدى.

ياقۇپبەگ ئەگەر خوجىلار تۇغىنى كوتىرىپ چىقمىغاندا، قەشقەرىيەنىڭ باشقا شەھەرلىرى بىلەن بولىدىغان كۈرەشلەردە ئۆزىنىڭ ئاجىز كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ، بۇزرۇكخان تورىنىڭ ئورنىغا قىپچاقلار ئىسيانىغا قاتناشمىغان كاتتا تورىنى تەختكە چىقاردى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۆز ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماستىن قىپچاقلارنى تاكى قوقانغىچە قوغلاپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ بىر مۇنچىسىنى ئولتۇردى ۋە ئەسىرگە ئالدى. كاتتا تورىمۇ بۇزرۇكخانغا ئوخشاشلا ياقۇپبەگنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقالمىدى. ياقۇپبەگ ئۆز مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن، ھەرقانداق ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىشتىن يانمايتتى. ئۇ، ھەرقانداق مۇشكۇللۇكنى يېڭىشنى بىلەتتى. كاتتا تورە ھوقۇق تۇتۇپ 4 ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، زەھەر بېرىپ ئولتۇرۇلدى. ياقۇپبەگ مەرھۇم ئۈچۈن ئالاھىدە ھازا ئاچتى ۋە بىلىگىگە ئاق باغلاپ تاۋۇت ئالدىدا يىغلاپ ماڭدى. كاتتا تورىنىڭ جەسىدى ئاپپاق خوجىنىڭ يەرلىگىنىڭ يېنىغا قويۇلدى①. بۇ چاغدا ئۆز قىلمىشىغا

---

① كاتتا تورىنىڭ ئوغلى ھېكىمخان تورە كېيىنكى ۋاقىتلاردا تۇرپانغا ھاكىم بولغان ئىدى. — ئاپتوردىن.

تۈۋە قىلغان بۇزرۇكخان تورە قايتىپ كەلدى ھەمدە يەنە بىر قېتىم خان دەپ ئېلان قىلىندى①.

ياقۇپبەگ قىپچاقلار يېغىلىغىنى باستۇرغاندىن كېيىن، يەنە يەركەنگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. نىياز بەگ يەركەن قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى بۇرھانىدىن خوجىنى قولغا كەلتۈرۈۋالدى. نىياز بەگ بۇ چاغدا ئابدۇراخمان ھەزرەتكە ياردەمچى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئىدى. ئۇ ياقۇپبەگكە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا قارشى چىقتى. ئۇ: "ياقۇپبەگنىڭ قوشۇنلىرى يەركەننى خەنزۇلارنىڭ قولىدىن ئازات قىلىشقا كەلدى. بۇزرۇكخانغا قارشى ئۇرۇشقا بولمايدۇ" دەيتتى. شۇنداق قىلىپ، ياقۇپبەگ يەركەننى نىياز بەگنىڭ ياردىمى بىلەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا بېسىۋالدى. موللا يۇنۇس جاھانشا دادخا دىگەن تاشكەنتلىك ئادەم يەركەنگە ھاكىم بولدى. بۇ زات ئۆز يۇرتىدا سودىگەرلەرگە كاتىپ بولغان بولۇپ، خەتتاتلىق ۋە يېزىقچىلىقتا خېلى داڭ چىقارغان ئىدى. مەزكۇر يۇنۇس جاھانشانى بىلىدىغان ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭغا باھا بېرىشىچە، مەزمۇنسىز، چۈشىنىكسىز بىرەر ماقالا يۇنۇسنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالسا، ئۇنىڭ قولىدا

② مەن بىر تاسادىپى پۇرسەت بىلەن، قەشقەرلىقلەرنىڭ مۇشۇ ئۆزگىرىشلەردە ئوينىغان رولىنى بىلىۋالدىم. مەسىلەن، باشقىلارنىڭ ئېيتىشىچە، پۇقرالار كاتتا تورىنىڭ خان بولغانلىغىنى ئاڭلاپ بەك خوشال بولۇپتۇ. لېكىن مەن بۇنىڭغا ئىشەنمەدىم. چۈنكى پۇقرالارنىڭ خوشال بولغىدەك ئاساسى يوق ئىدى: خوجىلار "يېغىلىغى" دىگى ئىشلار ھىلىمۇ ئۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئېسىدە. شۇڭا كاتتا تورىنىڭ خەلق ئارىسىدا چوڭ ئابرويى قازانغانلىغىغا ئىشىنىش قىيىن، — ئاپتوردىن.

بولەكچىلا تۇس ئالىدىكەن. ئۇنى ئۇقۇغان ھەرقانداق ئادەم تەسىرلەنگەنلىكىدىن ئۆزىنى تۇختىتۇالالماي يىغلاپ كېتىدىكەن. يۇنۇس موللا ئىلگىرى ئالىمقۇل تەرىپىدىن دادخالىق دەرىجىسىگە ئۇستۇرۇلگەن. ئۇ تاكى يېقىنقى كۈنلەرگىچە يەركەننىڭ ھوكۇمرانى ئىكەن.

ياقۇپبەگ داۋاملىق تۇردە يەركەندىن خوتەنگە قاراپ ئىلگىرىلەپ، خوتەنگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئۇرۇش قىلىش نىيىتىدە ئەمەسلىكىنى، خوتەننىڭ ھوكۇمرانى ھەبىبۇللا خوجىنىڭ داۋاملىق ئۆز ۋەزىپىسىدە تۇرۇۋېرىشىنى ئۈمىت قىلىدىغانلىغىنى بىلدۇردى. ھەبىبۇللا خوجا ياقۇپبەگنىڭ گېپىگە چۈمپۈتۈپ، ئالاھىدە چوڭ داستىخان كوتىرىپ چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن كورۇشتى، ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ قارارگاھىدا ئۇنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالىدى. ياقۇپبەگ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ھەبىبۇللا خوجىغا ئۆزىنىڭ خوتەنگە ئۇرۇش قىلىش ئۇچۇن ئەمەس، بەلكى ھەزرىتى ئېلىنىڭ ئەۋلادى ئىمام جەئپەرسادىقنىڭ قەۋرىسىنى تاۋاپ قىلىش ئۇچۇن كەلگەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئېيتتى. ھەبىبۇللا خوجا ساددىلىق قىلىپ، ياقۇپبەگ ھوزۇرىدا قونۇپ قالغان ئىدى، شۇ كېچىسىلا ياقۇپبەگنىڭ بۇيرۇغى بىلەن ئۆلتۇرۇلدى. خوتەنلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ سۆيۈملۈك ھوكۇمرانىنىڭ قەتلى قىلىنغانلىغى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ياقۇپبەگنىڭ ۋاپاسىزلىق قىلغانلىغىدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، قاتىللارنىڭ ئۇستىگە باستۇرۇپ كېلىشتى. ھەتتا خوتۇن-قىزلارمۇ قولىغا چىققانلىكى نەرسىلەرنى كوتىرىپ چىقىپ ئەرلەر بىلەن بىر سەپتە ئۇلارغا قارشى كۈرەش قىلىشتى. ياقۇپبەگ خوتەنلىكلەرنى سۇرۇپ-توقاي قىلىپ، خوتەنگە باستۇ-

رۇپ كىردى ۋە پاچىەلىك جەڭ ئارقىلىق خوتەننى بېسىۋالدى.
ياقۇپبەگنىڭ يەركەننى ئېلىشىغا ياردەم بەرگەن نىياز ھېكىمبەگ خوتەنگە ھاكىم بولۇپ تەيىنلەندى. بۇ كىشى تا يېقىنقى يىللارغىچە بۇ يەرگە ھوكۇمرانلىق قىلىپ كەلدى.

شۇنداق قىلىپ، ياقۇپبەگ 1866 - يىلدىن 1867 - يىلغىچە ئارىلىقتا، قەشقەر، يېڭىسار، يەركەن ۋە خوتەن قاتارلىق شەھەرلەرنى بىرخاننىڭ قول ئاستىغا بىرلەشتۈردى.
بۇ ئىستىلا ئۇرۇشلىرىنىڭ ھەممىسى بۇزرۇكخان تورىنىڭ نامىدا ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇزرۇكخان ئاستا - ئاستا بىر چەتكە قايرىپ قويۇلدى. ياقۇپبەگ ئاخىر ئۇنى ھەج قىلىپ كېلىش ئۈچۈن مەككىگە يولغا سېلىپ قويدى.
بۇزرۇكخاننىڭ بارمايمەن دېيىشكە نىمە ئىلاجى بولسۇن؟ شۇڭا ئۇ كەشمىرگە باردى. ئاندىن كەشمىر ئارقىلىق پەرغانىگە كەتتى. ئۇ تاكى ھازىرغىچە قوقاننىڭ قاراۋۇل تۆپە دىگەن جايىدىكى قوشتۇگمەن كەنتىنىڭ خوشنىسى بولغان كونا ئېغىز كەنتىدە ياشاۋېتىپتۇ.
ھاكىمىيەت ئىشلىرىدىن قول ئۈزۈپ زاھىد بولۇۋالغان بۇزرۇكخان مۇسۇلمانلارنىڭ خەير - سەدىقىسىگە تايىنىپ ياشايدىغان بولۇپ، ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ ئىبادەت قىلىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. بۇزرۇكخان كەتكەندىن كېيىن، ياقۇپبەگ ئۆزىنى "بەدولەت" دەپ ئېلان قىلىپ، خانلىق تەختىدە ئولتۇردى.

بۇ ۋاقىتتا راشىدىن خوجا پۈتۈن قەشقەرىيە بويىچە ياقۇپبەگنىڭ بىردىن - بىر رەقىبى بولۇپ، ئاقسۇ، كۇچا ۋە قارا شەھەر خەلقى يەنىلا ئۇنى ئېتىراپ قىلاتتى. 1867 -

يىلى يازدا، ياقۇپبەگ خوتەندىن كېلىپلا كۇچادىكى راشىدىن خوجا ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى.

ياقۇپبەگ قەشقەردىن كۇچاغا بېرىشتا تېخى يېقىندىلا بېسىۋالغان مارالۋېشى، ئاقسۇلار ئارقىلىق ئۆتكەن ئىدى. ياقۇپبەگنىڭ ئاقسۇنى قانداق بېسىۋالغانلىقى توغرىسىدا ھەرخىل پاراڭلارنى ئاڭلىدۇق. بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، ياقۇپبەگ ئاقسۇلۇقلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىنى يەڭگەندىن كېيىن، ئۇ يەرنى بېسىۋالغانمىش. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ياقۇپبەگ ئاقسۇغا تەگمەيلا ئايلىنىپ ئۆتۈپ كۇچانى بېسىۋالغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاقسۇلۇقلار ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمەيلا ئۇنىڭغا بويسۇنغانمىش.

ياقۇپبەگ يەركەننى بېسىۋالغاندىن كېيىن، راشىدىن خوجا يەركەنگە ئادەم ئەۋەتىپ، ياقۇپبەككە قارشى تۇرمىغان تۇققىنى بۇرھانىدىننى كۇچاغا ئالدۇرۇپ نەزەربەنت قىلىپ قويغان. كېيىن راشىدىن خوجا ياقۇپبەگنىڭ كۇچاغا لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپلا بۇرھانىدىننى ئازات قىلغان ۋە ئۇنى ياقۇپبەككە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن كۇچا، باي، كورلا، قاراشەھەر ۋە شاياردىن چىققان ئەسكەرلىرىگە قوماندان قىلغان. بۇ ئادەملەرنىڭ سانى بىر نەچچە مىڭغا يەتكەن ئىكەن①. بۇرھانىدىن كۆرۈنۈشتە ياقۇپبەككە قارشى تۇرغان بولۇۋالغان، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ بارلىق ئەسكەرلىرى بىلەن ياقۇپبەككە تەسلىم بولغان. شۇنىڭدىن كېيىنلا ياقۇپبەگ كۇچا شەھىرىگە بېسىپ كىرگەن. بۇ يەردىمۇ ئۆزىنىڭ خوتەندە ئىشلەتكەن نەيرىڭىنى

① ئىشەنچلىك خەۋەرلەرگە قارىغاندا، بۇ ئادەملەرنىڭ سانى 80.000 ئىكەن. — ئاپتوردىن.

ئىشقا سالغان.

ياقۇپبەگنىڭ قوشۇنلىرى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، راشىدىن خوجا ئۇنىڭ ئالدىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ ۋەتەننى خەنزۇلارنىڭ ئاسارىتىدىن ئازات قىلىش يولىدا كۆرەش قىلىۋاتقانلىقىنى، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرى بىلەن سوقۇشۇش نىيىتى يوق ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. ياقۇپبەگ: مەن بۇ يەرگە جاناپلىرىنىڭ بۇزرۇكۋار بوۋىسى ھەزرەتخان موللىنىڭ قەۋرىسىنى زىيارەت قىلاي دەپ كەلدىم، بۇنىڭدىن باشقا نىيىتىم يوق، دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، راشىدىن خوجا شەھەر سىرتىغا چىقىپ، ياقۇپبەگنى داغدۇغا بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. راشىدىن خوجا بىلەن ياقۇپبەگ ئىككى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر يەردە ئاتتىن چۈشۈپ قۇچاقلىشىپ كورۇشىدۇ. ياقۇپبەگ راشىدىن خوجىنى ئۆز چېدىرىغا چايغا تەكلىپ قىلىپ ئاپىرىۋېلىپ، شۇ ئاخشىملا قەتلى قىلىدۇ. كۇچالىقلار راشىدىن خاننىڭ قەتلى قىلىنغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا ھېچقانداق قارشىلىق كورسەتمەي تەسلىم بولىدۇ. ياقۇپبەگ راشىدىن خوجىنىڭ ئىنىسى ئىسھاق خوجىنى كۇچاغا ھاكىم قىلىپ تەيىنلەيدۇ.

ياقۇپبەگ كۇچادىن كورلىغا قاراپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. ياقۇپبەگ كورلىنىمۇ ھېچقانداق قارشىلىقسىزلا ئىشغال قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، قەشقەرىيە پۇقرالىرى ① ئولتۇراقلاشقان يەرلەرنىڭ ھەممىسى بىرلىككە كەلتۈرۈلىدۇ.

---

① تۇڭگانلار، تۇرپان، توقسۇن، ئۈرۈمچى ۋە ماناس قاتارلىق شەھەرلەردە ئۇستۇنلۇكنى ئىگەللەيدىكەن. قالماقلار قاراشەھەردە ئۇستۇنلۇكنى ئىگەللەيدىكەن. — ئاپتوردىن.

بۇ چاغدا، ياقۇپبەگ چېگرا مەسىلىسى ئۈستىدە تۈگكانلار-نىڭ ئاقساقاللىرى بىلەن سوھبەت ئۆتكۈزۈشكە باشلىغان ئىدى.

ھەر ئىككى تەرەپ قاراشەھەرنىڭ شەرقىغە تەخمىنەن 110 چاقىرىم كېلىدىغان يەردىكى ئۈششاقتالنى ئۆزلىرىنىڭ چېگرا لىنىيىسى قىلىشقا قوشۇلدى.

ياقۇپبەگ كورلا، قاراشەھەر، بۈگۈرنىڭ يېزىلىرى ۋە بۈگۈر يېڭىسارنى بىر ئۆلكە قىلىپ ئايرىپ، كورلىنى بۇ ئۆلكىنىڭ مەركىزى قىلدى ۋە ئەنجانلىق مىر بابا دادخا-نى بۇ يەرگە ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلىدى.

بۇ چاغدا، ياقۇپبەگ قەشقەرىيەنى بويسۇندۇرۇش ئىشىنى ئورۇنلاندى، دەپ ھېساپلاپ، قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى. ئاقسۇغا كەلگەندە، ھېكىمخان تورىنى ① ئاقسۇ-نىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى. ئاندىن ئۆزىنىڭ ھوكۇمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن قەشقەرگە قايتىپ كەلدى②.

ئەمما بۇ قېتىم، تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ قەشقەردىكى ئوردىسىدا ئانچە ئۇزاق تۇرالمىدى. تۇرپان، ئۈرۈمچى ۋە ماناستىكى تۈگكانلار ئۆزلىرى قوشۇلغان ئورتاق چېگرىغا ھورمەت قىلىشنى خا-

---

① ھېكىمخان تورە — ياقۇپبەگ تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆل-تۈرۈلگەن كاتتا تورىنىڭ ئوغلى. — ئاپتوردىن.

② ياقۇپبەگ پولكوۋنىك رېيىنتالنى مۇشۇ چاغدا قوبۇل قىلغان بولسا كېرەك. چۈنكى سىمىرچىنسكىنىڭ گوپېرناتورى گېنېرال لېيتېنانت كولپاكوۋسكى رېيىنتالنى 1868-يىلى قەش-قەرگە ئەۋەتكەن ئىدى. — ئاپتوردىن.

لىمدى. ئۇلار توپلىشىپ كېلىپ، ئالدى بىلەن قاراشەھەرگە ۋە كورلىغا تېگىشىش قىلدى. ئارقىدىنلا كۇچاغا ھۇجۇم قىلدى. كورلا تالان ـ تاراج قىلىنىپ، قۇرۇقلاپ قويۇلدى.

ئاقسۇنىڭ ھاكىمى ھېكىمخان تورە تۇڭگانلارنىڭ ھەركىتىدىن خەۋەر تېپىپ، قەشقەردىكى ياقۇپبەككە دەرھال ئادەم ئەۋەتتى. ئۆزىمۇ تۇڭگانلارغا قارشى ئۇرۇش ئۈچۈن ئاقسۇ، كۇچا، باي، شايار قاتارلىق جايلاردىن ئادەم توپلاپ، كۇچادىن تەخمىنەن 18 چاقىرىم كېلىدىغان ئۇچقارا دېگەن يەردە تۇڭگانلار بىلەن بىر قېتىم جەڭ قىلدى. شايارلىق ـ لارنىڭ ئاسىيلىق قىلىشى ئارقىسىدا تۇڭگانلار غەلىبە قىلدى، بۇ جەڭدە ھېكىمخان تورىنىڭ قوشۇنىدىن بىرقانچە مىڭ ئەسكەر ئۆلتۈرۈلگەنىمىش. ئۇچقاردا بولغان جەڭدە شېھىت بولغانلارنىڭ قەۋرىسىنى ھېلىمۇ ئۇچرىتىش مۇمكىن.

تۇڭگانلار ھېكىمخان تورىنىڭ كەينىدىن بىر ھازا قوغلاپ زەربە بەرگەندىن كېيىن، كۇچاغا بېسىپ كىرىپ، شەھەرنى بۇلاپ ـ تالىغانىنىڭ ئۈستىگە، ئۆيلەرگە ئوت قويۇپ، شەھەرنىڭ بىر قىسمىنى كويدۇرۇۋېتىدۇ. خەنزۇلار ۋاقتىدا بۇ يەرگە ھاكىم بولغان ئاقمۇللا سەركار دېگەن كىشى مۇشۇ يېغىلىقتا تۇڭگانلارنى توساپ يۈرۈپ، نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىدۇ.

تۇڭگانلار كۇچادا ئانچە ئۇزۇن تۇرمايلا، بۇ يەرنى تاشلاپ كېتىپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىشىدۇ، يەنە بىر قىسمى شۇ يەردە تۇرۇپ قالىدۇ. ئۆلتۈرۈلمەي قالغانلىرى ياقۇپبەگنىڭ تەسىرىنى سىقىپ چىقىرىش ئۈچۈن، قەشقەردىيەنىڭ ئۆزلىرى بېسىۋالغان

شەھەرلىرىگە يەرلىكلەر ئىچىدىن ئۆزلىرىگە يارىغان ئادەم-لەرنى ھاكىملىققا تەيىنلەيدۇ. بۇ چاغدا مەغلۇپ بولغان ھېكىمخان تورە ئاقسۇغا چېكىنگەن، ياقۇپبەگمۇ بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن ئىدى. بۇ ئىككىيلەن تۇڭگانلار بىلەن ئېلىشىش ئۈچۈن، ئەسكەر توپلاپ جىددى تەييارلىق كو-رۇشكە باشلىدى. ياقۇپبەگ مىرزا ئەخمەت پەرمانچى ۋە ئۆزىنىڭ ئوغلى بەكقۇلىبەگنى تۇڭگانلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن كۇچاغا ئەۋەتىلىدىغان قوشۇننىڭ قوماندانى قىلدى.

ئۇنىڭ قوشۇنى باينىڭ يېنىدا تۇڭگانلارنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇل ئەترىدىنى ئۇچرىتىپ، ئۇلار بىلەن بىرئاز كالتا جەڭ قىلدى، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى تۇنجى قېتىملىق رەسمى جەڭ ئاقسۇدىن كۇچاغا بارىدىغان يول ئۇستىدىكى قوشتام كەنتىگە يېقىن يەردە باشلاندى. بۇ جەڭدە تۇڭگان-لار مەغلۇپ بولۇپ قاچتى. ياقۇپبەگنىڭ قوشۇنى كۇچانى يەنە بىر قېتىم بېسىۋالدى. ياقۇپبەگ ئاللا يار بەگنى كۇچانىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى.

تۇڭگانلار كورلىدىن چېكىنىدىغان چاغدا، بۇ يەرنى 2-قېتىم بۇلىدى. ئۇلار بىر قىسىم ياش چوكانلارنى ۋە بىر قىسىم چارۋا ماللارنى ئوزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتتى. ئاندىن قاراشەھەر ئەتراپىدا توختاپ، ياقۇپبەگنىڭ قوشۇنى-غا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن يېڭىدىن ئەسكەر ئېلىشقا كىرىش-تى. تۇڭگانلار بىلەن بولغان 2-قېتىملىق ئۇرۇش كورلا بىلەن قاراشەھەر ئوتتۇرىسىدىكى دەنزىل دىگەن يەردە باشلاندى. بۇ قېتىمقى جەڭدە تۇڭگانلار تامامەن مەغلۇپ بولدى. ياقۇپبەگمۇ 500 ئەسكىرىدىن ئايرىلىپ قالدى.

بەدولەت كورلىغا قايتىپ كەلگىنىدىن كېيىن تۆگىگانـ
لارنىڭ قايتا ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، تۆگىگانلار بىلەن
ئىلگىرى پۈتۈشكەن بۇرۇنقى چېگىرىغا ئەمەل قىلىنىشى
كەلمىدى. ئۇنىڭ ئەنسىرىشىمۇ ئاساسسىز ئەمەس ئىدى.
شۇڭا ئۇ تۇرپان ۋە ئۈرۈمچىنى بېسۋېلىش قارارىغا كېلىپ،
ھەدەپ يېڭى ھەربى تەييارلىق كۆرۈشكە كىرىشتى.

كورلا ئۆلكىسىدە، تۇرغات، خوشۇت دەپ ئاتىلىدىغان
بىر قانچە مىڭ قالماقلار بولۇپ، ئۇلار تۆگىگان يېغىلىقىدا
ئىسيانغا قاتناشقان. بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇلار يۇلتۇز ۋادىسى
ۋە باغراش كولى (خەرىتىدە، بوستان كولى دەپ خاتا
ئېلىنغان) ئەتراپىدىكى مۇنبەت يەرگە ئېرىشكەن ئىدى.
قالماقلار قاراشەھەرلىكلەرنى بۇلىغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ
دالىلىرىغا قايتىپ كېتىشتى. ئۇلار ياقۇپبەگنىڭ كورلىغا يېتىپ
كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، قاراشەھەرنى يەنە بىر قېتىم بۇلىغان،
ئاندىن تاققا قېچىپ كېتىشكەن ئىدى. ياقۇپبەگ كورلىنى
2 ـ قېتىم بېسۋالغاندىن كېيىن، قالماقلار ئۇنىڭغا بويسۇ ـ
نۇش قارارىغا كەلدى. ئۇلارنىڭ تۇرغات قەبىلىسىدىن
چىققان بىر ئايال ھوكۇمرانى ئۆزلىرىنىڭ بويسۇنغانلىق
نىشانىسىنى ئېلىپ "بەدولەت" نىڭ بارگاھىغا كەلدى.
ئۇ ياقۇپبەككە 1.000 تۆگە، 1.000 ئات، 500 قوي
ۋە 45 يامبۇ (ھەر بىرسى 108 سوم ياكى 36 فونت
ستېرلىنگ كېلىدۇ) سوغا قىلدى. بۇ ئايال خان يەنە
ئوقيا ۋە مىلتىقلار بىلەن قوراللانغان بىر نەچچە مىڭ
ئادىمىنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەن
ئىدى.

ياقۇپبەگ قالماقلارنىڭ ئايال خانىنى خوشاللىق

بىلەن كۆتۈۋالدى ھەمدە بۇ قالماقلارنى ئۆز پۇقرالىقىغا دەرھال قوبۇل قىلدى. ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ئارىلاش-مايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ياقۇپبەگ يەنە كورلىنىڭ ھاكىمى، پىسكەنتلىك مىر-زا خوجىغا بۇ يېڭى پۇقرالار بىلەن مۇئامىلە قىلىغاندا ناھايىتى ئېھتىياتچان بولۇشنى ئالاھىدە جېكىلىدى.

بىر قالماقلار ھەققىدە يەنە مۇنداق بىر ئەھۋالنىمۇ قوشۇمچە قىلىپ ئۆتۈشنى لازىم تاپتۇق. ياقۇپبەگ قەشقەر-گە قايتىپ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ھىلىقى ئايال خان كورلىنىڭ ھاكىمىغا قوپاللىق قىلدى. ئاندىن ئۇ تورغاۋت-لارنى باشلاپ كېلىپ كورلا شەھىرىنى تازا بۇلاڭ-تالاڭ قىلغاندىن كېيىن، تەكرى تېغىدىن ئۆتۈپ ئىلىغا قېچىپ كەتتى. ئۇلار شۇ يەردە كېيىن روسىيىلىكلەرنىڭ ھامىيلى-قىنى قوبۇل قىلدى. قاراشەھەردە پەقەت ئاز ساندىكى خوشۇت قالماقلىرىلا چارۋىچىلىق قىلىپ تۇرۇپ قالدى.

ياقۇپبەگنىڭ تۇرپان ۋە ئۇرۇمچىنى بېسىۋېلىشىغا ئائىت توپلىغان ماتېرىياللىرىم بىر بىرىگە تولىمۇ زىت. بۇ ۋەقەلەر تېخى يېقىندىلا يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزەم كورلىدا تۇرغان چاغدا ئىگەللىگەن ئەھۋاللارنىڭ تەپسىلاتى ئەينەن ئەمەس. مەيلى قەشقەرلىقلەردىن بولسۇن ياكى يەرلىك ئاھالىدىن بولسۇن، يۇقۇرقى ۋەقەلەرگە ئائىت ھەقىقىي تەپسىلاتلارنى ئىگەللەشكە مۇۋەپپەق بولالمىدىم. شۇڭا مەن بۇ يەردە ناھايىتى تەپسىلىي ئەمما بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل بايانىنى ئوتتۇرىغا قويىمەن. بىرىنچى خىلدىكىلەرنىڭ سۆزى بويىچە، ياقۇپبەگ كورلى-دىن چىقىپ ھېچقانداق ئۇرۇش قىلمايلا تۇرپاننى بېسى-

ۋالغان، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىققان قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىنقى قىسمى ئۈرۈمچىگە تەخمىنەن 30 چاقىرىم قالغاندا، ئۈرۈمچى قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇل قىسمىغا يولۇققان.

ياقۇپبەگ ئاتلىق قاراۋۇللىرىنى قايتۇرۇپ كېلىپ شۇ كېچىسىلا ئۆزىنىڭ ئاساسىي قوشۇنىغا يېقىن بىر يەرگە چېدىر - بارگاھ قۇرغان.

ئۈرۈمچى شەھرى چوڭ توپىلىككە جايلاشقان شەھەر بولۇپ، ئۈرۈمچىنىڭ ئاھالىسى بىر دەريادىن باشلانغان 3 ئۇستەڭنىڭ سۈيىنى ئىچىدىكەن. بەدۆلەتنىڭ قوشۇنلىرى مۇشۇ سايىنىڭ ئىچى بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىگەن ئىدى. ئۇ ئۆز قوشۇنلىرىنى 5 لەشكەرگە بولۇپ، ھەربىر لەشكەرگە بىردىن لەشكەر بېشى قويىدى. بىرىنچى لەشكەردە 11 روتا (سوتنە)، 1 باتالىيون قىزىل تۇنلۇق سەرۋاز ۋە 8 زەمبىرەك بار ئىدى. بۇلەشكەرگە جامەدار پەرمانچى قوماندانلىق قىلاتتى.

ئىككىنچى لەشكەردە 11، 12 سوتنە (روتا) بولۇپ، بۇنىڭغا نىياز ھېكىمبەگ يېتەكچىلىك قىلاتتى.

ئۈچىنچى لەشكەردە 10 سوتنە بولۇپ، بۇ لەشكەرگە ئابدۇللا قوماندانلىق قىلاتتى.

تۆتىنچى لەشكەردە 9 سوتنە بولۇپ، بۇ لەشكەرگە ئومەر قۇل دادخا قوماندانلىق قىلاتتى. ئومەر قۇل دادخا كېيىنكى چاغلاردا، ياقۇپبەگنىڭ ئوغلى بەگقۇلبەگ بىلەن بىرلىكتە ئۈرۈمچىگە 2 - قېتىم ھۇجۇم قىلدى.

بەشىنچى لەشكەرگە ياقۇپبەگ ئۆزى قوماندانلىق قىلاتتى. بۇ لەشكەردە 12 سوتنە بار ئىدى. ھەر بىر

سوتنىدە 200 دىن 250 گىچە ئەسكەر بولاتتى. ھەربىر سوتنىگە بىردىن پانسات قوماندانلىق قىلاتتى. ھەربىر سوتنە يەنە بىرقانچە دەستىگە ئايرىلاتتى. ھەربىر دەستىدە بىردىن يۈز بېشى بولاتتى.

بۇ 53، 54 تەك سوتنىدە جەمى 11.000 دىن 15.000 غىچە ئەسكەر بار ئىدى. ئۇنىڭ سىرتىدا، قوشۇن بىلەن بىللە يەنە بىر قانچە مىڭ نەۋكەرمۇ بۇ ھەربى يۈرۈشكە چىققان ئىدى.

بۇ لەشكەردىكى ئەسكەرلەر قارا قونداقلىقلارنى ۋە يىگىتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. قارا قونداقلىقلار دېيىلگىنى، بەردەڭگە مىلتىقلار بىلەن قوراللانغان ئاتلىق پىيادە ئەسكەرلەر ئىدى، يىگىتلەر دېيىلگىنى، مىلتىق - تاپانچىلار بىلەن قوراللانغان ئاتلىق ئەسكەرلەر ئىدى.

پەقەت جامەدار پەرمانچىنىڭ لەشكىرىدىلا 500 دىن 700 گىچە مۇنتىزىم پىيادە ئەسكەر بار بولۇپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدا يەنە 150 نەپەر ئاتلىق ئاۋغانمۇ بار ئىدى.

ياقۇپبەگنىڭ رەقىبى بولغان تۇڭگانلار 20.000 ئەسكەرنى قارشى سەپكە تىزىپ قويغان ئىدى. تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەنلا ھەر ئىككى تەرەپ بىر بىرىگە قارشى ئاتلىق قاراۋۇللىرىنى ئەۋەتىپ ئوت ئېچىشتى. دەسلەپتە تۇڭگانلار ئاتاكىغا ئۆتتى. ياقۇپبەگ ئۆز قوشۇنىنى قاتار - قاتار 3 سەپ قىلىپ تۇرغۇزۇپ، ئۇلارغا قايتۇرما زەربە بەردى. ياقۇپبەگ ئۆز قوشۇنىنىڭ ئوڭ ۋە سول قانىتىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن، سايدىكى ھەربىر ئېقىنغا بىر سەپتىن ئەسكەر ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى. ياقۇپبەگنىڭ لەشكەرلىرى ئىشلون شەكلىدە ئورۇنلاشتۇرۇل-

غان بولۇپ، ھەربىر لەشكەردىكى ئەسكەرنىڭ ئۆز ئالدىغا يېپىلىش لىنىيىسى بار ئىدى. ئىككى لەشكەردىكى ئەسكەر زاپاس كۈچ قىلىنغان ئىدى.

پىيادە ئەسكەرلەر يېقىنلاشقاندىن كېيىنلا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، قارشى تەرەپكە ئوت ئاچتى. ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان لەشكەردىكى بارلىق سوتنىلەر قەدەممۇ-قەدەم ئالغا ئىل-گىرىلەۋەردى. ئۇرۇش جىددىيلەشكەنسېرى ئىككى تەرەپنىڭ ئەسكەرلىرى بىر بىرىگە ئارىلىشىپ كەتتى. ئەسكەرلەر گاھ ئۇياققا، گاھ بۇياققا چېپىشىپ يۈرەتتى. ياقۇپبەگ زاپاس قوشۇنىنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ، دۇربۇن ئارقىلىق جەڭ مەي-دانىنى كۈزەتتى. ئۇ كۈزىتىۋېتىپ، دۈشمەنىنىڭ ئۆز قوشۇ-نىنىڭ سول قانىتىغا بىرقانچە قېتىم كۈچەپ ھۇجۇم قىل-غانلىقىنى ھەمدە ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ دۈشمەنىنىڭ ھۇجۇمغا ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرغانلىقىنى بايقىدى-دە، زاپاس قوشۇن-نىڭ دەرھال ئاتلىنىشىغا بۇيرۇق قىلدى ۋە ئۇلارنى ئال-دىنقى سەپكە ياردەم بېرىشكە باشلاپ ماڭدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆزىنىڭ ياردەمچى قوشۇن باشلاپ كېلىۋات-قانلىقىنى، لەشكەرنىڭ دەرھال قايتۇرما ھۇجۇم باشلىشى لازىملىقىنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن، مەھرەملىرىنى تەرەپ-تەرەپكە ئەۋەتتى. ياقۇپبەگ ئۆز قوشۇنلىرىنىڭ ئوڭ قانى-تىغا ياردەم بېرىش چارىسىنى دەل ۋاقتىدا قوللانغانلىقتىن، شۇ كۈندىكى جەڭدە غەلىبە قىلدى، تۇڭگانلار قېچىشتى. ياقۇپبەگ قاچقان دۈشمەننى ئارقىسىدىن قوغلاش ئۈچۈن بىر لەشكەر ئەسكەر ئەۋەتتى.

بۇ جەڭدە ھەر ئىككى تەرەپ ناھايىتى زور تالاپەتكە ئۇچرىدى. ياقۇپبەگنىڭ قوشۇنىدىكى 150 ئاۋغاننىڭ تەۋ-

دىن تولىسى چىقىم بولدى.

جەڭنىڭ 2 - كۈنى، ياقۇپبەگ ئۆز ۋەكىلىنى ئۈرۈم-
چىگە ئەۋەتىپ، شەھەردىكى تۇڭگانلارغا ئۆزىنىڭ بۇ شەھەرگە
ھۇجۇم قىلىش نىيىتىدە ئەمەسلىكىنى، كۆپ قان تۆكۈشنى
تېخىمۇ خالىمايدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ پەقەت ئىسلام دىنى
يولىدا ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقىنى، شۇڭا پەقەت تۇڭگانلار
باشقا مۇسۇلمانلاردەك تىنچ ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ سەلتەنىتىنى
ئازراق بولسىمۇ ئېتىراپ قىلسىلا، ئۇلارغا تەگمەيدىغانلىقىنى
بىلدۈردى. ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن،
تۇڭگانلارنىڭ ۋەكىللىرى كۆپ سوغا - سالام قىلىپ ياقۇپ-
بەگنىڭ ھوزۇرىغا كەلدى ۋە ئۈرۈمچى خەلقى نامىدىن،
ياقۇپبەككە تەسلىم بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.
شۇنىڭ بىلەن "بەدۆلەت" دەرھال ئۈرۈمچىگە كىردى. ئۇ
ئۆزىگە قارشى چىققان بۇ ئادەملەر بىلەن تاكى يېقىنقى
كۈنلەرگىچە قىزغىن مۇئامىلىدە بولۇپ كەلگەن ئىدى.
ياقۇپبەگ ئۈرۈمچىنىڭ ئەسلىدىكى خانىنىڭ ئۇكىسى
مۇلايىمانبەگنى بۇ شەھەرنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى. ئۇ
شەھەر سىرتىدىكى بارگاھىدا 20 كۈن تۇرغاندىن كېيىن،
تۇرپانغا قايتتى ۋە ئۇ يەردە ئۆز غەلىبىسىنى قۇتلۇقلىدى.
ياقۇپبەگ ئۈرۈمچىنى 1869 - يىل بىلەن 1870 - يىلىنىڭ
ئارىلىقىدا بېسىۋالغان ئىدى.

يەنە بىر خىل كىشىلەرنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارى-
غاندا، ياقۇپبەگ تۇرپان ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىرىنى پۈتۈن-
لەي باشقىچە بىر خىل ئۇسۇل بىلەن بېسىۋالغان ئىكەن.

تۇڭگان يېغىلىقى مەزگىلىدە، نەنسەن رايونىدا تۇر-
ۋاتقان ئىش بېجىرگۈچى ئامبال (خان ئامبال) شۇي

شۈيگۈڭ "بەدۆلەت" نىڭ يېنىغا قېچىپ بارغىنىدا "بەدۆلەت" نىڭ ئىنتايىن قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. تۇڭگانلار كۇچاغا ھۇجۇم قىلغاندا، ياقۇپبەگ چىقىپ ئۇلارغا قايتۇرما زەربە بەرگەن، بۇ چاغدا ئۇ شۈي شۈيگۈڭنى ئۆزى بىلەن بىللە كۇچاغا ئېلىپ كەلگەن. شۈي شۈيگۈڭ بۇ يېغىلىقتا ئامان قالغان خەنزۇلاردىن 8000 ئادەمنى يىغىپ كېلىپ، ياقۇپبەگ بىلەن بىللە تۇرپانغا ھۇجۇم قىلغان. ياقۇپبەگ تۇرپاننى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ قوشۇنىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى شۈي شۈيگۈڭنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، ئۇنى ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن. ئۆزى بولسا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ، بىر كۈندە ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەن.

شۈي شۈيگۈڭ ياقۇپبەگنىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ، ئۈرۈمچى، مىچۇەن، مورى، گۇچۇڭ، ماناس، سانجى ۋە نەنسەن قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالغان. بۇ جايلارنىڭ ھەممىسى جەڭدە قولغا چۈشكەن بولغاچقا، بۇ يەرلەر ئالدى بىلەن شۈي شۈيگۈڭنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن ئىكەن.

ياقۇپبەگ بۇ شەھەرلەرنى خەنزۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن قولغا كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگەن. ئۇ دەسلەپتە، تۇڭگانلارغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن، خەنزۇلارنى بوزەك قىلغان. ئارقىدىنلا خەنزۇ قىسىملىرىنى تارقىتىۋەتكەن. ياقۇپبەگ يەرلىك قىسىملار ئورنىغا ئۆز قىسىملىرى ۋە تۇڭگان قىسىملىرىنى ئالماشتۇرغان. ئاخىردا، يۇقۇرىدىكى جايلارنىڭ ھەممىسنى تۇڭگانلارنىڭ باشلىقى شىياۋخۇ بىلەن داخۇنىڭ باشقۇرۇشىغا

ئۆتكۈزۈپ بەرگەن، شۈي شۈبگۈڭ ئۇلارغا بويسۇنۇشقا مەجـبۇر بولغان.

نەتىجىدە، شۈي شۈبگۈڭ 500 خەنزۇ بىلەن بىيجىڭغا قېچىپ بېرىپ، بۇغدىخاندىن ئۆزىگە 5.000 ئەسكەر بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، بارلىق تۇڭگان شەھەرلىرىنى مۇشۇ ئەسكەرلەر بىلەن قايتۇرۇۋېلىشقا ۋەدە قىلغان.

ياقۇپبەگ قەشقەرىيەنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى شەھەرـلەرنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاقسۇغا كەلدى ۋە بۇ يەرنى ئۆزىنىڭ پايتەختى قىلىپ بەلگىلىدى. ياقۇپبەگ ئۆز ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى بەش يىلىنى قەشقەرىيەنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۇ قەشقەرىيە بىلەن سىمىرچىنىسكى ئۆلكىسى ۋە قوقانىنىڭ ئارىسىدىكى چېگرىنى مۇستەھكەملەشتەك چوڭ ئىشنى ھەل قىلدى. ياقۇپبەگ رۇسلارنىڭ نارىن قورغىنىنى ياسىغانلىقىنى كورۇپ تولىمۇ سارىسىمىگە چۈشۈپ قالغان ئىدى. ئۇ نارىن دەرياسىنى سىمىرچىنىسكى بىلەن قەشقەـرىيەنىڭ ئارىسىدىكى تەبىي چېگرا دەپ ھىساپلايتتى. شۇڭا روسىيىنىڭ نارىن دەرياسىنى ئىگەللىۋالغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈردى. ياقۇپبەگ مۇشۇ مەزگىلدە نارىن قورغىنى بىلەن قەشقەرىيەنىڭ ئارىلىقىدىكى تورغات ۋە تېرەك داۋان ئېغىزىدا ناھايىتى چوڭ قورغان — چاقماق قورغىنىنى ياسىدى.

ياقۇپبەگ بۇنىڭدىن سەللا ئىلگىرى قوقانغا ھەر ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا مەسىلىسىنى قويغان ئىدى. ياقۇپبەگ خۇدايارخاننىڭ بوشاڭ ۋە ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، تاغلىق رايونلارغا بارغانسېرى ئىچكىرىلەپ كىرىۋەردى ۋە ئارقا - ئارقىدىن نۇرغۇن قاراۋۇلخانىلارنى ياساتتى.

مەمەدەلىخان دەۋرىدە قوقاننىڭ چېگرىسى قەشقەردىن تەخ-
مىنەن 177 چاقىرىم يىراقلىقتىكى قوغۇشۇن كانىدىن
ئۆتەتتى؛ ياقۇپبەگ چېگرىنى ئالدى بىلەن ئوقسالۇرغا سىل-
جىتتى، ئاندىن ئۇلۇغچاتقا① يەتكۈزدى، ياقۇپبەگ بۇ يەردە
قارا قىرغىزلار ئۈچۈن بىر مەركەز قۇرۇش نىيىتىدە بىر
قورغان سالدۇردى. ئۇ ئۇلۇغچاتنى بېسىۋېلىش بىلەنلا قانا-
ئەتلىنىپ قالماي، بەلكى ئالدىنقى سەپتىكى قىسىملىرىنى
ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەشكە بۇيرۇپ، ناغرا چالدى،
يىغىن، ئەركەشتام قورغانلىرىنى بېسىۋالدى. روسىيە قوقاننى
يۇتۇۋالغانلىقى ئۈچۈنلا ياقۇپبەگ داۋاملىق تۇردە شىمالغا
قاراپ ئىلگىرىلەۋېرىشتىن تەپ تارتتى. مۇبادا خۇدايار-
خاننىڭ ھوكۇمرانلىقى يەنە بىر نەچچە يىل ئۇزۇنغا
سوزۇلغان بولسا، ياقۇپبەگ چوقۇم تېرەك داۋاندىن ئېشىپ
ئۆتۈپ، ئوش شەھرىدە ئوزىنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇلخانىسىنى
قۇرغان بولاتتى.

1866 - يىلى، كىچىككىنە تاغلىق دولەت سارىقۇل
(سىرىقۇل) ئوزىنى ياقۇپبەگنىڭ تەۋەلىكىدىكى دولەت دەپ
ئېلان قىلغان ئىدى. لېكىن بۇ دولەتنىڭ ھوكۇمرانى
ئالىپشاھ شىغنان بىلەن پامىر ئوتتۇرىسىدا مالىمان يۇز
بەرگەنلىكتىن، ياقۇپبەگ ھوكۇمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشتىن
باش تارتتى. شۇنىڭ بىلەن، 1869 - يىلى يەركەندىن
سارىقۇلغا جازالاش ئەترىتى ئەۋەتىلدى. ئالىپ شاھنىڭ
قوشۇنى مەغلۇپ قىلىندى، ئالىپ شاھنىڭ ئوزىمۇ ئولتۇ-
رۇلدى. يەرلىك پۇقرالارنىڭ بىر قىسمى يەركەنگە ۋە
قەشقەرگە كوچۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياشلار ئەس-

① كونا ئۇلۇغچاتنى كورسىتىدۇ. — مۇھەررىردىن.

كەلىككە ئېلىندى.

1872 - يىلى، تۇڭگانلارنىڭ يەنە بىر قېتىم كوتەرگەن يېڭى قوزغىلىڭى ياقۇپبەگنىڭ قەشقەرىيە ۋەزىيىتىنى تۇراقلاشتۇرۇش يولىدا كورسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنى بەربات قىلىۋەتتى. ياقۇپبەگ بۇ قېتىمقى ئىسيانىنى باستۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئوزىنىڭ چوڭ ئوغلى بەگقۇلىبەككە تاپشۇردى. بەگقۇلىبەگ دەرھال ئۇرۇمچىگە يۈرۈش قىلىپ، تۇڭگانلارنى قورشىۋالدى ۋە بىر قېتىملىق قانلىق جەڭ ئارقىلىق ئۇرۇمچىنى بېسىۋالدى.

بەگقۇلىبەگ ئۇرۇمچىدىن چىقىپ ماناسنى بېسىۋالدى. ئۇ ئوزى بېسىۋالغان جايلاردا ئاز سانلىق ھەربى قىسىملارنى قالدۇرۇپ، ئىسيانچىلاردىن بىرقانچە يۈز كىشىنىڭ بېشىنى ئالغاندىن كېيىن ئاقسۇغا قايتتى، بۇ يەردە ئۇ دادىسى تەرىپىدىن خۇددى بىر ئىستىلاچىدەك چوڭ داغدۇغا بىلەن كۈتۈۋېلىندى.

قەشقەرىيە، 1872 - يىلىدىن 1876 - يىلىغىچە ئوز تارىخىدا ئۆزاقتىن بۇيان زادىلا كورۇلمىگەن ئەمىنلىك مەزگىلىنى بېشىدىن كەچۈردى. بۇ مەزگىلدە، ياقۇپبەگ ئۇرۇشقا تەييارلىنىش ۋە قوشۇنغا ھەربى تەلىم - تەربىيە بېرىش ئۇچۇن زور كۈچ سەرپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ پولكوۋنىك كالبارس باشچىلىقىدىكى روسىيە ۋەكىللىرى ئومىگىنى ۋە ئەنگلىيە ۋەكىللەر ئومىگىدىن ئىككىنى قوبۇل قىلدى. ياقۇپبەگ ئىنگلىزلار ۋە تۈركلەرنىڭ ئۇنىڭ ئەمىرلىك سەلتەنىتىنى ئېتىراپ قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۇچۇن، ھىندىستان ۋە ئىستامبۇلغا ئەلچى ئەۋەتتى. ئەمما دەل مۇشۇ مەزگىلدە، خەنزۇلار ئالاھىدە چارە - تەدبىرلەر ئارقىلىق تۇڭگانلار

يىغىلىشىنى تەرتىپلىك ۋە قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا باستۇرۇشقا كىرىشكەن ئىدى. ئۇلار ئاللىقاچان ماناسقا يېتىپ كېلىپ ئۇنى قورشىۋالدى، ئارقىدىنلا بېسىۋالدى. خەنزۇلارنىڭ غەلىبە قىلغانلىق خەۋىرى قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن ھامان ياقۇپبەگ ئۆز ئوغلى بەگقۇلىبەگنى قەشقەردە قالدۇرۇپلا، دۈشمەنگە قايتۇرما زەربە بېرىش ۋە دۈشمەننىڭ ئۈرۈمچى بىلەن تۇرپاننى بېسىۋېلىشىغا يول قويماسلىق ئۈچۈن، شەخسەن ئۆزى ئالدىنقى سەپكە بېرىشقا مەجبۇر بولدى.

ياقۇپبەگنىڭ ئۈرۈمچى، ماناس، تۇرپانلاردا قالدۇرغان ئامانلىق ساقلىغۇچى قىسىملىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئاجىز بولغاچقا، ئۇلار ھەرگىزمۇ خەنزۇلارغا تەڭ كېلەلمەيتتى، ئۆڭگانلارغا بولسا ياقۇپبەگ ھەرگىز ئىشەنچ قىلالمايتتى.

ياقۇپبەگ قەشقەر، ئاقسۇ ۋە كۇچادىن يىغىشقا بولىدىغان كۈچلىرىنىڭ ھەممىسىنى يىغقاندىن كېيىن، ئۆز قوشۇنلىرىنى كورلا، قارا شەھەر ۋە توقسۇندىن ئېلىپ ئۆتۈپ ئالدىنقى سەپكە توپلىدى. ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ ئادەم سانى جەمئىي 12.000 دىن 15.000 غىچە ئىدى. ياقۇپبەگ قوشۇن يۆتكەۋاتقاندا، خەنزۇلار ماناستىن مىچۈەنگە باستۇرۇپ كىرگەن ئىدى. ياقۇپبەگ ياخشى ئات ۋە ياخشى قورال-ياراقلار بىلەن تەمىنلەنگەن 600 ئاتلىق ئەسكەر ۋە 4 پانساتنى ئەزىمقۇلنىڭ يېتەكچىلىكىدە مىچۈەندىكى ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرىغا ياردەمگە ئەۋەتتى، ياقۇپبەگ قوشۇنىدىن بىرقانچە مەنزىل ئارقىدا ماڭغان ئىدى. خەنزۇلار چاققان كېلىپ، ياقۇپبەگنىڭ ياردەمچى قوشۇنى يېتىپ كەلگىچە مىچۈەننى بېسىۋالدى ۋە بۇ يەرنى ئۆز-

لۇەتتى، مىچۇەن ئاھالىسىنىڭ كوپچىلىگىنى قىرىپ تاشلىدى. بۇ چاغدا خەنزۇلار خېلىلا كۆچىيىپ قالغان ئىدى. ئۇلار ئەزىمقۇلنىڭ كىچىككىنە قوشۇنىغا تۇيۇقسىز زەربە بەردى. قەشقەرديە جەڭچىلىرى جان تىكىپ قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلغان ئىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ كوپچىلىگى ئەزىمقۇل بىلەن بىرلىكتە ئولتۇرۇلدى. ئۇلاردىن پەقەت بىر يۈزدەك جەڭچى قورشاۋنى يېرىپ چىقىپ، بۇ شۇم خەۋەرنى بەدولەتكە يەتكۈزدى.

مەن ئەزىمقۇلنىڭ مىجەز - خۇلقى ۋە بۇ قېتىمقى تاسادىپى يۈز بەرگەن مەغلۇبىيەتلىك جەڭگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بەزىبىر قىزىقارلىق ئەھۋاللارنىڭ تەپسىلاتىدىن خەۋەر تاپتىم.

ئەزىمقۇل ئوزىنىڭ باتۇرلۇغى ۋە تېتىكلىگى بىلەن مەشھۇر ئىدى. ئۇ ئوز ۋاقتىدا كورلىنىڭ ھاكىمى بولغان پىسكەنتلىك مىرزا خوجا بىلەن گەپ تەگىشىپ قالغانلىق-تىن، ئۇزاققىچە ئەتىۋارلانماي كەلگەن.

بۇ ئىككەيلەن بىر كۈنى ياقۇپبەگنىڭ ئالدىدىلا ئۇرۇشۇپ قالغان، ئەزىمقۇل خوجا مىرزىنى "تەكەببۇر، ئۇنۇتقاق، پىسكەنتلىك پەس موزدۇز" دەپ زاڭلىق قىلغان، خوجا مىرزا ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ: "سىز نىمىشقا مۇن-چىۋالا تەكەببۇرلىشىپ كېتىسىز، ئوزىڭىزنىڭ ئالتە ئېرىق (قوقان شەھرىگە يېقىن يەر) لىق باپكار ئىكەنلىگىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ" دەپتۇ. دەرۋەقە، ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرى توغرا ئىدى. قەشقەر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قاتارىغا كىرىشتىن بۇرۇن، ئۇلارنىڭ بىرسى موزدۇز، يەنە بىرسى باپكار ئىدى.

ئەزىمقۇل مىرزا خوجىنىڭ ھاقارىتىگە چىدىيالماي، ياقۇپبەگنىڭ ئالدىدا مىرزا خوجىغا قىلىچ تەڭلىگەن. ئۇ قورالسىزلاندۇرۇلۇپ كورلىغا سۈرگۈن قىلىنغاندىن باشلاپ تاكى ياقۇپبەگ كورلىغا كەلگەنگە قەدەر 9 ئايغىچە تۇتقۇنلۇقتا ياشىغان. ياقۇپبەگ ئۇنى چاقىرتىپ يېنىغا ئالدۇرۇپ ئەپۇ قىلغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كورۇشكەن. بەلكىم، ياقۇپبەگ بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئۇنىڭ باتۇرلۇغىدىن پايدىلىنىشنى ئۇمىت قىلغان بولسا كېرەك.

ياقۇپبەگ ئەزىمقۇلغا ئۆزىنى كورسىتىش پۇرسىتى بېرىش ئۈچۈن، ئۇنى يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان ياردەمچى قوشۇنىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلىگەن ئىدى.

قەشقەرىيەلىكلەر نۇرغۇنلىغان خەنزۇ ۋە قالماق ئەسكەرلىرىنىڭ قورشاۋىدا قالغان چاغدا، 4 پانساتىنىڭ بىرى بولغان مۇھەممەت سەئىد ئەزىمقۇلغا چېكىنىش كېرەكلىگىنى تەۋسىيە قىلغان. ئەزىمقۇل ئۇنىڭغا: "ئاشۇ بەدولەتنىڭ تاپىنىنى يالىغاندىن كورە، جەڭدە ئولگىنىم ياخشىراق" دەپ جاۋاپ بەرگەن.

ئارقىدىنلا قوچاقلاشما جەڭ باشلىنىپ كەتكەن. ئەزىمقۇل بەئەينى ساراڭدەك ئوزىنى جەڭگە ئاتقان. ئۇ تەسلىم بولۇش ھەققىدىكى تەكلىپلەرنىڭ بىرىنىمۇ قوبۇل قىلمىغان. يارىلىنىپ يەردە يېتىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ھەدەپ مىلتىق ئېتىۋەرگەن، ئارقىدىنلا تىزلىنىپ تۇرۇپ قىلىچۋازلىق قىلغان. ئاخىر بىر قالماقنىڭ چەنلەپ ئاتقان ئوقىيا ئوقى تەككەندىن كېيىن يىقىلىپ كوزى يۇمۇلغان. ھىلىقى پانسات ئوز قول ئاستىدا قېپقالغان بىر يۈزچە ئادىمى بىلەن مۇھاسىرىنى بۇزۇپ چىقىپ كېتىشكە مۇۋەپپەق بولغان.

خەنزۇلار مەچۇەننى بېسۋالغاندىن كېيىن، ئۇرۇمچىگە قاراپ ھەركەتلەندى.

خەنزۇ قوشۇنلىرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى كورگەن مىڭلىغان تۇڭگانلار ئوز يۇرتلىرىنى تاشلاپ ياقۇپبەگنى پاناھ تۇتۇپ، قەشقەرىيە تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. ياقۇپبەگ ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرىنى چېگرىدىكى بەزى شەھەرلەرگە ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە ئۇلاردىن 10 مىڭدەك ئادەمنى ئەسكەرلىككە ئېلىپ، كورلىنىڭ ئامانلىق ساقلاش قىسملىرىنى تولۇقلىدى.

1876 - يىل چىقىپ 1877 - يىل كىرگەن قىش پەسلىدە، ھەر ئىككى تەرەپ ئوزلىرىنىڭ ھەربى ھەركەتلىرىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ چاغدا ياقۇپبەگنىڭ ئاساسىي قوشۇنلىرى خەنزۇلار بىلەن تېخى رەسمىي تۇتۇشمىغان ئىدى. ھەر ئىككى تەرەپ ئوزلىرىنىڭ ھەربى لازىمەتلىكلىرىنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىنى ھىس قىلدى، شۇڭا ئۇلار ئوزلىرىنىڭ تۇرشاۋۇل قوشۇنلىرىنى ئارقىغا چېكىندۇرۇشكە مەجبۇر بولدى.

داۋانچىڭ داۋىنى جەڭ قىلىۋاتقان ھەر ئىككى تەرەپنى ۋاقىتىنچە ئايرىپ تۇراتتى. ئۇرۇمچىدە شەھەرنى ساقلاپ ياتقان خەنزۇلارنىڭ 6.000 كىشىلىك تۇرشاۋۇل قوشۇنى بار ئىدى. داۋانچىڭدا ياقۇپبەگنىڭ تۇركلەنگەنكا مىلتىق ۋە كەيىندىن ئوقلىنىدىغان 2 زەمبىرەك بىلەن قوراللانغان 800 كىشىلىك تۇرشاۋۇل قوشۇنى بار ئىدى.

شۇ قىشلىقى ياقۇپبەگنىڭ قوشۇنلىرى يەنىلا تولۇقلانماي تۇردۇەردى. قوشۇندىن قېچىپ كېتىدىغانلار بارغانسېرى كوپەيدى، جەڭچىلەرنىڭ كۇرەش ئىرادىسى ئاجىزلاپ

كېتۋەردى. قوشۇندىن قاچقانلارنىڭ ئارىسىدا ھەتتا ياقۇپبەگنىڭ يېقىنلىرىمۇ بار ئىدى. مەسىلەن، دەسلەپتە قاچقانلارنىڭ ئارىسىدا خەنزۇلار دەۋرىدە كەلپىنگە ھاكىم بولغان، كېيىن ياقۇپبەگ دەۋرىدە ئاقسۇدا يۈز بېشى بولغان سىدىقبەگ، خەنزۇلار دەۋرىدە ئاقسۇنىڭ يار بېشى، جام دىگەن يەرلىرىگە مىراپ بولغان باخشى مىراپبەگ دىگەنلەرمۇ بار ئىدى. بۇ ئىككىلەن تۇرپان ئارقىلىق خەنزۇلار تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار خەنزۇ چېرىكلىرىنىڭ باش قوماندانى شۆي شۈپگۇڭنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. شۆي شۈپگۇڭ سىدىقبەگنى كېيىنچە قەشقەرگە، باخشى مىراپنى يەركەنگە① ھاكىم قىلىپ تەيىنلىدى. مۇشۇ ئىككى ئادەمنىڭ يامان تەسىرىدە، 1876 - ۋە 1877 - يىللىرى قىشتا ياقۇپبەگنىڭ خەزىنە بېگى ھوشۇر ئاخۇن خىتاي② دىگەن ئادەم خەزىنىدىكى ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ، 41 ئەسكەرنى باشلاپ خەنزۇلار تەرىپىگە قېچىپ كەتتى. بۇنىڭ ئارقىسىدىنلا كۇچا ۋە قەشقەر ھاكىملىرىنىڭ ئىنىلىرى، ياقۇپخاننىڭ ئىنىسى يەنى ياقۇپبەگ تەرىپىدىن ئىستامبۇلغا ئەۋەتىلگەن ئەلچى، ھازىر تاشكەنتتە تۇرۇۋات-

---

① ئېھتىمال بېرىلمەكچى بولغان مەنسەپ - ئەمەل بولسا كېرەك. — ئاپتوردىن.

② ياقۇپبەگنىڭ ھوزۇرىدا ئىشلەيدىغان ھوشۇر مەھرەم دەيدىغان بىر خەنزۇ بالىسى بار بولۇپ، ياقۇپبەگ ئۇنىڭغا بەكمۇ ئىشىنەتتى. ياقۇپبەگ 40 ئاتقا ئالتۇن - كۈمۈش ئارتىپ، ئۇلارنى توقسۇنغا ھەققۇلىبەگنىڭ يېنىغا ئەۋەتكەندە، مەزكۇر ھوشۇر خىتاي ئۈرۈمچىگە خەنزۇلارنىڭ يېنىغا قېچىپ كېتىدۇ. — تەھرىردىن.

ﻗﺎﻥ ﺋﻪﻣﺮﺧﺎﻥ ﻗﺎﺗﺎﺭﻟﯩﻖ ﻧﯘﺭﻏﯘﻥ ﻛﯩﺸﯩﻠﻪﺭﻣﯘ ﺋﯚﺯﻟﯩﺮﯨﻨﻰ ﺧﻪﻧﺰﯗ-ﻻﺭﻧﯩﯔ ﻗﻮﻳﻨﯩﻐﺎ ﺋﺎﺗﺘﻰ. 1876 - ﻳﯩﻠﻠﯩﻨﯩﯔ ﺋﺎﺧﯩﺮﯨﺪﯨﻦ 1877 - ﻳﯩﻞ 2 - ﺋﺎﻳﻐﯩﭽﻪ (ﻛﻮﻧﺎ ﻳﯩﻞ ﻫﯧﺴﺎﯞﻯ ﺑﻮﻳﯩﭽﻪ) ﺋﺎﺭﯨﻠﯩﻘﺘﺎ ﻳﻪﻧﻪ 400 ﺩﻩﻙ ﺋﻪﺳﻜﻪﺭﻣﯘ ﻗﯧﭽﯩﭗ ﻛﻪﺗﺘﻰ.

ﺷﯘ ﻳﯩﻠﻰ ﻗﯩﺸﺘﺎ، ﺑﻪﺩﯙﻟﻪﺕ ﻳﯘﻗﯘﺭﻗﯩﺪﻩﻙ ﺯﯨﻴﺎﻧﻼﺭﻧﻰ ﺗﺎﺭﺗﻘﺎﻧﺪﯨﻦ ﺳﯩﺮﺕ، ﻳﻪﻧﻪ ﺑﺎﺷﻘﺎ ﺋﻮﯕﯘﺷﺴﯩﺰﻟﯩﻘﻼﺭﻏﯩﻤﯘ ﺋﯘﭼﺮﯨﺪﻯ. ﺋﯘ ﺗﻮﻗﺴﯘﻧﺪﯨﻦ ﺩﺍﯞﺍﻧﭽﯩﯖﻐﺎ ﺑﺎﺭﯨﺪﯨﻐﺎﻥ ﻳﻮﻝ ﺋﯜﺳﺘﯩﺪﯨﻜﻰ ﺳﺎﻳﯩﭙﯘ ﺩﯨﮕﻪﻥ ﺟﺎﻳﻐﺎ ﺳﺎﻟﺪﯗﺭﻏﺎﻥ ﻫﻪﺭﺑﻰ ﺋﯩﺴﻜﯩﻼﺗﺘﺎ ﺋﻮﺕ ﻛﯧﺘﯩﭗ، ﺋﯩﺴﻜﯩﻼﺗﺘﯩﻜﻰ ﻫﻪﺭﺑﻰ ﻻﺯﯨﻤﻪﺗﻠﯩﻜﻠﻪﺭ، ﺋﻮﻕ - ﺩﻭﺭﯨﻼﺭﻧﯩﯔ ﻫﻪﻣﻤﯩﺴﻰ ﻛﯚﻳﯜﭗ ﻛﻪﺗﺘﻰ. ﺑﯘ ﺋﯩﺴﻜﯩﻼﺗﺘﯩﻜﻰ 80 ﻣﯩﯔ ﭼﺎﺭﻩﻙ (1 ﻣﯩﻠﻴﻮﻥ 440 ﻣﯩﯔ ﻗﺎﺩﺍﻕ) ﭼﺎﻣﯩﺴﯩﺪﯨﻜﻰ ﺋﯘﻥ ﯞﻩ 17 ﻣﯩﯔ ﭼﺎﺭﻩﻙ (306 ﻗﺎﺩﺍﻕ) ﭼﺎﻣﯩﺴﯩﺪﯨﻜﻰ ﺋﺎﺷﻠﯩﻖ ﭘﯜﺗﯜﻧﻠﻪﻱ ﻛﯚﻳﯜﭗ ﻧﺎﺑﯘﺕ ﺑﻮﻟﺪﻯ. ﻛﯩﺸﯩﻠﻪﺭﻧﯩﯔ ﭘﻪﺭﻩﺯﯨﭽﻪ، ﭼﻮﻗﯘﻡ ﺑﯩﺮﺳﻰ ﺋﻮﺕ ﻗﻮﻳﯘﯞﻩﺗﺘﻰ ﺩﻩﭖ ﻗﺎﺭﺍﻟﻐﺎﻥ ﺑﻮﻟﺴﯩﻤﯘ، ﻟﯧﻜﯩﻦ ﺋﻮﺕ ﻛﯧﺘﯩﺸﻨﯩﯔ ﺳﻪﯞﻩﺑﻰ ﺋﯧﻨﯩﻘﻼﻧﻤﺎﻱ ﺷﯘ ﭘﯧﺘﻰ ﻗﯧﻠﯩﯟﻩﺭﺩﻯ.

ﻳﺎﻗﯘﭘﺒﻪﮔﻨﯩﯔ ﺗﻪﺭﺟﯩﻤﯩﮫﺎﻟﯩﻐﺎ ﺋﺎﺋﯩﺖ ﺑﻪﺯﻯ ﻗﻮﺷﯘﻣﭽﯩﻼﺭ①

ﺋﺎ. ﻥ. ﻛﻮﺭﻭﭘﺎﺗﻜﯩﻦ ﺋﻪﭘﻪﻧﺪﻯ ﺋﯚﺯﯨﻨﯩﯔ «ﻫﻪﺭﺑﻰ ﮊﯗﺭ-ﻧﺎﻝ» ﻏﺎ ﺑﯧﺴﯩﻠﻐﺎﻥ «ﻗﻪﺷﻘﻪﺭﯨﻴﻪﻧﯩﯔ ﺋﻮﻣﯘﻣﻰ ﺋﻪﮬﯟﺍﻟﻰ ﺗﻮﻏﺮﯨﺴﯩﺪﺍ» ﺳﻪﺭﻟﻪﯞﮬﯩﻠﯩﻚ ﻣﺎﻗﺎﻟﯩﺴﯩﺪﺍ، ﻳﺎﻗﯘﭘﺒﻪﮔﻨﯩﯔ ﮬﻪﻣﺴﯘﮬﺒﻪﺗﻠﯩﺮﯨﺪﯨﻦ ﺑﯩﯟﺍﺳﺘﻪ ﺋﯧﮕﻪﻟﻠﯩﮕﻪﻥ ﻣﺎﺗﯧﺮﯨﻴﺎﻟﻼﺭﻏﺎ ﺋﺎﺳﺎﺳﻪﻥ، ﺑﯘ ﻣﻪﺷﮫﯘﺭ ﺯﺍﺗﻨﯩﯔ ﺗﻪﺭﺟﯩﻤﯩﮫﺎﻟﯩﻨﻰ ﺗﻪﭘﺴﯩﻠﻰ ﯞﻩ ﻗﯩﺰﯨﻘﺎﺭﻟﯩﻖ ﻗﯩﻠﯩﭗ ﺗﻪﺳﯟﯨﺮﻟﯩﮕﻪﻥ ﺋﯩﺪﻯ. ﺋﻪﻣﻤﺎ ﺑﯘ ﻣﺎﻗﺎﻟﯩﺪﺍ ﺑﻪﺯﻯ ﺧﺎﺗﺎﻟﯩﻘﻼﺭﻏﯩﻤﯘ ﻳﻮﻝ ﻗﻮﻳﯘﻟﻐﺎﻥ. ﺋﯘﻧﯩﯔ ﺋﯜﺳﺘﯩﮕﻪ، ﺑﯘ ﺧﺎﺗﺎﻟﯩﻘﻼﺭ ﺭﻭﺳﯩﻴﻪﺩﻩ

① ﺗﻪﭘﺴﯩﻠﯩﻲ ﺋﻪﮬﯟﺍﻟﻼﺭ ﻣﯘﺷﯘ ﺑﺎﭘﻨﯩﯔ ﺑﯧﺸﯩﺪﺍ ﺳﯚﺯﻟﻪﻧﺪﻯ.— ﺋﯩﻨﮕﻠﯩﺰﭼﻪ ﺗﻪﺭﺟﯩﻤﺎﻧﺪﯨﻦ.

ئەشىر قىلىنغان باشقا ماتېرىياللاردىمۇ بىر قانچە قېتىم تەك-
رارلاندى. ماقالىدا ياقۇپبەگنىڭ ئاقمەچىتتىكە ھاكىم بولۇپ
تەيىنلەنگەندىن كېيىن، 1853 - يىلى ئاز سانلىق كىشىلەر
بىلەن بىرلىكتە قۇدرەتلىك روسىيە قوشۇنىغا قارشى باتۇر-
لارچە كۆرەش قىلىپ، قەلئەنى قوغداپ قالىغانلىقى بايان
قىلىندۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، ياقۇپبەگ ئۇ چاغدا ھاكىم ئە-
مەس، بەلكى تاشكەنتنىڭ ھاكىمىغا قارايدىغان بەگ ئىدى.
1853 - يىلى ئاديۇتانت گېنېرال پرووۋسكىنىڭ يېتەكچىلى-
كىدە روسىيە قوشۇنى ئاقمەچىتنى قورشىۋالغان ۋە كېيىن
شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ بېسىۋالغاندا، ياقۇپبەگ بۇ قەلئە-
دە يوق ئىدى. ھەتتا 1852 - يىل 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى
(8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى) پولكوۋنىك بىلارامبېرگ ئاقمەچىتكە
ھۇجۇم قىلغاندىمۇ، ياقۇپبەگ ئۇ يەردە يوق ئىدى. ياقۇپ-
بەگ پەقەت 1852 - يىلى 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى (16 - كۈنى)
ئارال قەلئەسىنىڭ يېنىدىكى ئاقئېرىق دېگەن يەردە روس-
يە قوشۇنى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغاندىلا رۇسلار بىلەن ئې-
لىشىپ كۆرگەن ئىدى. ئۇنىڭ قوشۇنى رۇسلارنىڭكىدىن ئون
ھەسسە كۆپ بولسىمۇ، لېكىن جەڭ ئۇستىدە زور چىقىم
تارتىپ، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان. دېمەك، ياقۇپبەگ ھېچقان-
داق ئالاھىدە قەھرىمانلىق كۆرسەتمىگەن. بۇ ئارىدىن ئۇ-
زۇن ئۆتمەيلا ياقۇپبەگ ئاقمەچىتتىن يۆتكەپ كېتىلگەن ئىدى.

مەن توۋەندە ئۆزەمنىڭ ئۆتكەن 15 يىل جەريانىدا
ئېلان قىلغان نۇرغۇن ماقالىلىرىمدىكى ياقۇپبەگنىڭ ئاقئېرىق-
تا قىلغان جېڭىگە ۋە ئاقمەچىتتىكى ئىشلىرىغا دائىر ئەھ-
ۋاللارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن:

تەخمىنەن 1850 - يىللار ئورىنبۇرگدا، قوقان خانلىقى-

ەدىكى ئاقمېچىت قەلئەسى توغرىسىدا ۋە بۇ قەلئەنىڭ بېگى ياقۇپبەگنىڭ قول ئاستىدىكى ئاتارمەن - چاپارمەنلىرىگە بۇيـ رۇق بېرىپ، روسىيە تەۋەلىگىدىكى قىرغىزلارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغانلىقى ھەققىدە سۆز - چۆچەك تارقالغان ئىدى.

ئورىنبورگقا قارايدىغان ئەخمەت جانتورىن رايونىدىكى قىرغىزلار ئۇلۇسىنىڭ ھوكۇمرانى، ئەينى زاماندىكى قىرغىزلار ئىچىدىن چىققان ئەڭ ئوقۇمۇشلۇق زات سۇلتان ئۆز خېتىـ دە ياقۇپبەگ ئۇستىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: "ئۇ ئەتە ئۆزىنىڭ قايسى خوشنىسىنىڭ مېلىغا چاپقۇن قىلىدىغانـ لىقىنى بىلمەيدۇ. ياقۇپبەگ تاشكەنتتىكى قوشبېگىگە بېقىندۇ، شۇڭا ئۇ قوشبېگىنىڭ مۇددىئاسى بويىچە ئىش قىلىدۇ، ئەـ گەر قوشبېگىگە پۇل لازىم بولۇپ قالسا، ئاقمېچىتنىڭ بېگى دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ قىرغىزلارنى چاپقۇن قىلىدۇ، ئۇـ لارنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاپ كېلىدۇ. بۇلاڭچىلار ئالدىدا ئەلھوكمۇللا دەپ قول قوشتۇرۇپ تۇرماقتىن باشقا چارە يوق، شۇنداق قىلغاندىلا، بېشىڭ ئامان قالىدۇ."

1849 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا، قىرغىز - قىپچاق قوۋمىـ دىن تەشكىل قىلىنغان يۈز كىشىلىك ئاقمېچىت باسمىچىلىرى بۇخارابىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئالاتاۋ قاراۋۇلخانىسىغا ئاتلىق باستۇرۇپ كېلىپ بۇلاڭچىلىق قىلغان. ئۇلار قىرغىزلارنىڭ باغىنالىن قەبىلىسىگە قاراشلىق يىلقىلارنى ھەيدەپ كەتكەن ۋە سىبىرىيىلىك كازاكلاردىن بىر قىسىم كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلىپ ئېلىپ كەلگەن ئىدى. تۇتقۇن قىلىنغانلاردىن مىليۇـ شىن ۋە باتارشىكىنلار 1852 - يىلى قوغان تۈرمىسىدىن قېـ چىپ كەلگەندىن كېيىن، مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى: "ئۇلار بىزنى 19 - دېكابىردا ئاقمېچىتكە ئېلىپ باردى.

ياقۇپبەگ باسمىچىلارنىڭ شۇ قېتىمقى ھەركىتىدىن مەمنۇن بولغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەمما ئۇ، كازاكلارنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ كەلمەيسىلەر، دەپ قىرغىزلارغا كايىدى. بۇلاپ كېلىنگەن يىلقىنىڭ يېرىمىنى ئۆزىگە ئېلىپ قېلىپ، قالغانلىرىنى باسمىچىلارغا بېرىۋەتتى.“

1850 - يىلى 16 - فېۋرال (28 - فېۋرال) كېچىسى، ئاقمېچىتلىك بىرتۇركۈم باسمىچىلار ئالار قەلئەسى ئەتراپىدىكى 20 دەك قىرغىز ئاۋۇلى (كەنتى)نى بۇلاپ، 6 ئادەمنى ئۆلتۈرگەن ۋە 1.000 تۇياق ئات، 25.000 تۇياق قويىنى ھەيدەپ كەتكەن.

شۇ يىلى 25 - ئاۋغۇست (6 - سېنتەبىر) كېچىسى، 400 دەك ئاقمېچىت باسمىچىلىرى بۇخارابېيىنىڭ باشلامچىلىقىدا قازال ئەتراپىدىكى بىر قىسىم چارۋىچى قىرغىزلارنى بۇلىغان، ئۇلار 11 ئادەمنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، 934 ئات، 555 توگە، 139 كالا، 20 مىڭ 800 قوينى ھەيدەپ كەتكەن. ئارال قورغىنىنىڭ قوماندانى مايۇردامىس باسمىچىلارنىڭ شۇ قېتىمقى تۇيۇقسىز ھۇجۇمىدىن ئۈچ ئېلىش يۈزىسىدىن 9 - سېنتەبىر (21 - سېنتەبىر) دە ھەربى ھەركەت قوللىنىپ، ياقۇپبەگنىڭ قولىدىكى قوشقورغان قەلئەسىنى بېسىۋالدى ۋە بۇزۇپ تاشلىدى. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي، بىر تۈركۈم قوقانلىقلار قوشقورغانغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئۇ يەرگە يېتىپ كەلدى.

1852 - يىل فېۋرالدا ئاقمېچىت باسمىچىلىرى قارا قۇماقتا ئوتاق تىكىپ جايلاشقان روسىيە قىرغىزلىرىنىڭ 2.500 ئات، 1900 توگە ۋە 70 مىڭ 600 قوينىنى ھەيدەپ كەتكەن. روسىيە قىرغىزلىرىدىن تەشكىللەنگەن 90 كى-

شىلىك بىر ئەترەت ئۇ باسمىچىلاردىن ئۈچ ئېلىش يۈزىسى‌دىن، چولۇقساي ئەتراپىدا ئوتاق تىكىپ ئولتۇرغان قوقانلىق قىرغىزلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان.

1852-يىل 3-مارت (15-مارت) كۈنى كېچىسى يەنە بىر بولۇك باسمىچىلار ئاقئېرىقلىق چارۋىچى قىرغىزلار‌نىڭ 100 ئاۋۇلىنى بۇلاپ كەتكەن. بۇ باسمىچىلارغا ياقۇپ‌بەگ بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە جو‌لۇق، ئاقمېچىت، قومۇشچىن، قوشقورغاننىڭ ئادەملىرى، خى‌ۋەلىك خوجىنىيازنىڭ ئادەملىرى ۋە جولۇق قورغىنى ئەت‌راپىدىكى چارۋىچى قىرغىزلار بار ئىدى. قوقانلىقلاردىن 1000 ئادەم، خىۋەلىكلەردىن 150 ئادەم بار ئىدى. خى‌ۋەلىكلەر ئۆز ئىچىدىن بىر تەرەپكە قېچىپ كەلگەن سۇلتان ئىرمۇھەممەت قاسىموۋنى تۇتۇپ كېتىش ئۈچۈن، مۇشۇ باس‌مىچىلارغا قاتناشقان ئىدى. ئۇلار قومۇش قىرغانغا يېغىلىپ سىر دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، دەريانىڭ ئوڭ قىرغى‌غىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىدى.

ئارا قورغىنىنىڭ قوماندانى مايور ئىنگمان ئاقئېرىق قورغىنىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچرىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، شۇ كۈنى كېچىسىلا 22 پىيادە ئەسكەر، 74 كازاكنى بىر دانە گائۇبىتسا① بىلەن باشلاپ ئاتلىق يولغا چىقتى. ئەتىسى ئۇلارغا يەنە 17 قىرغىز قوشۇلدى. ئۇ‌لار چۈشتىن كېيىن سائەت 4 تە ئاقچى بۇلاق دىگەن يەر‌دە باسمىچىلار بىلەن ئۇچراشتى. مايور ئىنگمان دەرھال گائۇبىتسانى قۇرۇپ ئوت ئېچىشقا بۇيرۇدى. باسمىچىلار

① گائۇبىتسا قىسقا ستۋوللۇق بىر خىل زەمبىرەك. — مۇ‌ھەررىردىن.

دەرھال تارقىلىپ، مايور ئىنگىماننىڭ قوشۇنىنى قەۋەتمۇ-قەۋەت قورشىۋالدى ۋە مىلتىقلىرىدىن ئوت ئېچىشقا باشلىدى. لېكىن مايور ئىنگىمان قوشۇنىنىڭ گائوبىتسا ۋە مىلتىقلىرىدىن ئېتىلغان ئوقلار باسمىچىلارنى چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. لېكىن شۇنداقتىمۇ باسمىچىلارنىڭ كوپچىلىگى بۇ كىچىككىنە رۇس قوشۇنىنىڭ يېنىغا ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ كازاكلار بىلەن قېلىچۋازلىق قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. جەڭ تاكى گۇگۇم چۈشكەنگە قەدەر داۋاملاشتى.

ئىككىنچى كۈنى سەھەردە، بۇ باسمىچىلار ئوزلىرى بۇلاپ كەلگەن بىرقىسىم چارۋا-ماللىرىنى ھەيدىگەن پېتى قوشقورغانغا قاراپ تىكىۋەتتى. قوقانلىقلار 100 توگە، 2000 قوينى ئېلىپ قاچتى، خىۋەلىكلەر 6 توگە، 300 قوينى ئېلىپ قاچتى. رۇسلار قېپقالغان 53 مىڭ قوي ۋە بىر نەچچە ئات، كالىنى زىيانغا ئۇچرىغان قىرغىزلارغا تاپشۇرۇپ بەردى. 4-مارت (16-مارت) كۈنى يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەدە بىز تەرەپتىن 4 ئادەم يارىلاندى. باسمىچىلاردىن 100 قوقانلىق، 3 خىۋەلىك ئولدى، نۇرغۇنلىرى يارىلاندى. يارىدارلار ئىچىدە بۇخارابېيىمۇ بار ئىدى.

ياقۇپبەگ ئەگەر رۇس قوشۇنىغا دۇچكېلىپ قالمىغان بولسا، ئۇنداق ئالدىراپ-تېنەپ چېكىنمىگەن بولاتتى. ياقۇپبەگ رۇس قوشۇنىنىڭ جەڭدە كورسەتكەن باتۇرلۇغىدىن ۋە رۇسلارنىڭ سىر دەرياسىنى بويلاپ كېلىپ ئۇنىڭ قارانچۇقسىز قالغان قاراۋۇلخانىلىرىنى بىتچىت قىلىپ تاشلىشىدىن قورقاتتى.

ئاقئىبرىقتا بولغان جەڭدىن كېيىن، ياقۇپبەگ ئاقمېچىتكە يوتكەپ كېتىلدى. ئۇ بۇ يەردىن كېتەر ۋاقتىدا ئوز

يېلىدىكى ھەمرالىرىنىمۇ بىللە ئېلىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ 11-ئاپرېل (23-ئاپرېل) كۈنى تاشكەنتكە يېتىپ كەلدى. شۇ چاغلاردا تاشكەنتتە تۇرۇشلۇق سودىگەر كلۇچارېۋنىڭ خاتىرىسىدە بايان قىلىنغىنىدەك، "ياقۇپبەگ 20-ئاپرېل (2-ماي) كۈنى تاشكەنتنىڭ ھاكىمى نارمۇھەممەتكە 1.000 دۇكاتلىق سوغا ھەدىيە قىلدى".

ياقۇپبەگ كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، پولكوۋنىك بىلارامبېرگىنىڭ قوماندانلىقىدىكى ئاقمېچىت جازا ئەترىتىدە قاتناشقان بۇنچ ئۇسمولوۋسكى يەرلىك ئاھالىدىن قوقانلىقلارنىڭ ئاقمېچىتتە تۇرغان چاغلىرىدا ئەتراپتىكى قىرغىز دېخانلىرى ۋە چارۋىچىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە دائىر ناھايىتى قىزىقارلىق بىر قىسىم ئەھۋاللارنى ئىگەللىگەن ئىدى. بىز بۇ ئەھۋاللاردىن ئاسىيانىڭ نادان، زالىم خانلىرىنىڭ ئاسارىتى ئاستىدا، خەلق ئۇستىدىكى ئازاپ-ئوقۇبەتلەرنىڭ قانچىلىك دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

ئۇسمولوۋسكى مۇنداق يازىدۇ: "قوقانلىقلار قىرغىزلاردىن يىغىۋېلىنىدىغان باجلارنى زاكات بېجى (چارۋا بېجى) ۋە خىراجەت بېجى (ئاشلىق بېجى) دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىغان.

قوقانلىقلار بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ شەرىئەت ھوكۇمىگە، يەنى زاكات (چارۋا بېجى) بارلىق چارۋىلارنىڭ 4 تە 1 ئۈلۈشىدىن ئاشماسلىق دېگەن بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، قورااللىق بېسىم ئارقىلىق ھەركۈنى ھەر ئائىلىدىن 6 قوي ئالاتتى، ھاللىقراق ئائىلىلەردىن ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ ئالاتتى. قىرغىزلارنىڭ باجگىرلارغا بېرىدىغان "سوغا-سالام"لىرى تېخى باجغا ھىساپلانمايتتى.

قوقانلىقلار ئاشلىقنىڭ 3 تىن 1 ئۇلۇشىنى باجغا ئېلىۋالاتتى. ئۇلار قورغان ئەتراپىدىكى چارۋىچى قىرغىزلاردىن ئېلىنىدىغان خىراجەت بېجى ئاشلىق ئورنىغا كومۈچنان ۋە ئاتلا ئالاتتى. خىراجەت بېجى يەنە تېخى ئوتۇن-ياغاچ، ياغاچ كومۈرى ۋە ئوت-چۆپ باجلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. قوقانلىقلار ھەر يىلى ھەر بىر ئۆيىدىن 24 تاغاردىن ياغاچ كومۈرى، 4 ھارۋا سوكسوك ۋە 1000 باغ پېچان ھەم قۇرۇق ئوت-چۆپ ئالاتتى. قورغاندىن يىراق جايلاردا چارۋا مال باقىدىغان قىرغىزلاردىن ئۇزلىرى بېكىتكەن باھا بويىچە قارامال ياكى ئاشلىق ئالاتتى.

قىرغىزلار زاكات بېجى ۋە خىراجەت بېجى تۆلىگەندىن باشقا، يەنە تۈۋەندىكى سېلىقلارنىمۇ كۆتۈرۈشكە مەجبۇر ئىدى:

قوقانلىقلار ئۆچۈن ئېتىزلارنى ھەقسىز تېرىپ بېرىش، باغ-باراڭلارنى ھەقسىز پەرۋىش قىلىش، قورغان ۋە شۇنىڭدەك باشقا ئىنشائاتلارنى رېمونت قىلىشقا ئوخشاش ئىشلارنى ھەقسىز قىلىپ بېرەتتى؛ ھەر ئايدا ھەر بىر ئۆيدىن بىر ئادەم چىقىپ ئۇلارغا ھەقسىز ئىشلەپ بېرىشى كېرەك ئىدى. چەت-ياقا جايلاردىكى قىرغىزلار قارا مال تاپشۇرسىلا بۇنداق مەجبۇرى ئەمگەكتىن ئازات قىلىناتتى.

قىرغىزلار ھەر يىلى قەلئە-قاراۋۇلخانىلىرىنىڭ ئېغىل-قوتانلىرىنى 6 قېتىم تازىلاپ بېرىدىكەن ئۇلار ئۇدۇل كەلگەنلا ئادەمنى تۇتۇپ كېلىپ بۇنداق ھاشارغا سېلىۋېرىدىكەن.

ئەگەر ئۇرۇش بولۇپ قالسا، ساغلام قىرغىز ياشلىرى

نىڭ ھەممىسى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغان ھامان ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىنىڭ قانچە ئۇزۇن بولۇشىغا قارىماي، ئۆز خىراجىتى بىلەن ئۆز يېنىدىن ئات چىقىرىپ، ھەربى ۋەزىپە ئۆتەشكە بېرىشى شەرت ئىكەن.

قوقانلىقلارنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمى نەتىجىسىدە، باج ۋە ئالۋاڭ-ياساقلار بارغانسېرى ئېغىرلاشماقتا. ئەيش-ئىشرەتلىك چىرىك تۇرمۇشقا بېرىلىپ كەتكەن يالقاۋ قوقانلىقلار ھەمىشە قىرغىز ئاۋۇللىرىغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ خوتۇن-قىزلىرىنىڭ ئىپپەت-نومۇسىغا تەگمەكتە ياكى شەرىئەتكە خىلاپلىق قىلىپ، قىرغىز قىزلىرىنى ئۆز نىكاھىغا ئالماقتا.

"يۇقۇرقى ئىشلارنىڭ كاساپىتىدىن، قوقان قىرغىزلىرىنىڭ كۈنى يوقسۇللۇق، قاششاقلىق ئىچىدە ئۆتمەكتە".

ھوكۇمرانلار بىلەن مەھكۇملار ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق مۇناسىۋەت شەرقتە ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت. ئاسىيادىكى مۇتلەق كۆپچىلىك ئەللەرنىڭ خانلىرى مۇشۇنداق مۇناسىۋەتنى ھەرخىل دەرىجىدە يېتىشتۈردى. ياقۇپبەگمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. ئۇ بىچارە چارۋىچىلارنى ئىمكانىيىتىنىڭ بېرىچە شۇلۇپ يېيىش ئۈچۈن، ئاقمېچىتنىڭ مەمۇرى ھوقۇقنى باشقىلارغا ئوخشاشلا ئۆز قولىدا چىڭ تۇتۇپ كەلدى. لېكىن ئۇ قىرغىزلارنىڭ كۆچۈپ تارقىلىپ كېتىشىدىن قورقۇپ، بىر تۈركۈم قىرغىزلارنى ئۆز ئەركىگە قويۇۋەتتى. چۈنكى ياقۇپبەگ مۇشۇنداق قىلمىسا، روسىيە تەۋەلىگىدىكى قىرغىزلارغا باسىمچىلىق قىلىدىغان بىر تۈركۈم باندىتلاردىن ئايرىلىپ قالاتتى، شۇڭا ياقۇپبەگنىڭ ئاقمېچىتتىكى قىلمىشلىرىدىن ئەنە شۇنداق خۇلاسىگە كەلمەي مۈمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئاقمېچىتتىكى قىلمىشلىرى سىياسى جەھەتتىن

قوقانلىقلار ئۇچۇن ئەمەس، بەلكى بىز روسىيىلىكلەر ئۇچۇن پايدىلىق بولدى. دېمەك، ئۇ بىزنىڭ ئەينى زاماندا خىۋەگە قاراتقان دىققەت-ئېتىۋارىمىزنى قوقانغا جەلپ قىلغان تۈنجى كىشىدۇر. ئۇ يەنە سىر دەرياسىغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان بىزنىڭ بىردىنلا ئاقمېچىت، تۈركىستان، تاشكەنت ۋە قوقان تەرەپلەرگە بۇرۇلۇپ، بۇ جايلارنى بېسىۋېلىشىمىزغا سەۋەبچى بولغان تۈنجى كىشىدۇر. يەنە كېلىپ، بىزنى دەۋرنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى زىممىمىزگە يۈكلىگەن ئوتتۇرا ئاسىيا مەسىلىسىنى بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۈرمەي بىر تەرەپ قىلىشقا ئۈندىگەن تۈنجى كىشىدۇر.

ئا. ماكسىيېۋ

# يەتتىنچى باپ

قەشقەرىيەنىڭ ھەربى قوشۇنى، ھەربى قوشۇنىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلۈشى، تەمىناتى، قورال-ياراق ئەھۋالى، تەلىم-تەربىيىسى ۋە ھەربى ۋەزىپە ئۆتەش خاراكتېرى، ئەسكەرلىرىنىڭ سانى ۋە 1877-يىل 1-فېۋرال (13-فېۋرال) كۈنىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى ھەم يۇقۇرقىلاردىن چىقىرىلغان خۇلاسە.

قەشقەرىيەدە دائىملىق ئارمىيە قۇرۇش يولىدىكى تۇنجى ئۇرۇنۇش مۇشۇ ئەسىرنىڭ 60-يىللىرى، خوجا ۋەلىخان تورە بۇ دولەتكە ھوكۇمرانلىق قىلىۋاتقان چاغدا باشلانغان ئىدى. 1857-يىل 4-ئايدا، ۋەلىخان تورە قوقاندىن ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەن بىرنەچچە يۈز مۇساپىر ۋە بىر قىسىم قارا قىرغىزلارنىڭ ياردىمى بىلەن قەشقەر شەھىرىنى بېسىۋالدى. ئۇ بۇ يەردىكى خەنزۇلارنى قىرىپ تاشلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنى قەشقەرىيەنىڭ خانى دەپ ئېلان قىلدى. قەشقەر ۋە قەشقەر ئەتراپىدىكى جايلارمۇ ئۇنىڭ خانلىق سەلتەنەتىنى ئېتىراپ قىلدى. ئۇنىڭ بۇنداق تېز سۈرئەتتە غەلىبە قىلىشى، ئۇنىڭغا يېڭى-يېڭى ھىمايىچىلەرنى كوپەيتىپ بەردى. ھىمايىچىلەر ئارىسىدا يەركەنلىكلەر، خوتەنلىكلەر، ئاقسۇلۇقلار ھەتتا قىسمەن قارا قىرغىزلار، قوقانلىقلارمۇ بار ئىدى. خەنزۇلار ئۆز ئادىتى

بويىچە قەلئە ئىچىگە بېكىنىۋېلىپ، ياردەمگە ئەسكەر ئەۋە-
تىلىشىنى كۈتكەن بولسىمۇ، لېكىن ياردەمچى قوشۇن يېتىپ
كېلەلمىدى. ۋەلىخان تۆرە مۇشۇ پۇرسەتتە ئۆز قوشۇنىنى
تەشكىللەشكە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشىپ كەتتى. ئۇ
ئەسكەرلىككە كىرىشنى خالىغان ئادەملەردىن قورال تۇتالاي-
دىغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز قوشۇنىغا قوبۇل قىلىۋەردى.
ھەر 500 ئادەمنى بىر تۇغ قىلىپ تەشكىللەپ، ھەر بىر
تۇغقا بىردىن پانسات قويدى. ۋەلىخان تۆرە ئۆز قوشۇنىنى
پىيادە قىسىم ۋە ئاتلىق قىسىم دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىدى.
بۇ ئەسكەرلەرگە ئالاھىدە فورما بويىچە لايىھىلەپ تىكتۈ-
رۈلگەن كىيىم كىيدۈردى. ئۇلارغا تەرتىپلىك، بىر تۇتاش
كوماندا ئاستىدا ھەركەتلىنەلەيدىغان قىلىپ تەلىم بەردى.
ئەسكەرلەر خىلمۇ خىل قورال - ياراقلار بىلەن قوراللاندۇ-
رۇلغان بولۇپ، ئاتلىق ئەسكەرلەر ۋە پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ
بىر قىسمى پىلىك بىلەن ئوت ئالدۇرۇلىدىغان چاقماقلىق مىل-
تىقلار بىلەن قوراللاندۇرۇلغاندىن سىرت، قالغان كۆپچىلىكى
نەيزە، ئۇچار نەيزە، خەنجەرلەر بىلەن قوراللاندۇرۇلغان ئىدى.

ئەمما ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۆز ئىختىيارى بىلەن
ۋەلىخان تۆرىنىڭ قوشۇنىغا كىرىدىغانلار ئازىيىپ كېتىپ
ئېھتىياجنى قاندۇرالماي قالغانلىقتىن، قەشقەر شەھرىدىن
ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى جايلاردىن ئەسكەر بولۇشقا شەرتى
توشقانلىكى ياشلارنىڭ ھەممىسىنى ئەسكەرلىككە ئېلىش چا-
رىسىنى قوللىنىشقا توغرا كەلدى. بۇ چارە قوشۇندىكى
ئەسكەرلەرنىڭ سانىنى ئاشۇرغان بولسىمۇ، ئەمما پۇقرالارنى
قاتتىق نارازى قىلدى. نەتىجىدە ۋەلىخان تۆرىنىڭ ئار-
مىيىسىنىڭ سۈپىتى تېخىمۇ تۆۋەنلەپ كەتتى. پۇقرالار قو-

شۇننى يېڭى ئەسكەر بىلەن تەمىنلىگەنلىك سىرتىدا، يەنە ئات - ئۇلاق، ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەك ۋە ئوتۇن - ياغاچلار بىلەن ھەقسىز تەمىنلەشكىمۇ مەجبۇر ئىدى. ھۆ- نەرۋەنلەرنىڭ ھەممىسى ھەربىي قىسىملار ئۈچۈن كىيىم - كېچەك ۋە قورال - ياراق ئىشلەپچىقىرىشقا سەپەرۋەر قى - لىندى. قەشقەر شەھرىدە قۇرۇلغان بىر قۇيمىچىلىق كارخا- نىسىغا بىر ئاۋغان باشچىلىق قىلاتتى. بۇ قۇيمىچىلىق كار- خانىسىدا سەككىز زەمبىرەك قۇيۇلدى. زاۋۇتتا مىس يېتىش- مىگەچكە، ۋەلىخان تورە ئاھالە ۋە چەتئەل سودىگەرلىرىنىڭ قولىدىكى مىس قاچا - قۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىۋالدى. قۇيۇلغان توپ - زەمبىرەكلەر توپچى قىسىمغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. لېكىن توپچى قىسىملارنىڭ باشقۇرۇلۇشى بەكمۇ ناچار ئىدى.

ۋەلىخان تورىنىڭ 4 ئايلىق تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، قەشقەرىيەدە خېلى جەڭگىۋارلىققا ئىگە بىر قوشۇن قۇرۇپ چىقىلدى. ۋەلىخان تورە مۇشۇ قوشۇنغا تايىنىپ خەنزۇلار بىلەن بىر تۇتۇشۇپ باقماقچى ئىدى. بۇ چاغدا خەنزۇلار ئاقسۇ، كۇچا، غۇلجىدىن قەشقەرگە قاراپ لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتاتتى. خەنزۇلار بىلەن بولغان تۇنجى قېتىملىق ئۇرۇشتىلا ۋەلىخان تورىنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ۋەتۋەرىگى چىقىپ، ئۇزلىرىنىڭ كارغا كەلمەيدىغانلىقىنى كورسەتتى. ۋەلىخان تورىنىڭ ئەسكەرلىرى خەنزۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىنى كورە - كورمەيلا دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ، قېچىپ كېتىشكە باشلىدى. ۋەلىخان تورە بىلەن ئۇنىڭ مۇرىتلىرىمۇ قاچاق- لارنىڭ كەينىدىن قېچىشقا مەجبۇر بولۇپ، شۇ قاچقان پېتى- تىچە قوقانغا ئارانلا كېلىۋالدى. قەشقەرلىكلەر سېپىلنىڭ

دەرۋازىلىرىنى يوغان ئېچىۋېتىپ، خەنزۇلارنى قارشى ئالدى.

كېيىن 1870 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە قەشقەرىيىدە باشلانغان "تۇڭگان يېغىلىغى"دا يەرلىك ئاھالە تۇڭگان قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە خەنزۇلارنىڭ ھوكۇمرانلىقىغا قارشى كۆرەشكە قاتناشقان ئىدى. شۇ چاغلاردا، خەنزۇلار ئۇزلىرىنىڭ قەشقەرىيەدىكى ھوكۇمرانلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن تۇرغۇزغان قوشۇنلىرىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ زور بىر قىسمى قەشقەرىيەنىڭ ئۆزىدىن قوبۇل قىلىنغان ئىدى.

قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئاز ساندىكىلىرىنى ھىساپقا ئالمى- غاندا، قالغانلىرى ئاساسەن تەشكىلسىز ئىدى. بۇ شەھەردىن باشقا شەھەرگە ئادەم ئەۋەتىپ ياردەم بېرىشكە توغرا كەل- گەندە، كوپىنچە ھاللاردا پەقەت ئۇ يەر - بۇ يەردىن كېلىپ توپلانغان، قورال - ياراقلىرى ناچار، چېچىلاڭغۇ، ئىنتىزامسىز ۋە پىداكارلىق روھى كەم ئادەملەر ئەۋەتىلەتتى.

1863 - يىلى خەنزۇلارغا قارشى كوتىرىلگەن قوزغى- لاڭ پۈتۈن دولەتكە كېڭەيگەن ئىدى. كىشىلەر تۇڭگانلار بىلەن بىرلىشىۋېلىپ، خەنزۇلارنى قورغان - قەلئەلەرگە بېكى- نىۋېلىشقا مەجبۇر قىلاتتى. قەشقەر شەھرىنىڭ ھوكۇمرانلىق ھوقۇقىنى قىپچاقلاردىن سىدىقبەگ قولىغا كىرگۈزۈۋالغان ئىدى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ خەنزۇلارغا كۈچى يەتمەيدىغان- لىقىغا كوزى يېتىپ، تاشكەنت ۋە قوقانغا ھوكۇمرانلىق قىلىۋاتقان ئالىمقۇلدىن ياردەم سورىدى. 1864 - يىلى ئالىمقۇل بۇزرۇكخان خوجىنى ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە ئەۋەتتى. شۇ قېتىم بۇزرۇكخان خوجا بىللە بىلەن قەش- قەرىيەگە كەلگەنلەر ئىچىدە يەنە باش قوماندانلىق سالا- ھىيىتىگە ئىگە بولغان ياقۇپبەگ ھەمدە 60 نەچچە ئاتلىق

ئەسكەر ۋە باشقا تەۋەككۇلچىلەرمۇ بار ئىدى. ياقۇپبەگ ئاجىز ھەم ئىقتىدارسىز بۇزرۇكخاننى تەدرىجى ھالدا بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، قەشقەرنىڭ چوڭ ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا كىرگۈزۈۋالدى. كېيىنكى ئۈن يىل جەريانىدا ئەنە شۇنداق چارىلەر بىلەن كىرىيەدىن تارتىپ خوتەن، يەركەن، قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچا، كورلا ۋە تۇرپاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن قەشقەرىيەنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا كىرگۈزۈۋالدى.

ياقۇپبەگ دەسلەپتە قەشقەر (يېڭى شەھەر) قورغىنىنى قورشىۋېلىش، يەركەنگە ئىككى قېتىم، خوتەنگە بىر قېتىم يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قوماندانلىق قىلدى. ياقۇپبەگنىڭ بۇ ئۇرۇشلارغا قاتناشقان قوشۇنى ھەر خىل مىللەتلەردىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئۇلار قەشقەردىيەلىكلەر، قارا قىرغىزلار ۋە قوقانلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ياقۇپبەگ قوشۇنىنىڭ قورال-ياراق، كىيىم-كېچەكلىرى ناھايىتى ناچار ئىدى. ئەمما ياقۇپبەگنىڭ ئاخىر قۇدرەت تېپىپ پۈتۈن دولەتنىڭ ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا كىرگۈزۈۋالغانلىقى، يۇقىرىلار ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى ئارمىيە ئىچىدىمۇ ئۆز دۈشمەنلىرىنى كۆپەيتىۋەتتى.

ياقۇپبەگ يەركەنگە قارشى ئېلىپ بارغان بىرىنچى قېتىملىق ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغانلىقتىن، ئۆز قوشۇنىدىكى قىپچاقلار ئۇنىڭغا قارشى ئىسيان كۆتەردى. ياقۇپبەگ ”بۇ قىپچاق يېغىلىقى“نى باستۇرغاندىن كېيىن، ئارمىيە ئىچىدىكى بۇيرۇققا بويسۇنمايدىغان، غەلىبىيانچى قارا قىرغىزلارنى پۈتۈنلەي تازىلىۋەتتى.

ياقۇپبەگ زورلۇق ۋە ئالدامچىلىق ۋاستىلىرى بىلەن قەشقەرىيە تەختىنى تارتىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن خەلقنىڭ

رايىنى تېخى جەلپ قىلالمىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ ھاكىمە-يەتنى قولغا ئالغان بىرىنچى كۈندىن باشلاپلا ئارمىيىگە تايانـدى. شۇنىڭ بىلەن، ئارمىيە بۇ دولەتتە ئىمتىيازلىق ھوكۇمران تەبىقىگە ئايلاندى.

ياقۇپبەگنىڭ تەشكىلىي ئاپاراتىدىكى دەسلەپتىكى ئالاھىدىلىكلەر ھېلىمۇ ساقلاپ قېلىنغان. بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇستەقىل دولەتلەر ئۇزاقتىن بۇيان قوللىنىپ كېلىۋاتقان تەشكىلىي ئاپاراتلارنىڭ شەكلىدىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيدۇ.

ياقۇپ بەگنىڭ قوشۇنى پىيادىلەر قىسمى، ئاتلىق ئەسكەرلەر قىسمى ۋە توپچى قىسىم دىگەن 3 خىل ئەسكىرىي تۈرگە ئايرىلاتتى. بۇ قىسىملاردا يۈز بېشى قوماندانلىق قىلىدىغان سوتنە ئاساسلىق جەڭگىۋار بىرلىك بولۇپ ھىساپلىناتتى. ھەربىر سوتنە 40 تىن 60 قىچە ئادىمى بولغان 2 يېرىم سوتنىدىن تەشكىل قىلىناتتى. ھەر سوتنىگە بىردىن پەنجىبېشى قوماندانلىق قىلاتتى. ھەر يېرىم سوتنە 10 دىن ئادىمى بار بىر قانچە دەستىگە بولۇنەتتى، ھەر بىر دەستىگە بىردىن "داباش" باشلىق ئىدى.

بۇ دولەتنىڭ بايلىق مەنبەسى ياقۇپبەگنىڭ ئارمىيىسىنى كىيىملىك رەخ (رەخلەرنىڭ بىر قىسمى روسىيىدىن، يەنە بىر قىسمى ھىندىستاندىن ئىمپورت قىلىندۇ)، پارتلاتقۇچ دورا، قوغۇشۇن ۋە چويۇندىن باشقا، بارلىق ئوزۇق-تۈلۈك، كىيىم-كېچەك خامئەشيالار بىلەن تەمىنلەيتتى. ئەمما ياقۇپبەككە تولىمۇ ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقىنى مىلتىق ۋە زەمبىرەك ئىدى. ئۇنىڭ قولىدىكى قورال-

ياراقلار ئاساسەن خوشنا مۇستەقىل دولەتلەردىن كىرگۈ-زۈلگەن ۋە ئۇزىدە ئىشلەنگەن چاقماقلىق بەردەڭگى مىلتىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. ياقۇپبەگ بۇنداق بەردەڭگى مىلتىقلاردىن باشقا، 1868 - يىلى چەتئەللەرنىڭ يەنە بىر سىتوۋۇللۇق ۋە قوش سىتوۋۇللۇق ئوۋ مىلتىقلىرىدىنمۇ بىر ئاز ھەل قىلدى. ياقۇپبەگنىڭ توپچى قىسىملىرىنىڭ قورال-جابدۇقلىرى بەكمۇ ناچار ئىدى.

ياقۇپبەگ ئىنگلىزلار ۋە تۈركلەر بىلەن ئۇزئارا مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن كېيىن، ئۇلاردىن بىر بولۇك بىر ئاتار ۋە بەش ئاتار تۈركلەنگا مىلتىقلارنى ئېلىش ئارقىلىق ئۇز قوشۇننى قوراللاندۇرۇش ئىمكانىيە-تىگە ئىگە بولدى. شاۋ باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىگى بىلەن فورسىس باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىگى ياقۇپبەگنى بىر يۇرۇش قوراللار بىلەن تونۇشۇش ئىم-كانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بۇ ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى ياقۇپ-بەككە بىر نەچچە يۈز تال مىلتىق يەنى كەينىدىن ئوقلىنىدىغان سىندىركا، ئاغزىدىن ئوقلىنىدىغان ئىنفىيولدى مىلتىقلىرى، ناگان ۋە ئوبۇيما (ئوق قاچىلىغۇچ) نۇسخى-لىرىنى سوغا قىلدى. فورسىس ئەپەندى يەنە ياقۇپبەگنىڭ ھىندىستان ۋالىسى ھوزۇرىغا ۋەكىللەر ئۆمىگى ئەۋەتىشىنىمۇ تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ھىندىستان بىلەن ئىستاه-بۇلغا بارىدىغان يول راۋانلاشتى. قەشقەرىيە بىلەن بولغان قورال-ياراق سودىسى مۇشۇ يول ئارقىلىق ھېلىمۇ قىزغىن كېتىۋاتماقتا.

ئىنگلىزلار قەشقەرىيەنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھىندىستاندىكى زېمىنىنى روسىيىنىڭ تۈركىستاندىكى زېمىنىدىن ئايرىپ تۇرد-

دىغان بىتەرەپ رايونغا ئايلاندۇرۇشنى ئۈمىت قىلدۇ.

ئۇلار مۇشۇ ئارزۇ-ئۈمىتىنىڭ تۈرتكىسى ئارقىسىدا، ئۆزلىرىنىڭ باشقا دۆلەتلەردە ئۆزۈندىن بېرى قوللىنىپ كەلگەن چارە-تەدبىرلىرىنى قەشقەرىيەدىمۇ قوللاندى. ئۇلارنىڭ مەقسىدى، روسىيىلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاسىيادىكى چېگرىسىنى تېخىمۇ جەنۇپقا سۈرمەكچى بولۇپ قالسا روسىيىلىكلەرنى ئىمكانىيەتىنىڭ يېتىشىچە بۇ بىتەرەپ رايونغا كىرگۈزمەسلىك ئىدى. ئىنگلىزلارنىڭ چارە-تەدبىرلىرى بولسا ئافغانىستان ۋە قەشقەرىيەنىڭ ھوكۇمرانلىرىنى قورال-ياراق بىلەن تەمىنلەش، ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرىنى تەربىيىلەش ۋە بۇ ھوكۇمرانلار بىلەن مۇداپىئە ئىتتىپاقى تۈزۈشكە ئوخشاش مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئەنگلىيە بۇ جايلاردا سىياسى جەھەتتە ئۈستۈنلۈك قازىنىش ئۈچۈن، تۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن مەنسەپدار ياكى ئالاھىدە تەيىنلەپ ئەۋەتىلگەن خادىم دىگەندەك ناملار ئاستىدا مۇشۇ ھوكۇمرانلارنىڭ ئوردا-قەسىرلىرىدە ئۆزىنىڭ ۋەكىللىرىنى تۇرغۇزۇش ئىمتىيازىنى ناھايىتى ئۈستىلىق بىلەن قولغا كىرگۈزۈۋالاتتى. ئەنگلىيە يەنە ئۆزىنىڭ شۇ جايلاردا قۇرغان بىر مۇنچە زاۋۇت-فابرىكىلىرى ئارقىلىق ئۆز قولىدىكى كۈچلۈك ۋاستىلاردىن پايدىلىنىپ، سودا ئىشلىرىدا مەخسۇس پايدىلىنىش ھوقۇقىغا (پاتېنتقا) ئىگە بولۇۋالاتتى.

ياقۇپبەگ مۇشۇ يىللار ئىچىدە ئەنگلىيىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز ئارمىيىسىنىڭ قورال-ياراقلىرىنى ۋە ھەربى قىسىملارنىڭ تەلىم-تەربىيىسىنى ياخشىلاشقا كۆپ تىرىشتى.

1872 - يىلى تۇنجى قېتىم قەشقەرىيەگە بارغان روسىيە ۋەكىلى پولكوۋنىك بارۇن كاللبارس ياقۇپبەگ ھوزۇرىدا ھەربى پارات كورۇشكە قاتناشقان ئىدى. ئۇ ئۇزىنىڭ تۇركىستان ھەربى ۋالىسىغا يازغان خېتىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

"دەسلەپتە خەنزۇ ۋە تۇڭگان ئەسكەرلەردىن تەركىب تاپقان 3.000 كىشىلىك پىيادىلەر قىسمى چاسا مۇداپىيە سىيى بويىچە مانىۋېر قىلىپ پاراتتىن ئۇتتى. گۇمبۇرلەپ قۇلاقنى يارغۇدەك قاتتىق ئېتىلىۋاتقان توپ - زەمبىرەكلەر بۇ قىسمنىڭ ئاساسىي ئوت كۇچى ئىدى.

"ئۇلاردىن كېيىن، سەرۋازلار (يەرلىكلەردىن تەشكىللەنگەن پىيادىلەر قىسمى) مانىۋېر قىلىپ ئۇتتى. ئۇلار ئۇستا مەرگەنلەر ئىكەن، ئوقنى چېنىگەن يېرىگە تەككۇزەلەيدىكەن. بۇ قىسمدىمۇ بىرونزىدىن قۇيۇلغان بىر توپ بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ مۇشۇ توپ بىلەن 1.000 قەدەم يىراقلىقتىكى نىشاننى بىر نەچچە قېتىم سوققۇۋەتكەنلىكىنى ئوز كوزۇم بىلەن كوردۇم.

"ئەڭ ئاخىرىدا، 6 زەمبىرەك بىلەن قوراللانغان دالا توپچى قىسمى تەنتەنە بىلەن پاراتتىن ئۇتتى. ئۇلارنىڭ ئېنگلىزچە بەلگە ۋە كوماندا بىلەن كورسەتكەن ماھارەتلىرى خېلىلا يۇقۇرى سەۋىيىدە ئىدى. ئۇلار ئارقىغا چېكىنىش، چېكىنىش داۋامىدا توپنى قۇرۇپ ئېتىش، ئاددى ئېتىش (قارىغا ئالماستىنلا بىۋاستە نىشانغا ئېتىش) قاتارلىق ماھارەتلىرىنى كورسەتتى.

"ئارقىدىنلا توپچى قىسمنى قوغدايدىغان 50، 60 ئاتلىق ئەسكەرلەر ۋە شۇنىڭ بىلەن تەڭ ساندىكى پىيادە

ئەسكەرلەر ئۆتتى، ئۇلار نەيزىلىك تۈركلەنكا مىلتىقلار بىلەن قوراللانغان ئىدى. بۇ توپچى قىسىمغا بىر ئاۋغان قوماندانلىق قىلىدىكەن. ئۇنىڭ قول ئاستىدا بىر نەچچە ھىندى ئوفىتسېرى ۋە 3 ئاۋغان كانايچى بار ئىكەن. بۇ قىسىمدا يەنە رۇسمىكىن، ياكى تاتارمىكىن بىر قاچاق ھەربى كىشى مەشقاۋۇل ئىكەن.“

پارات ئاياقلاشقاندىن كېيىن، ئۇلار بارون كالبارسقا قەشقەرىيە قىسىملىرىنىڭ گەزەرمىلىرىنى كۆرسەتكەن. ۋەكىللەر ئۇمىگمىزدىكىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، توپچى قىسىم تۇرغان گەزەرمىنىڭ ئۇيلىرى ياۋروپا پوسۇنىدا بولۇپ، بىر قاراۋۇل قىلىچىنى مۇرىسىگە قويۇۋالغان پېتىچە، قاتار-قاتار تىزىپ قويۇلغان توپلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ قاراۋۇللۇق قىلىدىكەن. ئەسكەرلەر ئوفىتسېرلار بىلەن پاراڭلاشقاندا دىققەتتە تۇرمايدىكەن، ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋېرىدىكەن. توپچى قىسىمنىڭ قوماندانى ئالاھىدە ياسالغان ئۆيدە ئولتۇرىدىكەن. بارون كالبارس ئۆزىنىڭ كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى، ھەممە نەرسىلەردىن ئېنگلىزلارنىڭ تەسىرىنى كۆرۈش مۇمكىن، دىگەن بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئاياقلاشتۇرىدۇ.

1875-يىلى پولكوۋنىك رېينتال چار پادىشانىڭ ياقۇپبەگكە يوللىغان سوغا-سالاملىرىنى ئېلىپ قەشقەرىيەگە كەلگەن ئىدى. ئۇ قەشقەر شەھرىدە تۇرغان 3 كۈن داۋامىدا، قەشقەرىيە قوشۇنلىرىنىڭ ھەربى پارادىنى كۆرۈشكە ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ياقۇپبەگنىڭ ھەربى كۈچىگە دائىر ماتېرىياللارنى ئىگەللەشكە مۇۋەپپەق بولدى. ئۇ تاشكەنتكە قايتىپ بارغىنىدىن كېيىن، تۈركىستان ھەربى ۋالىسىغا يوللىغان دوكلادىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

"1. ئەنگلىزلارنىڭ ياقۇپبەگكە تەپكىلىك مىلتىقتىن ناھايىتى كوپ بەرگەنلىكىنى ئوز كوزۇم بىلەن كوردۇم. مەن بۇ مىلتىقلاردىن بىرىنى قولۇمغا ئېلىپ كورۇپ باقتىم. مىلتىق ياخشى ئاسرالمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ تۇركىلەنكا ياكى بەردەنگى ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىشكە مۇمكىن بولمىدى.

"2. ياقۇپبەگ بىر قۇيمىچىلىق زاۋۇتى قۇرغان. بۇ زاۋۇت ئاغزىدىن ئوقلىنىدىغان تۇركىلەنكىنى كەينىدىن ئوق-لىنىدىغان تۇركىلەنكىگە ئوزگەرتىپ ئىشلىيەلەيدىكەن. بۇ قۇيمىچىلىق زاۋۇدىنىڭ ئېنگلىزلارنىڭ ياردىمى بىلەن قۇرۇلغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. بۇ زاۋۇت 4.000 تال تۇر-كىلەنكىنى ئوزگەرتىپ قۇراشتۇرۇپ چىقىپتۇ. مەن 1875-يىلى 15-مايدا (27-مايدا) ئوز كوزۇم بىلەن كورگەن ھەربى پاراتتا 6.000 دەك پىيادە ئەسكەرنىڭ ھەممىسى كەينىدىن ئوقلىنىدىغان تۇركىلەنكا مىلتىق بىلەن قورال-لانغان ئىدى. مەن مۇشۇ مىلتىقلاردىن بىرىنى قولۇمغا ئېلىپ كورۇپ باقتىم، بۇ مىلتىقنىڭ زاتوۋۇرنى سولدىن ئوڭغا تولغاپ ئاچقىلى بولىدىكەن. تەپكىنى بېسىۋەتكەندە، زاتوۋۇر ئىچىدىكى ئودارنىك (يىڭنە) پىستانغا ئۇرۇلۇپ دورىنى ئوت ئالدۇرىدىكەن.

"قۇيمىچىلىق زاۋۇدى ھەپتىسىگە 16 تال تۇركىلەنكا مىلتىق ئىشلەپچىقىرالايدىكەن.

"3. قەشقەردە مىلتىق دورىسى ئىشلەپچىقىرىلىدىغان زاۋۇتتىن بىر قانچىسى بار ئىكەن. بۇ زاۋۇتلار گىكسو-گىندەك① سۇپەتلىك دورىلارنىمۇ ئىشلەپچىقىرالايدىكەن.

---

① گىكسوگىن — بىر خىل پارقىراق كەلگەن، قارا مىلتىق دورىسى — مۇھەررىردىن.

"4 ـ قەشقەردە ئادەتتىكى توپ ـ زەمبىرەكلەرنى قۇيا ـ لايدىغان بىر قۇيمىچىلىق زاۋۇتى بار ئىكەن. مەن ئۇلار ـ نىڭ يېڭىدىن قۇيۇپ چىقىلغان 4 دانە رىفلىلىق توپىنى① سىناق قىلىۋاتقانلىقىنى كوردۇم. قەشقەردە زەرەت② ئىشـ لەپچىقىرىدىغان يەنە بىر ئالاھىدە زاۋۇتىۇ بار ئىكەن.

"ياقۇپبەگ مىلتىق دورىسىنى سىناق قىلىپ ياساشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن، ئېنگىلىزلارغا ئالاھىدە تەشەككۇر ئېيتقان.

"5. قەشقەرىيەدە پەقەت بىرلا توپخانىنى ئۇچراتتىم، بۇ توپخانىدا 6 دانە توپ بار ئىكەن، ئۇنىڭ 4 دانىسى يېڭىدىن قۇيۇلغان تاغ زەمبىرىكى ئىكەن. بۇ توپلار زەرەتلەر قاچىلانغان يەشىكلەر بىلەن بىللە ئۈچ ئاتلىق توپ هارۋىسىغا ئورنىتىلىپتۇ. بۇنىڭ سىرتىدا يەنە، پىيادە ئەسكەرلەرگە قاراشلىق 16 دانە توپ بار ئىكەن. يەنە بىر قىسىم توپلار 18.000 ئەسكەرگە سەپلەپ بېرىلىپ، ماناسقا ۋە ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىلىپتۇ.

"6. پىيادە ئەسكەرلەر مارش يۈرۈشنى ناھايىتى ياخشى ئورۇنلايدىكەن. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق سەپ تۈزۈش شەكلى چاسا سەپ ئىكەن. ئۇلار هازىر سەپ بويىچە تارقىلىشنى مەشق قىلىۋېتىپتۇ. ياقۇپبەگ پىيادە ئەسكەرلەردىكى ئاجىزلىقنى ئاساسەن، مۇشۇنداق مەشق قىلىشنى بۇيرۇپتۇ.

---

① رىفلىلىق توپ — سىتوۋۇلىدا ساي سىزىقى بولغان بىر خىل توپ. — مۇھەررىردىن.

② زەرەت — توپ ئوقىنىڭ (سنارەتنىڭ) ئېتىلىپ يىراققا چۈشۈشى ئۈچۈن قىستۇرۇلىدىغان بولاق دورا — مۇھەررىردىن.

"7. ئاتلىق ئەسكەرلەر ئۆزئارا ناھايىتى ئوبدان ماسلىشىپ ھەركەت قىلىدىكەن. ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ قورال - ياراقلىرى خىلمۇ - خىل ئىكەن. مەن تەخمىنەن 1.500 ئاتلىق ئەسكەرنىڭ پاراتتىن ئۆتۈشىنى كوردۇم.

"8. قەشقەردە ئېنگىلىز ئىشچىلىرى كوپ ئىكەن.

"9. ياقۇپبەگ ئارمىيىسىنىڭ مەشقاۋۇللىرى تۈرك ئىكەن. مەن تۈرك ھەربى مەشقاۋۇللىرىدىن ئىككىنى كوردۇم.

"10. پىيادە ئەسكەرلەر يېقىن ئارىدا پوسۇنى روسىيىلىكلەرنىڭكىگە ئوخشايدىغان بىرخىل يېڭى ھەربى كىيىم كىيىدىكەن."

پولكوۋنىك رېينتالنىڭ ئاخباراتىدا گەرچە بىر ئاز مۇبالىغە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ. 1875 - يىلى ياقۇپبەگ ئارمىيىسى قورال - ياراق جەھەتتە ئەنگلىيىنىڭ ياردىمى بىلەن خېلى دەرىجىدە يۇكسەلگەن.

بىزنىڭ 1876 -، 1877 - يىللىرى ئەۋەتىلگەن ۋەكىللەر ئومىگىمىز بەدولەتنىڭ ھەربى كۈچىگە ۋە بايلىق زاپىسىغا دائىر ئاخباراتلارنى ئىگەللەشتە، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى چاغلاردا ئەۋەتىلگەن ۋەكىللەر ئومىگىمىزگە قارىغاندا ناھايىتى ئوڭۇشلۇق شارائىتلارغا ئىگە ئىدى. بىزنىڭ ۋەكىللەر ئومىگىمىز 1876 - يىلى ئۇشتىن يولغا چىقىپ، قەشقەر، ئاقسۇ، باي، كۇچانى بېسىپ ئۇتۇپ، كورلا ۋە قاراشەھەر قورغانلىرىغىچە باردى. شۇ قېتىملىق سەپەردە بىز ياقۇپبەگ زېمىنىدا تەخمىنەن 2.436 چاقىرىم يول باستۇق. ئومىگىمىزنىڭ ئەزالىرى قەشقەردە بىر قانچە قېتىم ھەربى كورەككە قاتنىشىپ، قىسىملارنىڭ گەزەرمىلىرىنى كوزدىن كەچۇردى. بەدولەت تەرىپىدىن

كورلىدا ئۇيۇشتۇرۇلغان بىر قىممەتلىك مانىۋېرنى كورگەنىنىڭ سىرتىدا، يەنە باي ۋە كۆچادىمۇ ھەربى كورەكنى كورۇشكە قاتناشتى. ۋەكىللەر ئومىگىمىز قەشقەرىيەدە تۇرغان 6 ئايغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئىگەللىگەن ياقۇپبەگنىڭ ھەربى كۆچىگە دائىر ئاخباراتلىرىنى يەنە بىر قېتىم بىر بىرلەپ سوراپ ئېنىقلاش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. ئەمما يەرلىك ھوكۇمەتنىڭ گۇمانخورلۇغى ۋە ھەقىقى ئەھۋالنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىغى ئارقىسىدا، ئاسيانىڭ بۇ مۇستەقىل دولىتىدە ھەقىقى ۋە توغرا ئاخبارات ئىگەللىشىمىز شۇ قەدەر قىيىنلاشتىكى، ھەتتا ئوزەم تۇۋەندە ئوتتۇرىغا قويىغان ماتىرىيالنىڭ تامامەن توغرىلىغىغا ھوددە قىلالماي قالدىم. شۇڭا مەن ئالدى بىلەن بۇ ماتىرىيالدا كورۇلۇشى ئېھتىمال بولغان خاتالىقلار ئۇستىدە كىتاپخانلاردىن ئەپۇ سورايمەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ خاتالىقلار ئانچە مۇھىم ئورۇندا تۇرماس، دەپ قارايمەن.

ۋەكىللەر ئومىگىمىز بەدولەت قوشۇنلىرىنىڭ تەشكىلى، شتاتى، قورال - ياراق، جابدۇق - ئەسلىھەلىرى، ھەربى مەجبۇرىيەت ئوتەش مۇددىتى، ھەربى ئىش - مەشغۇلاتى، ھەربى تەلىم - تەربىيىسى ۋە مانىۋېرلىرى ھەققىدىكى بەزىبىر قىزىقارلىق ماتىرىياللارنى تەپسىلى ئىگەللىدى.

ئاخىرىدا، بەدولەت قوشۇنىنىڭ سانى ۋە ئۇلارنىڭ قەشقەرىيەنىڭ جاي - جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى ھەمدە ئۇلارنىڭ مۇشۇ ھاكىمىيەتنى تۇتقان سالمىغى ھەققىدە ئىمكانىيىتىمنىڭ يېتىشىچە ئوزەمنىڭ ئومۇمى يۇزلۇك مولچەرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

ياقۇپ بەگ قەشقەردە ھەربى خىزمەت ئوتەۋاتقانلار-

نىڭ ھەممىسىنى "سىپاھلار" دەپ ئاتايدىكەن. بۇ سىپاھلار ئۆزلىرى ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقان ئورۇنلىرى بويىچە پىيادە ئەسكەرلەر، ئاتلىق ئەسكەرلەر ۋە توپچى ئەسكەرلەر دەپ ئايرىلىدىكەن. پىيادە ۋە ئاتلىق قىسىملاردىن باشقا، يەنە توپ كوتەرگۈچىلەرمۇ بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ جابدۇقلىرى پىلىك ۋە پىلىككە ئوت يېقىشقا ئىشلىتىلىدىغان چاقماقلىق ئوت ئالدۇرغۇچلارنىمۇ ئوز ئىچىگە ئالىدىكەن (ئىلگىرى روسىيە قورغانلىرىدا ئىشلىتىلگەندەك). ھەر 4 ئادەم بىردىن توپنى كوتىرىشكە مەسئۇل ئىكەن. شۇڭا ئۇلارنى پىيادە ئەسكەرلەر دىگەندىن كورە، توپچى ئەسكەرلەر دەپ ئاتىغان توزۇك.

دائىملىق ئارمىيە پىيادە ئەسكەرلەر قىسمى، ئاتلىق ئەسكەرلەر قىسمى ۋە توپچىلاردىن تەركىپ تاپىدىكەن. ئۇنىڭ سىرتىدا، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، قەشقەرىيەنىڭ شەرق تەرىپىدىكى شەھەرلەردە① يەنە بىر قىسىم تۇڭگانلار قوشۇنىمۇ تەشكىل قىلىنغان ئىكەن.

قەشقەرىيە ئارمىيەدىكى قوشۇنلار گەرچە مۇنتىزىم قوشۇن ياكى يەرلىك قوشۇن دەپ ئايرىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تەلىم-تەربىيە ئىشلىرىغا، قورال-ياراقلىرىغا ۋە ئەسلىھەلىرىگە قاراپ، ئۇلاردىن پەقەت پىيادە ئەسكەرلەر قىسمى بىلەن ئاتلىق ئەسكەر قىسمىنى ۋە قىسمەن توپچى ئەسكەرلەرنىلا مۇنتىزىم ئارمىيە دەپ قاراشقا بولىدۇ.

① قەشقەرىيەنىڭ شەرق تەرىپىدىكى شەھەرلەر — ئۇرۇمچى، ماناس ۋە تۇرپان، ئالدىنقى 2 شەھەر 1876 - يىلى خەنزۇلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان — ئاپتوردىن.

ياقۇپبەگ قوشۇنىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ھەربى مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقان ھەربىلەردۇر.

(a) پىيادە ئەسكەرلەر (سەرۋازلار). بۇنىڭدىن بىر قانچە يىل ئىلگىرى تۈرك ھەربى ئوقۇتقۇچىلار ياقۇپبەگ ھوزۇرىغا كەلگەندىن كېيىن، قەشقەرىيەنىڭ پىيادە ئەسكەرلىرى بۇرۇنقىدەك «سوتنە» ۋە تۇغ دەپ ئايرىلماي، بەلكى «تابور» لارغا ئايرىلىدىغان بولغان. ھەربىر «تابور» 30 دىن ئۇزۇن سەپ بولغان 8 «بولەك» كە ئايرىلىدىكەن. لېكىن قىسىملاردىكى ئەسكەرلەرنىڭ سانى تولۇق بولمىغانلىقتىن بىر «بولەك» تولۇق بىر ئۇزۇن سەپ بولالماي، پەقەت 15 تىن 30 غىچە ئۇزۇن سەپ بىر «بولەك» ھېساپلىنىدىغان بوپتۇ.

(b) ئاتلىق ئەسكەرلەر. ياقۇپبەگ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، ئۇنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ مۇتلەق كوپچىلىگى تۈرك ھەربى ئوقۇتقۇچىلىرى كورسەتكەن شتات بويىچە تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇلارمۇ پىيادە ئەسكەرلەرگە ئوخشاشلا «تابور» لارغا بولۇنگەن ئىكەن. ھەربىر «تابور» سان جەھەتتىن ئالغاندا، روسىيىنىڭ 2 روتىسىغا باراۋەر بولۇپ، 8 «تاقىم» غا بولۇنىدىكەن. ھەربىر «تاقىم» 15 تىن 16 گىچە ئۇزۇن سەپتىن تەشكىل تاپىدىكەن.

مۇتلەق كوپ ساندىكى ئاتلىق قىسىملاردا، يۇقۇرقىدەك شەكىل قوللىنىلغانلىقىنىڭ سىرتىدا، يەنە بۇرۇنقىدەك «سوتنە» لەرگە ۋە «تۇغ» لارغا بولۇنىدىغان شەكىلمۇ ساقلىنىپ قالغان. «سوتنە» لەرگە «يۈز بېشى» قوماندانلىق قىلىدىكەن، پانسات «تۇغ» قا قوماندانلىق قىلىدىكەن. ھەربىر «سوتنە» دە 40 تىن 100 گىچە ئەسكەر بولىدى-

كەن، ھەربىر "تۈغ" دا 3 تىن 6 گىچە سوتنە بولىدىكەن.
پىيادە ئەسكەرلەر ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەر قىسىملىرىدا سەپلىك تۈزۈم قوللىنىلىدىكەن.

(c) توپچى قىسىم. قەشقەرىيە ئارمىيىسىدە ئىككى توپچى ئەترەت بار ئىكەن. ھەربىر ئەترەتتە 6 دانىدىن توپ بار بولۇپ، ئەترەتلەر ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر بولۇم ھېساپلىنىدىكەن. پولكوۋنىك كالبارس 1 - توپچى ئەترەتتە قەشقەرىيەدە ئىشلەپچىقىرىلغان 12 قاداقلىق ئوق يەيدىغان ئاغزىدىن ئوقلىنىدىغان توپلار بار ئىكەنلىكىنى، 2 - ئەترەتتە 3 قاداقلىق ئوق يەيدىغان تاغ زەمبىرەكلىرى ۋە يەنە بىر قىسىم كەينىدىن ئوقلىنىدىغان توپلار بارلىقىنى ئۆز كوزى بىلەن كورگەن①.

2 - ئەترەتنىڭ توپلىرى بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى ھىندىستاندىن سېتىۋېلىنغان يېڭى توپلار ئىكەن. بۇ توپلارنىڭ ئىچىدە 5 توپنىڭ لوكلىرى بۇزۇلغان ياكى كېرەكتىن چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئالدىنقى قاراۋۇلخانىلاردا قۇرۇغلۇق پېتى تۇرۇۋېتىپتۇ. قەشقەرىيەدە ئىشلەپچىقىرىلغان باشقا توپلار پىيادە ئەسكەرلەر قىسمىغا تارقىتىپ بېرىلىپتۇ. بۇ توپلارنىڭ 16 سى ساقچىلىق قىلىۋاتقان 2 قىزىل سەۋزلار تابورىغا② بولۇپ بېرىلگەن

① باشقا ئاخباراتلاردىن قارىغاندا، بۇ توپچى قىسىملاردا 8 زەمبىرەك بار بولۇپ، بۇلاردىن 4 ى ئارقىدىن ئوقلىنىدىغان، قالغان 4 ى بولسا ئاغزىدىن ئوقلىنىدىغان زەمبىرەك. — ئاپتوردىن.

② بىز قەشقەرىيەدە تۇرغان ۋاقىتتا، بۇ "تابور" لارنىڭ بىرسى ئالدىنقى قاراۋۇلخانىدا، قالغانلىرى قەشقەر شەھرىدە ئىكەن — ئاپتوردىن.

بولۇپ، ھەربىر تابوردا 6دىن توپ بار ئىكەن. ئەمما باشقا تابورلارنىڭ ھەربىرىدە ئاران ئىككىدىن توپ بار ئىكەن.

(d) توپچىلار. بۇ ھەربىي قىسىمدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى خەنزۇ ۋە تۇڭگان ئىكەن. ھەر 4 ئەسكەر بىر گۇرۇپپا بولۇپ، ھەربىر گۇرۇپپا بىردىن توپقا مەسئۇل ئىكەن. ھەربىر توپنىڭ ئۇزۇنلىقى بىر ساژىن بولۇپ، كالىبىرى بىر ۋېرشوكقا يەتمەيدىغان بەش توپتىن بىر توپچىلار روتىسى تەشكىل قىلىنىدىكەن. ھەربىر كىچىك روتىنىڭ ئۆز ئالدىغا بىردىن بايرىقى ۋە سومبىلىق مىلتىقلار بىلەن قوراللانغان 5 ساقچىسى بولىدىكەن.

پىيادە ئەسكەرلەر قىسمى. ئاتلىق ئەسكەرلەر قىسمى ۋە توپچى ئەسكەرلەر قىسمىدىكى ھەربىي دەرىجە-ئۇنۋانلار تۆۋەندىكىچە بولىدىكەن: ئاساسقاتلاملاردا دابېشى، پەنجىبېشى قاتارلىق 2 تۆۋەن دەرىجە بولىدىكەن. يۈز بېشى بىلەن پانساتلار ھەربىي ئوفىتسېرلار ھېساپلىنىدىكەن، بۇلار تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار تەبىقىسىگە مەنسۇپ ئىكەن. ئىككىنچى خىلدىكىلىرى مەسلىھەتچى خادىملار دېيىلىدىكەن، ئۇلاردىكى ئەڭ يۇقىرى ھەربىي ئۇنۋان — لەشكەر بېشى ئىكەن. بىر لەشكەر بېشى 5 تىن 10 غىچە پانساتقا قوماندانلىق قىلىدىكەن. لەشكەر بېشى ياۋروپادىكى دىۋىزىيە كوماندىرلىرى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك قوماندان بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ياقۇپبەگ دەسلەپتە ئۆز ئارمىيىسىنى يەرلىك ئاھالە ۋە چەتئەللىكلەر ئارىسىدىكى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ھەربىي سەپكە كىرىشنى خالايدىغانلار بىلەن تولۇقلاپ كەلگەن

ئىكەن. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۆز ئىختىيارى بىلەن ھەربى سەپكە كىرىدىغانلار ئازىيىپ كەتكەنلىكتىن، ئېھتىياجىنى قاندۇرالماي قالغان. شۇ سەۋەپتىن، ياقۇپبەگ ئەسكەر-لىككە چاقىرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا مەجبۇر بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قوشۇننى تولۇقلاشنىڭ يەنە بىر خىل چارىسى سۈپىتىدە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ھەربى سەپكە كىرىش تۈزۈمىمۇ ساقلاپ قالغان. قەشقەرىيەدە يېشى 15 كە تولغان ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسى ھەربى خىزمەت ئۆتەش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى شەرت ئىكەن. ھەر يىلى ئەس-كەرلىككە چاقىرىلىدىغانلارنىڭ سانى ھەربى خىزمەتنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن. ھەربى سەپكە چاقىرىلىدىغان يېڭى ئەسكەرلەرنىڭ سانى ئولكە، شەھەر ۋە كەنتلەر بويىچە تەقسىم قىلىنىدىكەن. ئەگەر بىر ئائىلىدە ئىككى ياكى ئۈچ ئوغۇل بولسا، ئۇلاردىن بىرسى چوقۇم ئەسكەرلىككە ئېلىنىدىكەن. بۇ ھەر بىر ئائىلە ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەققەتەن ئېغىر يۈك. يېڭى ئەسكەرلەرنىڭ يېشى بەلگىلىمە بويىچە 15 تىن 30 غىچە، ھەتتا 35 گىچە ئىكەن.

ياقۇپبەگ بىردەم خوشنىلىرى بىلەن، يەنە بىردەم خەلقنى باستۇرۇش مەقسىدى بىلەن دائىم ئۇرۇش قىلىپ تۇرغاچقا، كۈچلۈكرەك بىر ئارمىيىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. ئەمما بۇ، خەلقنىڭ ئۈستىدىكى يۈكنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرىۋەتكەن. ھەربى مەجبۇرىيەت تۈزۈمى شەھەر ۋە يېزىلاردا ئۇدا بىرقانچە يىل يۈرگۈزۈلگەن. قەشقەرىيە مەمۇرلىرى ھەتتا بۇ دولەتكە سودىگەرچىلىك①

① بىز قەشقەرىيەدە تۇرغان چېغىمىزدا، بىزنىڭ بىر مۇنچە تاشكەنتلىك پۇقرالىرىمىز بىز بىلەن كورۇشۇپ، ئۆز ئىچىدىن

قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ياكى كارۋان باشلاپ كەلگەن چەتئەللىكلەرنىمۇ ئەسكەرلىككە تۇتۇۋالغان. بۇنداق ھەربىي مەجبۇرىيەت تۈزۈمى ھەربىي قىسىملاردىن قاچىدىغانلارنىڭ سانىنى كۈنساناپ ئاشۇرۇۋەتكەن. شۇڭا، ياقۇپبەگنىڭ ئارمىيىسى ھامان تولۇقلانماي كەلگەن.

ئۆز ئىختىيارى بىلەن قەشقەرىيە ئارمىيىسىگە كىرگەن چەتئەللىكلەر ئىچىدە "ئەنجانلىق" دەپ ئاتالغان قوقان مۇساپىرلىرى ھەممىدىن كۆپ ئىكەن. ئۇلاردىن باشقا، يەنە بۇخارا ۋە روسىيە تۈركىستانىدىن كەلگەن مۇساپىرلارمۇ بار ئىكەن. ياقۇپبەگنىڭ غەربىي تۈركىستانلىق مۇساپىرلارنى نىمشقا ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس. ئەنجانلىقلار ياقۇپبەگنىڭ قەشقەرىيە سىياسىي سەھنىسىگە چىققاندىن كېيىنكى بىرىنچى تۈركۈم ئىتتىپاقداشلىرىدۇر. ياقۇپبەگنىڭ ئۆزىمۇ تاشكەنتكە يېقىن بولغان پىسكەنتلىك ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ياقۇپبەگنىڭ ئارمىيىسىدە ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان ئەنجانلىقلار بۇ ئارمىيىدىكى ئەڭ زىرەك، باھادىر كىشىلەر ئىدى. شۇڭا ئەنجانلىقلارنىڭ قەشقەرىيەدە نېمە ئۈچۈن ئىمتىيازلىق كىشىلەر بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشىنىۋېلىشمۇ تەس ئەمەس. ئەنجانلىقلار قەشقەرىيەنىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ئارمىيە ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىنى ئىگىلىۋالغان بولۇپ، ئۇلار ياقۇپبەگنىڭ قەشقەرىيەدىكى ئىشەنچلىك تايانچى-لىرى ئىدى. ياقۇپبەگنىڭ ئامىتى قاچانغىچە قولىدىن

---

بىرقانچە ئادەمنىڭ ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا ۋايساپ بەرگەن ئىدى. مۇشۇ كىتابنىڭ 3 - باپ 79 - بېتىگە قارالسۇن — ئاپتوردىن.

قاچمىسا، ئۇلار شۇنىڭغىچە بىمالال كېڭىيىپ كېتىۋېرەتتى. ئەمما 1876 - يىلى ياقۇپبەگ خەنزۇلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇبىيەتكە يۈزلىنىشكە باشلىغاندا، بۇ تايانچىلار-نىڭ ئاجىزلىقى تولۇق ئاشكارىلاندى. تۇرمۇش يولى ئىز-لەش ياكى تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن قەشقەرىيەگە كەلگەنلەر ئەمدى ياقۇپبەگنىڭ ئامتىگە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرى قاقتى - سوقتى قىلىپ تاپقان مال - مۈلۈكلىرىنى ئېلىپ ئۆز يۇرتلىرىغا قېچىپ كېتىش ئۈچۈن بىرەر پۇرسەت كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. ياقۇپ-بەگ مەغلۇپ بولۇشقا باشلىغاندا، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىل-غانلار ئىچىدە ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن ئادەملىرىمۇ بار ئىدى.

غەربىي تۈركىستانلىق مۇساپىرلاردىن باشقا، ياقۇپ-بەگ ئارمىيىسىدە يەنە بىر بولۇك ئاۋغانلار، ھىندىلار ۋە ئاز ساندا تۈركلەر، خەنزۇلار، تۇڭگانلار، قىرغىزلارمۇ بار ئىكەن. ياقۇپبەگ ئاۋغان ئەسكەرلىرىنى ياخشى ئەسكەر-لەر دەپ ئالاھىدە ماختىغان ئىكەن. ئاۋغانلار ئاساسەن توپخانىلاردا ۋە قىزىل سەرۋازلار قوشۇنىدا خىزمەت قىلغان. شۇنىڭدەك ئاۋغانلاردىن بىر - ئىككى سوتنە تەشكىل قىلىن-غان. توپ - زەمبىرەك زاۋۇتىنىڭ ئىشچىلىرىمۇ ئاۋغانلاردىن ئىكەن.

ياقۇپبەگ ئارمىيىسىدە ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان ھىندىلار ئانچە كوپ ئەمەس ئىكەن. ھىندىلار ئۆزلىرى خىزمەت ئۆتەۋاتقان توپخانىلارغا ئاۋغانلارنى ياللاشقا ئامراق ئىكەن.

ئىستانبۇلدىن كەلگەن تۈركلەر ياقۇپبەگ قوشۇنىدا ھەربىي ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەيدىكەن. ئۇلار تۈركىيە

ھەربى تۈزۈمنى ئۆگەتكەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ تۈزۈمنىڭ رولى ئانچە چوڭ بولمىغان. شۇ سەۋەپتىن، ئۇلارنىڭ ئاردىسىدىكى بىر قانچە كىشى بۇ ئىشتىن كۆڭلى سوۋۇپ ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرەيلەن قەشقەر شەھرىدە پىستان زاۋۇدى قۇرۇپ، سۇپەتلىك پىستان ئىشلەپچىقىرىۋېتىپتۇ.

ياقۇپبەگ قوشۇنىدا ھەربى خىزمەت ئۆتەۋاتقان خەنزۇلار 1863 - ۋە 1864 - يىللىرى بولغان قەشقەر قوزغىلىڭىدا يېتىپ قېلىنغان مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ قالدۇغى ئىكەن. ئۇلار ئىمان ئېيتىپ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكتىن ئامان قالغان. ئەمما ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى 12 يىل ھەربى مەجبۇرىيەت ئۆتەشنى شەرت ئىكەن. خەنزۇلار ياقۇپبەگنىڭ قوشۇنىدا توپچى بولۇپ ئىشلەيدىكەن. شۇڭا ئۇلار ياقۇپبەگ قوشۇنىنىڭ ئەڭ ئاجىز بىر قىسمى ھېساپلىنىدىكەن. خەنزۇلار توپچى ئەسكەر بولغاندىن سىرت، ئارمىيە ئىچىدە يەنە مالايلىق ۋەزىپىسىنىمۇ ئادا قىلىدىكەن.

ياقۇپبەگ قوشۇنىدىكى تۇڭگانلار ئەسلىدە قەشقەرىيە شەھەرلىرىنى قوغدىغۇچى خەنزۇ قىسىملىرىدا خىزمەت ئۆتىگەن ھەربىلەرنىڭ قالدۇغى ئىكەن. ئۇلارمۇ توپخانىلارغا تەقسىم قىلىنغان، يەنە بىر قىسمى ئاتلىق ئەسكەرلەر قوشۇنىغا تەقسىم قىلىنغان ئىكەن. تۇڭگانلارمۇ خەنزۇلاردەك شۈبھىلىك كىشىلەر دەپ قارالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھال - كۈنى خەنزۇلارنىڭكىدىن ياخشىراق ئىكەن. خەنزۇلار بىلەن تۇڭگانلارنىڭ باشلىقلىرى شۇلارنىڭ ئۆز ئىچىدىن تاللاپ قويۇلغانلار ئىكەن. قىرغىزلار ۋە قارا

قىرغىزلارنىڭ ھەممىسى ياقۇپبەگنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر قىسمىغا بەس-بەس بىلەن قاتناشقان بولۇپ، ئۇلار قاراۋۇلخانىلارغا تەقسىم قىلىنىپتۇ ۋە ياكى ئالاقچى، پوچتىكەش بولۇپ ئىشلەۋېتىپتۇ.

ياقۇپبەگ قوشۇنىدا يەنە قەشقەرىيەنىڭ غەربى ۋە جەنۇبىدىكى مۇستەقىل كىچىك خانلىقلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئەسىر ئېلىنغان زور بىر تۈركۈم قۇل ئەسكەرلەرمۇ بار ئىكەن.

قەشقەرىيەنىڭ ئارمىيىسىدە ھەربى خىزمەت ئۆتەش ئۆمۈرلۈك ئىكەن. ھەربى خىزمەت ئۆتەشكە ياراقسىز دەپ قارالغانلار ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىغا سېلىنىدىكەن ياكى ھۆكۈمەتنىڭ چارۋا ماللىرىنى بېقىشقا قويۇلىدىكەن.

ھەربى خىزمەت ئۆتەۋاتقانلارغا بېرىلىدىغان ھەق ئادەتتە مائاش پۇل، كىيىم-كېچەك، مىلتىق تارقىتىپ بېرىش، ھەربى دەرىجە-ئۇنۋانىنى ئۇستۇرۇش ۋە ھەربى خىزمەت ئۆتەشتىن ئازات قىلىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. بېرىلىدىغان مائاش مىقدارى ئوخشاش ئەمەس ئىكەن. ئادەتتىكى ئەسكەرلەرگە 50 تەڭگىدىن مائاش بېرىلىدىكەن.

ياقۇپبەگ ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى قوبۇل قىلغاندا، ئۇلارغا ئومۇمەن تون كىيدۈرىدىكەن ياكى تۈركىلەنكا مىلتىق ھەدىيە قىلىدىكەن، ھەدىيە قىلىنىدىغان تون مۇكاپاتلانغۇچىنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ ھەر خىل بولىدىكەن. ئادەتتىكى جەڭچىلەرگە چەكمەن ياكى بەقەسەم تون ھەدىيە قىلىنىدىكەن. يۈز بېشىلارغا بوز رەخ ياكى يىپەك تونلار ھەدىيە قىلىنىدىكەن، پانساتلارغا سىپتە توقۇلغان ئەلا سۈپەتلىك بوز رەختىن ياكى تورقىدىن تىكىلگەن تون ھەدىيە قىلىنىدىكەن.

ئەگەر قورال-ياراق ھەدىيە قىلىنىدىغان بولسا، قوش ئېغىزلىق ئوۋ مىلتىغى ياكى ناگان ھەدىيە قىلىنىدىكەن،

مۇكاپاتلانغۇچىلار ناگان ھەديە قىلىنىشنى ئۈمىت قىلىدىكەن.

ئوفىتسېرلارنىڭ قانداق مۇكاپاتلىنىشى بۇ ھوكۇمراننىڭ خىيالىغا باغلىق بىر ئىش ئىكەن. مۇكاپاتلاشتا ئۇلارنىڭ ھەربىي ستاژىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقىغا، ئورنىنىڭ يۇقۇرى-تۆۋەنلىكىگە زادىلا قارالمايدىكەن.

كىشىلەرنى دابىشىلىقتا ياكى پەنجىبېشىلىقتا ئوستۇرۇش ھوقۇقى پانساتلارنىڭ قولىدا ئىكەن. يۈز بېشىلىق ياكى پانساتلىقتا ئوستۇرۇش ھوقۇقى ياقۇپبەگنىڭ قولىدا ئىكەن. ياقۇپبەگ تەستىقلىسىلا ھەتتا ئادەتتىكى جەڭچىنى بىر يولىلا پانساتلىقتا ئوستۇرۇشكىمۇ بولىدىكەن. شۇنىڭدەك بىر پانساتنى بىر يولىلا ھەتتا ئادەتتىكى جەڭچىلىككە چۈشۈرۈپ قويغىلىمۇ بولىدىكەن. بىر پانساتنى ئوستۇرۇش ياكى مۇكاپاتلاش ئادەتتە ئۇنىڭغا بىر پارچە يەرنى بەزىدە ھەتتا پۈتۈن بىر كەنتنى ئىجارىگە بېرىش ياكى تەقدىم قىلىۋېتىش، ئۇنى ئوردىدا ياكى ھوكۇمەت ئورگانلىرىدا بىرەر ۋەزىپىسىگە قويۇشنىمۇ ئوز ئىچىگە ئالىدىكەن. دىمەك، ئۇلار توقسابا، توقسابا بەگ ۋە بەگ دىگەندەك ئالى مەنسەپلەرگە ئېرىشەلەيدىكەن. ھوكۇمەت ئورۇنلىرىدا مەمۇرى خىزمەت ئىشلەشكە تەيىنلەنگەنلەر ئوزلىرىنىڭ ھەربى قوشۇندىكى ئەسلى ۋەزىپىسىنىمۇ ساقلاپ قالالايدىكەن ۋە ئوزى باشقۇرۇۋاتقان دائىرىدىكى بىر قىسىم قوشۇنغا قوماندانلىقىمۇ قىلالايدىكەن.

قەشقەرىيە ئارمىيىسىدە ئەڭ يۇقۇرى ھەربى ئۇنۋان بىزنىڭ دىۋىزىيە كوماندىرىمىزغا تەڭ كېلىدىغان لەشكەر بېشى ئىكەن. لەشكەر بېشى 5 تىن 10 غىچە پانساتنى باشقۇرىدىكەن. ياقۇپبەگ سىياسى جەھەتتىكى بىرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، شەرقىي ئولكىلەردىن قوبۇل قىلىنغان

يېڭى ئەسكەرلەرنى غەربىي ئۆلكىلەرنىڭ چېگرىلىرىغا، غەربىي ئۆلكىلەردىن قوبۇل قىلىنغان يېڭى ئەسكەرلەرنى بولسا شەرقىي ئۆلكىلەرنىڭ چېگرىلىرىغا ئەۋەتىدىكەن. ھەربى مەجبۇرىيەتنى ياخشى ئادا قىلغانلارغا تەقدىرلەش يۈزىسىدىن تېچلىق دەۋرىدە ھەر يىلى بىر ئايلىقتىن ئاتپوسكا بېرىلىدىكەن.

بۇنداق ئاتپوسكىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلار ئۆز قوماندانىدىن بىرەر پارچە يول خېتى ئېلىشى، كوزلىگەن جايىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن يول خېتىنى يەرلىك ئاقساقاللارغا كورسىتىشى كېرەك ئىكەن. بىر جەڭچىنى ئۆز يۇرتىغا يوتكەپ قويۇشمۇ بىر خىل مۇكاپات ھىساپلىنىدىكەن.

قەشقەر ئارمىيىسىدە ھەربى خىزمەت ئوتەۋاتقان بارلىق ھەربىلەر ھوكۇمەتتىن بىر يۈرۈش ھەربى كىيىم ئالىدىكەن. بۇ جەھەتتىكى تەپسىلى ئەھۋال توۋەندىكىچە:

سەرۋازلار مىس تۈگمىلىك، قوش پەشلىك قىزىل تون كىيىدىكەن. بۇنداق ھەربى كىيىمنىڭ مورىسىگە پاگون ئورنىدا خىلمۇ خىل رەڭلەردە يۇلتۇز كەشتىلەنگەن ئىكەن. بىر قىسىم سەرۋازلارنىڭ رەڭگارەڭ ئۇزۇن تون كىيىۋالغانلىقىنى، يەنە بەزىلىرىنىڭ ئادەتتىكى تون كىيىۋالغانلىقىنى كوردۇق. ئازساندىكى سەرۋازلار تۇرك ئەسكەرلىرى فورمىسىدا قىلىن رەختتىن تىكىلىپ قىزىل جىيەك تۇتۇلغان قارا پەشمەت ۋە قىزىل جىيەك تۇتۇلغان قارا شىم كىيىۋاپتۇ. قالغان پىيادە ئەسكەرلەر قىزىل جىيەكلىك سېرىق تېرە پەشمەت (چامبا)① كىيىۋاپتۇ.

① بۇ سوزنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشى "ساما" (بۇغا دىگەن مەنىدە) دىگەن سوزنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشى بىلەن ئوخشاش بولغاچقا ھەزمۇنىمۇ ئوخشاش بولسا كېرەك. چۈنكى ھىندىستاندا بۇغا تېرىسىدىن تىكىلگەن چاپانلار ناھايىتى مەشھۇر. — ئاپتوردىن.

ئۇلار باشلىرىغا رەڭگارەڭ كىگىزدىن ياكى قۇندۇز تېرىسىدىن پاپاخ كىيىدىكەن. ئۇلار ئۇچىسىغا ئاق كەشتىلىك كۆمۈش تۈگمە قادالغان ئۇزۇن تون كىيىپ، بېلىنى كەڭ چەم كەمەر بىلەن باغلىۋالىدىكەن ۋە كەمىرىگە ئوخشاش بىر خىل شەكىللىك بىر قانچە ھەميان ئېسىۋالىدىكەن. ئوڭ تەرىپىدىكى ھەميانغا يىپ-يىڭنە، بىگىز، قەلەمتۇراش قاتارلىق ئۇششاق-چۈششەك لازىمەتلىكلەر سېلىنىدىكەن. سول تەرىپىدىكى ھەميانغا تېرە خالتا قاپلانغان دورا قاچىلىغۇچ مۈڭگۈز، كاپسول خالتىسى، 3 دانە ئوقدان قاچىلىنىدىكەن. ھەر بىر ئوقداندا 5 تال ئوق بولىدىكەن. يەنە مىلتىق مېيى قاچىلانغان بىر مۈڭگۈزنىمۇ ئېسىۋالىدىكەن.

پىيادە ئەسكەرلەر، ئاتلىق ئەسكەرلەر ۋە توپچى ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى باشلىرىغا بىر خىل پاپاخ كىيىدىكەن ئۇلارنىڭ بېلىگە باغلىغان كەمەرلىرىمۇ بىر خىل ئىكەن.

توپچى ئەسكەرلەر ئۇچىسىغا قارا چەكمەن ياكى مووۇتتىن تىكىلگەن، مورىلىرىگە قىزىل يۇلتۇزلۇق پاگون قادالغان ھەربى تون كىيىدىكەن.

ئاتلىق ئەسكەرلەر گۈلاۋۇك چىت، بەقسەم، يىپەك ياكى بوز قاتارلىق ھەرخىل رەخلەردىن تىكىلگەن ھەربى تون كىيىدىكەن. كىيىملىرىنىڭ پېشىنى خۇرۇم چامبا ياكى گىلەفى شىملىرىنىڭ ئىچىگە تېقىۋالىدىكەن.

توپچىلار مەيلى خەنزۇ ياكى تۇڭگان بولسۇن، ھەر خىل رەڭلىك بوز رەخلەردىن، ئاساسەن كۆلرەڭ بوز رەختىن تىكىلگەن ھەربى تون كىيىدىكەن.

بۇ ئەسكەرلەرنىڭ كوپچىلىگى باشلىرىغا بىر ئۇچى قويۇپ بېرىلگەن ماتا لۇڭگىلەرنى ئورىۋالىدىكەن. توپچىلار پۇتلىرىغا كوك پايپاق ۋە قېلىن چەملىك خەي كىيىۋال-

دىكەن. پىيادە ئەسكەرلەر، ئاتلىق ئەسكەرلەر ۋە توپچى ئەسكەرلەر ئاياقلىرىغا خۇرۇمدىن تىكىلگەن ئارا پاشنىلىق بەتىنكە كىيىۋالىدىكەن.

بىر قۇر ھەربى كىيىمنىڭ ئىشلىتىلىش سۇرۇكى بىر يىلدىن ئىككى يىلغىچە، چامبىلارنىڭ بولسا يېرىم يىل، ئاياقلارنىڭ بولسا 4 ئاي ئىكەن. ھەر يىلى بىر قۇردىن كوينەك - تامبال تارقىتىلىدىكەن. ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم جۇۋا تارقىتىلىدىكەن. ئاتلىق قىسىملارغا يىلدا ئىككى قۇر ھەربى كىيىم تارقىتىلىدىكەن. ئات ۋە ئىگەر - جابدۇقلار دولەتتىن تارقىتىلىدىكەن ھەمدە ئۇنى ئومۇر بويى ئىشلىتىشكە بولىدىكەن. ئەمىلىيەتتە بەلگىلىمە بويىچە تارقىتىشقا تېگىشلىك بۇيۇملار تولۇق تارقىتىلمىغانلىقتىن، ئەسكەرلەر دائىم دىگۇدەك يېلىڭ - يالىڭاچ يۇرۇشىدىكەن.

ياقۇپبەگ ئوزىنىڭ پىيادە ئەسكەرلىرىنى مىلتىق بىلەن، ئاتلىق ئەسكەرلەرنى بولسا كارابىن مىلتىق ۋە قىلىچلار بىلەن، ئاتلىق توگىگان ئەسكەرلەرنى ئۇزۇن نەيزىلەر بىلەن قۇراللاندۇرغان. توپچى ئەسكەرلەرنى قىلىچ بىلەن، توپچى قىسىمنىڭ ساقچىلىرىنى مىلتىق بىلەن قوراللاندۇرغان ئىكەن. توپ كوتىرىدىغان خەنزۇلار بىلەن توگىگانلار توپقىلا مەسئۇل بولۇپ، ئۇلارنىڭ ساقچىلىرى مىلتىق بىلەن قوراللاندۇرۇلغان ئىكەن. ئوفىتسېرلەرنىڭ ئىچىدىكى يۇز بېشىدىن تۆۋەن دەرىجىلىكلەرنىڭ ھەممىسى قىلىچ تۇتىدىكەن، بەزىبىر چاغلاردا ناگانمۇ تۇتىدىكەن.

ياقۇپبەگ قوشۇنىدىكى ئەسكەرلەر ھەر خىل كالىبىرلىق، چاقماقلىق بەردەنگىلەرنى ئوز ئىچىگە ئالغان ئۇزۇن - قىسقا مىلتىقلار بىلەن قوراللاندۇرۇلغان. بۇ مىلتىقلار ياقۇپبەگنىڭ باشقا مىلتىقلىرىغا ئوخشاش كىچىك كالىبىرلىق ئىكەن.

قارىغا ئېلىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، بۇ مىلتىقلارغا خەنزۇلارنىڭ پىرىنسىل-مۇشكىلىرى (قارىغا ئېلىش ئەسۋاپلىرى — ت) ئورنىتىلغان، شۇنىڭدەك سۇمبە ئورنىتىلغانلىقتىن، بۇ مىلتىقلار ناھايىتى ئېغىر ئىكەن.

بىرمۇنچە مىلتىقلارنىڭ ستۋولىدىكى ساي سىزىقى پەقەت بىر نەچچە تال تۈز سىزىقتىنلا ئىبارەت بولغاچقا، ئوق سالغاندا ئوقنى سۇمبە بىلەن ئىتتىرىشكە توغرا كېلىدىكەن. بۇ مىلتىق بىلەن 200 قەدەم ئارىلىقتىكى نەرسىلەرنى سوقۇۋەتكىلى بولىدىكەن. ئۇنىڭدىن ئېتىلغان ئوق بەزىدە 1000 قەدەم نېرىغا بارالايدىكەن. بۇ مىلتىقلارنىڭ كەمچىلىكى شۇكى، ئۇلارنى بەتلەش قىيىن بولۇپ، ئېتىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى چۇۋۇپ قايتىدىن تازىلاشقا توغرا كېلىدىكەن، ئوقنىڭ يېتىش ئارىلىقى قىسقا، دەللىكى ناچار ئىكەن.

تەپكىلىك مىلتىقلار سىلىق ستۋوللۇق مىلتىق ۋە تۈركىلەنكا مىلتىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ قورال ياقۇپبەگ ئارمىيىسىدە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بىز كۆرگەن مىلتىقلار ئىچىدە، ئىنفىيۇاد شەكىللىك تۈركىلەنكا مىلتىقتىن ئۇزۇن نەيزىلىك 8.000 ى بولۇپ، ئۇستىگە "Tower 1864"① دىگەن خەت ئويۇلغان. بەزىلىرىگە "1867" دىگەن رەقەم سېلىنغان. خېلى نۇرغۇن ئاتلىق ئەسكەرلەر ۋە بىر قانچە "تابور" پىيادە ئەسكەرلەر مۇشۇ مىلتىقلار بىلەن قوراللاندۇرۇلۇپتۇ. ياقۇپبەگ بۇ قوراللارنى بىر قانچە يىل ئىلگىرى ھىندىستاندىن سېتىۋالغان ئىكەن.

ئۇنىڭدىن باشقا تەپكىلىك مىلتىقلار مۇنداق ئىككى

---

① ئېھتىمال، ئاپتور بۇ يەردە، "Tower" (لوندون مۇنارىسى دىگەن مەنىدە) دەپ يازماقچى بولغان بولسا كېرەك — ئىنگلىزچە تەرجىماندىن.

تۈرگە بولۇنىدىكەن:

1. چەتئەللەردە ئىشلەنگەن تاق ۋە قوش ستۋوللۇق ئوۋ مىلتىقلىرى. بۇ مىلتىقلارنىڭ كۆپچىلىكىگە "Joseph Browngand son. London" دىگەن خەتلەر ئويۇلغان، يەنە بىر قىسىم مىلتىقلار روسسىيەنىڭ تۇلادىكى زاۋۇتىدىن ئالدۇرۇلغان؛

2. شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە ئىشلەپچىقىرىلغان تەپكىلىك تۈركىلەنكا مىلتىقلار ئىكەن.

بۇ ئىككى خىل مىلتىقنىڭ سانى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما ئېنىق سانى ھەققىدە بىر نىمە دىيىش قىيىن. شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە ئىشلەنگەن قوش ستۋوللۇق مىلتىقنىڭ پىرىتسىلى 600 قەدەم ئارىلىققا تەگىشەپ ياسالغان ئىكەن.

شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىكى زاۋۇتلاردا ئىشلەپچىقىرىلغان تەپكىلىك مىلتىقلار مۇنداق ئىككى خىل بولۇپ، بىر خىلى ئىنفيۇلد ئوسخىسىدىكى مىلتىقلارغا ئوخشاپ كېتىدىكەن؛ يەنە بىر خىلىدىكىسى ستۋولىدا بىر نەچچە تال ساي سىزىقى بولغان بەردەڭگى مىلتىق بولۇپ، بۇ ئوسخىدىكى مىلتىقلار روسسىيە ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ بەردەڭگىلىرىگە ئوخشاش قىسقا مىلتىقلار ئىكەن.

بۇ ئىككى خىل مىلتىق ناھايىتى قوپال بولسىمۇ، لېكىن پۇختا ئىشلەنگەن، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ قىسقا ئارىلىقتىكى تېگىش دەللىكى ناھايىتى يۇقۇرى ئىكەن. بۇنداق مىلتىقنىڭ كالىبىرى 3/5 ۋېرشوك كېلىدىكەن. بۇ مىلتىقنىڭ ئۇزۇنلىرىنىڭ ئېغىرلىقى 10 قاداق، قىسقىلىرىنىڭ ئېغىرلىقى 7 قاداقچە كېلىدىكەن. بۇخىل مىلتىقلارنىڭ ئۇچىغا نەيزە ئورنىتىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن سۇمبە ۋە پىرىتسىل ئورنىتىلغان. بۇ مىلتىقنىڭ پايىنىكى شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئىشلەنگەنكى، پايىنەكنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بىر تال ھەركەتچان ياغاچ پارچىسى ئىچىگە مىلتىق مېيى ۋە لاتا قاچىلىغىلى بولىدىكەن. ستۋولىنىڭ

ئۇچىغا مىلتىق ياسىغۇچى ئۇستىنىڭ نامى تۇرك يېزىغىدا ئويۇپ قويۇلغان.

بىزنىڭ ئېگەللىگەن ئاخباراتىمىزغا قارىغاندا، 1871 - يىلى ياقۇپبەگ ئوز قوشۇنىدىكى ئەسكەرلەرگە كەيىنىدىن ئوقلىنىدىغان مىلتىقتىن 400 تال تارقىتىپ بېرىشنى پىلانلىغان ئىكەن. بۇ مىلتىقلارنىڭ بىر قىسمى تارقىتىلىپتۇ. يەنە بىر قىسمى يەركەندە ساقلىنىۋېتىپتۇ.

بۇ قوراللارنىڭ ئىچىدە، 2.200 تال مىلتىق، 3 قاداقلىق ئوق يېيدىغان 8 دانە توپ (كەيىنىدىن ئوق-لىنىدىغىنى 4، ئاغزىدىن ئوقلىنىدىغىنى 4) تەخمىنەن ئىككى يىل ئىلگىرى بىرىنچى تۇركۇمدە ھىندىستاندىن كىرگۈزۈلگەن ئىكەن. بىز قەشقەردە قەشقەر ھاكىمى ئالدىراج دادخانىڭ ساقچىلىرى قولىدا مۇشۇنداق كەيىندىن ئوقلىنىدىغان مىلتىقنى كورگەن ئىدۇق. كورلىدا بولسا بىز ئىنفيۇلد نۇسخىسىدىكى مىلتىقلاردىن ئوزگەرتىپ ياسالغان سىنىدې نۇسخىسىدىكى كەيىندىن ئوقلىنىدىغان مىلتىقلارنى كوردۇق. بۇ مىلتىقلارنىڭ ستۇۋولىدا 3 تال ساي سىزىقى بار بولۇپ، بۇلارغا 3 قىرلىق نەيزە ئورنىتىلىپتۇ. بىز يەنە مۇشۇ قوراللار سېستىمىسىغا كىرىدىغان بولسىمۇ، لېكىن فرانسۇز نەيزىسى بېكىتىلگەن ياكى شاسېپوت (Shassepot) پاتىنتلىق تۇركىلەنگا مىلتىققا خاس نەيزە بېكىتىلگەن باشقا بىر يېڭى خىلدىكى قورال-نىمۇ ئۇچراتتۇق①.

① فرانسۇزلار بىلەن ئىنگلىزلار 1867 - يىلى سىنىدې سېستىمىسىنى ۋاقىتلىق قوللانغان. ئۇلار بۇ مىلتىقنىڭ زاتوۋورىنى ئازراق ئوزگەرتىپ، ئۇيۇقچە قىلىپ ئىشلەپ چىققان ئىدى. شاسېپوت (Chassepot) ــ فرانسىيىلىك قورال - ياراق مۇتەخەسسىسى ــ ئاپتوردىن ۋە ئىنگلىزچە - ئۇيغۇرچە تەرجىماندىن.

بىر قەشقەرىيەدە كورگەن سىنىدې نۇسخىسىدىكى تۈركىلەنىكا مىلتىقىنىڭ ئوقى بوكسىر-ھېنرى (Boxer-Henry) قائىدىسى بويىچە پىستان ئارتىلىق ئوت ئالىدىكەن. بىر بۇنداق ئوقنىڭ ئەۋرىشكىسىنى تاشكەنتكە ئەۋەتىپ بەردۇق.

سىنىدې نۇسخىسىدىكى مىلتىقلاردىن باشقا مىلتىقلارنىڭ ۋاتوۋورىسىدا جەز قايتۇرغۇچ يوق ئىكەن. ياقۇپبەگ ئۆزىگە زورۇر ئېھتىياجلىق مىخانىكىلىق ئۇسكۇنىلەردىن بىر تۈركۈمىنى سېتىۋالغان ۋە بۇ ئۇسكۇنىلەرنى يەرلىك زاۋۇتلاردا ئىشلەنگەن تۈركىلەنىكا مىلتىقلارغا ئورناتقان ئىكەن، مەن بۇنداق بەردەڭگى مىلتىقلاردىن بىرنى كوردۇم. مىلتىق ناھايىتى قوپال ئىشلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن جەز قايتۇرغۇچ بۇ مىلتىققا ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن جايلاشتۇرۇلغان. بىز بۇ قورالالارنىڭ نەدە ياسال-غانلىقىنى سورىغان ئىدۇق. ئۇلار بۇ مىلتىقلارنىڭ ئىستام-بۇلدىن ئالدۇرۇلۇپ ئۆزگەرتىپ ياسالغان ئېنفىيۇلد نۇسخىسىدىكى مىلتىقلار ۋە كەيىنىدىن ئوقلىنىدىغان مىلتىقلار ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇلار يەنە بۇ قوراللارنىڭ تۈركىيە سۇلتانى ئابدۇلئەزىزنىڭ ياقۇپبەگ-نىڭ تۈركىستاننى قوغدىشىنى قوللىغانلىقىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. بىز يەنە تېخىمۇ ئىشەنچلىك بولغان بۇنداق بىر خەۋەر-نىمۇ ئاڭلىدۇق: ياقۇپبەگ تۈركىيەدە تۇرۇشقا ئەۋەتكەن ئەلچىسى سەئىدياقۇپ ئىشان خوجىغا① 12.000 دانە

① سەئىد ياقۇپ ئىشان غوجا — ياقۇپبەگنىڭ ئىنىسى، — مۇھەررىردىن.

تۇركىلەنكا مىلتىق ۋە بىر قىسىم توپ ـ زەمبىرەك سېتىۋې‐لىپ ئەۋەتىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلغان. ئىشان خوجىغا بۇ قوراللارنى قەيەردىن ئېلىش توغرىسىدا! بىرەر ئېنىق يولىيورۇق بېرىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى بېرىلگەن ئىكەن، كېيىن بۇ ھەقتە تېخىمۇ ئېنىق بۇنداق بىر ئىشتىن خەۋەر تاپتۇقكى، ئىشان خوجا ئىستامبۇلدا 6.000 تال تۇركىلەنكا مىلتىق ۋە 6 دانە زەمبىرەك تاپشۇرۇۋالغان (بۇلارنى نەدىن تاپشۇرۇۋالغانلىقى ئېنىق ئەمەس). ئاندىن بۇ قوراللارنى ئېلىپ ھىندىستان ئارقىلىق قەشقەرگە قايتقان. يېنىدىكى پۇل يەتمىگەنلىكتىن، قالغان 6000 تال تۇركىلەنكا مىلتىقنى تاپشۇرۇپ ئالالماپتۇ. 1875 ـ يىلى ئىشان خوجا تىبەتكە كەلگەندە توسۇۋېلىنغان. تىبەت يەرلىك ھوكۇمىتى ئۇنىڭدىن قورال ـ ياراقلار ئۈچۈن 30 يامبۇ تاموژنا بېجى تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. ئىشان خوجا ئۆزى تىبەتتە قېلىپ، ئىسمايىل ئەپەندىنى تاموژنا بېجى جايلاپ كېلىش ئۈچۈن قەشقەرگە ماڭدۇرغان. ياقۇپبەگ ئىشان خوجىنىڭ ۋە مىلتىق ـ زەمبىرەكلەرنىڭ توسۇلۇپ قالغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىشى بىلەنلا سودىگەرلەردىن 30 يامبۇ جايلاپ دەرھال ئىشان خوجىغا ئەۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ياقۇپبەگ يەنە بىر قىسىم پۇل يىغىپ، ئىسمايىل ئەپەندى ئارقىلىق ئىشان خوجىغا ئەۋەتىپ، بۇ پۇلنى ئىستامبۇلدا قەپقالغان مىلتىقلار ئۈچۈن تاپشۇرۇشنى تاپىلىغان. ئىشان خوجا سېتىۋالغان مىلتىقلارنىڭ بىر قىسمى كەينىدىن ئوقلىنىدىغان، يەنە بىر قىسمى ئاغزىدىن ئوقلىنىدىغان مىلتىقلار ئىكەن.

بىر يۇقۇرىدا، ياقۇپبەگنىڭ قولىدىكى ئارقىدىن
ئۇقلىنىدىغان مىلتىقلارنىڭ ھەممىسى 4.000 تال ئىسكەن-
لىگىنى ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئىشان خوجا سېتىۋېلىپ
كەلگەن مىلتىقلارمۇ، ئېھتىمال، شۇنىڭ ئىچىدە بولىسا
كېرەك. گەرچە مېنىڭ قولۇمدا بۇ ھەقتە بەزىبىر ئاخ-
باراتلار بولسىمۇ، ئەمما، ئىنگلىزلارنىڭ ياقۇپبەگنى
ئۆزگەرتىلگەن قوراللار بىلەن قانچىلىك دەرىجىدە تەمىن-
لىگەنلىگى ئۈستىدە تېخى ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمەيمەن.
يېقىندا تۈركىيە قوشۇنلىرى ھېنرى-مارتىنى سىستېمىسىدىكى
قوراللارنى ئىشلەتمەكچى بولۇۋېتىپتۇ. بەلكىم ئۇلار سىنىدې
نۇسخىسىدىكى تۈركىلەنگە مىلتىقلارنى بىر تەرەپ قىلى-
ۋېتىشنى ئويلاۋاتقان بولىسا كېرەك. شۇڭا ئۇلار بۇ
قوراللارنىڭ بىر قىسمىنى ياقۇپبەگكە سېتىپ بەرگەن
بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭدەك ھىندىستاندىكى ئىنگلىزلار
ئۆزلىرىنىڭ قوشۇنلىرىنى سىنىدې نۇسخىسىدىكى تۈركىلەنگە
مىلتىقلار بىلەن قوراللاندۇرماقتا. ئۇلار ھېلىمۇ مۇشۇنداق
تۈركىلەنگە مىلتىقلارنى داۋاملىق ئىشلەپچىقارماقتا. تۈركىيە
قوشۇنلىرىنىڭ خېلى زور بىر قىسمى ھېلىغىچە تەپكىلىك
مىلتىقلارنى ھەتتا چاقماقلىق بەردەڭگى① مىلتىقلارنى
ئىشلىتىۋاتقان شارائىتتا، ئۆزلىرىنىڭ ئارقىدىن ئۇقلىنىدىغان

① مەن 1875-يىلى 3-ئايدا تۈركىيىنىڭ ۋولۇۋ،
سالونىكا پورتلىرىنى زىيارەت قىلىۋېتىپ، تەپكىلىك بەردەڭگى
مىلتىقلار بىلەن قوراللانغان 100 دەك ئوسكەرنى كوردۇم،
سالونىكىدا بولسا كونىراپ ئەبجەشى چىققان چاقماقلىق بەردەڭگى
مىلتىقلارنى تۇتۇپ پوستا تۇرغان قاراۋۇللارنى كوردۇم —
ئاپتوردىن.

ملتقلرنی یاقۇپبەگكە سېتىپ بېردشنى خالايدىغانلىغا ئىشىنىش ھەقىقەتەنمۇ قىيىن. ھالبۇكى، ئەنگلىزلارنىڭ ياقۇپبەگنى تۈركىلەندكا ملتقلار بىلەن تەمىنلەۋاتقانلىغا دائىر بىۋاستە ئاخباراتلارنى تېخى ئىگەللىيەلمىدۇق. ئەنگلىيە سودا ۋەكىلى شاۋ بىلەن ئەلچىلەر ئومىگەدىكى فىرسىسقا ئوخشاش كىشلەرنىڭ قەشقەرىيەگە كەلگەندە ياقۇپبەگكە بىر قانچە يۈز تال تۈركىلەنكا مىلتىق، ناگان ۋە بىر قىسىم ئوقدان ئەۋرىشكىلىرىنى سوغا-سالام ئورنىدا ھەدىيە قىلغانلىغىنى بىلىمىز، ئەمما قەشقەرىيەنىڭ دىپلوماتىك ۋەكىلى ئىشان خوجىنىڭ لوندوندا تۇرغان مەزگىلدە نىمە ئىشلارنى قىلغانلىغىدىن خەۋەر تاپالمىدۇق. ياقۇپبەگنى قورال بىلەن تەمىنلىگەنلەر زادى قايسى تەرەپ، ئەنگلىزلارمۇ ياكى تۈركىلەرمۇ ۋە ياكى ھەر ئىككىلا تەرەپمۇ؟ بۇ مەسىلىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، تېخىمۇ تەپسىلى ئاخباراتلارنى قولغا كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

بۇنىڭ سىرتىدا، مەن يەنە گۇمانلىنىشقا بولمايدىغان مۇنداق بىر پاكىتنى قوشۇمچە قىلىماقچىمەن. ئۇ بولسىمۇ قەشقەرىيە بىلەن بولغان قورال-ياراق سودىسىنىڭ تا ھازىرغىچە داۋاملىشىۋاتقانلىغىدۇر.

1876-يىل 23-دېكابىر (1877-يىل 4-يانۋار) بىر كۈچا بىلەن باي ئارىلىغىدىكى يولدا كېتىۋېتىپ، بايدىن بىر بېكەت نېرىدىكى يول ئۈستىدە توت-بەشتىن ئات قوشۇلغان 5 هارۋىدا توشۇلۇپ كېتىۋاتقان تۈركىلەندكا مىلتىقلارنى كوردۇق. بۇ قوراللار توقسۇن قورغىنىدىكى ئەس-

گەرلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىلىدىكەن.

7 - مارت (19 - مارت) كۈنى، بىر كورلا بىلەن قەشقەر ئارىلىقىدىكى يېڭىساۋات كەنتىدە 20 توگىلىك بىر كارۋاننى ئۇچراتتۇق. بۇ كارۋاندىكى 10 توگىنىڭ ھەر بىرىگە ئىككىدىن ئۇزۇن ياغاچ ساندۇق ئارتىلغان بولۇپ، بۇ ساندۇقلارغا قورال - ياراق قاچىلىنىپتۇ. يەنە ئىككى توگىگە ئارتىلغان ساندۇقلارغا 4 دانە توپ قاچىلىنىپتۇ. بۇلار، ئېھتىمال، 3 قاداقلىق ئوق چۈشىدىغان، ئارقىسىدىن ئوقلىنىدىغان توپلار بولسا كېرەك. بىز يۇقۇرىدا، ياقۇپبەگنىڭ مۇشۇ خىلدىكى 6 توپ بىلەن قوراللانغان بىر توپخانىسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. ھېلىقى توگىلەردىن ئىككىسىگە بۇ توپلارنىڭ چاقلىرى ئارتىلغان. قالغان 4 توگىنىڭ ھەربىرسىگە بىر ساندۇقتىن ئوق - دورا ئارتىلغان. يەنە ئىككى توگىگە ھېلىقى 4 توپنىڭ جازىلىرى ئارتىلغان. قالغان 4 توگىگە ناھايىتى پۇختا تېڭىلغان كىچىك - كىچىك 16 دانە ئوق - دورا ساندۇغى ئارتىلغان. بىز كورگەن ھېلىقى ھارۋىلار ۋە توگە كارۋانلىرىنىڭ ھەممىسى يەركەندىكى قۇرخانىدىن① يولغا چىققان ئىكەن. توقسۇننىڭ ھاكىمى ئىسلامبەگ بىزگە 1875 - يىل ئاخىرىدا ئۈزىنىڭ تېبەتتىن 780 ساندۇق توپ ئوقى ۋە مىلتىق ئوقىنى توشۇپ كەلگەنلىگى، بۇلارنىڭ ھازىر يەركەندە ساقلىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. شۇ چاغدا بۇ ھاكىم بىلەن جەمى 36 ئاتلىق ئەسكەر ۋە خېچىر ھەيدىگۈچى 40 ئادەم بىللە بارغان ئىكەن. يول ئازاۋى بىلەن 2 ئادەم ئۆلگەن، 76 خېچىر چىقىم بولغان ئىكەن. ئىسلامبەگنىڭ ئېيتىشىچە،

① قۇرخانە — ئوق - دورا ساقلىنىدىغان جاي — مۇھەررىردىن.

تۈركلەر بۇ ھەربى ئەشيالارنى ئىستامبۇلدىن ھىندىستانغا توشۇپ بەرگەن. ئاندىن ئىنگلىزلار ئۇنى ياقۇپبەگكە يەتكۈزۈپ بەرگەن ئىكەن.

تىبەتتە (لاداق ئەمەسمىكىن؟) ئىسلامبەگ ئەنگلىيە ۋەكىلىگە 3 يامبۇ پارا بەرگەنگە قەدەر ئىنگلىزلارنىڭ قاتتىق بېسىمىغا ئۇچرىغان. ئۇلار لاداقتىن يەركەنگىچە 36 كۈن يول يۈرگەن.

تۇچتىن ياسالغان قوراللار ئىچىدە (بەلكىم، پولاتتىن ياسالغان قوراللار بولسا كېرەك — مۇھەررىردىن) قىلىچنىڭ سۈپىتى بەك ناچار بولسىمۇ، لېكىن، ناھايىتى كۆركەم. ئەسكەرلەرنىڭ قوللىرىدىكى قىلىچلارنىڭ كۆپىنچىسى شۇ جايىنىڭ ئۆزىدە ئىشلەنگەن، لېكىن بىز يەنە ھىندىستاندىن ئىمپورت قىلىنغان بەزىبىر قىلىچلارنىمۇ كۆردۇق.

بىز يۇقۇرىدا قەشقەرىيە قوشۇنىدىكى ئوفىتسېرلارنىڭ قولىدا مىلتىق ۋە قىلىچتىن باشقا يەنە ناگانىمۇ بار ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئۇلاردىكى ناگانلار پۈتۈنلەي ئالتە ئاتار تاپانچىلار ئىكەن. باشقا تاپانچىلار بەكمۇ سۈپەتسىز بولغاچقا، بۇ ھەقتە ئالاھىدە توختىلىپ ئولتۇرمايمەن. لېكىن تاپانچىلار توغرىسىدا شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، قەشقەرىيەدىكى تاپانچىلارنىڭ سانى چەكلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزلۈكسىز كۆپىيىپ بېرىۋېتىپتۇ. بۇ، بىر تەرەپتىن ياقۇپبەگنىڭ تىرىشچانلىقىدىن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھەر بىر يۈز بېشىنىڭ تاپانچىغا ئېرىشىش ئارزۇسىنىڭ كۈچلۈك بولغانلىقىدىندۇر. بۇنداق تاپانچىلارنىڭ كولت (Colt) ۋە لېفاشاۋ (Lefauchaux) نۇسخىسىدىكىلىرى كۆپرەك ئۇچرايدۇ. بىز كۆرگەن كېيىنكى

بىر تۈسخىسىدىكى تاپانچا ئوقى يېتىشمىگەنلىكى ياكى زاپ-
چاسلىرى ئاسان بۇزۇلۇپ قالىدىغانلىغى ئۈچۈن، كېرەكسىز
نەرسىگە ئايلىنىپ قېلىۋېتىپتۇ.

قەشقەرىيە قوشۇنىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ مائاش ۋە ئوزۇق-
تۈلۈك بىلەن تەمىنلىنىشىدە ئېنىق بىر بەلگىلىمە يولىمىغانلىقتىن،
نورمالسىز ئەھۋاللار بار ئىكەن. ھەربىي قىسىملارغا تارقىتى-
لىدىغان مائاشنىڭ مىقدارى ھەربىي قىسىمنىڭ ھەربىي يۈرۈش
قىلغانلىقى ياكى شەھەرلەردىكى گەزەرمىلەردە تۇرۇۋاتقانلىقى
ۋە ياكى ئالدىنقى قاراۋۇلخانىلاردا تۇرۇۋاتقانلىقىغا قاراپ
پەرقلىنىدىكەن. لېكىن ئاساسلىقى ياقۇپبەگنىڭ قولىدىكى
زاپاس پۇلنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلىنىدىكەن.
ئەسكەرلەر مائاشىنىڭ ئاز-كۆپلۈگى بۇ قىسىملارنىڭ
دولەتتىن تەمىنلىنىدىغانلىقى ياكى شەخسلەر تەرىپىدىن
تەمىنلىنىدىغانلىقىغا قاراپ بەلگىلىنىدىكەن. شەخسلەردىن
تەمىنلىنىدىغان قىسىملارنىڭ مائاشى ناھايىتى تۆۋەن بو-
لىدىكەن.

ۋەزىيەت ياخشىراق بولغان شارائىتتا، ھەربىلەرنىڭ
مائاشى تۆۋەندىكى ئۆلچەم بويىچە تارقىتىلىدىكەن: ھەربىر
ئاددى جەڭچىگە ھەر ئايدا 3 تەڭگىدىن 15 تەڭگىگىچە
مائاش بېرىلىدىكەن: بىر دابېشىغا ھەر ئايدا 20 تەڭگە،
بىر پەنجىبېشىغا ھەر ئايدا 25 تەڭگە مائاش بېرىلىدىكەن،
يۈز بېشى ۋە پانساتلارغا بېرىلىدىغان مائاش ياقۇپبەگ
تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىكەن. بۇ مائاش ئۈچۈن، يىغىۋېلىنغان
پەر بېجىغا قاراپ ماددى بۇيۇم ياكى نەق پۇل تارقىتىلى-
دىكەن. بىر يۈز بېشىنىڭ ئايلىق خىراجىتى 300 تەڭگىگە
يېتىدىكەن. توپچى ئەسكەرلەرنىڭ مائاشى يۇقۇرىراق ئىكەن.

ئۆز ئىختىيارلىغى بىلەن ھەربىسگە كىرگەن نۇرغۇن ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ مائاشىمۇ ياقۇپبەگ تەرىپىدىن بەلگىلىنە دىكەن.

قەشقەردىيە قوشۇنىنىڭ يىمەك بىلەن تەمىنلىنىشى بىر قانچە خىل بولۇپ، بۇ جەھەتتە قوش تەمىنلىنىش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدىكەن.

1. ھەر كۈنى ھەر بىر ئەسكەرگە ئىككىدىن نان (ئېغىرلىغى تەخمىنەن 1 يېرىم قاداق) ۋە ھەربى بولۇملەر بويىچە بىر قانچە ئادەمگە بىر لىگەندىن پولو بېرىلىدىكەن. ھەر ئايدا ھەر بىر جەڭچىگە بىر قاداقتىن چاي تارقىتى لىدىكەن.

2. ھەر ئايدا ھەر بىر ئەسكەرگە ئىككى چارەك (32 قاداق)تىن ئۇن، بىر چارەك (16 قاداق)تىن دان، ۋە بىر ـ ئىككى چارەكتىن گوش بېرىلىدىكەن①.

ئەسكەرلەرگە بولۇپمۇ بالا ـ چاقىلىق ئەسكەرلەرگە بە زى چاغلاردا ماددى نەرسىلەر بېرىلمەي، بىر پارچە يەر تەقسىم قىلىپ بېرىلىدىكەن. ئۇلار 15 چارەك دانلىق ئاش لىقنى ئۇرۇق قىلىپ يەر تېرىيدىكەن. يەرگە ئىگە بولغان ئەسكەرلەر ئۆز يېرىنى ئۆزى تېرىيالمىسا، يەردىن چىقىدى غان ئاشلىقنىڭ يېرىمىغا يەنى 80 چارەك ئاشلىققا ئىگە بولىدىكەن. پەقەت ئاز ساندىكى ناھايىتى نامرات جەڭچى لەرنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىاتلىرىلا دولەتتىن قوشۇمچە ياردەم ئالىدىكەن.

بۇنداق ئائىلىلەرنىڭ دولەتتىن ئالىدىغان قوشۇمچە

---

① 16 قاداق ياكى 32 قاداق گوش بولسا كېرەك — مۇھەررىردىن.

ياردىمى 100 چارەك يېڭى ئاشلىقتىن ئېشىپ كەتمەيدىـ كەن. بۇنداقتا بىر ئائىلىنىڭ ھەر بىر ئەزاسىغا ھەر ئايدا ئىككى چارەكتىن ئۇن، بىر چارەكتىن دانلىق ئاشلىق تېگىدىكەن. كەمبەغەل ئەسكەرلەرنىڭ ئائىلىسى ۋە ئاتا-ئانىسى بارلىق باج-سېلىق ۋە ئالۋاڭ ياساقلاردىن ئازات قىلىنىدىكەن.

ھەربىي قىسىمنىڭ ئاتلىرى ئىشلىتىلمىگەن چاغلاردا، كۈنىگە ھەر 3 ئات ئۈچۈن ئىككى باغدىن بېدە ۋە بىر تاغاردىن سامان بېرىلىدىكەن. ھەر ئاتقا ھەر يىلى 50 چارەكتىن بوغۇز بېرىلىدىكەن. ھەربىي يۈرۈش قىلىنىۋاتقان مەزگىلدە، ھەر بىر ئات ئۈچۈن كۈنىگە ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە 3 - 4 باغ بېدە ياكى قۇرۇق چۆپ، 4 جىڭدىن (تەخمىنەن 10 قاداقتىن) بوغۇز بېرىلىدىكەن. چوڭ قۇشۇن چۆللەردە يۈرۈش قىلغاندا، ھەر بىر ئاتنىڭ يەيدىغان بوغۇزى 10 قاداقتىن 7 يېرىم قاداققا چۈشۈپ قالىدىكەن. بۇ چاغلاردا ئاتلارغا بېدە ئورنىدا پىچان، چىغ ياكى سامان بېرىلىدىكەن. ئۇلار ئات بوغۇزى ئۈچۈن كۆپ مىقداردا كومىە قوناق ئىشلىتىدىكەن. ئۇنىڭ سىرتىدا، زاغرا ۋە ئارپىمۇ ئىشلىتىدىكەن.

ۋەزىيەت ئوڭۇشلۇق بولغان شارائىتتا، قەشقەرىيە ئەسكەرلىرىگە توۋەندىكىدەك كىيىم-كېچەك تارقىتىپ بېرىلىدىكەن: ھەر يىلى ھەر بىر ئەسكەرگە بىر قۇردىن چەت كوينەك-تامبال، بىر قۇردىن يالاڭ چاپان، بىر قۇردىن تون، بوزدىن تىكىلگەن بىر قۇر ئۇزۇن چاپان، 2 قۇر خۇرۇم چامبا، بىر-ئىككى كىشىلىك بەتىنكە، بىر-ئىككى قۇردىن ئىچ كىيىم تارقىتىپ بېرىلىدىكەن.

ئەسكەرلەرگە ھەر ئىككى يىلدا بىردىن جۇۋا تارقىتىلىدى-
كەن. ئەسكەرلەرگە قەرەلسىز تارقىتىپ بېرىلىدىغان نەرسى-
لەر ئىچىدە يەنە قورال، كەمەر ۋە ئۇلارنىڭ ئوزىگە كېرەك-
لىك قوشۇمچە بۇيۇملار، ئاتنىڭ ئىگەر-جابدۇقلىرىمۇ بار
ئىكەن. ئات زادىلا ئىشلەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىدە
كاردىن چىققان بولسا، يەڭگۈشلەپ بېرىلىدىكەن. قوشۇمچە
ياردەم پۇللار پانساتلاردىن يۈز بېشىلارنىڭ قولىغا ئوتۈپ،
ئاندىن ھەرقايىسى تارماق قاراۋۇلخانىلارغا تارقىتىلىدىكەن.

ھەر بىر پانسات سەركادىن ئاتلارنىڭ يەم-خەشىگى
ئۈچۈن بەلگىلىك مىقداردا قوناق ئالىدىكەن. سەركار ھوج-
جەتلەرنى سېلىشتۇرۇپ كورۇپ ھىساپنى بوققاندىن كېيىن،
دەپتەرگە ئورنىتىدىكەن. پانساتلار قورال-ياراق ھەم جاب-
دۇق-ئەسلىھەلەرنى قۇرخانىدىن ئالىدىكەن. بۇنداق قۇرخا-
نىلار قەشقەردىيەنىڭ چوڭ شەھەرلىرىنىڭ ھەممىسىدە بار
ئىكەن.

قوشۇن كوزلەنگەن يەرگە بېرىپ مۇقىم ئورۇنلاشقان-
دىن كېيىن، دولەت ئۇلارغا مائاش ھىساۋىدا بېرىلىدىغان
دانلىق ئاشلىق ئورنىغا دولەت ئىگىلىگىدىكى يەرلەردىن يەر
تەقسىم قىلىپ بېرىدىكەن. ئەسكەرلەر بۇ يەرلەرنىڭ بىر
قىسمىنى ئوزلىرى تېرىيدىكەن. قالغان قىسمىنى مەدىكار
ياللاپ تېرىتىدىكەن. خەنزۇ ئەسكەرلەر بۇنداق يەرلەرنى
مەجبۇرى ئەمگەك قىلىپ ھەقسىز تېرىيدىكەن. پانساتلار ئوز
ئەسكەرلىرىگە دولەت ئىگىلىگىدىكى يەرلەرنى بولۇپ بەر-
گەننىڭ سىرتىدا، يەنە تاغلاردا بېقىلىۋاتقان پادىلاردىن
ئات-ئۇلاق تەقسىم قىلىپمۇ بېرىدىكەن. پانساتلار ئوز يىلى-
دىكى خادىملارنىڭ مەيلى ئېتىز-ئېرىقلاردا ئىشلەيدىغىنى

بولسۇن، ياكى پادىچىلىق قىلىدىغانلىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ
ھەربىرىگە ئايدا 3 سومدىن ھەق بېرىدىكەن.

ھەربىر پانساتنىڭ ئىلكىدە بىر قانچىدىن توگە، 10
دىن 15 كىچە ئات ۋە 5 ھارۋا بولىدىكەن.

بىر ياكى بىر قانچە كەنتنى پانسات، توقسابا ۋە بەگ-
لەرگە كوتىرىگە بېرىپ، بۇنىڭ كىرىمى بىلەن بەلگىلىك
ساندىكى قوشۇننى قامداش—قەشقەرىيەدە ئارمىيىنى تەمىن-
لەشنىڭ ئەڭ ئاددى ۋە ئومۇمىيۈزلۈك چارىسى ئىكەن. قو-
رال-ياراق ۋە بەزىدە كىيىم-كېچەكلەرنى دولەت بىر تۇ-
تاش تارقاتقاننىڭ سىرتىدا، بۇ قوشۇننى نەقپۇل ياكى ماد-
دى نەرسىلەر بىلەن تولۇق تەمىنلەشكە مۇشۇ كەنتنى كو-
تىرىگە ئېلىپ ئىگىدارچىلىق قىلىدىغانلار مەسئۇل بولىدىكەن.
مەسىلەن، ئۇلۇغچات قورغىنىدىكى توقسابا ئەنە شۇ چارىنى
قوللىنىپتۇ. ئۇ روسىيىنىڭ پەرغانە ئۆلكىسىنىڭ چېگرىسى-
دىن تارتىپ قەشقەرىيەنىڭ بەزى تاغ ئېغىزلىرىغىچە بولغان
پۈتۈن تاغلىق رايونغا مەسئۇل بولۇپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدا
10 نەچچە كېچىك قاراۋۇلخانا بار ئىكەن.

بۇ توقسابا مۇشۇ قاراۋۇلخانىلاردىكى 700 دىن 800
كىچە ئاتلىق ئەسكەرنى قامداش ئۈچۈن، بۇ تاغلىق رايون-
دا ئولتۇرۇشلۇق قىرغىزلاردىن بىر خىل مۇقىم غەللە-پا-
راق يىغىۋالىدىكەن. قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن، يەركەن ۋە
باشقا جايلارنىڭ بەگلىرىمۇ ئۆزلىرى باشقۇرۇۋاتقان ئۆلكە-
لەردە يۇقۇرقىدەك چارىنى قوللىنىپ، بەلگىلىك ساندىكى
ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتىنى ھۆددىگە ئالغان ئىكەن.

كىيىنكى چارىنى قوللىنىپ ئەسكەرلەرنى بېقىش، ھەر-
بى خىزمەت ئۆتەۋاتقانلار ئۈچۈن ناھايىتى مۇشەققەتلىك

ئىش. ئەسكەرلەر مۇقىم مائاش ئالالماي، پەقەت خوجايىنـ
لىرىنىڭ خالىغانچە بەرگەن سەدىقىسىگىلا تايىنىپ كۈن كەـ
چۈرىدىكەن. قوشۇندىكىلەر مائاش ئالالماي ھەمىشە ئاچـ
توق يۈرگەنىنىڭ ئۈستىگە، يەنە يەر تېرىشقا ئوخشاش خىلـ
مۇ خىل ھەربى نارەتلەرنى ئورۇنلاشقا مەجبۇر ئىكەن.

شەھەرلەردىكى ۋە تارقاق قاراۋۇلخانىلاردىكى ئەسـ
كەرلەر گەزەرمىلەردە تۇرىدىكەن. بۇ گەزەرمىلەر قاتارـ
قاتار سېلىنغان كىچىك-كىچىك ئۆيلەر ئىكەن. ھەر بىر
قاتار ئۆي تام بىلەن قورشالغان، بۇنداق كورپۇس ئۆيلەرـ
نىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ كىچىك ھوجرىلار سېلىنغان بولۇپ،
ھەر بىر ھوجرىدا 10 دىن ئەسكەر تۇرىدىكەن. بەزى
كورپۇسلار ئەسكەرلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە بولۇپ بېرىلـ
گەن بولسىمۇ، لېكىن ئەسكەرلەر بۇ ئۆيلەردە تۇرماستىن
باشقا كورپۇسلاردا تۇرىدىكەن. كورپۇس ئۆيلەرنىڭ تازىلىـ
قى ناھايىتى ياخشى ئىكەن. لېكىن تارقاق ئۆيلەر ھەم تار، ھەم
كىچىك بولغاچقا، بۇ ئۆيلەرنىڭ تازىلىقى ناچار ئىكەن.
ئائىلىلىكلەرنىڭ ئۆيلىرى ئالاھىدە قوغدىلىدىكەن، تەكلىپ
قىلىنمىغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىلىنـ
مايدىكەن. قەشقەرىيە قوشۇنلىرىدا گەزەرمە تۈزۈمى قوللىنـ
لىشتىن ئىلگىرى، ئەسكەرلەر ھەم كىچىك، ھەم يۇققا بوز
چېدىرلاردا تۇرغان ئىكەن. ھەر بىر چېدىردا 10 دىن
ئەسكەر تۇرىدىكەن. كورلىدا بىر گەزەرمىنى كورۇشكە مۇـ
ۋەپپەق بولدۇق. بۇ گەزەرمىدە ياقۇپبەگنىڭ خىللانغان
قوشۇنىدىن 2500 دىن 3000 غىچە ئەسكەر تۇرىدىكەن.
بۇ ئەسكەرلەر دىكابىر، يانۋار، فېۋرال ئايلىرىدىكى نولدىن
تۆۋەن 10 دىن 11 گىچە بولغان سوغاقتىمۇ يەنە شۇنداق چېدىرـ

لاردا تۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇلارغا ئوت قالاپ ئىسسىنىشقا ئوتۇن-ياغاچ بېرىلمەپتۇ، ئەسكەرلەرنىڭ كىيىملىرى يېلىڭ ئىكەن. ھەر بىر چېدىردىكى ئەسكەرلەر مىسىل (شال پالىڭى) ئۈستىگە سېلىنغان كىگىزنى سېلىنچا، يەنە بىر كىگىزنى يېپىنچا قىلىپ ياتىدىكەن. جۇمە كۈنىدىن باشقا كۈنلەرنىڭ ھەممىسىدە، ئەسكەر ۋە ئوفىتسېرلار جىددى ھەربى تەلىم-تەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. ئۇلار ھەر كۈنى سائەت 5 تىن 11 گىچە سەپكە تىزىلىپ مېڭىشنى مەشق قىلىدىكەن. ئاندىن ئۇلار قورال تۇتقان پېتى بىر-ئىككى سائەت ئىسترويىدا (سەپكە تىزىلىشتا) دىققەتتە تۇرغاندىن كېيىن غىزا يەيدىكەن. بەزى چاغلاردا تاماقتىن كېيىنمۇ ئەسكەرلەرگە ئىستروي مەشقى ئورۇنلاشتۇرۇلىدىكەن. لېكىن كوپ ھاللاردا ئەسكەرلەر خانلىق يەرلەردە، باغلاردا، ياكى كارخانىلاردا ئىشلەيدىكەن ۋە ھەر خىل نارەتلەر (ئىچكى مەشغۇلاتلار)نى ئورۇنلايدىكەن. ئىختىيارى ھەركەت ۋاقتى يوق دىيەرلىك ئىكەن. ئەسكەرلەر گەزەرمىدىن سىرتقا چىقماقچى بولسا، يۇقۇرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنىڭ تەستىقىنى ئېلىشى شەرت ئىكەن. بارلىق ئەسكەرلەر جۇمە كۈنى جامە-خانىقالارغا بېرىپ جۇمە نامىزى ئوقۇيدىكەن.

قەشقەردىيە قوشۇندىكى ئىنتىزام جازاسى قاماققا ئېلىش، كالتەكلەش ياكى قامچىلاش قاتارلىق جازالارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

جازالاش ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئوفىتسېرلارنىڭ ھوقۇق چەكلىمىسى ھەققىدە ئېنىق بىر بەلگىلىمە يوق ئىكەن. بۇ ئىشنى ئۇلار پۈتۈنلەي ئۆز خاھىشى بويىچە بىر تەرەپ قىلىدىكەن. ھەربى سەپتە مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقان-

لاردىن بىرەر كىشى جىنايەتكە ياتىدىغان گۇنا قىلسا، قا-
زىلارنىڭ پەتىۋاسى ۋە شەرىئەتنىڭ قائىدە-نىزاملىرى بو-
يىچە سوراققا تارتىلىدىكەن. ئوغرىلىق قىلغانلارنى مىسالغا
ئالساق، تۇنجى قېتىم ئوغرىلىق قىلغانلار قاماققا ئېلىنىدى-
كەن، ئىككىنچى قېتىم ئوغرىلىق قىلغانلارنىڭ قولى بېغىشى-
دىن كېسىپ تاشلىنىدىكەن، ئۈچىنچى قېتىم ئوغرىلىق قىل-
غانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىكەن.

كىشىلەر قەشقەرىيە ئۈستىدە ئومۇمىيۈزلۈك باشقىچە بىر
خىل قاراشتا بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردە ئەمىلىيەتتە ئۆلۈم
جازاسى بېرىلىدىغان ئىشلار ناھايىتى ئاز ئىكەن. ئۆلۈم
جازاسى ئومۇمەن دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈش شەكلى بىلەن
ئىجرا قىلىنىدىكەن. شەھەر-يېزىلارنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە
ئاساسەن، شەھەر-يېزىلاردا مەلۇم ساندا ئادەم ئۆلتۈرۈشكە
يەتكىدەك ھەر خىل دار ياغاچلار ئورنىتىلغان بولۇپ،
بۇ دارلار شەھەر ياكى چوڭراق يېزىلارغا كىرىشتە ئالدى
بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆزىگە چېلىقىدىكەن.

مەن قەشقەرىيە ھەربىلىرىنىڭ تۇرمۇش شارائىتى توغ-
رىسىدىكى بايانىمنى ئاياقلاشتۇرۇۋاتقان چېغىمدا، يەرلىك
كىشىلەر بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سوھبەتلەردىن يېزىۋالغان
بەزىبىر خاتىرىلىرىمنى بۇ يەردە تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن.

بىر ئۇلۇغچات قورغىنىدا تۇرىۋاتقىنىمىزدا، بىرگە
ھەمرا بولغان مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەردىن بىرسى بىرگە
ئۆزىنىڭ خوتەنلىك ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭدىن 7 يىل ئىلگىرى
مەجبۇرى ھالدا ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانلىقى ۋە مۇشۇ يەتتە
يىلدىن بۇيان ئۇلۇغچات قورغىنىدا تۇرىۋاتقانلىقىنى سوز-
لەپ بەردى. ئۇ يەنە ئائىلىسىنىڭ ھىلىمۇ خوتەندە تۇرىۋاتـ

قانلىغى، ھەربى خىزمەت ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە ئۆزىنىڭ بىر قېتىممۇ ماڭاش ئېلىپ باقمىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلۇغچاتتا تۇردۇۋاتقان قوشۇنلارنىڭ ئوزۇقلىنىش ئەھۋالى مۇنداق ئىكەن: ھەركۈنى بىر كىشىگە ئەتىگەن ۋە كەچتە يېيىش ئۈچۈن ئىككىدىن نان بېرىلىدىكەن. كەچلىك تاماق ئۈچۈن ھەركۈنى 2 قوي سويۇلىدىكەن، بۇنىڭدىن بىرىنى توقسابا بىلەن يۈز بېشىلار يەيدىكەن. قالغان بىر قوينىڭ گۆشىدە ماشخوردا قىلىپ، ئۇنى پۈتۈن گەزەرمىدىكى 80 — 70 ئائىلىلىك ئەسكەرلەر بىلەن 100 دەك بويتاق ئەسكەر يەيدىكەن. ئائىلىسى بارلار ئۆز ئۆلۈشلىرىنى ئايرىم قاچىلارغا ئۇسسۇۋالىدىكەن.

قەشقەر شەھرىدە ھۆكۈمەت ئىگىدارلىغىدىكى كارخانىلار ۋە مەنقۇلاتخانىلارنىڭ ھەربىلەرنى كىيىم-كېچەك ۋە قورال-ياراقلار بىلەن تەمىنلەش ئىشلىرى بەك ئوسال ئىكەن.

توقسابالار پەقەت جەڭچىلەرنىڭ بىر قىسىم ماڭاشىنى بېرىشكىلا مەسئۇل ئىكەن. كۆپچىلىك قوشۇنلار ئۇلاردىن بەكمۇ نارازى ئىكەن. ئۇلار: خەنزۇلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغلاردا يۇقرىلارنىڭ ھال-كۈنى ھازىرقىدىن ياخشىراق ئىدى، مەيلى قانداقلا بولسۇن ئەسكەرلەرمۇ ئانچە رىيازەت چەكمەيتتى، ھازىرقى ھۆكۈمرانلارنىڭ قول ئاستىدا پەقەت ئەنجانلىقلار بىلەن پىسكەنتلىكلەر (ياقۇپبەگنىڭ يۇرتداشلىرى)لا ياخشى كۈن كۆرۈۋاتىدۇ، دېيىشىدىكەن.

1875 — يىلى قەشقەرلىك 2 ئادەم روسىيە زېمىنىغا قېچىپ كەتكەن ئىكەن، تېرەك داۋان ئەتراپىدا چارۋىچى-

لىق قىلىپ كوچۇپ يۈرگەن روسىيە پۇقرالىرىدىن قاراقىرغىز-لارنىڭ سارت قەبىلىسىنىڭ باشلىقى مۇسۇلمان بىي ئۇلارنى تۇتۇۋېلىپ قەشقەر ھوكۇمىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇ 2 ئادەم ئۆلۈمگە ھوكۇم قىلىنىپتۇ، ھىلىقى مۇ-سۇلمان بىي بولسا قەشقەر ھوكۇمىتىنىڭ سۆيۈنچىسىگە ئېرىشىپتۇ.

بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى ئىككى ئادەم چېگرىدىن قې-چىشقا ئۇرۇنغانلىقتىن، توقساباينىڭ بۇيرۇغى بىلەن چېپىپ تاشلىنىپتۇ. توقسابا بىرەر كىشىنى ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولمىسىمۇ، لېكىن ياقۇپبەگنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيې-غۇن بولسىلا، شۇنداق قىلسا بولىدىكەن.

قەشقەر شەھرىدە تۇرۇشلۇق ھەربى قىسىمدىكى بەزى ئەسكەرلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ شەھەرنىڭ ھاكىمى ئالدىراج دادخامۇ ئۆز ئەسكەرلىرىگە (قولىدا 800 ئەسكىرى بار ئىكەن) ئۆلۈغچاتتىكى ھىلىقى توقساباغا ئوخشاشلا مۇئامى-لە قىلىدىكەن، ئەسكەرلەرگە مائاش بەرمەيدىكەن.

ئۇزاقتىن بۇيان قەشقەردە تۇرۇپ كەلگەن روسىيە ۋە-كىللى شىكاكوۋنىڭ ئېيتىشىچە، قەشقەرىيە قوشۇنىدا مەيلى ئەسكەرلەر ياكى ئوفىتسىرلار بولسۇن، ئەزەلدىن بازاردىن بىر نەرسە سېتىپ ئالمايدىكەن. ھەر قېتىم ئۇلارغا كې-يىم-كېچەك، ئۇزۇن تون ۋە ئۆتۈك تارقىتىپ بېرىلگەن ھا-مان ئۇلار بۇ نەرسىلەرنى بازارغا ئاپىرىپ ئەرزان باھادا ئېلىشىغا سېتىۋېتىپ، جۇلدۇر كىيىپ بولۇپ يۈرۈۋېرىدىكەن.

بىر كورلىدىن كۇچاغا بارغىچە يول ئۈستىدە يەركەن-لىك بىر ئاتلىق ئەسكەر بىلەن بىر نەچچە بېكەت ھەمرا بولۇپ ماڭدۇق. بۇ ئادەم بىرگە يېقىندىن بۇيان قەشقەر-

يەلىكلەر بىلەن خەنزۇلار ئولتۇرىسىدا يۈز بەرگەن توقۇنۇشلار ئۈستىدە بىرمۇنچە قىزىق پاراكلارنى قىلىپ بەردى. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئالدىنقى قاراۋۇلخانىدا 5 يىل خىزمەت قىلغان ئىكەن. مۇشۇ مەزگىلدە ھوكۇمەت ئۇنىڭغا 2 قۇر ئۇزۇن چاپان، 25 تەڭگە بېرىپتۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ ھېچقانداق تەمنات ئېلىپ باقماپتۇ. تۇرپاندا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەر بىر مەزگىل ھەتتا ئىشكمۇ-ئىشك يۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلىش بىلەن جان باقىقان ئىكەن. يولدا بىزگە ھەمرا بولغان بۇ ئەسكەر كېيىنچە سارى بولۇپ قالغان ئىكەن، كېيىن يەركەن شەھرىدە تۇرۇشلۇق ھەربى قىسىمغا كىرىپ خىزمەت قىلىش شەرتى بىلەن ئۇز يۇرتىغا قايتىشقا رۇخسەت ئاپتۇ. ئۇنىڭ مېنىڭ يۈرگەن ئىشى يوقالغانلىقتىن، قوشۇن ئۇنىڭ خىچىر ئېلىۋېلىشىغا پۇل بېرىپتۇ. ئۇ مۇشۇ خېچىرنى مېنىڭ بىر بىلەن بىللە يول يۈردى. قوشۇن ئۇنىڭ بەردەڭگى مىلتىغى ۋە ئوق-دورىلىرىنى ئېلىۋاپتۇ. يول ئۈستىدە ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئىشلىتىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا 2 كاللەكلا پارتلاتقۇچ دورا بەرگەننىڭ سىرتىدا، يەركەنگە ئوڭۇشلۇق بېرىۋېلىشى ئۈچۈن، بىر پارچە يول خېتى ۋە بىر پارچە يەم-خەشەك قەغىزى بېرىپتۇ. بىز كۇچا شەھرىدىن ئوتكىنىمىزدىن كېيىن، دەم ئېلىشقا كېتىۋاتقان يەنە بىر ئەسكەرگە يولۇقتۇق. ئۇ بەردەڭگە مىلتىغىنى مۇرىسىگە ئېسىۋېلىپ، يەركەنگە پىيادە كېتىۋاتقان ئىكەن. ئۇمۇ بىزنىڭ بايىقى ھەمرايىمىزنىڭ ئېيتقانلىرىنى راست دەپ تەستىقلىدى.

بىز قەشقەرىيەنىڭ بىر قانچە شەھەرلىرىدە توختاپ ئوتكەن ۋاقتىلىرىمىزدا قەشقەرىيە ھوكۇمىتى بىزنى ھورمەت-

لەش يۈزىسىدىن، بىرگە بىر تۈركۈم مەخسۇس مۇھاپىزەتچى ئەسكەر ئاجراتقان ئىدى. ئۇلار دەسلەپتە بىرگە ئۆزلىرىنىڭ ھال-كۈنىنى ھەدەپ ماختاپ بەردى. ياقۇپبەگنىڭ ئادىل، كەڭ قوساق ئادەم ئىكەنلىكىنى مەدھىيىلەشتى ۋە ئۆزلىرى-نىڭ مائاشىنىڭ نۇرغۇنلۇغىنى مۇبالىغە قىلىشتى. لېكىن بىز ئۇلار بىلەن تېخىمۇ سىرداش بولۇپ كەتكىنىمىزدىن كې-يىنلا بىزگە ئىچ-قارنىنى تۆكۈۋەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە غەزەپلىنىپ شىكايەت قىلدى، ئۆز ئوفىت-سېرلىرىنىڭ ئوساللىقلىرى ئۈستىدە دەرت تۆكتى.

بىز قەشقەرىيە ئارمىيىسىنىڭ قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچا ۋە بايدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىنىڭ ھەربى تەلىم-تەربىيە ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردۇق. كورلىدا تۇرغان چېغىمىزدا ئۇ يەردە ناھايىتى نۇرغۇن ھەربى قىسىم تۇرۇۋاتقان بولىس-مۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ سەپ تۈزۈپ مەشق قىلىشىنى بىر قېتىممۇ كۆرمىدۇق.

قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەسكەر 5.000 دىن ئاشىدىكەن. ئۇلارنىڭ ھەربى تەلىم-تەربىيە ئىشلىرى غەرپنىڭ ئەڭ سىستېمىلىق مۇنتىزىم ئۇسلۇبى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىكەن. ھەركۈنى ئەتىگەن سائەت 5 تە بارلىق ھەربىلەر گەزەرمە ئالدىغا سەپ تارتىپ تىزىلىدىكەن. ھەرقايسى قىسىم بۆلۈن-مىلەر بويىچە ھەپتىسىگە ئىككى قېتىم يېڭى شەھەر ئۇدۇلى-دىكى كەڭ مەيدانغا يىغىلىپ، ھەممە بىرلىكتە ھەربى يۈ-رۈش-تۇرۇشنى مەشق قىلىدىكەن. بارلىق ئەسكەرلەر ھەر ھەپتىدە 4 قېتىم نۆۋەتلىشىپ قارىغا ئېتىشقا قاتنىشىدىكەن. شۇڭا ھەربىر كىچىك بۆلۈم ياكى دەستىلەر ھەپتىدە بىر قېتىم ياكى ئىككى قېتىم مۇشۇنداق تەلىم-تەربىيىگە قاتنى-

شىش پۈرسىتىگە ئىگە بولالايدىكەن.

قەشقەرىيە ئارمىيىسىنىڭ تەلىم-تەربىيە ئىشلىرىدا تاكى يېقىنقى كۈنلەرگىچە ئافغانىستان، ئەنگلىيە (ھىندىلار ئۆگىتىدىكەن) ۋە روسسىيەنىڭ ئۈنىۋېرسال تۈزۈملىرى ئىجرا قىلىنىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ياقۇپبەگ تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان بەزىبىر تۈزۈملەرمۇ ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىجرا قىلىنىۋېتىپتۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ يەرگە كەلگەن بىر قىسىم تۈرك ھەربىي ئوقۇتقۇچىلار ئىككى "تابور" قىزىل سەرۋازلاردىن باشقا بارلىق ئەسكەرلەرنىڭ ھەربىي تەلىم-تەربىيە خىزمەتلىرىنى ئۆز قوللىرىغا ئېلىۋاپتۇ. بۇ ئىككى "تابور" يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى تۈزۈمى بويىچە تەلىم-تەربىيە ئېلىپ بارىدىكەن. يېڭى ھەربىي ئوقۇتقۇچىلار ھەربىلەرگە پەقەت يېڭى تەلىم-تەربىيە شەكلىنىلا تونۇشتۇرۇپتۇ. ئەمما ئىشنىڭ ماھىيىتى يەنىلا بۇرۇنقى پېتىچە ئۆزگەرمەي قېلىۋېرىپتۇ.

ئەمدى پىيادە ئەسكەرلەرگە كەلسەك، ئۇلار ئىچىدە يولغا قويۇلغان يېڭى شەكىلدىكى ھەربىي تەلىم-تەربىيە قورال-ياراقتىن پايدىلىنىش مەشقى، مۇكەممەل ئۇدۇل سەپ بويىچە مېڭىش ۋە ئوڭ-سولغا بۇرۇلۇش ماھارەتلىرىنى ئۈستۈرۈش مەشقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. ئاتلىق ئەسكەرلەر ئىچىدە بولسا يۈرۈشتە كېتىۋېتىپ بۇرۇلۇش، ئاستا ۋە تېز مېڭىپ كېتىۋېتىپ ئاتقا مىنىش، ئۈچ ياكى ئالتە قاتار تۈزۈن سەپ بولۇش ۋە ئاتتىن چۈشۈش مەشقى ئېلىپ بېرىلىدىكەن. پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ تارقاق سەپ شەكلى، ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتۈشى ۋە مۇھاپىزەتچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەش مەشقى قاتارلىقلارنىڭ ھېچقايسىسى تە-

لىم-تەربىيە مەزمۇنىغا كىرگۈزۈلمەپتۇ. ئۇلار ھەرخىل قىشۇنلارنىڭ ئاردلاشما پوزىتسىيىسى ۋە ياكى كوپ سەپلىك ئوزگىرىشى قاتارلىق تەلىم-تەربىيە مەزمۇنلىرىنى تېخى ئۇگەنمەپتۇ. بۇ مەزمۇنلارنى ئۇگىنىش ئۇچۇن، تۇرك ھەربى ئوقۇتقۇچىلاردىنمۇ بىلىملىك، قابىلىيەتلىك ھەربى ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

كىتابخانىلارغا قەشقەرىيە ئارمىيىسىنى ۋە بۇ ئارمىيىدە يولغا قويۇلغان ھەربى تەلىم-تەربىيە مەزمۇنىنى تېخىمۇ تەپسىلى تونۇشتۇرۇش ئۇچۇن، ئوزىمىز قەشقەر، باي، كۇچا شەھەرلىرىدە كورگەن ھەربى مانېۋىرلار ئۇستىدە توختالماقچىمەن.

1876-يىل 6-نويابىر (18-نويابىر) كۇنى تەسادىپەن قەشقەرىيە ئارمىيىسىنىڭ قەشقەر يېڭى شەھەر ئەتراپىدا ئوتكۇزگەن بىر قېتىملىق ھەربى كورىگىنى كورۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم.

بۇ قېتىمقى ھەربى كورەك ئۇزۇنلۇغى تەخمىنەن 6 چاقىرىم، كەڭلىگى تەخمىنەن 2 چاقىرىم كېلىدىغان بىر مەيداندا ئېلىپ بېرىلدى. بۇ مەيداننىڭ جەنۇبى تەرىپى يېڭى شەھەر سېپىلىغا تۇتىشىدىغان بولۇپ، شەرق تەرىپى ئېگىز ئېرىق بىلەن چېگرىلىنىدىكەن.

3 مىڭدەك ئەسكەر چوڭ چاسا سەپ شەكلىدە تىزىلدى. سەپنىڭ شىمال تەرىپىدە بىر ئاتلىق قىسىم (2 تابور يەنى 16 تاقىم) تۇردى. سەپنىڭ غەرپ ۋە جەنۇپ تەرەپلىرىدە 8 توپ بىلەن قوراللانغان 3 تابور (يەنى 24 بۆلەك) پىيادە قىسىم تۇردى، سەپنىڭ شەرق تەرىپىدە 8 توپ بىلەن كۇچەيتىلگەن 4 تاقىم ياكى يېرىم تابور كېلىدىغان

قىزىل سەرۋاز ئاتلىق قىسىم تۇردى. سەپنىڭ شىمال تەرىپىدە 400 خەنزۇ ئەسكەر تۇردى. ئاتلىق قىسىملارنىڭ ئالدىدا خەنزۇ ئەسكەرلەر بىلەن ئوخشاش ساندا تۇغقان ئەسكەرلەر توپ - زەمبىرەكلەرنى مۇرىسىدە كوتەرگەن ھالەتتە تۇردى، پۈتۈن ئەسكەرلەر مەيداننىڭ ئىچىگە يۈزلىنىپ تىك تۇراتتى. چاسا سەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياقۇپبەگنىڭ ئوغلى بەگقۇلىبەگ بىلەن ئۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرى، بىر قىسىم ھەربى ئوقۇتقۇچىلار، يۈز بېشىلار ۋە مەھرەملەر تۇراتتى. مەھرەملەر 15 ياشتىن 17 ياشقىچە بولغان ئوغۇل باللار بولۇپ، ئۇلار ھەربى قىسىمدا ئاديۇتانتلىق ۋەزىپىسىنى ئوتەيدىكەن. سەپنىڭ مەركىزىدە قىزىل سەرۋازلار 8 دانە توپ بىلەن قوراللانغان ھالدا 8 بولەك بولۇپ تۇراتتى. جامەدار پەرمانىچى ئىسىملىك بىر ئاۋغان ئۇلارغا قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى.

قىزىل سەرۋازلار ئۇچىسىغا قىزىل ۋە يېشىل رەڭلىك رەخلەردىن تىكىلىپ ئوشۇغىچە سورۇلۇپ تۇرىدىغان تونلارنى كىيىۋالغان. ئۇلار بەللىرىگە كەڭ كەمەر باغلىغان، ئۇنىڭغا ئوق - دورا، پىستان خالتىلىرى ئېسىۋالغان، ئۇچىسىدىكى سېرىق خۇرۇم چابىلىرى ناھايىتى كونىراپ كەتكەن، باشلىرىغا قۇندۇز تەلپەكلەرنى كىيىشىۋالغان ئىدى. ئۇلار ئىنفيۇلد نۇسخىسىدىكى نەيزىلىك تۇركلەنكا مىلتىقلار بىلەن قوراللانغان ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ قوللىرىدا يەنە ئاز ساندا شۇيەرنىڭ ئوزىدە ئىشلەنگەن قوراللارنىڭمۇ بارلىقىنى كوردۇق.

بۇ سەرۋازلار ئادەم سانى ناھايىتى ئاز بولغان بىر قانچە كىچىك بولەكلەرگە بولۇنگەن بولۇپ، ھەربىر بولەك

30 سەپتىن ئەمەس، بەلكى 15 سەپتىن تەركىپ تاپقان ئۇزۇن سەپ تۈزۈپ تۇراتتى. ئۇلارغا قوشۇپ بېرىلگەن 8 دانە توپ بىرگە روسىيەنىڭ 18 قاداق ئېغىرلىقتىكى گائۇبىتسا توپلىرىنى ئەسلەتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ توپلىرىنىڭ بەزىلىرى ئاران 12 قاداق ئېغىرلىقتىكى گائۇبىتسا توپلىرى ئىكەن. بۇ زەمبىرەكلەرنى سۆرەيدىغان هارۋىلار ناهايىتى قوپال بولسىمۇ، لېكىن خېلى پۇختا ياسىلىپتۇ، بەزىلىرى هەتتا يېشىل سىرلىنىپتۇ. بۇ توپلار ئىنگلىز توپلىرىنىڭ ئۇسخىسى بويىچە ستۇۋولىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن هارۋىلارغا قوندۇرۇلغان بولۇپ، توپ سۆرەيدىغان هەربىر هارۋىغا ئىككىدىن ئات قېتىلىدىكەن. هەر بىر توپنىڭ يېنىدا 5 تىن پىيادە ئەسكەر ۋە ئىككىدىن ئاتلىق ئەسكەر تۇرىدىكەن.

هەربىر بولەكنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىردىن توپ قويۇلغان بولۇپ، 8 توپنىڭ هەممىسى قىسمىنىڭ سول قانىتىدا تۇرىدىكەن. جامەدار پەرمانچىنىڭ بۇيرۇغى بىلەن، تابوردىكى هەممە پىيادە، توپچى قىسىملار بىرلا ۋاقىتتا هەركەتلەندى.

قىزىل سەرۋازلار ئالدى بىلەن چاسا شەكىللىك سەپ تۈزدى. بۇ چاسا سەپنىڭ ئۇدۇل تەرىپىدە 4 بولەك ۋە 5 توپ، ئارقا تەرىپىدە 2 بولەك ۋە بىر توپ بار ئىدى. سەپنىڭ هەربىر يان تەرىپىدە بولسا بىر بولەك ۋە بىر توپ بار ئىدى. سەپنىڭ يان تەرىپى ۋە ئارقا تەرىپىدە تۇرغان بىرنەچچە بولەكتىن بىر تۈز سىزىق هاسىل بولىدى. بۇ سەپنىڭ ئوتتۇرىسىغا توپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. سەپ شەكلى جامەدار پەرمانچىنىڭ بۇيرۇغى بىلەن تېز-تېز ئۆزگىرىپ تۇراتتى. ئالدىنقى توغرا سەپ بىردەمدىلا ئۆز

سىپىنىڭ ئوڭ تەرىپى بىلەن سول تەرىپىنىڭ ئۇدۇلىغا يۆلىنىپ، مۇداپىئە سىپى شەكلىگە كىرەتتى؛ ئۇدۇل سەپنىڭ ئاخىرقى قۇرىدىكىلەر يەنە بىردەمدىلا يان تەرەپكە قوشۇلۇپ، چاسا سەپنى تېخىمۇ كېڭەيتەتتى. بەزىدە، ئۇدۇل سەپتىكى ئىككى باش بولەك تارقىلىپ يان تەرەپكە ياكى ئارقا تەرەپكە ئۆتۈپ، ئۆز سەپلىرىنى ئىككى قۇردىن توت قۇرغا ئۆزگەرتەتتى، شۇنىڭ بىلەن، ھېلىقى چاسا سەپ كىچىكلەيتتى. مانىۋىر جەريانىدا ئەسكەرلەر توپلارنى قوللىرى بىلەن ئىتتىرىپ ماڭاتتى، توپ ھارۋىلىرى بولسا چاسا سەپ ئىچىگە قويۇلغان ئىدى. بۇ چاسا سەپلەر ئالدىغا، ئارقىغا ياكى ئوڭ-سول تەرەپلەرگە بۇرۇلغاندا، ئەسكەرلەر ھېلىقى توپلارنى ھارۋىلارغا ئولتۇرغۇزاتتى. بۇنداق ھەركەتلەر ناھايىتى تېز ئورۇنلىناتتى.

چاسا سەپنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى ئوق ئاتقاندا، جەڭچىلەر بىر-بىرىگە ناھايىتى ياخشى ماسلىشاتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ قوراللارنى ئىككىنچى قېتىملىق بەتلەش ھەركىتى تەرتىپسىزرەك ئىدى.

ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇنداق چاسا سەپ جامەدار پەرمانچىنىڭ قىزىل سەرۋازلارغا ئۆگەتكەن ئاساسىي سەپ شەكلى بولسا كېرەك. ئۇ قىزىل سەرۋازلارغا ئاۋغانچە بۇيرۇق بېرىدىكەن. ئوخشاش خىلدىكى بۇنداق ھەركەتلەر بىرقانچە قېتىم تەكرارلاندى.

سەرۋازلار چاسا سەپ تۈزۈشتىن باشقا، يەنە باشقا خىلمۇ خىل ھەركەتلەرنى قىلىپ كۆرسەتتى. ئۇلار بىردەم ئالغا ئۆتۈپ، بىردەم ئارقىغا چېكىنىپ توغرا سەپ تۈزەيتتى ياكى تۈزۈن سەپ تۈزەيتتى. ئۇلار بۇرۇلغاندا ئارىلىق

ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن كوپرەك ئۇزۇن سەپ شەكلىنى قوللاندى. بۇنداق ھەركەتلەر ئورۇنلىنىۋاتقاندا توپلار بولەكلەرنىڭ ئوڭ قانىتىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىكەن. سەپ قەدەم تاشلاپ ماڭغاندا، جەڭچىلەر ئاۋال سول پۇتىنى تاشلاپ قەدەملىرىنى ئۇششاق ئېلىپ ماڭىدىكەن. ئۇلارنىڭ ھەركەتلىرى بەك ئاستا بولسىمۇ، لېكىن بولەكلەرنىڭ ئارىلىقى ۋە پۈتۈن سەپنىڭ قەدەم تاشلىشى ناھايىتى تەكشى ئىكەن. بولەك بىلەن بولەكلەر ئوتتۇرىسىدا ئارىلىق ساقلىنىدىكەن.

ھەرقايسى تابورلار مانېۋىر قىلىپ بولغىچە كارناي بۇيرۇقىنى چالالايدىغان بىر خاۋلۇك (كارنايچى) جامەدار پەرمانچى بىلەن باشتىن ئاخىرغىچە بىللە بولدى. بۇ كارناي بۇيرۇقلىرىنى ئاڭلىغىنىمىزدا، خۇددى ئوز كارنايلىرىمىزنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇق.

قىزىل سەرۋازلار قىسمى باشقا قىسىملاردىن مۇستەقىل ھالدا ئوز ئالدىغا مانېۋىر قىلدى، باشقا قىسىملارمۇ ئوز ئالدىغا مەشىق قىلدى.

قالغان پىيادە قىسىملار 24 بولەك يەنى 3 تابور بولۇپ، بەگقۇلىبەگنىڭ قوماندانلىقىدا مەشىق قىلدى. ئۇ تۈرك ھەربىي ئوقۇتقۇچىسى ئارقىلىق بۇيرۇق بېرەتتى. ھەربىي ئوقۇتقۇچى بىچارە ئېتىنى دىۋەتكەن پېتى خۇددى پۈتى كويگەن توخۇدەك مەيداننىڭ بۇ بېشىدىن ئۇ بېشىغىچە توختىماي چېپىپ يۈردى.

بۇ ئۈچ تابور پۈتۈنلەي يېڭى ئەسكەرلەردىن تەشكىل قىلىنغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەربىر بولىكى 3 قۇر ئۇزۇن سەپتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى قىزىل سەرۋازلارنىڭكىدىن بىر ھەسسە ئارتۇق ئىدى. ئۇلار ئىچـ

دىكى 2 تابور بىرلىكتە مەشق قىلدى، يەنە بىر تابور ئۆز ئالدىغا ئايرىم مەشق قىلدى.

بۇ يېڭى ئەسكەرلەرمۇ چەكمەندىن تون كىيگەن بولۇپ، ئۇلار چاپانلىرىنىڭ پەشلىرىنى شىملىرىنىڭ ئىچىگە تىقىشتۇرۋالغان ئىدى. ئۇلارمۇ بەللىرىگە قىزىل سەرۋازلارنىڭكىدەك كەمەر باغلاپ، كىچىك-كىچىك قاپچۇقلار ئېسىۋالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ قورال-ياراقلىرى خىلمۇ خىل بولۇپ، بۇ قوراللار ئىچىدە بەردەڭگى مىلتىقلار بىرقەدەر ئاساسلىق ئورۇندا تۇراتتى. بۇلارنىڭ توپخانىسىنىڭ 8 دانە زەمبىرىكى قىزىل سەرۋازلارنىڭكىگە قارىغاندا بەكمۇ قوپال ۋە ناچار ئىدى.

ھەرقايسى بولەكلەر ھەركەتنى ئۇزۇن سەپ بويىچە ئىشلىدى. بولەكلەرنىڭ يان ئارىلىقلىرى بولەكلەرنىڭ ئۆدۆل تەرىپىدىن چوڭراق ئىدى. ئۇلارنىڭ قەدەم تاشلاشلىرى تەكشى بولمىسىمۇ، لېكىن ھەركەتلىرى ناھايىتى رەتلىك، تەكشى ئىدى. بۇ بولەكلەر كېتىۋېتىپ بىر بىرىگە يېقىن ياندىشالايتتى ۋە دەرھال بىر بىرىدىن يىراقلىشالايتتى. ئۇلار ئورنىدا توختاش ۋە يوتكىلىش ھەركەتلىرىنى ناھايىتى پۇختا، رەتلىك ئورۇنلىدى. سەرۋازلار مىلتىقنى قىيىشقا ئالغاندا، مىلتىقنىڭ بېشىنى ئوخرەك ئۈستىگە قويۇپ، قولنى ئالدىغا چىقارغان ھالدا ماڭاتتى.

يېڭى ئەسكەرلەرگە ئادەتتە سەپتە تۇرۇپ يىغىلىش، تارقىلىش تەلىم-تەربىيىسىلا بېرىلگەچكە، ئۇلارنىڭ ماھارىتى ئانچە يۇقىرى ئەمەستەك تۇردى.

بۇ ئارمىيىدە قىزىل سەرۋازلاردىن باشقا، پىيادە قىسىملارنىڭ ھەممىسىگە تۈرك تىلىدا كوماندا بېرىلىدىكەن،

قىزىل سەرۋازلارغا بولسا ئاۋغان تىلىدا كوماندا بېرىلىدىكەن.
ئاتلىق ئەسكەرلەر قىسمى بىزدىكى ئىسكادرون ۋە روتىغا تەڭ كېلىدىغان مۇستەقىل 9 تارماقتىن (سوتنىدىن) تەركىب تاپىدىغان بولۇپ، بۇلاردىن 8 سوتنە بىللە مەشق قىلىدىكەن، قالغان بىر سوتنە ئايرىم مەشق قىلىدىكەن.
ھەربىر سوتنە 15 تىن 16 غىچە ئۇزۇن سەپتىن تۈزۈلگەن ئىككى ئەترەتكە بولۇنىدىكەن. بۇ ئەترەتلەر "تاقىم" بايراقلىرىنى كوتىرىدىكەن، ھەر سەككىز ئەترەتتىن بىر تابور تەشكىل قىلىنىدىكەن. بۇ قېتىمقى پاراتقا ئۇلاردىن 2 تابور قاتناشتى.
ئاتلىق ئەسكەرلەر رەڭمۇ رەڭ يەكتەك كىيىدىغان بولۇپ، ئۇلارمۇ يەكتەكلىرىنىڭ پېشنى چامبىلىرىنىڭ ئىچىگە تىقىۋالىدىكەن. ئۇلار نەيزە بېكىتىلگەن تەپىكىلىك مىلتىق ۋە قىلىچلار بىلەن قوراللانغان ئىكەن. مىلتىقلىرىنىڭ بەزىسى كەيىندىن ئوقلىنىدىغان مىلتىقلار بولۇپ، ئۇلار مىلتىقلىرىنى مۈرىسىگە ئېسىۋالىدىكەن. ئوفىتسېرلار بولسا ناھايىتى ئوبدان سوقۇلغان قىلىچلارنى ئېسىۋالىدىكەن.
ئاتلىق قىسمىنىڭ ئاتلىرى ئەڭ ئېسىل ئاتلار ئىكەن ۋە ئاتلارنىڭ مۇتلەق كوپ قىسمى ئوبدان بېقىلىدىكەن. ئاتلارنىڭ كوپچىلىگى قوقان ئارغىماقلىرى بىلەن قارا قىرغىز بايتاللىرىنىڭ شالغۇت نەسلى بولغان قارا بارس دەپ ئاتىلىدىغان ئاتلار ئىكەن.
ئاتلىق قىسىملار ھەر قاتىرى 3 ئاتتىن تۈزۈلگەن ئۇزۇن سەپلىك تاقىملار بويىچە ئاساسەن ئاستا مېڭىش ۋە يورغىلىتىپ مېڭىش ھەركەتلىرىنىلا كورسەتتى. تاقىملار ئوز ئارىلىقلىرىنى بەزىدە كېڭەيتىپ، بەزىدە يېقىنلاشتۇرۇپ،

چوكىلەپ مېڭىش ھەركىتىنى ناھايىتى ياخشى ئورۇنلىدى. ھالقىسىمان سەپ تۈزگەندە، سەپنىڭ بېشى ئەسلى ئورنىدىن قوزغالماي تۇردى، سەپنىڭ يەنە بىر قانىتى قەدەملىرىنى تېزلىتىپ ئايلىنىش ئارقىلىق چەمبەر شەكلىگە كىردى. ھەر بىر ھەركەتتە بىر - ئىككى ئەسكەرنىڭ ئاتتىن يىقىلىپ چۈشكەنلىكىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاتتا چىڭ ئولتۇرالايدىكەن، يىقىلىپ چۈشكەن ئايرىم ئەسكەرلەرمۇ دەرھال ئاتلىرىغا مىنىۋېلىپ سەپكە يېتىشىۋا - لالايدىكەن. ئاتلىق ئەسكەرلەرگە ئاتتىن چۈشۈش ھەركىتى ئۆگىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھۇجۇمغا ئۆتۈش، ئاتتىن چۈشۈش ۋە ئاختۇرۇش ھەركەتلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئىش - لەنمىدى. كورەك ئاياقلاشقاندىن كېيىن، ئاتلىق ئەسكەرلەرگە ئەنجانلىق موللا قاۋۇل دېگەن ياساۋۇل يۈز بېشى قوماندان - لىق قىلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭغان بىرقانچە ئاتلىق ئوفىتسېر ئۆز تاقىملىرىنىڭ بېشىدا قىلىچلىق سالام بېرىپ ئۆتتى.

پىيادە ۋە ئاتلىق قىسىملاردىن باشقا، خەنزۇ ۋە تۇڭگانلاردىن تەشكىل قىلىنغان توپ كوتەرگۈچىلەرمۇ مۇشۇ مەيداندا مەشق قىلدى. توپچىلارنىڭ ھەربىي تەلىم - تەربى - يە ئەھۋالى ھەققىدە توۋەندە ئايرىم توختىلىمىز.

توپلاردىن پاختىۋەن ئوق ئېتىلىشى بىلەنلا ھەربىي پاراتمۇ ئاياقلاشتى. بۇ چاغدا بەگ بەچچىنىڭ① ئاتلىق ئادىيۇتانتلىرى ھەر تەرەپكە قاراپ چېپىشتى. ئۇزۇن ئوت - مەي، پۈتۈن قوشۇن ئۇزۇن سەپكە تىزىلدى. ئاتلىق قى -

① كىشىلەر بەگقۇلىبەگنى شۇنداق ئاتايدىكەن — ئاپتوردىن.

سىملار پىيادە قىسىملارنىڭ ئارقىسىدىن مەلۇم ئارىلىق قالدۇ-رۇپ ماڭدى. توپ-زەمبىرەكلەر يەنىلا پىيادە قىسىملارنىڭ ھەربىر بولىكىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشتۇرۇلغان ئىدى.

بەگ بەچچىنىڭ بۇيرۇغى بىلەن، ھەممە ئەسكەرلەر تەڭلا ئوق چىقاردى. بۇ چاغدا قىزىل سەرۋازلارنىڭ ئال-دىنقى قۇرىدىكىلەر تىزلىنىپ ئولتۇرۇۋالدى. ئاتلىق ئەسكەرلەر بۇ پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ باشلىرىدىن ھالقىتىپ ئوق ئېتىشتى.

بۇ چاغدا توپلاردىنمۇ نىشانسىز ئوت ئېچىلدى.

قىزىل سەرۋازلارنى ھىساپقا ئالمىغاندا، پىيادە ئەس-كەرلەرنىڭ ئوق ئېتىش ھەركىتى بەكمۇ ئاستا ئىدى. ئۇلار ھەر قېتىم بىر پاي ئوق ئېتىپ بولۇپلا، مىلتىقلىرىنى يەرگە تىكلەپ تۇرۇپ سۇمبە ئارقىلىق ئىتتىرىپ ئوقلايتتى. چاچما ئوقلۇق مىلتىقلار ھەر قېتىم ئېتىلغاندا، پۈتۈن مەيداننى قاپ-قارا ئىس-تۈتەك قاپلاپ كېتەتتى.

قوماچ قورغاندەك پاراقلاپ ئېتىلغان ئوق ئاۋازلىرى توپ توغرا 10 مىنۇتتەك داۋاملاشتى. بەگ بەچچىنىڭ يەنە بىر بۇيرۇغى بىلەن، پۈتۈن مەيدان تىمتاس بولۇپ كەتتى.

يۈرۈش جەريانىدىمۇ جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. بۇنداق جىمجىتلىق ئوفىتسىرلارنىڭ ۋاقىرىغان ئاۋاز-لىرى بىلەن ئاندا-ساندا بۇزۇلۇپ تۇراتتى. قوشۇندىكىلەر ئېتىشنى پۈتۈنلەي توختاتقاندىن كېيىنلا، ئادەملەرنىڭ پا-راڭ سېلىشىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

بۇ قېتىمقى مانىۋىرغا قاتناشقان ئەسكەرلەرنىڭ تەخمى-نى سانى تۆۋەندىكىچە:

1. ئۈچ تابور ياكى 24 بولەك پىيادە ئەسكەر-

نىڭ سانى 1.600

بىر تابور ياكى 8 بولەك قىزىل سەرۋاز 300

تۆت تابور پىيادە ئەسكەرنىڭ سانى 1.900

2. ئىككى يېرىم تابور ياكى 20 بولەك، ھەربىر تابور 14 ئۈزۈن سەپتىن تۈزۈلگەن ئاتلىق ئەسكەر 700

3. 16 دانە - توپ زەمبىرەك بىلەن 32 ئۈزۈن سەپ ۋە تەخمىنەن 80 ھارۋىكەش قوشۇلۇپ 100

4. خەنزۇ ۋە تۇڭگان توپ كوتەرگۈچىلەر، ھەربىر ئەترەتتە تەخمىنەن 100 دىن ئەسكەر بولغاندا 800

ئومۇمى سان 3500

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ قېتىمقى مانىۋېر بىرگە ھەم گۈزەل ۋە ئالاھىدە بىر مەنزىرىنى كورسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ھەربى نۇقتىنەزەردىن ئالغاندا، بۇ مانىۋېرنى چۈشىنىش ناھايىتى قىيىن.

بۇ قېتىمقى مانىۋېر ھەققىدىكى بايانىمنى ئۇزەم چېلىقتۇرغان مۇنداق بىر قىزىق ئىش بىلەن ئاياقلاشتۇرماقچىمەن. مانىۋېر بولغان كۈنى مانىۋېر مەيدانىنىڭ ئەتراپىغا يەرلىك ئاھالىدىن بىرمۇنچىسى توپلىشىپ تاماشا كورۇپ تۇرغان ئىكەن. خېلى ئۇزاقىچە ھېچكىمنىڭ ئۇلار بىلەن كارى بولمىدى. توساتتىنلا مەلۇم بىر ئادەمنىڭ بۇيرۇغى بىلەن ئاتلىق بىرقانچە باللار (خەۋەرچى ئەسكەرلەر) بۇ مانىۋېرنى كورۇۋاتقان ھىلقى تاماشىچىلارنىڭ ئارىسىغا ئېتىلىپ كىرىپ، ئۇلارنى سۇرۇپ توقاي قىلدى. ھەتتا بىر ئادەم پايىنەك يېدى. يەنە ئىككى ئۈچ ئادەم ئاتلارنىڭ ئايىغىدا قالدى.

1876 - يىل 11 - نويابىر (23 - نويابىر) كۈنى بىز

ئاتلىق قىسىمنىڭ گەزەرمىسىنى كورۇشكە باردۇق ۋە ئۇيەردە قىزىل سەرۋازلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئورۇنلىغان مانىۋېرىنى كوردۇق. بۇ گەزەرمە يېڭى شدەھەرگە ئانچە يىراق ئەمەس ئىكەن، بىزنىڭ ۋەكىللەر ئۇمىگىمىز تۇرغان يەرگە 3 چاقىرىمدەك كېلىدىكەن. قىزىل سەرۋازلارنىڭ قوماندانى جامەدار پەرمانچى چوڭ دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ بىزنى قارشى ئالدى. بىرئاز ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن، بىزنى ئۆزىنىڭ تۇرار جايىغا باشلاپ كىردى. قىزىل سەرۋازلار تۇرغان گەزەرمە ۋە بىر مانىۋېردا كورگەن 8 توپقا تەئەللۇق خادىملار تۇرغان گەزەرمە 4 كورپۇس ئويىدىن تەركىپ تاپىدىكەن. توپلار 1 - كورپۇسنىڭ ئالدىدىكى لەمپە ئاستىغا تىزىپ قويۇلۇپتۇ. توپچىلار ئۆزلىرىنىڭ زەمبىرىگى يېنىدا قاتار تىزىلىشىپ تۇرۇشقان ئىكەن. لەمپە ئاستىدا يەنە شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە ئىشلەنگەن 3 دانە مىنامىيوت تۇرغانلىغىنى كوردۇق. بۇ مىنامىيوتلارنىڭ بىرسىدە 70 قاداق كېلىدىغان ئوق (سىنارەت) ئېتىشقا بولىدىكەن. يەنە بىرسىدە ئېغىرلىغى 18 قاداقتا يەتمەيدىغان ئوقلارنى ئېتىشقا بولىدىكەن. بۇ بىر كورپۇس ئويلەر بىلەن يەنە بىر كورپۇس ئويلەرنىڭ ئارىلىغىدا، ئىككى يېنىدا ۋە ئارقا تەرىپىدە ئەسكەرلەر ۋە ئوفىتسېرلارنىڭ ئائىلە - تەۋەلىرى ئولتۇرىدىغان كىچىك - كىچىك ئويلەر بار ئىكەن. بۇ ئويلەر ناھايىتى پاكىز ئىكەن. 4 كورپۇس گەزەرمىنىڭ ئالدىدا ئەسكەرلەر مىلتىقلىرىنى مۇرىلىرىگە تىرەپ قاتار - قاتار ئولتۇرۇشقان ئىكەن. ئۇلارنىڭ مىلتىقلىرىنىڭ كوپىنچىسى ئارقىسىدىن ئوقلىنىدىغان "مۇنار" ماركىلىق تۈركىلەنگەن مىلتىقلاردىن ئىكەن.

ئەسكەرلەرنىڭ كوپچىلىگىنىڭ ئۇچىسىدىكى كىيىملىرى

كونىراپ يىرتىلىپ كەتكەنلىكتىن، مەيدىلىرى ئېچىلىپ قالـ
غان ئىدى.

ئەسكەرلەرنىڭ پۈتىدىكى ئۆتۈكلەرمۇ يىرتىلىپ، ئەبـ
جەشى چىقىپ كېتىپتۇ.

بىز ئەسكەرلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتۇق. ئەسكەرـ
لەرنىڭ سىرتقى قىياپىتى بەك كورۇمسىز ئىكەن. ئادەملەر
ئەسلىدە مۇشۇ يېشىدا تازا كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولۇپ، جۇشـ
قۇنلۇغى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما
بۇ ئەسكەرلەر ئورۇق ـ ئەبگا، ئاجىز ۋە روھسىز ئىدى.
بۇ ئەسكەرلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يېشىنى 30 دىن 35 كىچە
ئارىلىقتا دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولاتتى. بەزىلىرى ناھايىتى
ياش ئىكەن. لېكىن ئۇلار ئارىسىدا بەزىبىر 50 ياشلىق
قېرىلارمۇ بار ئىكەن. ئۇلار ئىچىدە بىرەر يۈز ئاۋغان،
ھىندى ۋە بىر قىسىم تۈگكانلار بارلىغىنى سەزدۇق. سەرـ
ۋازلارنىڭ قوماندىنى جامەدار پەرمانچى بىزگە ئۆزىنىڭ
73 ياشقا كىرگەنلىگىنى ئېيتتى. جامەدار پەرمانچى ئوتتۇرا
بويلۇق، قاتاڭغۇر، بىرئاز دۈمچەكرەك كەلگەن، ئەمما
جۇشقۇن روھلۇق، تېتىك ۋە ئىللىق چىراي كىشى ئىكەن.
ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرى ھەربى خىزمەت ئوتەش بىلەن ئوتـ
كەن ئىكەن. ئۇ شىكىستانلىقلار قوشۇنىدا 50 يىل ئىشلەپتۇ
ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئىنگلىزلارغا قارشى ئۇرۇشقا قاتـ
نىشىپتۇ. ئاندىن بىرەر تۇرمۇش يولى ئىزلەپ ئوتتۇرا
ئاسىياغا كەلگىنىدىن كېيىن قوقانلىقلار ئارمىيىسىگە كىرىپ،
چىمكەنتتە روسىيەگە قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىپتۇ. ئاخىر
روسلار تاشكەنتنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئۇ قەشقەرىيەگە
كەپتۇ. بۇ يەردە ئۇنىڭ ھەربى ئىشلاردىكى ئىقتىدارى

ياقۇپبەككە ياراپ قاپتۇ. ئۇنىڭ قومانداندىغىدا ئاران 8 دانە توپ - زەمبىرەك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قەشقەردىيە توپچى قىسىملىرىنىڭ باش قوماندانى ھېساپلىنىدىكەن.

ئۇ لەشكەر بېشى بولغان چېغىدا 8، 10 تۇغ ياكى بايراقلىق (تەخمىنەن 4 مىڭ كىشىلىك) پىيادە قىسىم ۋە ئاتلىق قىسىمغا قوماندانلىق قىلغان ئىكەن.

جامەدار پەرمانچى 11 قېتىم يارىلانغان ئىكەن. لېكىن ئۇنىڭ سالامەتلىكى ناھايىتى ياخشى ئىكەن.

ئۇ ئەلا سۈپەتلىك ئىنگلىز سوكنوسىدىن تىكىلىپ كۈمۈش تۈگمىلەر قادالغان تون كىيىۋالغان بولۇپ، بېلىگە كۈمۈش بىلەن زىننەتلەنگەن كەڭ كەمەر باغلاپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى ياخشى سوقۇلغان قىلىچ ئېسىۋالغان ۋە كەمىرىنىڭ ئارقا تەرىپىگە كۈلت نۇسخىسىدىكى ناگان قىستۇرۇۋالغان، بېشىغا قالىغاچ پەيلىرى بىلەن بېزەلگەن قۇندۇز تۇماق كىيىۋالغان ئىدى.

جامەدار پەرمانچى توت قەۋەتلىك بىر ئىمارەتتە ئولتۇرىدىكەن، ئۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرىمۇ مۇشۇ بىنادا تۇرىدىكەن. ئۇيىنىڭ تاملىرىغا ھەر خىل تاپانچا، قوش ستۋوللۇق چاچما ئوقلۇق مىلتىق ۋە ئاغزىدىن ئوقلىنىدىغان بىر تال مىلتىق ئېسىقلىق تۇراتتى.

قائىدە بويىچە، جامەدار پەرمانچىنىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭ داستىخىنىغا داخىل بولغىنىمىزدىن كېيىن، ئەسكەرلىرىنىڭ نى كۆرۈپ باقساق، دەپ تەلەپ قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن، 1-كورپۇس ئويلەرنىڭ ئالدىدا قوراللىق 70 سەرۋاز ناھايىتى تېزلا سەپكە تىزىلىپ تەييار بولدى. "ھازىرلان!" دېگەن كوماندا بىلەن تەڭلا ھەممە ئەسكەر تىك تۇرۇپ، بىرگە

ھورمەت بىلدۈرۈشتى. كېيىن "قورال ئاياققا!" دېگەن كوماندا بىلەن بىللە تەڭلا ھەممەيلەن قوراللىرىنى سول مورلىرىگە ئېلىپ، بىر قولى بىلەن پاينىگىنى تۇتتى. ئاندىن كېيىن، "قورالنى قولغا!" ۋە "قورالنى يانغا!" دېگەن كوماندىلارنى ئورۇنلىدى. ئۇلارنىڭ ھەركىتى روسىيە ئەسكەرلىرىنىڭكىگە بەكمۇ ئوخشايدىكەن①. ئۇلار قورال مەشقلىرىنى ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن بۇرۇلۇش، مېڭىش، تۇرۇش ھەركەتلىرىنى ئىشلەپ كورسەتتى. ئۇلار ئۆز ئورۇنلىرىدا تۇرۇپ ئايلىنىش ھەركىتىنى ئىشلىگەندە، بىر پۇتىنى يوتكەپ، يەنە بىر پۇتىنى ئورنىدا تۇتۇپ سەل ئېگىز كوتىرىدىكەن. "قەدەملەپ مارش!" كوماندىسى بېرىلگەندە، ئەسكەرلەر باشتا ئۆز ئورنىدا دەسسەپ تۇردى، ئاندىن قەدەم تاشلاشتا ھەممەيلەن سول پۇتلىرىنى چىقاردى. ئورنىدا تۇرۇپ دەسسىگەندە، ئەسكەرلەر پۇتلىرىنى ناھايىتى ئېگىز كوتىرىدىكەن. ئۇلار تىزلىرىنى شۇ قەدەر ئېگىز كوتىرىدىكەنكى، بۇنىڭدىن تىك بولۇڭ ھاسىل بولۇشقا ئاز قالىدىكەن. ئۇلار قەدەملىرىنى ئۇششاق ئالىدىكەن. پۇتۇن بەدەن ئىنتايىن تۈز بولۇپ، باشلار سەل ئېگىز كوتىرىلىدىكەن. ئايرىملىرىنى ھىساپقا ئالمىغاندا، ئۇلارنىڭ ھەركىتى تېز بولۇپ، باشلىرى تىك تۇرىدىكەن. ئۇلار توغرا سەپ بولغاندا، ھەر بىر سەپتە 5 تىن 10 غىچە ئادەم تۇرىدىكەن. سەپنىڭ ئۇڭ تەرىپى شۇ سەپنىڭ بېشى بولىدىكەن. ئۇلار ئېھتىمال، ئايرىم-ئايرىم سەپ

① "قورال قىيىشقا!" ھەركىتىدە، ئۇلار مىلتىقلىرىنىڭ ھەيزىلىرىنى مورلىرىدىن چىقىرىشتا بىزنىڭكىلەردىن كوپرەك چىقىرىدىكەن — ئاپتوردىن.

بولۇپ ماڭغاندا قەدەملىرىنىڭ قالايمىقانلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن شۇنداق قىلسا كېرەك. جامەدار پەرمانچى ئۇزىنى كورسىتىپ قويماقچى بولدى-دە، سەپ شەكلىنى دەرھال ئۆزگەرتتى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ جەڭچىلىرى ئۇنى چورىدىگەچ يىغىلىپ پۇتلىرىنى بىر بىرىگە جۇپلاپ سەكرىشىپ بىرئاز قىزىقچىلىق قىلىشتى. كورەكنىڭ بۇ قىسمى بەئەينى ساماغا چۇشكەنلەرنىڭ بىر خىل ئويۇنىغا ئايلاندى. ئاخىرىدا سورۇن تەرتىپسىز بىر مالىمان بولدى. جەڭچىلەر بىر بىرى بىلەن مۇشتلىشىش، تىللىشىشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن قاتتىق كايىپ زەردىسى قايناغان يۇز بېشى سەپتە خاتا تۇرۇپ قالغان بىر قانچە جەڭچىنى بەردەڭگە مىلتىقنىڭ پايىنىگى بىلەن ئۇردى. جامەدار پەرمانەچىنىڭ جۇلدۇر كىيپەن ئاۋغان ئادىيۇتانتى بۇ قالايمىقاندچىلىقنى ئوڭشاش ئۈچۈن جەڭچىلەرنى مۇشتلاپ، سۇرۇپ توقاي قىلدى.

بىر پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ مەشقىنى كوروپ بولغىلىمىزدىن كېيىن، جامەدار پەرمانچىدىن توپچى قىسمىنىڭ مانېۋىرىنى كورۇشنى تەلەپ قىلدۇق. ئۇ بىزنىڭ تەلىۋىمىزنى بىر قانچە قېتىم رەت قىلغاندىن كېيىن، ئاخىر ماقۇل كوردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ توپچىلارغا ھېلىقى قاتار-قاتار تىزىلغان توپلارنىڭ باش تەرىپىدىكى 2 توپنى لەمپە ئاستىغا سورەپ چىقىشنى بۇيرۇدى. توپچىلار بۇ 2 توپنى سورەپ چىقىپ، ئوز ئورۇنلىرىدا تەقمۇ-تەق بولۇپ تۇردى. بۇ توپلار قەشقەردە قويۇلغان، ئاغزىدىن ئوقلىنىدىغان برونزا توپلار ئىكەن. بىرسىگە 18 قاداقلىق، يەنە بىرسىگە 12 قاداقلىق ئوق چۇشىدىكەن. توپلارنىڭ سىتۇۋ-

لى روسيەنىڭكىدىن خېلىلا قىسقا بولۇپ، جازىسى دېگىز ئارمىيىسى ئىشلىتىدىغان توپلارنىڭكىگە ئوخشايدىكەن. توپ-لارنىڭ بىرسى يېشىل سىرلىنىپتۇ. ستۋولىنى يۇقۇرى كوتىر-رىش - تۆۋەن چۈشۈرۈش مەخانىزىمى توپ جازىسىنىڭ ئىككى يېنىغا مەھكەم بېكىتىلگەن بۇرمىلىق تاياقتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ شوينىسى توپ يوچۇغىغا ئوتكۈزۈلگەن ئىكەن. توپ جازىسىنىڭ چاقلىرى قوپال بولسىمۇ، لېكىن قېلىن چەمبەرلىنىپ① پۇختا ئىشلىنىپتۇ.

توپچىلارنىڭ كىيىملىرى خىلمۇ خىل ئىكەن. بەزى-لىرى قارا يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن ئۇزۇن چاپان كىيسە، بەزىلىرى سەرۋازلارنىڭكىدەك كىيىملەرنى كىيىۋاپتۇ.

ھەر بىر توپنىڭ يېنىدا 7 دىن ئەسكەر تۇرىدىكەن، بۇلارنىڭ ئىككى - ئۈچى مىس غىلاپلىق قىلىچلىرىنى تۇتۇپ تۇرىدىكەن، قالغان بەش - ئالتىسى ئاغزىدىن ئوقلىنىدىغان مىلتىقلىرىنى تۇتقان ھالدا قوغداش ۋەزىپىسىنى ئوتەيدى-كەن.

يەتتە توپچىنىڭ بىرسى قولىغا چوڭ چوتكا ئېلىۋاپتۇ، بىرسى پىلتە، يەنە بىرسى زەرەت ئېلىۋاپتۇ. يەنە بىرسى توپقا دورا قاچىلايدىكەن، يەنە بىرسى قاچىلانغان دورىنى سۇمبە بىلەن چىڭدايدىكەن، (بۇ ئەسكەر دورىغا ئوت تۇتاش-تۇرۇش ياكى پىلتىنى دورىغا كىرگۈزۈش ۋەزىپىسىنىمۇ

① بۇ چەمبەرلەر خەنزۇلارنىڭكىدەك بۇرمىلىق مىخلار بىلەن چىڭىتىلغان بولۇپ، مىلتىقلارنىڭ تۇم ۋە قىرلىق بېشى چەمبەر سىرتىغا چىقىپ تۇرغانلىقتىن، توپ ھارۋىلىرىنىڭ مېڭىش سۇر-ئىتىگە دەخلى يەكۈزىدىكەن. مەپىلەرنىڭ چاقلىرىغا قاپلانغان چەمبەرلەرمۇ ئەنە شۇنداق مىخلىنىدىكەن — ئاپتوردىن.

ئىجرا قىلىدىكەن). قالغان ئىككىسى قارىماققا مۇھاپىزەتچى بولۇپ، بۇ ئىشلارنىڭ ھېچ قايسىسىغا قاتناشمايدىكەن.

توپچىلار مەشقى توپنى بەتلەش ۋە ئېتىش ھەركەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى، ھەر بىر توپنىڭ تەركىۋىدىكى ئەسكەرلەر ئۆز ۋەزىپىلىرىنى بۇيرۇق بويىچە خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىدى. توپنى بەتلەش كىشلەرنىڭ ۋاقىراش-جاقىراشلىرى ئىچىدە ئېلىپ بېرىلدى. ئەسكەرلەر يۈگۈرۈشۈپ بىر بىرىسىگە ئىشارەت قىلىشقاچ ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلدى.

قولىغا چوتكا ئالغان ھىلىقى ئەسكەر ئۆز ئىشىدا ئالاھىدە ماھارەت كۆرسەتتى. ئۇمۇمەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ توپنى بەتلەش ئۇسۇلى بىر يېقىندا كۆرگەن چاقماقلىق توپنى بەتلەش ئۇسۇلىغا ئوخشايدىكەن. ئەسكەرلەرنىڭ ھەر بىر مەشغۇلاتنى ئورۇنلاۋاتقاچ قىزىقچىلىق قىلىشلىرىدىن كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

توپچىلار 10 پاي توپ ئاتقاندىن كېيىن، چارچاپ مادارىدىن كەتتى.

بۇ چاغدا جامەدار پەرمانچىسى توپچىلارغا ئورۇن ئالماشتۇرۇپ زەمبىرەك بەتلەش-ئېتىش ھەركىتىنى داۋاملاشتۇرۇشنى بۇيرۇدى. لېكىن توپچىلارنىڭ بەزىسى ھەركەتلەرنى پىششىق ئۆزلەشتۈرۈپ كەتمىگەنلىكتىن، ھەركەتتە ھولۇقۇپ تەمتىرەپ قالدى. ھەر بىر جەڭچى ھەممە ھەركەتلەرگە بىر قېتىمدىن ئالمىشىپ، جەمى 5 قېتىمدىن ماھارەت كۆرسەتتى.

نۆۋەت چوتكا تۇتقان قېرى توپچى ئەسكەرگە كەلگەندە، ئۇ ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمەي باشقا توپچى ئەس-

كەرلەرنى ھولۇقتۇرۇپ قويدى. بۇ تاسادىپى ئەھۋالنى كورگەن جامەدار پەرمانچى غەپلەنگىنىدىن قىلىچنى غىلاپ-تىن سۇغىرىۋالغان پېتى ھىلقى پالاكەت باسقان قېرى ئەسكەرگە ئېتىلىپ باردى. قورققىنىدىن چىرايى تاتارغان بۇ بىچارە ئۆزىنىڭ نىمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. ئەمما بەختكە يارىشا بۇ ئىش پەقەت پوپوزا قىلىپ قويۇش بىلەنلا ئاياقلاشتى.

يەنە بىر قېتىم، ئاغزىنى ئېچىپ ھاڭۋېقىپ تۇرغان ھەرراسىنىڭ پاتىڭغا بىر ئەسكەر ئۆزىنىڭ سومبىسى بىلەن بىرنى سالغان ئىدى. كېيىن ھىلقى تاياق يىگۈچىگە نۆۋەت كەلگەندە، ئۇ ئۆزىنى ئۇرغان ھەمرىيىغا ئالىيىپ قويغاچ سومبىسنى قولىغا ئېلىپلا توپقا دورا قاچىلاشقا كىرىشتى ۋە بۇنى ياخشى پۇرسەت دەپ بىلدى-دە، ئۆزىگە زەرەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەمرىيىنىڭ يۈزىگە كېلىشتۇرۇپ بىرنى سالدى.

توپچىلار زەمبىرەك بەتلەش ھەركىتىنى قايتا-قايتا ئىشلەپ كورسەتكەندىن كېيىن، جامەدار پەرمانچى بىزگە مەشقىنىڭ ئاياقلاشقانلىقىنى ئۇقتۇردى.

14-نۇيابىر (26-نۇيابىر) كۈنى بىز قەشقەردە خەنزۇ قىسىمىنىڭ ھەربى مەشقىنى كورۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇق. ئۇلار بىزنى يېڭى شەھەر قوۋۇقىنىڭ ئىچىدىكى خەنزۇ ئەسكەرلەر تۇرۇشلۇق جايغا باشلاپ باردى. يىراق-تىن كورۇنگەن تۇغ-ئەلەملەر توپ كوتەرگۈچىلەرنىڭ ئۇ يەردە سەپ تۈزۈپ تەييارلىنىپ بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. بىز ئات مىنىشىپ چوڭ بىر مەيدانغا كەلدۇق. بۇ مەيدان سۇپۇرۇلۇپ، ناھايىتى پاكىز تازىلانغان ئىدى.

مەيدانىنىڭ كەينى تەرىپىدە بىر رەت ئەسكەر تىزىلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر لەمپە تۇراتتى. خەنزۇ ئەسكەرلەرنىڭ قوماندانى قۇدالاي (خې بۇيۇن) لەمپىنىڭ ئالدىدا بىرنى ساقلاپ تۇرغان ئىكەن. ھەربىي ئۇركستىر مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشتۇرۇلۇپتۇ. ئۇ يەرگە يىتىپ كېلىشىمىز بىلەنلا قۇدالاي ئالدىمىزغا كېلىپ بىز بىلەن كورۇشتى ۋە بىزنى لەمپىنىڭ گىلەم سېلىنغان يېرىگە باشلىدى. قۇدالاي قىرىپ ماغدۇردىن قالغان 66 ياشلىق ئادەم ئىكەن. ئۇ ئېگىزلىكى ئاق سانچىلغان ئاندا ـ ساندا ساقاللىرىنى ھىساپقا ئالمىغاندا، ساقال ـ بۇرۇتسىز كوسا ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ تەقى ـ تۇرقى تىپىك خەنزۇلار قىياپىتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. ئۇ ئۇچىسىغا يىشىل تۇۋاردىن تاشلانغان تېرە كەمزۇل، ئاستىغا سېرىق خورۇمدىن تىكىلگەن ئىسسىق گېلەفى شىم كىيگەن، بېشىغا پاپاخ كىيىۋالغان ئىدى. ئۇ قوپاللىراق ئىشلەنگەن قوش سىنەۋوللۇق مىلتىغىنى تىزىغا توغرا قويغان ھالدا گىلەم ئۈستىدە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇردى. قەشقەرىيەلىك ياشقىنە بىر تەرجىمان ئۇنىڭغا تىلماچلىق قىلىپ بەردى. قوللىرىغا رەڭلىك بايراقچىلارنى ئالغان 16، 17 ياشلاردىكى 2، 3 خەنزۇ ئادىيۇتانت قۇدالاينىڭ بۇيرۇقلىرىنى جەڭچىلەرگە ئۇدۇللۇق يەتكۈزۈپ تۇردى.

قۇدالاي بۇنىڭدىن 13 يىل ئىلگىرى، قەشقەر شەھەرىدە تۇرۇشلۇق جۇڭگو ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى بولۇپ، قەشقەرىيە جۇڭگو ھوكۇمىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كوتىرىلگەندە، ئۇ يېڭى شەھەر قەلئەسىگە بېكىنىۋالغان ئىكەن. ياقۇپبەگ يېڭى شەھەرنى قورشىۋېلىپ ھۇجۇم باشلىغان

بولسمۇ قورغاننى زادىلا ئالالمىغان، ئاخىر قۇدالاي بىلەن سوھبەت ئۆتكۈزگەن، قۇدالاي ئۆز ھوكۇمىتىگە ئاسىيلىق قىلىش ۋە دىنىي ئېيتىقادىنى ئۆزگەرتىش بەدىلىگە ئۆز ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. ياقۇپ-بەگ قورغانغا ئومۇمى ھۇجۇم باشلىغاندا، قۇدالاي ئۆز ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن ياقۇپبەگ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن. قەشقەرنىڭ ئىش بېجىرگۈچى خان ئامبىلى ۋە ئۆز ۋىج-دانىنى يوقاتمىغان بىر قىسىم خەنزۇلار بولسا، ئۆزلىرىنى پارتلىتىپ ئۆلۈۋالغان ئىكەن.

دەسلەپكى چاغلاردا قۇدالاينىڭ كۆڭلى ئانچە ياخشى بولمىغان. لېكىن ياقۇپبەگكە قېيىناتا بولغاندىن كېيىنلا مەلۇم دەرىجىدە ئىززەت-ھورمەتكە ئىگە بولالىغان. ئەمما بۇ پەقەت يۈزەكى ئەھۋال بولغان، خالاس.

بىر قائىدە بويىچە خەنزۇچە تۆرلۈك-تۆرلۈك سەي-تائاملار بىلەن غىزالانغاندىن كېيىن، بۇ قوشۇننىڭ تىزىلغان سەپلىرىنىڭ ئوڭ قانىتى تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق، ئاندىن سەپنىڭ ئالدىدىن ئۆتتۇق. قاتار-قاتار تۆۋرۈكلەرنىڭ ئارد-لىغىغا تەخمىنەن 200 دانە يېڭىك زەمبىرەك تىزىپ قويۇلۇپتۇ. ھەر بىر يېڭىك زەمبىرەكنىڭ ئىككى يېنىدا ئىككىدىن 4 ئادەم ئولتۇراتتى. ھەر 5 زەمبىرەكنىڭ ئارد-لىغىدا قولىرىغا رەڭمۇ رەڭ چوڭ 3 بۇرجەكلىك بايراق-لارنى ئالغان بىر قاتار بايراقچى ئەسكەر تۇراتتى. يېڭىك زەمبىرەك كوتىرىدىغان ئەسكەرلەر بىلەن بايراقچىلاردا ھېچقانداق قورال يوق ئىدى. يېڭىك زەمبىرەك كوتىرىدى-غانلارنىڭ ئارقىسىدا بىر قاتار توساپ زەربە بەرگۈچىلەر (سىناپېرلار) تۇراتتى. ھەر بىر زەمبىرەككە بىردىن

توساپ زەربە بەرگۈچى توغرا كېلىدىغان بولۇپ، ئۇلار ئادەتتىكى چاچما ئوقلۇق مىلتىقلار بىلەن قوراللانغان ئىدى. توساپ زەربە بەرگۈچىلەر دۈشمەننىڭ ئاتلىرىنى ھۇركۈتۈش ئۈچۈن، قوللىرىغا يەنە 20 دەك چاسا بايراقلارنى ئېلىۋالغان ئىدى.

ھەر 5 زەمبىرەكتىن بىر زەمبىرەكچىلەر دەستىسى تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، ھەر دەستىنىڭ بېشىدا بەردەڭگى مىلتىق بىلەن بىللە قوراللانغان بىردىن تۇۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسىر ئولتۇراتتى، لېكىن بەزى دەستىلەرنىڭ بېشىدا قوش ستۋۇللۇق چاچما مىلتىق ۋە قىلىچ بىلەن قوراللانغان بىردىن يۈز بېشى ئولتۇراتتى.

بىر ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەن چېغىمىزدا، پۇچۇق بۇرۇنلۇق ۋە كوپچىلىگى سوغاق تەلەتلىك ئەسكەرلەرنى كۆرۈپ چوچۇپ كەتتۇق. بىز بۇ يەردە ئاساسەن خەنزۇلارنىلا كوردۇق، لېكىن "خېچىر"① دەپ ئاتالغانلار (قەشقەرلىكلەر بىلەن خەنزۇ ئاياللاردىن تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن "خېچىر" دەپ ئاتالغان باللار)دىن ئەسكەرلىككە ئېلىنغانلارمۇ خېلى كوپ سانىنى تەشكىل قىلىدىكەن. ئەسكەرلەرنىڭ بەزىلىرى ناھايىتى ياش "بالا ئەسكەرلەر" ئىكەن، ئەسكەرلەر ئارىسىدا بەزى بىر چال ئەسكەرلەرمۇ بار ئىكەن. لېكىن ئۇلار ئادەتتىكى پىيادە ئەسكەرلەردىن، بولۇپمۇ قىزىل سەرۋازلاردىن كوپ ياش ئىكەن.

خەنزۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى كىشىگە ئۇلارنىڭ چىرايىدەك، بىر خىل گومۇش، خۇنۇك تەسىر بېرىدىكەن. ئۇلار ئىچىدىكى ئاز سانلىق كىشىلەرلا چەكمەندىن ②

① خېچىرلارنى كوزدە تۇتسا كېرەك ــ ئاپتوردىن.

② چەكمەن ــ يەرلىك پاختا توقۇلما بولۇپ، ناھايىتى چىدامىلىق كېلىدىكەن ــ ئاپتوردىن.

تىكىلگەن ئۇزۇن پاختىلىق چاپان كىيىۋاپتۇ، كوپچىلىگى بولسا يىرتىق-ياماق ماتا چاپان كىيىۋاپتۇ، پۇتلىرىغا كونىراپ كەتكەن كون پاشىلىق لاتا خەي كىيىۋاپتۇ. ئۇلارنىڭ باشلىرىغا كىيىۋالغان تەلپەكلىرىنىڭ خىلمۇ خىل بولۇشى كوزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى. ئۇچىسىغا چەك-مەن چاپان كىيىۋالغانلار باشلىرىغا ھەر خىل نىشان قادالغان پاپاخلارنى كىيىۋالغان ئىدى.

ئەمما ئۇلارنىڭ كوپچىلىگى باشلىرىنى بىر پارچە ماتا بىلەن سەللىدەك ئورىۋالغان ئىدى. بەزى ئەسكەرلەر باش-لىرىغا يول-يول رەختىن تىكىلگەن بوك كىيىۋالغان بولۇپ، بۇ بوكلەر كىشىگە خۇددى قەدىمقى زاماندا كىيىلگەن دوبۇلغىلاردەك كورۇنەتتى.

ھەر بىر يېنىك زەمبىرەككە قارايدىغان 4 زەمبىرەك-چىنىڭ بىرىنچىسى 10 تال ياغاچ ئوق سېلىنغان بىر تېرە خالتىنى يېنىغا ئېسىۋالىدىكەن، ئىككىنچىسى تومۇر ساپلىق چوتكا كوتىرىۋالىدىكەن، ئۇچىنچىسى ۋە توتىنچىسى زەمبىرەك كوتىرى-دىكەن، زەمبىرەك ئېتىلىدىغان چاغدا بۇ ئىككەيلەن زەمبىرەككە تىرەك بولۇپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئوتەيدىكەن. بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرىكى چاغلاردا خەنزۇ ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇچىسىدىكى كىيىملەر ناھايىتى قەدىمقى نۇسخىدا بولۇپ، ئۇلار ئوز ئادىتى بويىچە ئۇچىسىغا خەنزۇچە كەڭ يەڭلىك يەكتەك-كەمزۇل، ساۋۇت-دوبۇلغا ۋە دۇشمەن ئاتلىرىنى ھۈركۈتۈش ئۈچۈن ھەتتا يولۋاس تېرىلىرىنىمۇ كىيگەن ئىكەن.

يېنىك زەمبىرەك مۇھاپىزەتچىلىرى ئۇچار نەيزە بىلەن نەيزە تۇتىدىكەن. ئۇلار يەنە شەكلى ۋە چوڭلۇقى ھەر خىل بولغان بايراقلارنىمۇ كوتىرىۋالىدىكەن. ئۇلار ئىشلە-

تىزىلغان جابدۇق-سايمانلار خىلمۇ خىل ۋە كۆپ ئىكەن.

ياقۇپبەگ ئۇرۇشتا ئەسىرگە ئېلىنغان ھەممە خەنزۇلارنى ئىمان ئېيتقۇزۇپ مۇسۇلمان قىلغان ۋە ئۇلارنى ئۇيغۇرچە كىيىندۈرگەن. ئۇلار ئىچىدىكى ئۇچار نەيزە ۋە نەيزە تۇتقان ئەسكەرلەردىن يېنىك زەمبىرەكچىلەر قوشۇنى تەشكىل قىلغان. ياقۇپبەگ بۇ قوشۇندا خەنزۇ مۇزىكىلىرىدىن پەقەت دۇمباق ۋە مىس قوڭغۇراقنىلا قالدۇرغان ئىدى.

"ھازىرلان!" كوماندىسى بېرىلىشى بىلەن تەڭلا قوشۇندا مانېۋىر باشلاندى. قۇدالاينىڭ بۇيرۇغى بىلەن، دۇمباقچىلار دۇمباقلىرىنى گۈمبۈرلىتىپ ئۇرۇشقا باشلىغان ئىدى. ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆرە تۇرۇپ يېنىك زەمبىرەكلەرنى مورىلىرىگە ئېلىپ كۆتىرىشكە باشلىدى.

بۇ چاغدا قۇدالاي ئۆز ئادىيۇتانتىنىڭ قولىدىكى ئالتە خىل بايراقچىدىن ئىككىنى ئالدى ۋە بىر بايراقنى ئېگىز كۆتىرىپ، يەنە بىر بايراقنى كەينىگە قارىتىپ پۇلاڭلاتتى. بۇ بەلگىنى كۆرگەن يېنىك زەمبىرەكچىلەرنىڭ يېرىمى ئوڭ تەرەپكە، قالغان يېرىمى سول تەرەپكە قاراپ مېڭىشقا باشلىدى. بۇ ئەسكەرلەرنىڭ ئىككى قانىتى ئىككى سەپكە ئۆزگەردى. ھەر بىر سەپنىڭ بېشىدىكى ئەسكەرلەر بىردىن بايراق كۆتىرىۋالغان ئىدى. بىر بايراق كەينىدىن 5 ئەسكەر ئۇزۇن بىر سەپ بولۇپ ماڭدى، يەنە بىر بايراقنىڭ كەينىدىنمۇ 5 ئەسكەر ئەگىشىپ ماڭدى. ئونبېشى ۋە يۈزبېشىلار ئۆز قوماندانلىغىدىكى سەپلەرنىڭ ئىككى تەرىپىدە ماڭدى. مۇھاپىزەتچى قىسىم ۋە ئۇنىڭ بايرىغى قىمىرلىماي ئۆز ئورنىدا تۇرىۋەردى. يۈرۈش داۋامىدا بىر ئەسكەر يېنىك زەمبىرەكنى كۆتىرىپ ماڭدى. سەپ ئالدىدا

ماڭغان ئەسكەر زەمبىرەك ستۋولىنى ئورىغان لاتىنى ئېلىپ ماڭىدى. بۇ لاتا توپ ئېتىلغاندىمۇ ئېلىۋېتىلمىگەچكە، توپ ئوقىنىڭ نىشانغا دەل تېگىشىگە چوڭ تەسىر يەتكۈزدى. قىسىم يۈرۈش مەشقىنى ئورۇنلاۋاتقاندا، پۈتۈن مەشق مەيدانىنى كىشى زېرىككىدەك دۈمباق ئاۋازلىرى قاپلىدى. يېنىك زەمبىرەكچىلەر سىپىي ھەربىي ئوركېستىر تۇرغان ئورۇنىنىڭ ئارقىسىغا يېتىپ كەلگەندە بۇ تۇسالغۇنى ئوڭ ۋە سول تەرەپلەردىن ئايرىم-ئايرىم يانداپ ئۆتتى، ئاندىن كېيىن يېڭىۋاشتىن قوشۇلۇپ ئالغا ئىلگىرىلىدى. بۇ مانېۋىر رېتىملىق ئەمما قۇلاققا ياقمايدىغان دۈمباق ساداسى ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغاچقا، كىشىگە بۇ ھەربىي مانېۋىر ئەمەس، بەلكى دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقاندەك تەسىرات بېرەتتى. بۇ ھەركەتنى ئاياقلاشتۇرۇش كېرەك بولۇپ قالغاندا، قۇدالاي بايراق كۆتۈرۈۋالغان قولىنى پەسكە چۈشۈردى.

ھەر قېتىم سەپ ئالدىدا ماڭغان ئەسكەر سەپكە يېتىشىپ ماڭالماي قالغان چاغدا، دۈمباقچىلار قۇدالاينىڭ بۇيرۇغى بويىچە دۈمباقنى چېكىپ چالاتتى. شۇنىڭ بىلەن، ھېلىقى ئەسكەرلەر مېڭىش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، ئالغا كەتكەن سەپكە يېتىشىۋالاتتى. دۈمباقنىڭ رېتىمى بارغانسېرى تېزلىشىپ، ئاۋازىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى. بۇ، سەپتىن چۈشۈپ قېلىۋاتقانلارنىڭ ئالدىدىكىلەرگە يېتىشىۋېلىشى ئۈچۈن بېرىلگەن سىگنال ئىدى.

مانېۋىردىكى 2-ھەركەت ئالغا مېڭىش، ئارقىغا چېكىنىش، توساپ زەربە بەرگۈچىلەر (سنايپېرلار)نىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش ھەركەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇلار

ھۇجۇمغا ئۆتكەندە توپتىن ئوت ئاچاتتى، بەزىدە ئوت ئاچمايتتى. بۇنداق ئىككى خىل شارائىتتا، ھەر بىر گۇرۇپپىدىكى 5 توپچى ئۆزۈن سەپ بويىچە ئالغا ئىلگىرىلەپ مېڭىۋېرىدىكەن. مۇھاپىزەتچى ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان توساپ زەربە بەرگۈچىلەر توپچىلار توختىشى بىلەنلا، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، ئورۇن ئىگىلەپ تۇرىدىكەن. بۇ چاغدا يەنە بىر قىسىم خەنزۇلار دەرھال ھېلىقى توساپ زەربە بەرگۈچىلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالىدىكەن، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى بايراقلارنى جىېنىنىڭ بېرىچە پۇلاڭلىتىش ئىكەن. ”ئېتىڭلار!“ دەپ توساپ زەربە بەرگۈچىلەرگە كوماندا بېرىلىشى بىلەن تەڭلا، توساپ زەربە بەرگۈچىلەر ئوق ئۈزۈشىدىكەن، ”چېكىنىڭلار!“ دېگەن كوماندا بىلەن تەڭلا ئۇلار سورەنچۇقان سېلىشىپ مىلتىقلىرىنى كوتىرىدىكەن. بۇ چاغدا ھېلىقى توساپ زەربە بەرگۈچىلەرنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى بايراق تۇتقان خەنزۇلار دەرھال يەرگە يېتىۋېلىپ، بايراقلىرىنى ھە دەپ پۇلاڭلىتىدىكەن. بۇ ــ ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ بىر قېتىملىق ھۇجۇمى زەربە بىلەن چېكىندۈرۈلدى دېگەن مەنانى بىلدۈرىدىكەن. يېنىك زەمبىرەكچىلەرنىڭ ئاساسىي كۈچى ئىلگىرىلەپ كېتىۋېتىپ ئوت ئاچقاندا، ئۇلارنىڭ قالغان يېرىمى بىر نەچچە سېكۇنت توختاپ ئوق چىقىرىدىكەن. ئاندىن داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، قالغان توپچىلارغا قوشۇلۇپ كېتىدىكەن. بۇ چاغدا قالغان توپچىلار توختاپ ئوت ئاچىدىكەن. توپ كوتەرگۈچى 2 ئەسكەر بىر پۇتنى ئالدىغا چىقىرىپ، بېلىنى ئازراق ئېگىدىكەن. ئالدىدىكى بىر ئادەم بايا بىر تىلغا ئالغان ھېلىقى لاتا بىلەن زەمبىرەكنى چىڭ تارتىپ تۇرىدىكەن. يەنە بىر ئادەم زەم-

بىرەكنى گەدىنىگە قويۇپ قوللىرى بىلەن چىڭ بىسىپ تۇرىدىكەن. زەمبىرەك ناھايىتى ئېغىر ھەم ئۇنىڭ ئارقىسىغا تېپىش كۈچى ناھايىتى قاتتىق بولغاچقا، ئادەمنىڭ چىداپ تۇرۇشى قىيىن ئىكەن. زەمبىرەكتىن شارسىمان ئوت ئېچىل-غاندا، ئوقنىڭ ئارقىغا تېپىش كۈچى ھېلىقى زەمبىرەك تىرىگۈچى ئادەملەرنى يىقىتىۋەتكەنلىكىنى كۆردۇق، ئۇلار ئوقنىڭ ئارقىغا تېپىش كۈچىنى ئازايتىش ئۈچۈن، زەمبى-رەككە قاچىلىنىدىغان دورىنىڭ مىقدارىنى ئازايتىتى. ئەمما بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا، ئوقنىڭ ئۇچۇپ بېرىش مۇساپىسى قىسقىرايتتى، شۇنىڭدەك، ئوقنىڭ نىشانىغا دەل تېگىش دەرىجىسىمۇ تۆۋەنلەپ كېتەتتى. ئەمدى ئوقنىڭ دەل تېگىش دەرىجىسىگە كەلسەك، بۇ ھەقتە ئارتۇق سوزلەپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز. چۈنكى ئۇلار توپ-زەمبىرەكنى ھېچقانداق چې-نىمەستىنلا نىشانسىز ئېتىۋېرىدىكەن. بىر قانچە قېتىم ئاتـ-قاندىن كېيىن، زەمبىرەكچىلەر ئوزئارا ئورۇن ئالماشتۇرى-دىكەن.

گۇرۇپپىلار بويىچە ئىلگىرلەپ كېتىۋېتىپ ئوت ئاچ-قاندا، ئۇلار يېنىك زەمبىرەكلەرنى بىر بىرسىنىڭ ئارقىسىغا ئورۇنلاشتۇرىدىكەن، ئالدىنقى زەمبىرەك ئوق چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئارقىسىدىكىسى ئۇنىڭ ئالدىغا ئوتكۈزۈ-لۈپ ئوق چىقىرىدىكەن، مۇشۇنداق نوۋەتمۇ نوۋەت ئورۇن ئالمىشىپ ئوق چىقىرىدىكەن ۋاھاكازا. بەزى گۇرۇپپىلار ئوق چىقىرىشقا ئالدىراپ كېتىپ، ئالدىنقى قاتاردىكى زەمـ-بىرەكچىلەرنى ئېتىپ قويىغانلىقىنىمۇ كوردۇق. كېيىنكى زەمبىرەكتىن ئېتىلغان چاچما ئوقلار ئالدىنقى قاتاردىكى زەمبىرەكچىلەرنىڭ دۇمبىسىگە، مورىسىگە ۋە باشلىرىغا تەگدى.

جاڭنىڭ قۇلاقنى يارغىدەك قاتتىق ئاۋازى بىلەن توپ ئېتىش مەشغۇلاتلىرى دەرھال توختىدى. خەنزۇلار، ئېھتىمال، جاڭنىڭ قۇلاق - مىڭىنى يەيدىغان ئاۋازىدا زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ ئاۋازلىرىنى بېسىپ چۈشەلەيدۇ، دەپ ئويلىسا كېرەك.

بىر قۇدالاينىڭ بىزنى ئالاھىدە كۈتۈۋالغانلىقىغا مەمنۇن بولۇپ تەشەككۇر بىلدۇردۇق. بىز يەنە قائىدە - تۈزۈت يۈزىسىدىن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىنى ماختاپ قويدۇق ۋە ئۆزىمىزنىڭ مۇشۇنداق مەشھۇر قوماندان بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلىقىمىز ئۈچۈن خوشال ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۈرۈپ، قايتىپ كەتمەكچى بولدۇق. قۇدالاي بىزنىڭ ياخشى نىيەتلىرىمىزگە قىزغىنلىق بىلەن تەشەككۇر ئېيتتى، ئادەتتە ئۇنىڭ مۇردىدەك تاتىرىپ تۇرىدىغان چىرايىدا بىردىنلا مەغرۇرانە تەبەسسۇم پەيدا بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قوشۇنىدا 20 يىلدىن بۇيان قورالدىن ئايرىلماي كەلگەن جەڭچىلەر بار ئىكەنلىكىنى ھەمدە ياقۇپبەگنىڭ ھەر قانداق مۇھىم جەڭلەردە ئۇنىڭ مۇشۇ توپچىلىرىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىگە تايىنىدىغانلىقىنى سوزلەپ بەردى.

بىر قۇدالاينىڭ بۇ لاپ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتۇق. گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، ئەگەر شۇ پەيتتە پەقەت بىرەر يۈزچە خىل كازاك بولىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ مۇشۇ چوڭ مەيداندىكى بارلىق خەنزۇ قىسىملىرىنى ھېچبىر چىقىم تارتماستىن بىردەمدىلا تىرە - پىرەن قىلىپ، پاك - پاكىز يىغىشتۇرۇۋېتەلەيدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى. چۈنكى بۇ قوشۇننىڭ سوعاق سۇغىرىلغان پولاتتىن ياسال-

غان قورالى يوق ئىدى، شۇڭا ئۇلار ئۆزىنى قوغدىيالىغىدەك كەرسىدىن مەھرۇم ئىدى.

بىر كوزدىن كەچۈرگەن يېڭىك توپچى قىسمىنىڭ كۈچى تەخمىنەن توۋەندىكىچە:

| | |
|---|---|
| يېنىك توپ زەمبىرەكلەرنىڭ سانى | 200 |
| يېنىك توپچىلارنىڭ سانى | 800 |
| بايراقچىلار | 40 |
| گۇرۇپپا قوماندانلىرى | 40 |
| يۈز بېشىلارنىڭ سانى | 8 |
| توساپ زەربە بەرگۈچىلەر (سىنايپېرلار) | 200 |
| توساپ زەربە بەرگۈچىلەرنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغانلار | 20 |
| ئومۇمى ئادەم سانى | 1.108 |

قەشقەر قوشۇنىدىكى ئەسكەرلەر كۈنىگە 90 چاقىرىم- دىن يېرىم يۈرۈشكە توغرا كەلسە پىيادە ماڭىدىكەن، ئەگەر ئۇنىڭدىن ئوشۇق يول يۈرىدىغان بولۇپ قالسا ئات مىنى- دىكەن، ئات مىنەلمەيدىغانلار هارۋىلارغا ئولتۇرىدىكەن. ھەر بىر هارۋىغا ئۈچتىن ئات قېتىلىدىكەن، ھەر بىر هارۋىغا 10 دىن ئەسكەر ئولتۇرىدىكەن. ئات-هارۋىلارنىڭ بىر قىسمىنى ئاھالە ھەقسىز تەمىنلەيدىكەن، يەنە بىر قىسمىنى قوشۇن ئۆزى سېتىۋالىدىكەن. مەسىلەن، قەشقەردىن قارا شەھەرگىچە تەخمىنەن 2000 چاقىرىم كېلىدىغان يولنى بېسىشتا، پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ بىر قىسمىلا هارۋىغا چۈشۈپ ماڭىدىكەن، قالغان مۇتلەق كوپچىلىگى ۋاقتىنچە ئاتلىق ئەسكەر ياكى ئاتلىق پىيادە ئەسكەر بولۇپ ماڭىدىكەن.

قەشقەرىيە ئارمىيىسىنىڭ ھەربى يۈرۈشتىكى ھەركەت تېزلىگى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ ھەر خىل بولىدى-

كەن. ھەربىلەر ئۇنتتۇرا ھساپ بىلەن كۈنىگە تەخمىنەن 51 چاقىرىم يول باسىدىكەن. قەشقەر بىلەن ئاقسۇنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 813 چاقىرىم بولۇپ، ئەسكەرلەر بۇ يولنى ئادەتتە 15 كۈندە، جىددى يۈرۈش قىلغاندا بولسا 12 كۈندە بىسىپ بولىدىكەن.

قوشۇنلار يۈرۈش قىلغاندا ئىشلون بولۇپ ماڭىدىكەن، ئۇلار يول ئۈستىدە ياقۇپبەگ ياساتقان يەمخانىلاردا قونالغۇ قىلىدىكەن. قىسىملار ئاھالە جايلاشقان يەرلەردىن ئۆتكەندە، ئاھالە بۇ قىسىملارنى يەم-خەشەك، يېقىلغۇ، ئات-ئۇلاق بىلەن ھەقسىز تەمىنلەيدىكەن. قىسىملار چوڭ باياۋانلاردىن ئۆتكەندە، بىر ياكى بىر نەچچە سودىگەر ئارمىيىگە كېرەكلىك ماددى بۇيۇملارنى ئالغاچ قىسىملار بىلەن بىللە ماڭىدىكەن. بۇ سودىگەرلەر ئارمىيىنى بىر قىسىم لازىمەتلىكلەر بىلەن تەمىنلەش توغرىسىدا توختام تۈزىدىكەن. ئۇلار تەمىنلەيدىغان نەرسىلەردىن باشقا، بۇغداي، قوناق ۋە ئارپا خانلىق ھارۋىلاردا توشۇلىدىكەن. ئادەتتە سودا توختاملىرىنى پانساتلار تارقىتىدىكەن. ئۇلار مەلۇم مىقداردىكى تەمىنلەش بۇيۇملىرىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئۇنى يۈز بېشىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدىكەن. يۈز بېشىلار بىر-ئىككى كۈنگە يەتكىدەك ئىستمال بۇيۇملىرىنى قول ئاستىدىكىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىدىكەن.

سودىگەرلەر قوشۇن قونالغۇ قىلىدىغان يەرگە يېتىپ كېلىشى بىلەنلا بازار ئېچىپ، ئەسكەرلەرگە قاتلىما نان، گوش، سۇرلەنگەن گوش، پولو، چاي قاتارلىقلارنى ساتىدىكەن. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ياقۇپبەگنىڭ ئۆز ئارمىيىسىنى لازىمەتلىكلەر بىلەن تەمىنلەش ئىشلىرى ياخشى يولغا

قويۇلمىغان، شۇڭا ھەربىي يۈرۈش جەريانىدا، ئەسكەرلەر ھەمىشە ئاچ قوساق يۈرىدىكەن. قەشقەرىيەنىڭ سۇسىز يەرلىرىدىن ئۆتكەندە قوشۇننى سۇ بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ــ ياقۇپبەگنىڭ بېشىنى قاتۇرىۋاتقان مۇھىم مەسىلە ئىدى. قەشقەردىن ئاقسۇغىچە ۋە ئۇ يەردىن قارا شەھەر قورغىنىغىچە بولغان يول ئۈستىدە كېتىۋاتقان ئارمىيىنى سۇ بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەت بېرىش ئۈچۈن ياقۇپبەگ قۇدۇق ياكى بۇلاق بار جايلارغا يەمخانا سالدۇرغان ئىكەن. مۇشۇ يول ئۈستىدىكى سۇسىز يەرلەرنىڭ ئارىلىقى ئومۇمەن 90 چاقىرىمدىن ئاشمايدىكەن. لېكىن قارا شەھەردىن تۇرپانغىچە يول ئۈستىدىكى 2 يەمخانىنىڭ ئارىلىقى بەكمۇ ئۇزۇن بولۇپ، بۇ ئارىلىقتا سۇيى تارتىلىپ كەتكەن بىر قۇدۇقتىن باشقا ھېچنەرسە يوق ئىكەن. قىسىملار ئىچىدىغان سۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ياقۇپبەگ ھەر بىر توگىگە ئىككىدىن سۇ قاچىلانغان تۇلۇم ئارتىپ سۇ توشۇشنى بۇيرۇپتۇ.

ياز كۈنلىرى ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق بولغاچقا، قىسىملار كۈندۈزى دەم ئېلىپ كېچىسى يول ماڭىدىكەن.

ئەمدى قەشقەرىيە ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا قانداق ئىشقا سېلىنىدىغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

دۈشمەن يېقىنلاشقان ھامان، ئاۋال ئاتلىق قىسىملار ئادەم ئەۋەتىپ رازۋېتكا قىلىدىكەن، پىيادە قىسىملار ئۇزۇتىسىغا تىزىلغان يۈك ھارۋىلىرىنىڭ ئارىسىغا ئۆزلىرىنىڭ كۆچلۈك مۇھاپىزەتچى قىسىملىرىنى ئورۇنلاشتۇرىدىكەن. دۈشمەنگە بەكرەك يېقىنلاشقاندا، ئاتلىق قىسىملار پىيادە قىسىم بىلەن

توپچى قىسمىدىن تەركىپ تاپقان ئۇزۇن سەپنىڭ ئىككى قانىتى تەرەپتىن ئىلگىرىلەپ بارىدىكەن، بۇ چاغدا هارۋىـ كەشلەرنىڭ سىپى ئارقا تەرەپتە توختاپ، شۇ ئان جەڭگىـ ۋار سەپ بولۇپ يېيىلىدىكەن. پىيادە ئەسكەرلەر قىسمى بىلەن توپچى ئەسكەرلەر قىسمى بىر سەپ ياكى بىر قانچە سەپ بولۇپ يېيىلىدىكەن، هەر ئىككى توپنىڭ ئارىلىقىغا 40 تىن 60 قىچە پىيادە ئەسكەر تۇرغۇزۇلىدىكەن. ئاتلىق قىسىملار زاپاس كۈچ قىلىپ قالدۇرۇلىدىكەن. زورۇر تېپىلغاندا، ئۇرۇش سىپى قوشۇننىڭ ئىككى قانىتى تەرەپـ تىن ئۇزارتىلىدىكەن، جەڭ تازا قىزىغانىغا قەدەر قىسىملار ئالدىرىماستىن ئاستا ـ ئاستا ئىلگىرىلەيدىكەن. ئاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنلىرى خۇددى ئۇۋىسى چۇۋۇلغان هەرىلەردەك قارشى تەرەپنىڭ سېپىگە ئېتىلىپ كىرىپ، گۇروھ ـ گۇروھ ئارىلاشما جەڭ قىلىشاتقان ئەسكەرلەر توپىنى شەكىللەندۈرىدىكەن، ئۇلار گۇرزىدە قىلىپ بىردەم ئۇياققا، بىردەم بۇياققا چېپىشىپ يۈرۈشىدىكەن. ياقۇپبەگ دەل مۇشۇ پەيتتە زاپاس قوشۇننىڭ مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشەنگەنلىكتىن، كوپۇنچە مۇشۇنداق ئۇكۇشلۇق پەيتتىن پايدىلىنىپ، سان جەھەتتە ئۆزىدىن ئۈستۈن تۇرىـ دىغان ئەمما تەجرىبىسىز دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىكەن. ئۇ ئادەتتە ئۆزىنىڭ خىل قوشۇنلىرىنى، ئاساسەن ئاتلىق قوشۇنلىرىنى زاپاس قوشۇن قىلىپ قالدۇرىدىكەن.

قەشقەرىيە هەربىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، قوشۇن هۇجۇمغا ئۆتكەن ۋە توختىغان مەزگىلدە ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ ئوينايدىغان ئاساسى رولى توپ ـ زەمبىرەكنەرنى دۈشمەننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ تۇيۇقسىز هۇجۇمىدىن قوغداش

ئىكەن. شۇڭا ئاتلىق قىسىملار ھەمىشە ئۇششاق بولەكلەرگە بولۇنۇپ، ئالغا بېسىۋاتقان قىسىملارنىڭ ئىككى قانىتىدىن ئىككى-ئۈچ يۈز قەدەم ئىلگىرى ماڭىدىكەن.

ئاتلىق قىسىملار جەڭدە، قائىدە بويىچە مىلتىق ئىشلىتىدىكەن، ئالغا ئىلگىرىلەپ بەلگىلىك ئارىلىققا يەتكەندە پىيادىلىشىپ دۈشمەنگە ئوت ئاچىدىكەن؛ ئاتلىق ئەسكەرلەر پۈتۈن سەپ بويىچە بىر يولىلا ئوت ئاچىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئاتلىرى مىلتىق ئاۋازىغا ناھايىتى كونۇك ئىكەن. ئەمما ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ئېتىلغان ئوقلار ھامان نىشانغا دەل تەگمەيدىكەن، شۇڭا ئۇلار ئىمكانىيەت يار بەرسىلا ھامان ئاتتىن چۈشۈپ چېنەپ ئاتىدىكەن.

ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ توتتىن ئۈچ قىسمى ئۇرۇشتا ئات مىنگەندىن باشقا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئاتتىن چۈشۈپ جەڭ قىلىدىكەن.

ئاتلىق ئەسكەرلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەڭ ياخشى پۇرسەت دۈشمەننىڭ تەۋرىنىشكە باشلىغان ۋاقتىدۇر. بۇ چاغدا ئۇلار مىلتىقلىرىنى ئۇشنىسىگە ئارتىۋېلىپ (ئادەتتە بولسا، قوللىرىدا ئېلىپ)، قىلىچلىرىنى غىلاپلىرىدىن سۇغۇرىۋالغان پېتى جەڭگە كىرىپ دۈشمەننى يوقىتىش بىلەنلا قالماي، بەلكى قېچىپ كېتىۋاتقان دۈشمەننى قوغلاپ بېرىپ دەھشەتلىك قىرغىن قىلىدىكەن.

ئۆزىدىن كۈچلۈك بولغان دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلغان چاغدا، پىيادە ئەسكەرلەر، ئاتلىق ئەسكەرلەر ۋە توپچى قىسىم بىرلىكتە چاسا سەپ تۈزۈپ، توپ-زەمبىرەكلەرنى چاسا سەپنىڭ ھەر قايسى بولۇڭ-پۇچقاقلىرىغا ئورۇنلاشتۇرىدىكەن.

قەشقەرىيەلىكلەر قوشۇندىكى يېنىك توپ كوتەرگۈچە-

لەرگە گۇمانلىق قارايدىكەن ۋە ئۇلارنى جەڭدە پۇتلىكاشاڭ بولىدۇ، ئۇلارنى سىغدۇرغىدەك جاي تېپىشمۇ قىيىن، دېيىشىدىكەن، لېكىن ئۇلار جەڭلەردە هامان ئالدى بىلەن قېچىپ كېتىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئانچە زىيىنىمۇ يوق دەپ قارايدىكەن. ياقۇپبەگ ئۇلارنىڭ بۇ ئاجىزلىقىنى چۈشەنگەچكە، بۇ ئەسكەرلەرنىڭ سانىنى پەيدىن-پەي ئازايتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ئارمىيىسىدىكى يېنىك توپ كوتەرگۈچى نەچچە مىڭ كىشىلىك قىسمىدىن (ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، 10 مىڭ كىشى ئىكەن، بۇ سان مۇبالىغا بولۇشى مۇمكىن) هازىر پەقەت بىر قانچە يۈزچە خەنزۇ، تۇڭگانلارلا قاپتۇ، ياقۇپبەگنىڭ خەنزۇ ئەسكەرلەرگە چاچما ئوقلۇق مىلتىقلارنى بەرگەنلىكىنى يۇقۇردا ئېيتىپ ئوتكەن ئىدۇق. تۇڭگان ئەسكەرلەرنىڭ كوپچىلىگىمۇ چاچما ئوقلۇق مىلتىقلارنى تارقاتقان ئىكەن. بۇ مىلتىقلار ئاتلىق ئەسكەرلەر بىلەن پىيادە ئەسكەرلەنى تەپكىلىك مىلتىق ۋە كەينىدىن ئوقلىنىدىغان توركىلەنكا مىلتىقلار بىلەن قوراللاندۇرغاندىن كېيىن يىغىۋېلىنغان مىلتىقلار ئىكەن. ياقۇپبەگ بۇ تۇڭگانلارنىڭ هەممىسىنى ئالدىنقى سەپكە يوتكەپ كېلىپ، ئۇلاردىن تۇرپاندا تۇرۇشلۇق قىسمىنى تەشكىل قىپتۇ.

ياقۇپبەگ ئوز زېمىنىدىكى بىر مۇنچە شەهەرلەرگە هەربى كىيىم-كېچەك ۋە قورال-ياراق تەييارلايدىغان كارخانىلارنى، شۇنىڭدەك هەر خىل هەربى بويۇملار ساقلايدىغان قۇرخانىلارنىمۇ تەسىس قىلغان ئىكەن. بۇ كارخانىلاردا پىيادە ئەسكەرلەر ئۇچۇن تون-تەلپەك ۋە قالپاق كىيدىلىدىغان بىر قىسىم يەكتەك چاپانلار تىكىلىدىكەن. كوپچە-

لىك ئەسكەرلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى مۇشۇ يەرنىڭ ئۆزىدە ئىشلەپچىقىرىلغان ئىكەن ۋە ياكى بەگلەر ياقۇپبەگ- نىڭ ئارمىيىسىنى تەمىنلەش ئۈچۈن پۇقرالاردىن تارتىۋالغان كىيىملەر ئىكەن. كىيىم - كېچەكلەر روسىيە رەختلىرى، ئىنگ- لىز رەختلىرىدىن تىكىلىدىكەن، ئۆزۈن تونىنىڭ ياقىسىغا ۋە قولاقچىلارغا قۇندۇز تېرىسى ئىشلىتىلىدىكەن. قەشقەر، ئاقسۇ①، كورلىدا ئۈچ قورال زاۋۇدى (بەزىلەر يەركەندىمۇ بىرسى بار دەيدۇ) بار ئىكەن. بۇ زاۋۇتلاردا ئەنفيۇلد نۇسخىلىق تەپكىلىك مىلتىقلار ئىشلەپچىقىرىلىدىكەن.

زاۋۇتلاردا ئۇزۇن ۋە قىسقا ئىككى خىل مىلتىق ئىشلەپچىقىرىلىدىكەن. بىز باشتا قەشقەرىيە ئارمىيىسىنىڭ قورال - ياراقلىرى ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا، بۇ ئەھۋالنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق. بەزى تۈركلەنگەن مىلتىقلارنىڭ ستىۋوللىرى ئىچىدە 3 - 4 تالدىن ھەر خىل ساي سىزىق- لىرى بار ئىكەن.

قەشقەردە 30 تېخنىك بار ئىكەن. ئۇلار ھەپتىسىگە 5 دانە تۈركلەنگەن مىلتىق ستىۋولىنى ياسايدىكەن.

ئاقسۇنىڭ قورال - ياراق زاۋۇتىدىكى ئىشچىلار ئارىسىدا ھىندىستانلىق 7 ئۇستا بار ئىكەن. بۇ زاۋۇت ھەپتىسىگە ئاران بىر تۈركلەنگەن مىلتىق ئىشلەپچىقىرالاي- دىكەن.

---

① قەشقەر ۋە ئاقسۇدىكى قورال زاۋۇتلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى خېلىلخان خوجا (ئەسلىدىكى قەشقەر ھەربىي زا- ۋۇتىنىڭ باشلىقى) نىڭ تەپسىلى سۆزلەپ بەرگەنلىرىدىن ئالغان ئىدىم. خېلىلخان خوجا بەرگەن تەپسىلى ماتېرىياللار «تۈركىستان» ژورنىلىنىڭ 1877 - يىللىق 10 - سانىغا بېسىلغان — ئاپ- توردىن.

كورلىدىكى قورال - ياراق زاۋۇدىنى غۇلجىدىن سۈرگۈن قىلىنغان بىر قالماق باشقۇرىدىكەن. بۇ زاۋۇت ئىشلەپچىقارغان قوراللار بەكمۇ سۈپەتلىك ئىكەن.

ئاقسۇ ۋە قەشقەردە ئىشلەنگەن قوراللارنىڭ ھەممىسى كورلا قۇرخانىسىغا ئەۋەتىپ بېرىلىدىكەن.

بىر كورلىدا تۇرۇۋاتقان چېغىمىزدا بۇ يەردىكى قۇرخانىدىن يەرلىك زاۋۇتلاردا ئىشلەنگەن 2-3 يۈزدەك تەپكىلىك تۈركىلەنكا مىلتىق قىسىملارغا تارقىتىپ بېرىلدى.

قەشقەرىيەدە توپ - زەمبىرەك قۇيىدىغان مۇنتىزىم زاۋۇت يوق ئىكەن. توپ - زەمبىرەك ئېھتىياجلىق بولغاندا، ئابدىرىشىت دىگەن قوقانلىق قورال - ياراق ئۇستىسى قەشقەر يېڭى شەھەردە زەمبىرەك قۇيۇشقا يېتەكچىلىك قىلىدىكەن. ئابدىرىشىت ئۇستا قەشقەر شەھرىدىكى بارلىق قۇيمىگەرلەرنى ئۆز يېنىغا يىغىۋاپتۇ، مىس ئاساسەن ئاقسۇدىن كەلتۈرۈلىدىكەن. ياقۇپبەگ ئىلگىرى تۈرك ھەربى ئوقۇتقۇچى مائۇت ئەپەندىنى توپ قۇيدۇرۇش ئۈچۈن ئاقسۇغا ئەۋەتكەن ئىكەن، لېكىن ئۇ كىشى ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماپتۇ. ئۇ ئىشلەپچىقارغان توپ تۇنجى قېتىم سىناق قىلىنغاندىلا پارتلاپ كېتىپتۇ، يەنە بىر توپنىڭ قۇلۇپى ئاجرىلىپ كېتىپتۇ.

قەشقەرىيەدىكى چوڭ شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە مىلتىق دورىسى ئىشلەپچىقىرىلىدىكەن، قەشقەر شەھرىدىكى ئوق - دورا زاۋۇدى قۇرخانىغا ھەر ھەپتىدە 5 چارەك مىلتىق دورىسى ئۆتكۈزۈپ تۇرىدىكەن. بۇنىڭ سىرتىدا، بەزى پانساتلار مىلتىق دورىسى ئېزىدىغان بىر قانچە تۈگمەن قۇرۇۋالغان بولۇپ، ئۆزلىرىگە كېرەكلىك ئوق - دورىلارنى

مۇشۇ كىچىك زاۋۇتلاردا تەييارلايدىكەن. بۇ زاۋۇتلاردىن بەزىلىرى ياسىغان ئوق - دوربىلارنىڭ سۈپىتى ناهايىتى ياخشى ئىكەن، بەزى زاۋۇتلار ياسىغان ئوق - دوربىلارنىڭ سۈپىتى ناچارراق ئىكەن. قوغۇشۇن بىلەن گۆڭگۈرت قەشقەرىيەنىڭ چېگرىسىغا يېقىن تاغلىق رايونلىرىدىكى بىر قانچە يەردىن كەلتۈرۈلىدىكەن. قەشقەر ئۆلكىسىدە مول مەھسۇلاتلىق قوغۇشۇن كانلىرى كوپ ئىكەن. كۇچادىن گۆڭگۈرت چىقىدىكەن. باينىڭ يېنىدىكى قوشتامىدىن، قارا شەهەرنىڭ يېنىدىكى دەنزىل (شوچۇق — ت) دە سىلىترا ئىشلەيدىغان زاۋۇتلار بولسىمۇ، لېكىن قەلەي سىلىتراسى دائىم يېتىشمەي قالىدىكەن. قەشقەر شەهرىدە قۇرۇلغان پىستان زاۋۇدىغا بىر تۈرك ئىشچىسى يېتەكچىلىك قىلىۋېتىپتۇ.

ئىنگلىز ئۈستىلىرىنىڭ بار - يوقلىغى ھەققىدە بىرەر گەپ ئاڭلىمىدۇق. ئاغزىدىن ئوقلىنىدىغان تۈركىلەنگا مىلتىقلارنىڭ ئوقلىرىمۇ شەخسلەرنىڭ كارخانىلىرىدا ئىشلەپچىقىرىلىدىكەن. بۇ ئوقلارنىڭ سۈپىتى ناهايىتى ياخشى بولۇپ، روسىيەنىڭ تەپكىلىك تۈركىلەنگا مىلتىقلىرىنىڭ ئوقىغا① ئوخشاپ كېتىدىكەن.

① كورلا شەهرىدە، بىزنىڭ ۋەكىللەر ئۇمىگىمىزگە يول بويى ھەمرا بولۇپ كەلگەن يەرلىك ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن، سىبىرىيە كازاكلىرىنىڭ تۈركىلەنگا مىلتىقلىرىغا چۈشىدىغان ئوز يېنىدىكى 36 تال ئوقنى ئۇلارغا ھەدىيە قىلدىم. ھېلىقى ئاتلىق ئەسكەرلەر بۇ ئوقلارنى ياقۇپبەگنىڭ يېتەكچىلىگىدە ئوتكۈزۈلگەن ھەربىي مانېۋىردا، ئوزلىرىنىڭ يولدا ئىشلىتىپ بولغان ئوقلىرىنىڭ ئورنىدا ئىشلەتتى — ئاپتوردىن.

چاچما ئوقلۇق مىلتىقلارنىڭ ئوقلىرى ئومۇمەن بىر خىل قەغەز مىشەككە قاچىلىنىپ تەييارلانغان ئوقلار ئىكەن. ئەسكەرلەر ئوقلىرىنى كەمەرلىرىگە ئېسىۋالىدىغان تېرە خالتىلىرىغا سېلىۋالىدىكەن. ئۇلار كەينىدىن ئوقلىنىدىغان تۆركىلەنكا مىلتىقلارنىڭ ئوقلىرىنىلا چەتئەللەردىن ئىمپورت قىلىدىكەن، لېكىن بۇنداق ئوقلار ناھايىتى كەمچىل ئىكەن. ئۇلار بىرگە قەشقەر شەھرىدە مۇشۇنداق ئوق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان بىر زاۋۇت قۇرۇلغانلىقىنى ئېيتتى.

مەن ئۇلارنىڭ چاچما ئوقلۇق توپلىرىغا ئىشلىتىدىغان ئوقلارنىڭ قەيەردە ئىشلەپچىقىرىلىدىغانلىقىنى بىلمىدىم. ھىندىستاندىن كىرگۈزۈلگەن ھىلىقى 8 توپ بىلەن بىللە 2.000 تال توپ ئوقمۇ بىللە كىرگۈزۈلگەن ئىكەن.

ئەمدى ئۆزىمىز ياقۇپبەگ زېمىنىدا تۇرغان چېغىمىزدا كۆرگەن ۋە كۆزەتكەن قورغان - قەلئەلەر ئۈستىدە توختىلىمىز. بۇ يەردە گەپ ئاساسەن قەشقەر يېڭى شەھەر، قەشقەر كونا شەھەر، مارالبېشى، ئاقسۇ، كۇچا ۋە كورلا ئۈستىدىلا بولىدۇ. قەشقەر شەھرىگە تەخمىنەن 15 چاقىرىم كېلىدىغان يېڭى شەھەر قورغىنى پۈتۈن قەشقەرىيە بويىچە ئەڭ مۇستەھكەم قەلئە ۋە ئىسمى جىسمىغا لايىق قورغاندۇر. يېڭى شەھەر خەنزۇلار تەرىپىدىن ياسالغان بولغاچقا، كىشىلەر بۇ شەھەرنى خەنزۇلار قەلئەسى دەپ ئاتىشىدىكەن. بۇ شەھەرنىڭ سېپىلى چاسا 4 بۇلۇڭلۇق قىلىپ سوقۇلغان بولۇپ، سېپىلنىڭ ھەر تەرىپى تەخمىنەن 2 چاقىرىم كېلىدىكەن. سېپىل ئۈستىگە ياسالغان قوختا - قوۋۇقلار ۋە سېپىل سىرتىدىكى خەندەك، بۇ شەھەرنىڭ مۇداپىئە سىستېمىسىنى تەشكىل قىلىدىكەن.

سىغىز توپىدىن خاڭداپ ياسالغان سىپىلنىڭ قىلىنـ ـلىغى 5 سازىن (35 پۇت) كىلىدىغان بولۇپ، سىپىل ئۈستىدە بىر ئات ھارۋىسى بىمالال ماڭالايدىكەن. سىپىلـ ـنىڭ ئىگىزلىگى سىپىل ئاستى كەڭلىگىنىڭ 2 ھەسسىسىگە باراۋەر كىلىدىكەن.

سىپىل سىرتىدىكى خەندەكنىڭ كەڭلىگى ۋە چوڭقۇرـ ـلۇغى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 4 سازىن (28 پۇت) كىلىدـ ـدىكەن. خەندەك ئىچىدە 5 پۇت چوڭقۇرلۇقتا سۇ بار ئىكەن. خەندەكنىڭ ئىككى قىشى يانتۇ بولغاچقا، خەندەك ئارقىلىق سىپىلغا چىقىشقا ناھايىتى ئەپلىك ئىكەن. سۇ ئىگىز ئىرىقـ ـتىن كىلىپلا سىپىلنىڭ غەربىي تەرىپىدىن قورغانغا كىرىپ كولىگە قۇيۇلىدىكەن. قورغان ئىچىدە بۇ كولدىن باشقا كوللەرمۇ بولسا كىرەك. ئىگىز ئىرىق دىگىنى ناھايىتى ئاسانلا بۇزىۋەتكىلى بولىدىغان بىر ياغاچ نو ئىكەن. سىپىلنىڭ سىرتىدىكى خەندەك سىپىلدىن سىرتقا سوزۇلۇپ چىققان قوختىلار ئارقىلىق قوغدىلىدىكەن. ئەمما بۇ قوخـ ـتىلارنىڭ ئولۇك بۇلۇڭى بەك چوڭ بولغاچقا، ئۇلار ئوز رولىنى تازا جارى قىلالمايدۇ.

سىپىل خەندىگىنىڭ سىپىل تەرەپتىكى قىرغىغىغا ئوققا ھەرگىزمۇ دالدا بولالمايدىغان 7 پۇت ئىگىزلىكتە تام سىلىنغان، بۇ تامنىڭ ئوق ئىتىلىدىغان كوڭگۈرىلىرى بار ئىكەن. بۇ تامدىن بوسۇپ ئوتمىگەندە، سىپىلغا ھۇجۇم قىلىش ناھايىتى قىيىنغا توختايدۇ.

بۇ تامنىڭ كەينىگە، چىنەپ ئوق ئىتىشتا دەسسەپ تۇرۇش ئۈچۈن 7 پۇت كەڭلىكتە بىر سۇپا سىلىنغان.

سىپىلنىڭ يۇقۇرقى تەرىپىدە بىر دەرۋازا بار ئىكەن.

بىرىنىڭ ۋەكىللەر ئۇمىگىمىز 1872 - يىلى قەشقەردە تۇرغان مەزگىلدە، پولكوۋنىك كالىبارس بىلەن لېيتېنانت ستارت - تىسېيۋ يېڭى شەھەر قورغىنىنىڭ بىرتەكشىلىك خەرىتىسى ۋە ناھايىتى ياخشى بىر تىك كەسمە يۈزلۈك خەرىتىسىنى سىزىپ چىققان ئىكەن. بۇ تەكشىلىك خەرىتىسىدىن قارى - غاندا، يېڭى شەھەر قورغىنى ئالدىدىكى 1872 - يىلدىكى يانتۇلۇق 1876 - يىلىدىكىدىن ياخشى ئىكەن.

بۇ قورغاندىن 50 قەدەم نېرىدىكى ئىگىز ئېرىق بويىدا يېڭى سېلىنغان ئۆيلەرنى كوردۇق. يۇقۇرقى تەرەپتە ئەسلىدە سېپىل خەندىكىدىن 200 قەدەم يىراقلىقتىكى گەزەرمە ئۆيلەر ھازىر دەرۋازىغا 100 قەدەممۇ كەلمەيدىغان يەرگە يوتكەپ سېلىنىپتۇ. بۇ ئۆيلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ دەرۋازا بىلەن بولغان ئارىلىقى ھەتتا 60 قەدەمگىمۇ يەتمەيدۇ. بۇنداق ئۆيلەر ناھايىتى كوپ بولۇپ، ئۇلارنى قورغان تەرەپتىن ۋەيران قىلىش ناھايىتى قىيىن، بۇ ئۆي - لەرنىڭ پايدىلىق تەرىپىمۇ بار. بۇ ئۆيلەرگە توپ - زەمە - بىرەك قۇرۇپ، شەھەرنى توپقا تۇتقىلىمۇ بولىدۇ.

يېڭى شەھەرنى قوغدىغۇچى مۇنتىزىم قىسمىدىكى ئەسكەرلەر 1000 غا يېتىدىكەن، بۇنىڭدىن سىرت، ئەتى - راپىدىكى گەزەرمىلەردە يەنە تەخمىنەن 3000 ئادەم بار ئىكەن. سېپىل ئۈستىگە توپ ئورنىتىلماپتۇ. بىر قورغان ئىچىدە ھەرخىل كالىبىرلىق توپ - زەمبىرەكلەردىن پەقەت 8 نىلا كوردۇق، يەنە بىر مىنامىيوتمۇ تۇرۇپتۇ.

قەشقەر شەھرى يەنە بىر قورالىق قورغان بولۇپ، بۇ شەھەرنىڭ ئەتراپىنى تەخمىنەن 6 چاقىرىم ئۇزۇن - لۇقتىكى سېپىل قورشاپ تۇرىدۇ. بۇ سېپىل ناھايىتى ئەگرى -

بۇگرى قىلىپ سىلىنغانلىقتىن، سېپىل ئۈستىدىكى قوختىلار سېپىل خەندىكىنى يان تەرەپلەردىن قوغداش رولىنى ئوينايدۇ. قەشقەر سېپىلى ناھايىتى ياخشى ئاسرالغان، ئەمما پۈتۈن سېپىلدا بىرەر ئېتىش سۇپىسىمۇ يوق ئىكەن، شۇڭا پەقەت سېپىل ئۈستىدىكى قوختىلار بىلەنلا مۇداپىيە-لىنىش مۇمكىن. قەشقەر شەھىرىنىڭ ئىستىھكاملىرىدا پاناھ-لىنىدىغان يانتۇلۇق بولمىغاچقا، دۈشمەن سېپىلغا 50 قەدەم قالغىدەك يەرگىچە بىمالال كېلەلەيدىكەن.

قەشقەر قورغىنىدا مۇداپىيە قۇراللىرىدىن پەقەت يېنىك توپلارلا بار ئىكەن.

يېڭى شەھەر قورغىنى بېسىۋېلىنسىلا، قەشقەر شەھىرىنى ھېچقانداق جەڭ قىلمايلا ئالغىلى بولىدۇ.

مارالۋېشى قەشقەرىيەدىكى مۇھىم ئۆچىنچى مۇداپىيە نۇقتىسىدۇر. مارالۋېشى خوتەن، يەركەن ۋە قەشقەردىن ئاقسۇغا بارىدىغان ئۈچ ئاچا يولنىڭ قوشۇلۇش ئېغىزىغا جاي-لاشقان يەر بولغاچقا، ئىستىراتېگىيە جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئورۇن ھېساپلىنىدۇ. مارالۋېشى قەشقەر دەرياسىنىڭ بويىغا (بۇ دەريانىڭ يۇقۇرى ئېقىمى قىزىلسۇ دەرياسى دېيىلىدۇ) يەنى قەشقەر بىلەن ئاقسۇنىڭ ئوتتۇ-رىسىغا جايلاشقان.

مارالۋېشى قورغىنىمۇ خەنزۇلار بىنا قىلغان. ئۇنىڭ سېپىلى 5 بۇرجەكلىك بولۇپ، ھەربىر تەرىپىنىڭ ئۇزۇن-لۇغى 12 ساژىن (280 يادىز) كېلىدۇ. سېپىلنىڭ قېلىن-لىقى ۋە ئېگىزلىگى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 21 پۇت كېلىدۇ. سېپىلنىڭ ھەر بىر بۇرجىكىدە بىردىن قوختا (راۋاق)، سېپىلنىڭ ھەربىر تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىردىن كىچىك

بىلىنداۋ (يوشۇرۇنۇش گەمىسى) بار ئىكەن.

سىپىلنىڭ سىرتقى يانتۇ تەرىپىنىڭ ئاستىغا ئىھاتە تېمى سېلىنغان، 14 پۇت كەڭلىكتىكى سېپىل خەندىكىگە سۇ تولدۇرۇلغان، خەندەك ئاستىغا قوزۇق قېقىۋېتىلگەن ئىكەن. ھەربىر قوختىنىڭ بۇرجەكلىرىدىن توپ ئېتىش ئۈچۈن كوڭگۈرە ئېچىلغان بولسىمۇ، لېكىن سېپىل ئۈستىگە قۇرۇپ قويۇلغان بىرەر توپنى كورمىدۇق.

شەھەر دەرۋازىسى شەرققە قارىتىپ ئېچىلغان بولۇپ، قورغان سىرتىدا، سېپىل دەرۋازىسىنىڭ ئۇدۇلىغا مەخسۇس ياقۇپبەگنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ياسالغان بىر كارۋان سارىيى بار ئىكەن. بۇ كارۋان سارىيى ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى مىچىت بۇ قورغان ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ئولۇك بۇلۇڭ بولۇپ، بۇ يەر توپ قۇرۇشقا ناھايىتى ئەپلىك ئىكەن.

بىز بۇ يەردە تۇرۇۋاتقاندا، بىرەر مىڭدەك ئەسكەر تۇرسا بولىدىغان بۇ قورغاندا چاچما ئوقلۇق مىلتىقلار بىلەن قوراللانغان يۈزدەك پىيادە ئەسكەر بار ئىكسەن. سېپىلغا پەقەت بىر نەچچە دانە يېنىك توپ ئورنىتىلىپتۇ. ئەگەر بىرەر ئىش يۈز بېرىپ قالسا، بۇ يېنىك توپلارنىڭ ئورنىغا ئېغىر توپلارنى ئورنىتىش لازىم بولغىدەك.

ئاقسۇ قەشقەرىيە بويىچە تۇتىنچى قوراللىق ئىستىھكام-دۇر. بۇ قورغاننىڭ توت ئەتراپى 14 پۇت ئېگىزلىكتىكى پاكار سېپىل بىلەن ئىھاتە قىلىنغان بولۇپ، سېپىل ناھا-يىتى ياخشى ئاسرىلىپتۇ. سېپىلنىڭ غەرپ تەرىپىدە بىر كىچىك خەندەك بار بولۇپ، خەندەك ئىچىدىن بىر ئېرىق سۇ ئېقىپ تۇرىدىكەن. سېپىلنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ھېچ-قانداق يانتۇلۇق يوق ئىكەن. سېپىلنىڭ توت دەرۋازىسى

بولۇپ، بۇ دەرۋازىلاردىن چىقىپ شەھەرگە كىرگىلى بولىدىكەن. سېپىلنىڭ سىرتىدا 2 قەلئە بار بولۇپ، بۇنىڭ كونىراغىنى خەنزۇلار، يېڭىسىنى ياقۇپبەگ ياساتقان ئىكەن.

كونا قەلئە شەھەرنىڭ شىمال تەرىپىدىكى دۆڭگە سېلىنغان بولۇپ، ئاقسۇ شەھىرى بۇ دۆڭنىڭ ئاستىغا جايلاشقان ئىكەن. كونا قەلئە ئارقىلىق ھەم ئاقسۇ شەھىرىنى ھەم يېڭى قەلئەنى كونتۇرۇل قىلىپ تۇرۇش مۇمكىن. كونا قەلئەگە سۇ چىقمىغانلىقتىن، ئۇ ھازىر تاشلىنىپ قالغان، شۇڭا ئۇنى ئىگەللەش ئانچە قىيىن ئەمەس. بۇ كونتۇرۇل نۇقتىسى ئىگەللىنىۋېلىنسىلا، ئاقسۇ شەھىرىنى ۋە يېڭى قەلئەنى بىردەم توپقا تۇتۇش ئارقىلىقلا بېسىۋېلىش مۇمكىن.

شەھەرنىڭ غەربىدىكى يېڭى قەلئە تېخى يېقىندىلا ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ سېپىلىنىڭ بىر قىسمى خىشتىن قوپۇرۇلغان ئىكەن. ئەگەر 3 قاداقلىق ئوق يەيدىغان تاغ زەمبىرىكى بىلەن توپقا تۇتۇلسا، ئۇنى پارتلىتىۋېتىش مۇمكىن. شەھەردىن بۇ قەلئەگە كىرىدىغان دەرۋازىلار كۆپ بولۇپ، قەلئە ئىستىھكاملىرىنىڭ ئۇلۇك بۆلۈكى يوق دېيەرلىك ئىكەن. قەلئە ئىچىدە ھاكىمنىڭ ئولتۇراق ئۆيى، قۇرخانە، قورال - ياراق زاۋۇدى بار بولۇپ، قىسمەن يەرلىك قوشۇنمۇ شۇ يەردە تۇرىدىكەن. قەلئەنىڭ سىرتىدا ئىككى گەزەرمە بار بولۇپ، گەزەرمىدىن ئۆتۈپلا مانېۋىر ئۆتكۈزۈلىدىغان كەڭ مەشىق مەيدانىغا چىققىلى بولىدىكەن.

ياقۇپبەگ دەۋرىدە، ئاقسۇ شەھىرىنى 200 دىن 400 كىچە سەرۋاز، 2 زەمبىرەك ۋە بىرەر مىڭدەك يېڭى ئەسكەر قوغداپ تۇرۇپتۇ.

كۇچا قەشقەرىيە بويىچە بەشىنچى مۇھىم قورغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپى تېخى يېقىندىلا سوقۇلغان يېڭى سېپىل بىلەن ئىھاتە قىلىنغان ئىكەن. بۇ سېپىلنىڭ يان قوختىلىرى ۋە ئوت ئېچىش كوڭگۇرىلىرى بولىسىمۇ، لېكىن سېپىل ئانچە قېلىن ئەمەس ئىكەن. سېپىل خەندىكىنىڭ چوڭقۇرلۇغى 28 پۇت بولۇپ كەڭلىگى 21 پۇت كېلىدىكەن. خەندەكنىڭ ئىچ قىرغىقىدا بىر ئىھاتە تېمى بار بولۇپ، بۇ تامنىڭ كەينىگە ئېتىش سۇپىسى ياسالغان ئىكەن. كۇچا شەھرىنىڭ شەرق ۋە غەرپ تەرەپلىرىدە بىردىن دەرۋازىسى بار ئىكەن. شەرقىي دەرۋازىنىڭ مۇداپىئەسى ئاجىز بولۇپ، ئۇنى بىر ھۇجۇم بىلەنلا ئالغىلى بولىدىكەن. غەرپ تەرەپ-تىكى سېپىل خەندىكىنىڭ بەزى جايلىرى بىرئاز گۇۋۇرۇلۇپ، چۈشكەن بولۇپ بۇخەندەكتىن شۇتا قويمايمۇ سەكرەپ ئۆتۈش مۇمكىن. بۇ تەرەپتىكى خەندەككە سۇ تولدۇرۇلغان ئىكەن①. سېپىلنىڭ شەرقى شىمال ۋە جەنۇپ تەرەپلىرىدە ئۇلۇك بۇلۇڭ يوق، شىمال تەرىپىدە بىر قەۋرىستانلىق بار ئىكەن. بۇ يەردە تۇرۇپ سېپىلنىڭ بىر قىسمىنى پۈتۈنلەي كونترول قىلىش مۇمكىن، سېپىلنىڭ غەرپ تەرىپى كەڭ سوزۇلغان دالا بولۇپ، سېپىلغا ھۇجۇم قىلىشتا، بۇ يەردىن ئولۇك بۇلۇڭ سۈپىتىدە پايدىلىنىش مۇمكىن.

شەھەر ئىچىدە يېڭى سېپىلدىن 120 قەدەمدىن 150 قەدەمگىچە كېلىدىغان ئارىلىقتا كونا سېپىل بار بولۇپ، كونا سېپىلنىڭ بىر قىسمى پۈتۈنلەي بۇزۇلۇپ ۋەيران بولغان.

---

① بىز كۇچانى زىيارەت قىلىۋاتقاندا، خەندەكتە مۇز توڭلاپ كەتكەن ئىكەن ـــ ئاپتوردىن.

بىر كۈچانى زىيارەت قىلغىنىمىزدا، بۇ يەردە تۇرۇش-
لۇق قوشۇندا 1·500 ئادەم، 2 دانە توپ بار ئىكەن.
بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىكى كىشىلەر يەنىلا چاچما
ئوقلۇق مىلتىق تۇتقان بولسىمۇ، ئەمما كۆپچىلىگى ياخشى
كىيىنگەن ۋە ياخشى قوراللانغان بىرەر مىڭدەك خوتەنلىك
ئەسكەرمۇ بار ئىكەن. بۇ ئەسكەرلەرنىڭ كۆپچىلىگى كېيىنكى
يىلنىڭ كۆكلەم پەسلىدە① ئالدىنقى سەپكە كەتسە، يەنە
500 دەك يېڭى ئەسكەر بۇ يەردە قالىدىكەن.

ئەمدى قەشقەرىيەنىڭ ئالتىنچى قورغىنى بولغان
كورلا شەھرى ئۈستىدە توختىلىمىز. بۇ شەھەر بۇنىڭدىن
بىر نەچچە يىل ئىلگىرىلا ناھايىتى ياخشى سېلىنغان سېپىل
بىلەن ئىھاتە قىلىنغان. ئەمما سېپىل ناھايىتى نېپىز
بولغانلىقى ئۈستىگە، يان تەرەپتىن مۇداپىئەلىنىدىغان ئەس-
لىھەلىرى يوق ئىكەن. كورلا شەھرىنىڭ دىامېتىرى تەخ-
مىنەن 1 چاقىرىم بولۇپ، شەھەر سېپىلىنىڭ غەرپ ۋە
جەنۇب ئېتىكىنى كونچى دەرياسى يالاپ ئۆتىدىكەن. قەلئە
كورلا شەھرىنىڭ شەرقىغە 3 چاقىرىم كېلىدىغان يەرگە
چاسا شەكىلدە سېلىنغان بولۇپ، ھەر بىر تەرىپىنىڭ ئۇزۇن-
لۇغى 160 يادىز كېلىدىكەن. قەلئەنىڭ ئەتراپىمۇ سېپىل
بىلەن ئىھاتە قىلىنغان بولۇپ، سېپىلنىڭ تۆت بۇرجىگىدە
قوختىلىرى بار ئىكەن. سېپىلنىڭ ئېگىزلىگى 7 پۇت،
قوختىلارنىڭ ئېگىزلىگى 14 پۇت كېلىدىكەن. سېپىل ناھا-
يىتى نېپىز ئىكەن. شەھەرگە قارىتىپ ئېچىلغان 2 دەرۋا-
زىدىن بۇ قەلئەگە كىرگىلى بولىدىكەن. 1877-يىلى،

① 1877-يىل دىمەكچى — ئاپتوردىن.

بۇ قەلئەدە 600 كىشىلىك بىر قىسىم① 3 توپ بىلەن تۇرىۋاتقان ئىكەن.

يۇقۇرقىلاردىن باشقا، بىز يەنە كوكسۇ دەرياسىدىن قەشقەرغىچە ئارىلىقتىكى قاراۋۇلخانا لىنىيىلىرىنىمۇ كۆزەتتۇق. كوكسۇ دەرياسى پەرغانە ئولكىسى بىلەن قەشقەرىيەنى بىر بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان چېگرا لىنىيىسىدۇر. بىز ئەركەشتام، يىغىن، ناغرا چالدى، مەشرەپ، ئوقسالۇر، غازجۇغان ۋە مىڭ يول قاتارلىق جايلارنىڭ ئەھۋالىنىمۇ ئىگەللىدۇق. بۇ قورغانلار چاسا شەكلىدە سېلىنغان بولۇپ، بىر-بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىكەن. قورغان تېمىنىڭ ھەربىر تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇغى 35 يادىدىن 70 يادىغىچە بولۇپ، ھەربىر بۇرجىكىدە بىردىن قوختىسى بار ئىكەن. بەزىلىرىنىڭ ئەتراپىغا خەندەكمۇ قېزىلغان ئىكەن. قورغانلارنىڭ سوقما تاملىرى ناھايىتى نېپىز ئىكەن. بۇ يەرلەردە يېنىك توپلار بىلەن كۈچەيتىلگەن 20 دىن 80 گىچە ئەسكەر تۇرىدىكەن.

بۇ قاراۋۇلخانىلارنى قولغا ئېلىشتا، تامنى ئىتتىرىپ ئۆرۈۋېتىش ئۈچۈن بىرنەچچە تال لىم بىلەن قوراللانغان بىر روتا ئەسكەر بولسىلا كۇپايە قىلىدۇ. ئۇلۇغچات قاراۋۇلخانىسى مۇستەھكەمرەك بولۇپ، ئۇنى ھەقىقى قورغان دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇلۇش شەكلىمۇ يۇقۇرقىدىكىلەرگە ئوخشاش؛ ئۇنىڭ تېمىنىڭ ھەربىر تەرىپىنىڭ

---

① بىز كورلىدا تۇرىۋاتقاندا، ياقۇپبەگ توقسۇن قورغىنىغا تەمنات يەتكۈزۈپ بېرەلمەي، توقسۇندىن كورلىغا 2500 ئاتلىق ئەسكەر يوتكىگەن ئىدى — ئاپتوردىن.

ئۇزۇنلۇغى 80 يادىزدىن 150 يادىزغىچە بولۇپ، ئۇنىڭدا تۇرۇشلۇق ئەسكەرنىڭ سانى 150 كە يېتىدىكەن.

بىز زىيارەت قىلغان كىچىك شەھەرلەرنىڭ ئىچىدە پەقەت باي شەھىرىنىڭلا مۇداپىئەلىنىش ئەسلىھەلىرى يوق ئىكەن.

ئەمدى بىز 1877 - يىلى قەشقەرىيەدە تۇرغان چىغىمىزدىكى قەشقەرىيە ئارمىيىسى ۋە ئۇنىڭ جاي - جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرەيلى.

تۆۋەندىكىلەر قەشقەرىيە ئارمىيىسىنىڭ ئىشەنچىلىك تەپسىلىي سانى. ئۇ ئىككى خىلغا بولۇنىدۇ: بىر خىلى ئۇزىمىز بىۋاستە كۆرگەن قىسىملاردىكى ئەسكەرلەرنىڭ سانى؛ يەنە بىرخىلى ئۆزىمىز بارالمىغان جايلاردىكى قىسىملاردا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرنىڭ سانى. بۇنىڭ بىرىنچى خىلغا قەشقەر، مارالۋېشى، ئاقسۇ، باي، كۇچا، كورلا ۋە قارا شەھەر قورغانلىرىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ سانى ۋە غۇلجا بىلەن قەشقەر ئوتتۇرىسىدىكى قاراۋۇلخانىلاردا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرنىڭ تەپسىلىي سانى كىرگۈزۈلگەن. ئىككىنچى خىلغا ياقۇپبەگنىڭ ئالدىنقى سەپتە يەنى توقسۇن، داۋانچىڭ، تۇرپان، خوتەن ۋە يەركەندە تۇرۇشلۇق قىسىملاردىكى ئەسكەرلىرىنىڭ سانىنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن، توپلىغان ماتېرىياللار كىرگۈزۈلگەن.

| | | |
|---|---|---|
| قەشقەر شەھری<br>ياقۇپبەگنىڭ چوڭ<br>ئوغلی بەگقۇلىبەگنىڭ<br>قوماندانلىغىدا:<br>سەرۋازلار<br><br>ئاتلىق قىسىملار<br>خەنزۇ ۋە تۇڭگانلاردىن<br>تۈزۈلگەن توپ كوتەر-<br>گۈچىلەر | 2.000 دىن<br>2.200 گىچە<br>1.000 ئادەم<br><br>1.000 ئادەم | تۈركىلەنگا مىلتىقلار بىلەن قوراللانغىنى بىر تابور پىيادە ئەسكەر، قالغانلىری ھەر خىل مىلتىقلار بىلەن قوراللانغان. تۈرغۈن ئەسكەرلەر چاچما ئوقلۇق مىلتىقلار بىلەن قوراللانغان، كوپ ساندىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر تەپكىلىك مىلتىقلار بىلەن قوراللانغان، ھەتتا كەيىنىدىن ئوقلىنىدىغان تۈركىلەنگا مىلتىقلار بىلەنمۇ قوراللانغان. |
| قەشقەر شەھرىنىڭ ھاكىمى ئالدىراج بەگنىڭ قوماندانلىغىدا: قەشقەر شەھرىدە تۇرۇشلۇق سەرۋازلار ۋە ئاتلىق قىسىملار | 6.000 ئادەم<br>جەمی 4.600 دىن<br>4.800 گىچە<br>ئادەم، 20 دانە زەمبىرەك | ئالدىراج دادخانىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ بىر قىسمى كەيىندىن ئوقلىنىدىغان بەردەڭگە مىلتىقلار بىلەن قوراللانغان (بىز بۇ مىلتىقلاردىن 30 نى كوردۇق). قالغانلىری ھەرخىل مىلتىقلار بىلەن، بىر قىسمىلىری چاچما ئوقلۇق مىلتىقلار بىلەن قوراللانغان. |
| مارالۋېشى قورغىنی<br>ئاتلىق ئەسكەرلەر<br>سەرۋازلار | 300 ئادەم<br>100 ئادەم<br>جەمی 400<br>ئادەم | سەرۋازلار چاچما ئوقلۇق مىلتىقلار بىلەن قوراللانغان. ئاتلىق قىسىملار مارالۋېشىنىڭ ھاكىمى بىلەن ئالدىنقى سەپكە كەتكەچكە، ئۇلاردا نېمە قورال بارلىغىنى بىلەلمىدىم. |

| | | |
|---|---|---|
| ئاقسۇ شەھىرى سەرۋازلار ئاتلىق قىسىم | 1.000 ئادەم 100 ئادەم. جەمى 11.000 ئادەم 2 دانە زەمبىرەك | بۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت 300 كونا ئەسكەر بولۇپ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى يېڭى ئەسكەر. ئۇلارنىڭ بىر قىسمىدا تەپكىلىك مىلتىقلار، يەنە بىر قىسمىدا چاچما ئوقلۇق مىلتىقلار بار ئىكەن. |
| باي شەھىرى ئاتلىقلار ۋە سەرۋازلار | 4.000 ئادەم | بۇلارنىڭ ئىچىدە 300 نەپەر يېڭى ئەسكەر بار. مۇتلەق كۆپچىلىكى چاچما ئوقلۇق مىلتىقلار بىلەن قوراللانغان |
| كۇچا شەھىرى سەرۋازلار ئاتلىق ئەسكەر | 500 ئادەم 1.000 ئادەم جەمى 1.500 ئادەم 2 دانە زەمبىرەك | سەرۋازلارنىڭ 200 ى يېڭى ئەسكەر بولۇپ، يەنە 1.000 نەپەر ئاتلىق ئەسكەر بار، ئۇلار ناھايىتى ياخشى تەربىيىلەنگەن ھەم بىر خىل كىيىم كىيىنگەن بولۇپ، ھەممىسى خوتەندىن كەلگەن. ئۇلار كۇچادا قىشنى چىقىرىپ، باھاردا ئالدىنقى سەپ قاراۋۇلخانىلىرىغا بارىدىكەن. ئۇلاردا ئۇرغۇنلىغان تەپكىلىك تۇركملەنكا ۋە بىر قىسىم چاچما ئوقلۇق مىلتىقلار بار. |
| كورلا شەھىرى قورغاننى قوغدايدىغان سەرۋازلار<br>يېڭىدىن قورۇلغان ئاتلىق دالا ئارمىيىسى | 660 ئادەم، 3 دانە زەمبىرەك<br>2.500 ئادەم جەمى 31.60 ئادەم 3 دانە زەمبىرەك | ياقۇپبەگ يېڭى ئەسكەرلەرنى ھەربى لاۋازىمەت سەۋۋىدىن توقسۇندىن بۇ يەرگە يۆتكەپ كەلگەن. بۇلاردىن 600 ئادەم يەنە شۇ سەۋەپتىن بىز بىلەن بىللە كۇچاغا ئەۋەتىلگەن. باھار كىرىشى بىلەنلا ئۇلارنىڭ ھەممىسى يەنە تۇقسۇن ياكى تۇرپانغا قايتىدىكەن. |

| | | |
|---|---|---|
| تاغلىق رايونلاردىكى قاراۋۇلخانىلار ۋە قورغانلاردىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر بىلەن سەرۋازلار (بىز زىيارەت قىلغان قاراۋۇلخانىلار: ئەركەشتام، مەشرەپ، يىغىن، ئوقسالۇر، غانچۇغان، مىڭ يول ۋە ئۇلۇغچات بولارنىڭ ھەر بىرىدە 20 دىن 100 گىچە ئادەم بار. لېكىن ئۇلۇغچاتتا 150 ئادەم بار.) | 1·500 ئادەم | بۇلارنىڭ بىر قىسمىدا چاچما ئوقلۇق مىلتىقلار، يەنە بىر قىسمىدا تەپكىلىك تۈركبلەنكا مىلتىقلار بار ئىكەن. |

## ياقۇپبەگ خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئالدىنقى سەپكە يىتقان قوشۇنلار

| | | |
|---|---|---|
| داۋانچىڭ ئاتلىق ئەسكەر | 900 ئادەم 2 دانە زەمبىرەك | بۇلار سىندىپ نۇسخىسىدىكى كەينىدىن ئوقلىنىدىغان مىلتىقلار بىلەن قوراللانغان. 2 دانە زەمبىرەكنىڭ بىرسى كەينىدىن ئوقلىنىدىغان، يەنە بىرسى ئاغزىدىن ئوقلىنىدىغان زەمبىرەك بولۇپ، ھەممىسى بىر ئات سۆرەيدىغان، ئۈچ قاداقلىق ئوق يەيدىغان زەمبىرەكلەر ئىكەن. |
| تۇرپان شەھىرى ھېكىمخان تۆرىنىڭ قوماندانلىغىدا: ئاتلىق ئەسكەر | 3·500 ئادەم | بىرقىسىم ئاتلىق ئەسكەرلەر كەينىدىن ئوقلىنىدىغان مىلتىقلار بىلەن قوراللانغان. بىرقىسىم پىيادە ئەسكەرلەر تەپكىلىك مىلتىقلار بىلەن قوراللانغان (بۇ قوراللارنىڭ بىر قىسمى شۇيەرنىڭ ئۆزىدە ئىشلەپچىقىرىلغان). مەيلى ئاتلىق ئەسكەر ياكى پىيادە ئەسكەرلەر بولسۇن، قالغان ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى چاچما ئوقلۇق مىلتىقلار بىلەن قوراللانغان. |

| | | |
|---|---|---|
| سەرۋازلار<br><br>تۇڭگان ئەسكەرلەر | 5·000 ئادەم<br>جەمی<br>8·500 ئادەم<br>ھەرخىل تىپتىكى زەمبىرەك 20 دانە.<br>1·000 ئادەم | بۇ تۇڭگان ئەسكەرلەر يېقىندا شەھەرنى قوغداش ئۈچۈن ئېلىنغان بولۇپ، ناھايىتى ئىشەنچىسىز، ئۇلارنىڭ قوراللىرى ناچار، ئىنتىزامىمۇ ياخشى ئەمەس |
| تۇقسۇن قورغىنى، بەدۆلەتنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ھەقۇلىبەگنىڭ قوماندانلىغىدا:<br>ئاتلىق. ئەسكەرلەر<br>سەرۋازلار | جەمی<br>6·000 ئادەم.<br>ئارقىدىن ئوقلىنىدىغان زەمبىرەك 5 دانە①<br>400 ئادەم<br>2·000 ئادەم | ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ بىرقىسمى كەينىدىن ئوقلىنىدىغان مىلتىقلار بىلەن قوراللانغان. لېكىن مۇتلەق كۆپچىلىك پىيادە ئەسكەرلەر ئاغزىدىن ئوقلىنىدىغان مىلتىقلار بىلەن قوراللانغان. زەمبىرەكلەر كاردىن چىققان، بىر قىسىم زەمبىرەكلەرنىڭ قۇلۇپلىرى بۇزۇلغان، بىر قىسىم زەمبىرەكلەرنىڭ ئوق-دورىسى يوق. |
| يەركەن ۋە يېڭىسار ئاتلىقلار ۋە سەرۋازلار<br>خوتەن رايونى: ئاتلىقلار ۋە سەرۋازلار | 4 مىڭ ئادەم<br>3 مىڭ ئادەم<br>7 مىڭ جەمی ئادەم | بۇ سانلىق مەلۇماتتىكى سانلار تەخمىنى سان. شۇڭا ئۇنىڭغا ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. |

① باشقا ئاخباراتلارغا قارىغاندا، بۇ زەمبىرەكلەرنىڭ ئىككىسى ئاغزىدىن ئوقلىنىدىكەن — ئاپتوردىن.

| | | |
|---|---|---|
| جەمى: ئاتلىق قىسىم | 13·300 ئادەم | |
| سەرۋازلار | 11·560 ئادەم | |
| ئايرىم ئىچىنىقسانى ئىپلىنمىغان ئاتلىقلار بىلەن سەرۋازلار | 9·500 ئادەم | بۇ قىسىملاردا جەمى 54 دانە ھەرخىل توپ-زەمبىرەك بار. |
| خەنزۇ-تۇڭگان توپچىلار | 1·000 ئادەم | |
| تۇڭگان ئەسكەرلەر | 10·000 ئادەم | |
| ئومۇمى جەمى | 45·360 ئادەم | |

يۇقۇرىدىكى سانلىق مەلۇماتلاردىن ياقۇپبەگنىڭ دولەتىنىڭ ئىچكى ئامانلىغىنى ساقلاش، قەشقەرىيەنىڭ روسىيەگە چېگرىداش يەرلىرىنى قوغداش ۋە خەنزۇلارغا قارشى ئۇرۇشقا تەييارلىنىش ئۈچۈن پەقەت مۇشۇنىچىلىكلا ئەسكەر توپلىغانلىغىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

ياقۇپبەگ خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، تۇرپان شەھرىدە، توقسۇن ۋە داۋانچىڭ قورغانلىرىدا ئۆزىنىڭ ھەربى كۈچىنى تۆۋەندىكىچە ئورۇنلاشتۇرغان:

بۇ يەرلەردە 7·000 سەرۋاز، 7·500 ئاتلىق ئەسكەر ۋە 27 ئېغىر زەمبىرەك، شۇنىڭدەك 10·000 تۇڭگان ئەسكەر تۇرغۇزغان.

1-مارت ياكى 1-ئاپرېل كۈنى (كونا يىل ھىساۋى بويىچە) يەنە كورلىدىن 1·500 ئاتلىق ئەسكەر، كۇچادىن 1·000 ئاتلىق ئەسكەر يۆتكەپ كېلىپ، يۇقۇرقى قىسىملارنى تولۇقلىغان.

1876-يىل نويابىردا، تۇرپان رايونىدا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق ئاچارچىلىق تۇپەيلىدىن ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشلۇق قىسمىنىڭ زور كوپچىلىگىنى كورلا-ھەتتا كۇچاغا يۆتكەشكە مەجبۇر بولغان.

1877-يىلى 1-يانۋار (13-يانۋار) كۈنى، تەم-

ـنات قىينچىلىقى سەۋەبىدىن، ئالدىنقى سەپتىكى قىسىملار داۋانچىڭ، تۇرپان، توقسۇن، ئۈششاقتال، تېۋىلغا (ھازىرقى خوشۇت ناھىيىسى جايلاشقان ئورۇن ـــ ت) قاراشەھەر ۋە كورلا قاتارلىق جايلارغا تارقىتىپ جايلاشتۇرۇلغان.

بەدۆلەت كورلىغا 3.000 ئاتلىق ئەسكەر باشلاپ بارغان ئىكەن، بۇنىڭدىن 600 ئەسكەر كۇچاغا قايتۇرۇلغان. ئالدىنقى سەپتە تۇرۇشلۇق 1.000 ئەسكەرگە ھەربىي بۇيۇم يەتكۈزۈپ بېرىلگەندىن كېيىن، ھىلىقى يوتكىۋېتىلـ ـگەن قىسىم 1 - فېۋرالدا (13 - فېۋرالدا) يەنە توقسۇنغا قايتىپ كەلگەن.

قىش كېلىشى بىلەنلا ئالدىنقى سەپتە تۇرۇشلۇق قىسىملار ناھايىتى ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىكەن، ئەسكەرلەر نولدىن تۆۋەن °20 سوغاقتىمۇ ماتادىن تىكىلـ ـگەن چېدىرلاردا ياتىدىكەن. ئۇلاردا ياكى سوغاققا دالىدا بولغىدەك قىشلىق كىيىم، ياكى قالاپ ئىسسىنغىدەك ئوتۇن ـ ياغاچمۇ بولمايدىكەن.

خەنزۇلار ئارمىيىسىنىڭ 1877 - يىل 1 - فېۋرال (13 - فېۋرال) دىكى ئالدىنقى سەپ لىنىيىسى ئۈرۈمچى شەھرى بولۇپ، بۇ يەردە ئۇلارنىڭ 6.000 كىشىلىك بىر قوشۇنى تۇرىدىكەن.

بىر يۇقۇردا سوزلەپ ئوتكەن ئەھۋاللارغا بىر قۇر كوز يۈگۈرتكەندىن كېيىن، پەقەت مۇنداق بىر خىل خۇلا ـ سىگە كېلىشكە بولىدۇكى، ياقۇپبەگنىڭ ئارمىيىسىنى ياۋروپا ـ دىكى بىرەر دولەتنىڭ ئارمىيىسىگە سېلىشتۇرۇش زادىلا مۇمكىن ئەمەس؛ ئۇنى پەقەت ئاسىيادا ئىلگىرى بىر بىلەن توقۇنۇشقان باشقا بىرەر مۇستەقىل دولەتنىڭ ئارمىيىسى

بىلەنلا سېلىشتۇرۇش مۇمكىن.

ياقۇپبەگنىڭ ئارمىيىسىنى تەشكىلىي جەھەتتىن بۇخارا ئارمىيىسىگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇ بۇخارا ئارمىيىسىنىڭكىدەك ساپ ئەمەس. قورال - ياراق ۋە ھەربىي تەلىم - تەربىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەزى خانلىقلارنىڭ ئارمىيىسىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. قەشقەرىيە ئاتلىق قىسىملىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر بىلەن تۇتۇشۇش قىلغان بەزى خانلىقلارنىڭ تەشكىلسىز، ئىنتىزامسىز ۋە قورال - ياراقلىرى ناچار ئاتلىق قوشۇنلىرىدىن كۆپ ياخشى.

ياقۇپبەگ ئارمىيىسىنىڭ روھىي ھالىتىدىن قارىغاندا، ئۇنى چىداملىق بىلەن جەڭ قىلالايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. ئەسكىرىي خىزمەتكە ئېلىشتىكى (مەجبۇرىي خاراكتېرلىق) ئىللەتلەر، ئەسكەرلەرنىڭ مائاشىنى بەرمەي تۇتۇپ قېلىشلار، ئالدىنقى سەپتىكى قوشۇنلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنىڭ مۇشەققەتلىكلىكى، قوشۇندىكى ئەنجانلىقلارنىڭ كۆپ بولۇشى (بۇ ئادەملەر مەغلۇبىيەتنىڭ قارىسىنى كۆرۈشى بىلەنلا ئۆز خوجايىنلىرىدىن يۈز ئۆرۈپ، قەشقەرىيەدىن تالان-تاراج قىلىپ تاپقان بايلىقلىرىنى ئېلىپ يۇرت - ماكانىغا قېچىشقا تەييار تۇرىدۇ)، ئاخىر، خەنزۇلار بىلەن بولىدىغان ئۇرۇش (بۇ ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىدىن گۇمانلىنىدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك)، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى تۈپەيلىدىن، ياقۇپبەگ ئارمىيىسىدە قاچىدىغانلار كۈنساناپ كۆپەيمەكتە.

بىز ياقۇپبەگ ئارمىيىسىگە قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان خەنزۇلار ئارمىيىسىنى كۆرمىدۇق. شۇڭا بۇ ئارمىيىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكى توغرىسىدا كېسىپ بىر نەرسە

دېيەلمەيمىز، بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتا ئاخىرقى غەلىبىنىڭ قايسى تەرەپكە مەنسۇپ بولىدىغانلىقى ئۈستىدە تېخىمۇ ھۆكۈم چىقىرالمايمىز. بىز پەقەت شۇنىلا ئېنىق بىلىمىزكى، ياقۇپبەگ ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە بارلىق ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاۋاتقان ئىكەن، خەنزۇلار ئارمىيىسىنىڭ كۈچىمۇ جەزمەن كۈندىن كۈنگە ئېشىپ باردۇ. بىز يەنە شۇنداق ئىشەنچ بىلەن بۇنىمۇ پەرەز قىلالايمىزكى، بەدۆلەت بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ رەسمىي باشلىنىشى بىلەن، خەلقنىڭ ياقۇپبەگكە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشى مۇقەررەر. چۈنكى خەلق چىدىغۇسىز ئېغىر باج-سېلىقلارنى كۆتۈرۈپ كەلمەكتە. شۇنىڭدەك قەشقەرىيەنىڭ ھازىرقى ئېچىنىشلىق ئەھۋالى تېخىمۇ ئېغىرلاشماقتا، خەلق بۇنىڭغا ھەرگىز تاقەت قىلىپ تۇرۇۋەرمەيدۇ.

مۇشۇ پەيتتە ئەگەر روسىيە قوشۇنى قەشقەرىيەگە يۈرۈش قىلسا، قوشۇنىمىز، ئېھتىمال، بىزنىڭ يېڭى شەھەر ۋە باشقا ھەربىي نۇقتىلارنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن تاغلىق رايونلاردىن ئۆتۈش ۋاقتىمىزنى كېچىكتۈرۈپ قويغىدەكلا قارشىلىققا دۇچ كېلىشى مۇمكىن. كەڭ كەتكەن جەڭ مەيدانىغا چىققاندا بولسا، بىزنىڭ تۈركىستاندىكى قوشۇنىمىز ئېرجار، چاپانتا، زىرە بۇلاق، چاندىر ۋە مەخرەم قاتارلىق جايلاردا قوقان، بۇخارا ۋە خىۋە خانلىرىنى ئاسانلا تىرى-پىرەن قىلىۋەتكەندەك، ياقۇپبەگ ئارمىيىسىنىمۇ مەغلۇپ قىلىپ، تىرى-پىرەن قىلىۋېتەلەيدۇ.

# سەككىزىنچى باپ

قەشقەرىيەدە 1877 - يىلدىن ھازىرغىچە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە نەزەر؛ ياقۇببەگنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا؛ ئىچكى ماجرا - ئىختىلاپلار، ياقۇپبەگنىڭ ئوغۇللىرى ئوتتۇرىسىدىكى جىدەللەر، بەگقۇلىبەگ ھەققىدە، خەنزۇلارنىڭ قەشقەرىيەگە باستۇرۇپ كىرىشى؛ ئۇلارنىڭ كورلا، كۇچا، ئاقسۇ، مارالۋېشى ۋە قەشقەرنى بېسىۋېلىشى؛ بەگقۇلىبەگنىڭ خوتەنگە قارشى قوزغىغان ئۇرۇشىنىڭ مەغلۇبىيىتى؛ خەنزۇ قوماندانلىرىنىڭ قەشقەرىيە ئاھالىسىغا قوللانغان سىياسىتى توغرىسىدا خۇلاسە.

1876 - يىل ئۆكتەبىردىن 1877 - يىل مارتقىچە ئارىلىقتا يەنى بىز قەشقەرىيەدە تۇرغان مەزگىلدە. ياقۇپبەگ ئالدىنقى سەپتە تۆۋەندىكى ئىستىھكاملارنى تۇتۇپ تۇرغان ئىدى:

ھېكىمخان تۆرە بىرلەچچە مىڭ سەرۋاز ۋە يىگىت ئەسكەرلەر بىلەن تۇرپاننى ساقلاپ ياتاتتى.

ياقۇپبەگنىڭ كىچىك ئوغلى ھەققۇلىبەگ 6.000 ئاتلىق ئەسكەر ۋە سەرۋازلار بىلەن توقسۇننى ساقلاپ ياتاتتى.

ئالدىنقى سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدىكى داۋانچىڭ قورغىنىدا كەينىدىن ئوقلىنىدىغان مىلتىقلار بىلەن قوراللانغان 900 ئاتلىق ئەسكەر بار ئىدى.

داۋانچىڭ تاغلىرىنىڭ جىرالىرى ئوزئارا ئۇرۇش

قىلدۇاتقان ئىككى جەڭگىۋار قوشۇننى بىر بىرىدىن ئايرىپ تۇراتتى. بۇ چاغدا ئۇرۇمچى شەھرى خەنزۇلارنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپى بولۇپ، بۇ يەردە خەنزۇلارنىڭ 6.000 ئەسكىرى بار ئىدى. 1876 - يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1877 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، ياقۇپبەگ ئارمىيىسىنىڭ جەڭگىۋارلىقى كوپ ئاجىزلىشىپ كەتكەن. ھەتتا ياقۇپبەگنىڭ يېقىنلىرى ئارىسىدىمۇ قېچىپ كەتكۇچىلەر كوپىيىپ قالغان ئىدى.

خەنزۇلار ياقۇپبەگنىڭ يېنىدىن قېچىپ كەلگەنلەرنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ۋە زور مېھىر - شەپقەت بىلەن كۇتۇۋالدى ۋە ئۇلارنى تۇرلۇك ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەپ، يەتتە شەھەرگە ۋە مۇھىم شەھەرلەرگە ئەۋەتتى.

ۋەكىللەر ئومىگىمىز 1877 - يىل 24 - مارتتا (5 - ئاپرىلدا) يەنى جۇڭگولۇقلار ياقۇپبەگنىڭ ئارمىيىسىگە ھۇ - جۇم باشلاشتىن بىر ھەپتە ئىلگىرى، قايتىش سەپىرىگە ئاتلانغانلىقى ئۇچۇن، قەشقەرىيە خانلىقىنىڭ نىمە سەۋەپتىن شۇنچە تويۇقسىز ۋە تېز ئاغدۇرۇلغانلىقىنى ئوز كوزىمىز بىلەن كورەلمىدۇق.

توۋەندە بىز ئوش رايونىنىڭ باش قوماندانى مايور يونۇۋ بىلەن زامانخان ئەپەندى ①دىن ئۇققان قىزىقارلىق

① زامانخان ئەپەندى كاۋكازىيەدىن سۇرگۇن قىلىنغان بولۇپ، ئۇ مەلۇم بىلىم سەۋىيىسىگە ئىگە ئادەم. ئۇ ئىستامبۇلدىن قەشقەرىيەگە كېلىپ، ياقۇپبەگنىڭ قول ئاستىدا يۇقۇرى دەرىجە - لىك مەنسەپدار بولغان.

بىز كورلىدا تۇرىۋاتقاندا، بىزگە كوپ ياخشىلىق قىلى - غان، شۇنىڭدەك بىزنىڭ ساياھەتچىمىز پېرژىۋالىسكىنىڭ نۇر - غۇن قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەرگەن ۋە ئۇنىڭغا ھەمرا بو -

بىر قىسىم ئەھۋاللارنى نەقىل كەلتۈرىمىز.

بۇ ئىككى كىشىنىڭ ئېيتقانلىرىغا قارىغاندا، قەشقەر-يەدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ تەرەققىياتى 1877 - يىلىدىن باشلاپ تۆۋەندىكىچە تەرتىپتە بولغان.

1877 - يىلى 3 - ئاپرېل (15 - ئاپرېل) كۈنى، 4.000 خەنزۇ ئۈرۈمچىدىن داۋانچىڭغا ئىلگىرىلەپ كېلىپ، داۋانچىڭ قورغىنىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلغان. بۇ قورغاندا تۇرۇشلۇق 1.300 ئەسكەر 3 كۈنگىچە تىركەشكەن، ئاخىر خەنزۇلارغا تەسلىم بولغان.

خەنزۇلار داۋانچىڭغا ھۇجۇم باشلاش بىلەن تەڭلا قومۇلدىن تۇرپانغا ھۇجۇم قىلغان ئىكەن. تۇرپاننى قوغدا-ۋاتقان 2.000 دەك قورallıq ئاھالە بىر تال ئوق چىقارماستىنلا خەنزۇلارغا تەسلىم بولغان. ھېكىمخان تورە بىر تۈركۈم جەڭچىلەر بىلەن بىرلىكتە غەلىبىلىك تۇردە قورشاۋنى بۇزۇپ چىقىپ، توقسۇندىكى ھەققۇلىبەگكە قوشۇلغان، بۇ چاغدا ھەققۇلىبەگنىڭ قۇماندانلىقىدا 4.000 دەك ئاتلىق ئەسكەر ۋە سەرۋاز، قوراللانغان 6000 ئاھالە بار ئىكەن.

ھەققۇلىبەگ خەنزۇلارنىڭ ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاتالىقا كورلىدىكى دادىسىنىڭ قېشىغا ئادەم ئەۋەتىپ، داۋانچىڭ ۋە تۇرپانغا ياردەمچى

لۇپ لوپنور كولىگىچە بىللە بارغان، زامانخان ئەپەندى تاكى ياقۇپبەگ ئۆلگەنگە قەدەر ئۇنىڭ يېنىدا بىللە بولغان. قەشقەر-يە يېمىرىلگەن چاغدىمۇ ئۇ شۇ يەردە ئىكەن. كېيىن ئۇ ياقۇپ-بەگنىڭ باشقا مۇخلىسلىرى بىلەن بىللە روسىيە زېمىنىغا قېچىپ كەلگەن ۋە بۇ يەردە قىرغىز قارشى ئېلىنغان ئىدى— ئاپتوردىن.

قوشۇن ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلغان. لېكىن جاۋاپ كېلىپ بولغىچە ئۇ جايلار قولدىن كەتكەن، ئۆزىمۇ ياردەمگە ئېگە بولالمىغان. ھەققۇلبەگ سۇ بېشى دېگەن يەرگە چېكىنەي دېسە يولىنىڭ توسۇلۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، پۈتۈن قوشۇننى باشلاپ قارا شەھەرگە چېكىنگەن.

خەنزۇلارنىڭ قوماندانى ليۇجا دارېن يەنى (ليۇ جىنتاڭ) داۋانچىڭدا ئەسىر ئېلىنغانلارغا ئاقىلانىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغان. ئۇنىڭ بۇ چارىسى خەنزۇلارغا ناھايىتى چوڭ پايدا كەلتۈرگەن.

ئۇ يەتتە شەھەرلىك مىڭدەك ئەسكەرگە ئىنتايىن مېھرىۋانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغان، يول راسخوتى ۋە يول خېتى بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قويۇۋەتكەن.

ليۇ جىنتاڭ يەنە خان ئارمىيىسىنىڭ پەقەت پەرغانە ۋە تاشكەنتتىن كېلىپلا بىر يولى بېيىپ كەتكەن ئەنجانلىقلار بىلەنلا ئۇرۇشىدىغانلىقىنى، قەشقەرىيە ئاھالىسىنىڭ جۇڭگو ھوكۇمىتىگە بولغان سادىقلىقىدىن قىلچىمۇ گۇمانلانمايدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلغان ھەمدە ئۇلارنى پات يېقىندا ياقۇپبەگ ئاسارىتىدىن ئازات قىلىدىغانلىقىنى جاكالىغان.

قالغان ئەسىرلەر تۈركىستانلىق ۋە باشقا يەرلىك بولغانلىقتىن، ئۇلارنى ئۇرۇمچىگە ئاپىرىپ قويغان.

ئەسىرلەر قارا شەھەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنلا خەنزۇلارنىڭ ئەسىرلەرنى قويۇپ بەرگەنلىگىگە دائىر تەپسىلى ئەھۋال ياقۇپبەگكە ئاڭلانغان. ياقۇپبەگ خەنزۇلارنىڭ بۇ چارىسىنى ئۆزى ئۈچۈن ئىنتايىن زىيانلىق دەپ قارىغان. شۇڭا ئۇ خەنزۇلارنىڭ تەسىرىنى تازىلىۋېتىش

ئۇچۇن، ئۇزىگە تېخىمۇ زىيان كەلتۈرىدىغان تەدبىرلەرنى قوللانغان. لېكىن بۇ تەدبىر ئاھالە ئىچىدە خەنزۇلارغا تېخىمۇ ھېسىداشلىق قوزغىغان. ياقۇپبەگ ھەققۇلبەككە ئەسىرلەرنىڭ داۋاملىق سوز-چوچەك تارقىتىشىنى چەكلەشنى بۇيرۇغان. ھەققۇلبەگ دادىسىنىڭ بۇيرۇغىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، بۇ بەختسىزلەرنىڭ كوپچىلىگىنى قىرىپ تاشلىغان. ئۇلارنىڭ ئامان قالغانلىرى يەنە خەنزۇلار يېنىغا قېچىپ بارغان.

بۇ تەدبىر پەرەز قىلىنغاندەكلا پۇتۇنلەي ياقۇپبەگنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ ئۇنۇم بەرگەن. ياقۇپبەگنىڭ مۇشۇ ياۋۇزلۇغى ھەققىدىكى خەۋەر پۇتۇن قەشقەرىيەگە تارقالغان. بۇ ئىش ئەنجانلىقلارنىڭ ئاجىزلىغىنى ئاشكارىلاپلا قالماستىن، بەلكى خەلقنىڭ بەدۆلەتكە بولغان ئۆچمەنلىگىنى تېخىمۇ كۇچەيتىۋەتكەن. خەنزۇلارنىڭ ئەسىرلەرگە كەڭچىلىك قىلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر تارقىلىۋەرگەنسېرى مۇبالىغىلاشتۇرۇۋېتىلگەن. بۇ، ئاخىر ياقۇپبەككە قارشى تەرەپتىكىلەرنىڭ كۇچىنى تېخىمۇ ئۇلغايتقان. شۇنىڭ بىلەن، خەنزۇلار نۇرغۇن پايدىسىغا ئېرىشكەن. نەتىجىدە، ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش ھەركىتى گويا بىرخىل ناھايىتى زور كۇچ بىلەن ھەركەتلەندۇرۇلگەن ماشىنىدەك، بىردىنلا قوزغىلىپ كەتكەن.

شۇنداق ھوكۇم قىلىش مۇمكىنكى، خەنزۇلارنىڭ ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش يولىدا ئېلىپ بارغان ھەركەتلىرى بىلەن خەلقنىڭ ياقۇپبەككە قارشى ئومۇمىيۈزلۈك نارازىلىغىنىڭ ئۇزئارا ماسلاشقانلىقى نەتىجىسىدە، خەنزۇلار ناھايىتى تېزلا غەلىبىگە ئېرىشكەن. تۇۋەندە

بىر خەنزۇلارنىڭ غەلىبىسى ئۈستىدە توختىلىمىز.

1877-يىل ماي (28-ماي) كۈنى چۈشتىن كېيىن، بەدۆلەت ئۆزىنىڭ كاتتىۋى كامالىنىڭ سەۋەبلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ناھايىتى خاپا بولغان، ئاخىر بەدۆلەت ئاچچىغىنى باسالماي ئۇنى تاپانچا بىلەن ئېتىۋەتكەن.

بەدۆلەت كامالنى ئېتىۋەتكەندىن كېيىن، ئاچچىغىنى چىقىرىش ئۈچۈن خەزىنە بېگى سابىر ئاخۇننى قاتتىق ئۇرغان، خەزىنە بېگى سابىر ئاخۇن ياقۇپبەككە قارشىلىق كۆرسىتىپ ئۇنى بىر قويۇپلا ھۇشىدىن كەتكۈزۈۋەتكەن. ياقۇپبەگ بىر ھازاغىچە ھۇشسىز ياتقاندىن كېيىن، 17-ماي (29-ماي) كۈنى سەھەر ۋاقتى سائەت 2 دە جان ئۈزگەن. ياقۇپبەگنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە تارقالغان سۆز-چۆچەكلەر، مەسىلەن، ياقۇپبەگ ھەققۇلبەگ تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن، ياكى خەنزۇلار بىلەن بولغان جەڭدە يېڭىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزى زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالغان، دېگەنگە ئوخشاش گەپلەر پۈتۈنلەي ئاساسسىز.

مەن بۇ يەردە زامانداشلىرىنىڭ ماڭا يازغان خېتىدە بايان قىلغان ياقۇپبەگنىڭ مىجەز-خۇلقى ھەققىدىكى تەسۋىرلىرىنى ئۆز ئەينى قىستۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن.

"مەرھۇم ياقۇپبەگ ناھايىتى ئەقىللىق ھەم كۈچ-قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. ئۇ ھەم قۇۋ ھەم كاززاپ بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ قوسىغىدىكىنى ئاسانلىقچە بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ ئۆزىگە بەك ئىشىنىدىغان تەكەببۇر ئادەم بولغاچقا، باشقىلارنىڭ پىكرىگە ئانچە ھۆرمەت قىلمايتتى. ئۇ ھەربىي خادىم بولۇش سۈپىتى

بىلەن، كېيىنچە، ئۆزىنىڭ ناھايىتى قابىلىيەتسىز ئادەم ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويدى. ئۇ خوتۇنلىرىنىڭ جىقلىقى جەھەتتە، پەرسىيىلىك فاتالى شاھتىنمۇ ئېشىپ چۈشكەن ئىدى. ئۇ شەخسى تۇرمۇشىدا ناھايىتى ئاددى-ساددا ئىدى، ھەرگىز ياسالمىلىق قىلمايتتى. بارغا شۈكرى-قانائەت قىلىشنى بىلەتتى. بەزى چاغلاردا، ھەممە كىشىگە ناھايىتى مېھرىۋانلىق ۋە كەمتەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى، بارلىق دىنىي مەشغۇلات-قائىدىلەرنى ئەستايىدىل ئادا قىلاتتى. ئۇ بىر كۈنلۈك 24 سائەت ئىچىدە ئاران 4 سائەت دەم ئالاتتى، باشقا ۋاقىتلىرىنى بولسا ناھايىتى ئالدىراشچىلىقتا ئۆتكۈزەتتى①. ئۇ ھېچ كىمگىمۇ ئىشەنمەيتتى. ئاتخانىلاردىن تارتىپ ئاشخانىلارغىچە ۋە ياكى دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغىچە ھەممە ئىشلارنى ئۆزى بىۋاستە سۈرۈشتۈرەتتى.

"ئۇنىڭ ئىشخانىسى 3 كاتىپتىن تەركىب تاپقان ئىدى. ياقۇپبەگ ئوقۇمىغان، بىلىم سەۋىيىسى تۆۋەن ئادەم ئىدى. ئەمما بىلمەيدىغان ئادەملەر ئۇنى بىلىملىك، قورسىقىدا ئىلمى بار ئادەم دەپ قارايتتى. چۈنكى مۇنازىرىدە ئۇتۇپ چىقىش ۋە ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، قۇرئاندىن ئۆزىگە ياقىدىغان بەزى ئايەتلەرنى ۋە مەشھۇر پارس شائىرلىرىنىڭ شېئىر-نەزمىلىرىنى نەقىل كەلتۈرەتتى. ئۇ پارسچە ياخشى سۆزلىيەيتتى. تۆۋەنگە چۈشۈرۈلىدىغان بۇيرۇقلار ئۇنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن يېزىلاتتى. تۆۋەندىن سۇنۇلغان مەلۇماتلارمۇ ئۇنىڭ

① بەلكىم، ئۇنىڭ ئۇخلاش ۋاقتى بۇنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلمىگەن بولسا كېرەك — ئاپتوردىن.

تەستىقلىشىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ ئاندىن قايتۇرۇلاتتى. ياقۇپ-بەگ روسىيەدىن ياكى باشقا دولەتلەردىن كەلگەن خەت-ئالاقىلارنى كۆپىيىسى بىلەن بىللە ئۆز يېنىدا ساقلايتتى.

"ياقۇپبەگ ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ ھوكۈمرانلىرىدىن ئولپان ئالغاندىن باشقا، ھېچ نەرسە ئالمايتتى. لېكىن ھەرقايسى جايلاردىكى ئەمەلدارلار بەلگىلىك ساندىكى قوشۇننى ئۆزلىرى بېقىشقا مەجبۇر ئىدى. ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ ئەمەلدارلىرى بولسا ئۆزلىرى باشقۇرۇۋاتقان ئۆلكىلەردىكى خەلقتىن باج ئېلىشتا ھېچقانداق توسالغۇغا ياكى چەكلىمىگە ئۇچرىمايتتى. ياقۇپبەگ مەلۇم بىر مەزگىل ئۆتكۈزۈپ، قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلاردىن خېلى كوپ مىقداردا پۇل تەلەپ قىلاتتى، ئەمەلدارلار ھەرگىز كېچىكتۈرمەستىن بۇ پۇلنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. خوتەننىڭ ھاكىمى نىياز ھېكىمبەگ ياقۇپبەگكە ھەر يىلى ئولپان تاپشۇرغاننىڭ سىرتىدا، يەنە ھەر ھەپتىسى 11 كۈمۈش يامبۇ (1·200 سومغا ياكى 150 فۇنت ئىستېرلىڭغا باراۋەر)، ياكى باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ھەپتىسىگە 3·000 سوم (375 فونت ئىستېرلىڭ) تاپشۇراتتى."

ياقۇپبەگ قازا تاپقان كۈنى، يەنى 17-ماي (29-ماي) ھەققۇلىبەگ قارا شەھەردىن كورلىغا يېتىپ كەلگەن. ئۇ دادىسىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئۇچ كۈنگىچە قامال قىلىپ ھېچ كىمگە ئېيتمىغان. بۇ چاغدا ئۇ قارا شەھەردىكى ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى كورلىغا يوتكىگەن.

ھەققۇلىبەگ پۈتۈن قوشۇننى كورلىغا يىغىپ بولغاندىن

كېيىنلا 20 - ماي (1 - ئىيۇن) كۈنى ئۇلارغا پادشانىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئۇقتۇرغان ۋە دادىسىنىڭ بىيتىنى ئاكىسى بەگقۇلىبەگ تۇرۇۋاتقان قەشقەرغە ئېلىپ بارماقچى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان. ئۇ يەنە، ئاكامنى دادام ئورنىدا كورىمەن، ئاكامنىڭ رۇخسىتىسىز ھېچ قانداق ئىش قىلمايمەن دىگەن. ھەققۇلىبەگ قوشۇندىكىلەرگە ئىككى ئايلىق مائاش تارقىتىپ بەرگەن، ئەسكەرلەر بۇنىڭدىن بەكمۇ رازى بولغان. ئۇ ھېكىمخان تورىسىنى ۋاقىتىنچە ئۆزىنىڭ ئورۇن باسارى قىلىپ تەيىنلىگەندىن كېيىن، 25 - ماي ( 6 - ئىيۇن) كۈنى قەشقەرگە قاراپ يولغا چىققان.

باشقىلارنىڭ ئېيتىشىچە، ياقۇپبەگنىڭ ئوز خاھىشى بويىچە بولغاندا؛ چوڭ ئوغلىنى ئەمەس، بەلكى كىچىك ئوغلى ھەققۇلىبەگنى ئۆزىنىڭ تەخت مىراسخورى قىلىپ تەيىنلىمەكچى ئىكەن. چۈنكى ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى ھەربى ئىشلاردا چوڭ ئوغلىدىنمۇ پىششىق بولۇپ، پۈتۈن ئارمىيە-دىكىلەر ئۇنى بەگقۇلىبەگدىنمۇ بەكرەك ھىمايە قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بارلىق ئوفىتسېرلار ھەققۇلىبەگ تەرەپتە تۇرىدىكەن. پۇقرالارغا كەلگەندە، قەشقەر خەلقى، خۇسۇسەن سودىگەرلەر تەبىقىسى بەگقۇلىبەگكە ھىسداشلىق قىلىدىكەن.

بىر مەنبەدىن كەلگەن يەنە بىر خەۋەرگە قارىغاندا، ھەققۇلىبەگنىڭ قەشقەرغە بېرىشتىكى مەقسىدى دادىسىنىڭ مىيىتىنى قەشقەرغە ئاپىرىپ يەرلىكتە قويۇش ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى ھوكۇمران دەپ ئېلان قىلىش ئىكەن.

شۇنىمۇ مۇئەييەنلەشتۇرۇش مۇمكىنكى، بەگقۇلىبەگ ئوز ئىنىسىنىڭ ئوزى ئۈچۈن خەۋپلىك رىقابەتچى ئىكەن-لىكىنى بايقىغان، شۇڭا ئۇنى ئولتۇرۇش نىيىتىگە كەلگەن.

24 - ماي (7 - ئىيۇن) يەنى ھەققۇلبەگ كورلىدىن چىقىپ قەشقەرگە ماڭغان 2 - كۈنى، ھېكىمخان تورە بارلىق قوشۇننى كورلىغا يىغىپ، ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ يەنە ھەققۇلبەگنىڭ ئاقسۇنىڭ بايلىقىنى بۇلاپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، داشىبېك دېگەن قىپچاقنى 500 ئاتلىق ئەسكەر بىلەن ھەققۇلبەگنى قوغلاشقا ئەۋەتكەن.

11 - ئىيۇن (23 - ئىيۇن) كۈنى، ھەققۇلبەگ ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن ئاقسۇدىن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىققان. ئۇ قەشقەرگە تەخمىنەن 160 چاقىرىم كېلىدىغان كوۋرۇك دېگەن بېكەتكە ئاز قالغان يەردە، يەنى قىزىل دەرياسىدىن ئۆتىدىغان كوۋرۇك ئۇستىدە، بەگقۇلبەگ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن مەھمۇت زىياپانساتنىڭ خائىنانە قولى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن. ئانچە ئىشەنچىسىز بەزىبىر خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ھەققۇلبەگنى قارشى ئېلىشقا بەگقۇلبەگنىڭ ئۆزى چىققان ۋە ئىنىسى بىلەن كورۇشكەن چاغدىلا ئۇنى تاپانچا بىلەن ئېتىپ تاشلىغان، شۇنىڭ بىلەن، ھەققۇلبەگنىڭ ھەممە ھەمراھلىرىنى ئېتىپ تاشلاشنى بۇيرۇغانمىش.

مۇشۇنداق ئىشلار تۇپەيلىدىن قەشقەرىيەنىڭ ھوكۇمرانلىق ھوقۇقى گويا ئۈچ ئاتلىق ھارۋىدەك، مۇستەقىل ئۈچ بولەككە بولۇنۇپ كەتكەن. بەگقۇلبەگ قەشقەرنى، ھېكىمخان تورە ئاقسۇنى، نىياز ھېكىمبەگ خوتەننى سورىغان. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئۈچەيلەن دەرھال ئۆزئارا جەڭ قىلىشقا كىرىشكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۈچلۈكرەكى بولغان بەگقۇلبەگ 5000 كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلغان. ھېكىمخان تورىمۇ ئۇنىڭغا قارشى 4000 كىشىلىك

قوشۇننى باشلاپ چىققان. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تورشاۋۇل قىسىملىرى مارالۋېشى بىلەن ئاقسۇ ئارلىقىدىكى يايىدا دىگەن يەردە ئۇچرىشىپ جەڭ قىلىشقان. نەتىجىدە قەشقەر تەرەپنىڭ قوشۇنى مەغلۇپ بولغان. ئاقسۇ تەرەپ قەشقەر-نىڭ قوشۇننى چوڭ قۇدۇق (شور قۇدۇق)قىچە كەينىدىن قوغلاپ بارغان. ئۈچ كۈندىن كېيىن، بەگقۇلىبەگ بارلىق قوشۇننى شور قۇدۇققا يىغقان، بۇ چاغدا ھېكىمخان تورد-نىڭ ئاساسىي قوشۇنى يايىدا تۇرغان. ئىككى تەرەپ ئوتتۇ-رىسىدا 5 سائەتكىچە ھەل قىلغۇچ جەڭ بولغان. ھېكىم-خان تورە جەڭدە يېڭىلىپ، روسىيە زېمىنىغا قېچىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بەگقۇلىبەگكە تەسلىم بولغان.

1-ئاۋغۇست (13-ئاۋغۇست) كۈنى، بەگقۇلىبەگ غەلىبىلىك ھالدا ئاقسۇ شەھرىگە كىرگەن. بۇ يەردە ئىككى ھەپتە تۇرغاندىن كېيىن، 24-ئاۋغۇست (5-سېنتەبىر) كۈنى قەشقەرگە قاراپ يولغا چىققان. قەشقەردە قىسىملارنى بىر ئاي دەم ئالدۇرغاندىن كېيىن، 22-سېنتەبىر (4-ئوكتەبىر) كۈنى 5.000 ئەسكەرنى باشلاپ خوتەنگە يۈرۈش قىلغان.

8-ئوكتەبىر (20-ئوكتەبىر) كۈنى بەگقۇلىبەگ زاۋا دىگەن يەردە، نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئىنىسى ئىمىن بەگنىڭ قوماندانلىقىدىكى خوتەن قوشۇنىنىڭ زەربىسىگە دۇچ كەلگەن. خوتەن قوشۇنى قەشقەر ئاتلىق قىسىملىرد-نىڭ تۇنجى قېتىملىق ھۇجۇمى بىلەنلا تىرى-پىرەن بولۇپ قېچىپ كەتكەن. بۇ چاغدا زاۋاغا 60 چاقىرىم كېلىدىغان خوتەندە تۇرۇۋاتقان نىياز ھېكىمبەگ ئۆز ئىنىسىنىڭ ئۇرۇش-تا مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قەشقەرلىقلەر

بىلەن داۋاملىق ئۇرۇش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان ئائىلە-تەۋەلىرىنى ۋە مال-مۈلكىنى ئېلىپ چەرچەنگە قاراپ قاچقان. ئۇ بەلكىم خوتەن دەرياسىنى بويلاپ، لوپنۇر كۆلىدىن ئۆتۈپ خەنزۇلارغا قوشۇلۇپ كەتمەكچى بولسا كېرەك.

ئىككىنچى كۈنى، بەگقۇلىبەگ خوتەن شەھرىگە كىرگەن. نىياز ھېكىمبەگنى قوغلاشقا ئادەم ئەۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئادەملىرى قۇرۇق قول قايتىپ كەلگەن.

18-ئۆكتەبىر (30-ئۆكتەبىر) كۈنى، بەگقۇلىبەگ خەنزۇلارنىڭ كورلا، كۇچا، ئاقسۇنى بېسىۋالغانلىقى ۋە قەشقەرىيە ئارمىيىسىنىڭ قەشقەرغە قاراپ چېكىنىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغان. ئۇ دەرھال ئائىلىسىگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئائىلىسىدىكىلەرنى يەركەنگە ئاپىرىپ قويۇشنى بۇيرۇغان. 25-ئۆكتەبىر (6-نويابىر) كۈنى بەگقۇلىبەگ ئۆزىمۇ يەركەنگە بېرىپ، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشكەن. لېكىن بۇ چاغدا يەركەنگە تېخىمۇ يامان بىر شۇم خەۋەر يېتىپ كەلگەن. ئەسلىدە ياقۇپبەگ تەرىپىدىن مۇسۇلمان قىلىنغان خەنزۇ ئەسكەرلەر يېڭى شەھەر قورغىنىغا بېسىپ كىرىپ، قورغاننى ئىگىلىۋالغان. بۇ خەۋەر بەگقۇلىبەگنىڭ قول ئاستىدىكىلەرگە قاتتىق تەسىر قىلغان. چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى قەشقەر يېڭى شەھەردە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى خەنزۇلار تەرىپىدىن بۇلانغان ئىكەن. شۇڭا ئۇلار بەگقۇلىبەگنى: ئەگەر ئۆزەڭنىڭ ئائىلە-تەۋەلىرىڭنى يېڭى شەھەردىن ئالدۇرمىغان بولساڭ، خەنزۇلار ھەرگىز ئۇنداق ياۋۇزلۇقلارنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان بولاتتى، دەپ

ئۇچۇقتىن - ئوچۇق ئەيىپلىگەن.

بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى بەگقۇلىبەگ ئۇزىنىڭ بارلىق پىيادە ئەسكەرلىرىنى يەركەندىن مارالۋېشىغا ئەۋەتكەن. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى يېرىم يولدىلا قېچىپ كەتكەن. بەگقۇلىبەگ ئۆز كۈنىنىڭ تۈگەپ قالغانلىقىنى سېزىپ، 4 - نويابىر (16 - نويابىر) كۈنى كېچىسى ئۆز ئائىلىسىنى ئېلىپلا يەركەننىڭ ھاكىمى بىلەن بىللە قاغىلىققا قاراپ يولغا چىققان. قوشۇندىكىلەردىن ئائىلىسى قەشقەر يېڭى شەھەردە قالغان بىر بولۇك ئادەملەر قېچىپ كېتىۋاتقان بۇ ئادەملەرنىڭ ئالدىنى توساپ، بەگقۇلىبەگنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىللە بېرىپ يېڭى شەھەر قورغىنىنى قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلغان.

بەگقۇلىبەگ ئاخىر بۇلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولغان ۋە ئۇلار بىلەن بىللە قەشقەرغە قايتقان. ئۇ يېڭىسارغا يېتىپ كېلىشى بىلەنلا خەنزۇلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى يۈزىسىدىن، ھەر خىل كىشىلەرنىڭ قولىدا ئىشلەۋاتقان خەنزۇلارنى قانداق كىشى بولۇشىغا قارىماستىن پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلاشنى بۇيرىغان. بۇ بۇيرۇقنىڭ كاساپىتىدىن 200 دەك خەنزۇ قىرىپ تاشلانغان. دەل شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، قەشقەر ئولكىسىنىڭ ۋالىسى ئالدىراج دادخا يېڭى شەھەر قورغىنىغا قېچىپ كىرىۋېلىشقا ئۇلگۇرەلمەي قالغان 400 دەك ئەر - ئايال، ياش - قېرى خەنزۇنى قىرىۋەتكەن.

24 - نويابىر (6 - دېكابىر) كۈنى بەگقۇلىبەگ قەشقەرغە يېتىپ كېلىپ، يېڭى شەھەرگە 6 چاقىرىمچە كېلىدىغان يەردىكى بىر باغلىق ھويلىغا چۈشكەن. ئۇنىڭ قوشۇنى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇلۇش ئۈچۈن ئاقسۇدىن كەلگەن بىر قىسىم تۇڭگانلاردىن تەشكىللەنگەن جەمئى 10000

كىشىلىكتىن ئاشىدىغان بىر قوشۇن يېڭى شەھەرنى مۇھا-
سىرىگە ئېلىپ، ئۇنىڭغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلغان، ئەمما
ئۇلارنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقى نەتىجىسىز بولغان. 500
دەك خەنزۇ ئەسكەرلەر جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسى-
تىپ، قورغاننى ساقلاپ قالغان. ئۇلار ھەر قېتىملىق
ھۇجۇمنى چېكىندۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ھەر كېچىسى
دىگۇدەك سىرتقا چىقىپ ھۇجۇم قىلىپ، قورشاۋچىلارنى
خېلى زور چىقىمغا ئۇچراتقان.

4-دېكابىر (16-دېكابىر) كۈنى بەگقۇلىبەگنىڭ
ھەممە گەزەمىلىرىدە، خەنزۇلار قەشقەرگە 120 چاقىرىم-
دەك كېلىدىغان پەيزىۋاتقا يېتىپ كەپتۇ، دېگەن خەۋەر
تارقالغان. بەگقۇلىبەگ ئالدىراج دادخانى بىر قوشۇن بىلەن
خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇشقا ئەۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن
ئالدىراج دادخا بىر نەچچە پاي ئوق چىقىرىپ قويۇپلا
چېكىنگەن. بۇ چېكىنىش قەشقەرىيە ئارمىيىسىدىكى ئومۇميۈز-
لۈك چېكىنىشنىڭ مۇقەددىمىسى بولغان.

بەگقۇلىبەگنىڭ ئارمىيىسى ناھايىتى قالايمىقانلاشقان.
ئۇلار روسىيە زېمىنىغا قاچقان، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى
تېرەك داۋان ئارقىلىق پەرغانە ئولكىسىگە، يەنە بىر قىسمى
چاقماق ۋە ئاتوش ئارقىلىق نارىنغا قاچقان. بۇنى بەگ-
قۇلىبەگ ئۆزى باشلاپ بەرگەن.

شۇكۈنى كەچتە، خەنزۇلارنىڭ بىر رازۋېتكا قىسمى
ھېچ قانداق ھۇجۇم قىلماستىنلا مارالۋېشىدىن قەشقەر
شەھرىگە كىرگەن.

خەنزۇلارنىڭ جاھانگىر خوجا، ۋەلىخان تورە، كاتتا
تورە قاتارلىقلارنى قوغلىۋەتكەندىن كېيىن، يەرلىك پۇقرالارغا

قىلىغان ياۋۇزلۇقلىرىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىشىدىن قورقىقان قەشقەر خەلقى بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ بەگقۇلە-بەگنىڭ قوشۇنىنىڭ كەينىدىن قېچىشقا باشلىغان.

بۇ بەختسىزلەر تېرەك داۋان تەرەپكە قاراپ يول ئالغان. ئۇلار نولىدىن تۆۋەن 30° سوغاقتا يول ئۈستىدىكى تاغ - داۋانلاردىن ئۆتۈشكە مەجبۇر بولغان.

ئالگىرى كاتتا تورە قەشقەردىن قوغلانغان چاغدا نەچچە ئون مىڭلىغان قەشقەرلىيە پۇقرالىرى ئۇنىڭ كەينىدىن قېچىپ مېڭىپ، ئاچلىق ۋە سوغاقتا ئازاپلىنىپ يول ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتكەندەك پاجىەلىك ئەھۋال يەنە تەكرارلىنىشقا باشلىغان.

بۇ قېتىمقى قاچ - قاچتا قېچىپ چىققانلارنىڭ بەختىگە يارىشا، تېرەك داۋان جايلاشقان ئوش رايونىنىڭ تەجرىبىلىك قوماندانى تۈركىستانلىق يۇنوۋ مۇساپىرلارنى قۇتقۇزۇش يولىدا ھەر تەرەپلىمە تەدبىر قوللىنىپ ياردەم كۆرسەتتى. مايور يۇنوۋ ئوزىنىڭ ئورۇنباسارى روسبىلىن بىلەن بىللە تېرەك داۋانغا كېلىپلا جەددى چارىلەرنى كۆرۈپ، قاتتىق سوغاق ۋە ئاچلىقتا قىينىلىپ يېرىم جان بولۇپ قالغان مۇساپىرلارنى قۇتقۇزدى.

ئۇلار بۇ مۇساپىرلارنى ئىسسىندۇردى ۋە تويدۇردى. ئاندىن ئاتقا مىندۈرۈپ ئوش شەھەرگە ئەۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، روسىيە زېمىنىغا ئۆتكەن بارلىق مۇساپىرلار ئامان قالدى.

يەركەن ئاھالىسى سارىقۇلغا ھەتتا شىغنانغىچە قېچىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن سارىقۇل قىرغىزلىرى ئۇلارنى توسۇۋېلىپ خەنزۇلارنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن.

جۇڭگولۇقلار بۇ قېتىم ئىلگىرىكى ئاچچىق ساۋاقنى
قوبۇل قىلغانلىقتىنمىكىن، ھەر ھالدا ئىشنىڭ دەسلەۋىدە
ئۇزلىرىنى خېلى ئېغىر-بېسىق تۇتقان. خەلقنىڭ كوڭلىنى
ياسىغان، ھەر قايسى شەھەرلەرگە مۇسۇلمانلاردىن باشلىق
قويغان. ئۇلارنىڭ شەرىئەت بويىچە دەۋا سورىشىغا يول
قويغان ۋە دىنىي ئىشلارغا ئارىلاشمايدىغانلىقىنى بىلدۇر-
گەن①. ئەپسۇسكى، خەنزۇلار يېتىپ كەلگەن كۇنىلا 10
ئادەمنى ئولۇم جازاسىغا ھوكۇم قىلغان. ئۇلار كېلىپلا
خەلقنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، دىققەت-ئېتىۋارىنى
ئاتلارغا قاراتقان. تارقالغان گەپ-سوزلەرگە قارىغاندا،
كىمكى بۇ بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلسا، ئولۇم جازاسىغا ھوكۇم
قىلىنىدىكەن. ھەتتا ئاچ قويۇپ ئولتۇرۇلىدىكەن ۋە ياكى
پاختىۋەن قىلىپ بەتلەنگەن زەمبىرەك بىلەن ئېتىپ ئولتۇ-
رۇلىدىكەن، دەيدىغان ئانچە ئىشەنچسىز گەپلەرمۇ بار.

ئات، قەشقەرىيەلىكلەرنى كەڭ كەتكەن چوللەردە
چاپسان يوتكىلىپ يۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغانلىقى
ئۇچۇن، خەنزۇلار ئاتنى ئوزلىرىنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچ-
رىشىنىڭ ئاساسي سەۋەبلىرىدىن بىرسى دەپ بىلىدىكەن.

بىز يەنە قانداق ۋەقەلەرنىڭ يۇز بەرگەنلىكىدىن
خەۋەر تاپالمىدۇق. ئەمما خەنزۇلارنىڭ قەشقەرىيەنى بېسى-
ۋالغانلىقى ھەرگىزمۇ كورەشنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك
بەرمەيدۇ. ھازىرغىچە بەزى شەھەرلەر خەنزۇلارنىڭ ھو-
كۇمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي، خەنزۇلارغا قارشى كورەشنى
داۋاملاشتۇرۇۋېتىپتۇ. خوتەن بىلەن ئۇچتۇرپان بۇ شەھەرلەر

---

① خەنزۇلار دىنىي ئىشلارغا داۋاملىق ئارىلاشماسلىق
تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلگەن ئىدى — ئاپتوردىن.

ئىچىدە باشلامچىلىق رول ئويناۋېتىپتۇ. خەنزۇلارنىڭ قەشقەرىيە دولىتىنى بېسىۋېلىشقا ئىشلەتكەن ھەربىي كۈچ-قۇۋۋىتى ئاجىز، شۇنىڭدەك ئۇلار جاي-جايلارنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي كۈچىنى ھەر قايسى جايلارغا تارقىتىشقا مەجبۇر ئىدى. قەشقەرىيەدە ئەگەر قابىلراق بىرەر رەقىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ قالسا، ئۇ چاغدا خەنزۇلارغا نۇرغۇن ئاۋارىچىلىق كەلتۈرۈشى، ھەتتا بۇ دولەتنى تېپچىلاندۇرۇشنى بىر قانچە يىل كېيىنگە سۈرۈۋېتىشى مۇمكىن. بۇ ئەھۋال تاكى جۇڭگو خاقانى بۇ دولەتكە يېتەرلىك خىل قوشۇن يۆتكەپ كېلىپ، بارلىق قارشىلىقلارنى يەڭگەن ۋە ئۆزى يېڭىدىن ئورناتقان تەرتىپنى قوغداپ قالالايدىغان بولغىچە داۋاملىشىشى مۇمكىن.

يېقىندا مەلۇم بولغان ئاخباراتلارغا قارىغاندا، خەنزۇلار ئەمدى قەشقەرىيە ئاھالىسىغا يۇمشاق قوللۇق قىلىشنى توختاتقان. بۇنىڭ ئورنىغا ھەددى-ھېساپسىز ئالۋاڭ-ياساق، ھاشار-سەيسە، تۈرلۈك تۈمەن باج، غەللە-پاراقلارنى خەلققە يۈكلىگەن. ئۆلۈم جازاسى بېرىش يەنە يېڭىۋاشتىن يولغا قويۇلغان. خەلق ئىچىدە خەنزۇلارغا قارشى نارازىلىق سادالىرى كۈندىن كۈنگە ئۇلغىيىشقا باشلىغان. نۇرغۇن كىشىلەر ياقۇپبەگنى ھەسرەت بىلەن ئەسلىگەن.

**قەشقەرىيە**

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى

(ئۈرۈمچى شەھەر ئازاتلىق كوچا №306)

شىنجاڭ شىنخۇا كىتاپخانىسىدىن تارقىتىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى

فورماتى: 1092 × 787مم 1/32، باسما تاۋىغى: 14.75

1983 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى

1984 - يىل 3 - ئاي 1- بېسىلىشى

كىتاپ نومۇرى: M11098·125

تىراژى: 1 — 15,800

باھاسى: 10.76 يۈەن

(ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدۇ)

**喀什噶利亚**（维吾尔文）
〔俄〕A N·库罗帕特金著　艾克玛 译

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放路306号）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷厂印刷
787×1092毫米 32开本14.75印张
1983年8月第1版　1984年7月第1次印刷
印数：1—15,800

统一书号：M11098·125　定价：10.76元
（内部发行）

ISBN 7—228—03408—2
I.1199(民文)定价：10.76元